# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

(تارىخىي ئەسلىمىلەر)

(30)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## مۇندەرىجە


خوتەن شەھىرىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىن ئەس-
لىمە ........ (خوتەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش) 1
چاقىلىق ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 50
يىل ........................ سۇلايمان ئابدۇرېھىم 64
ماجۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى توغرى-
سىدا ئەسلىمە ........................ ئۇيغۇر ئادىل 107
ئۈلكىلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى
ھەققىدە ئەسلىمە ........................ ئەنۋەرخانبابا 173
ئامان قالغان جان.................. كېرىموۋ توختى 182
1947 - يىلىدىكى تۇرپان ئەھۋالى ۋە ئەخمەتجان
قاسىمىنىڭ تۇرپانغا بېرىشى ھەققىدە ئەسلىمە ........
........................................ مەھمۇت زەيدى 221
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي دەۋرىدىكى مىللىي ئار-
مىيە توغرىسىدىكى بەزى ئەھۋاللار ........ رەھىم مۇقىيىت 236
قورغاس، سۇيدۇڭ ۋە كۇرەلەرنىڭ ئازاد قىلىنىشى
........................................ ئىمىنوۋ ئىبلاخۇن 241
«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قى-
لىش ئىتتىپاقى» نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي رولى
ھەققىدە .............................. ھاكىم جاپپار 258
«يەتتە ۋىلايەت خەلقچىلەر بىرلەشمىسى» ھەققىدە
ئەسلىمە ...................... مەھەممەت ھەسەن ئارسلانوۋ 276
25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى
توغرىسىدا ............................ خەمىت سۇلتان 281

# 目　录

和田城近代史回忆……………………（和田市政协供稿）1
若羌县成立后的五十年…………………………………………苏来曼·阿不都热依木 64
忆马仲英及其残余部队…………………………………………乌依古尔·阿迪力 107
忆《省乌孜别克文化促进会》………………安尼瓦尔·汗巴巴 173
虎口余生……………………………………克里莫夫·托乎提 182
忆1947年吐鲁番的社会状况及阿合买提江·哈斯木赴吐鲁番之经过……………………………马合木提·宰迪 221
有关三区革命时期民族军的一些情况…………………………………………热依木·木黑提 236
霍城、绥定、惠远的解放…………………………………………伊明诺夫·伊拉洪 241
关于《保卫新疆和平民主同盟》的成立及其历史作用……………………………………………阿克木·加帕尔 258
忆《七区民主联盟》……………………………穆罕默德·艾山·阿尔斯拉诺夫 276
关于“二·二五血案”的一些情况……………………………………………哈米提·苏里唐 281
莎车县开展“抗日救国”运动的一些情况……………………………………………司马义·艾斯卡尔 304
南疆柯尔克孜族人民为抗日救亡运动所作的贡献……………………………………穆罕默德·艾山·阿尔斯拉诺夫 310



«ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى»نىڭ يەكەندە ئېلىپ بېرىلىش ئەھۋالى ...... ئىسمايىل ئەسقەرى 304
جەنۇبىي شىنجاڭ قىرغىزلىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قىلغان ياردىمى توغرىسىدا ئەسلىمە ...... مەھەممەت ھەسەن ئارسلانوۋ 310
كۆنەس يېزىلىرىدىكى مىللىي مائارىپنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ...... ئابدۇسەمەت ئابدۇللام 314
شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامانىدىكى قىسقىچە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ...... ئابلەت نۇردۇن 324
تالانتلىق تېۋىپ — ئابلىمىت يۈسۈپ ھاجى ...... شېرىپ خۇشتار 328
تۇردى ئۆلەڭ توغرىسىدا ...... ئابدۇكېرىم مەخمۇتوۋ 332
113 ياشلىق سۇنايچى - ماگسۇر شەيخ ...... (مەكىت ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش) 338
دادام جېيەن بوزەن ھەققىدە ئەسلىمە ...... جېيەن سىپىڭ 342
30 - يىللاردىن 40 - يىللارنىڭ دەسلەپكىچە قەشقەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىسى ...... قەمەرجان، شىيا ۋېيرۇڭ، 389
قەشقەرنىڭ قىسقىچە پوچتا - تېلېگراف تارىخى ...... جياڭ يۈزى 394
شۋېتسىيەدىن تارقاتقۇچىلىرى قەشقەردە ...... يى جياڭ 404

# خوتەن شەھىرىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىن ئەسلىمە

## (خوتەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش)

## خوتەن شەھىرىنىڭ تەرەققىياتى

«خوتەن» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ھەر
خىل رىۋايەتلەر بار. بەزىلەر: «ئۇدۇن» دېگەن سۆزنىڭ بۇ-
زۇلمىسى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، قەدىمكى زاماندا خوتەن
ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدە «ئۇدۇن دۆلىتى» دېگەن بىر دۆلەت
قۇرۇلغان. بۇ نام (560 يىل داۋام قىلغان ئۇدۇن دۆلىتى ۋاق-
تىدا خەنزۇ تىلىدا خوتەن شەھىرىنى سىچېك، خوتەن خانىنى
ۋېيجىرا «尉迟» دەپ ئاتاپ كەلگەن) شۇنىڭدىن قەپقالغان، دېيىشسە،
بەزىلەر: خوتەن «يوتقان» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگەرتىل-
مىسى، چۈنكى ھازىرقى خوتەن شەھىرىنىڭ قەدىمكى ئورنى
يوتقان كەنتىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر:
خوتەن دېگەن سۆز «قوتان» (چارۋا سولايدىغان ئورۇن) نىڭ
ئۆزگەرتىلمىسى، چۈنكى، قەدىمكى خەلقلەر چارۋىلىرىنى مۇشۇ
يەرگە يىغىپ باققانىكەن، دەيدۇ. بۇ ئۈچ خىل تارىخىي
قاراشنىڭ مەلۇم ئاساسلىرى بار. تارىخىي مەلۇماتلاردىن
قارىغاندا، VII - VIII ئەسىر ئارىلىقىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يې-
ڭى ئاۋات بولغان كېرىيە ۋە نىيە تەرەپلىرىدە «ئۇدۇن دۆ-
لىتى» دېگەن بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى راست. بۇ دۆلەتنى
قۇرغانلار تاشقى موڭغۇلىيەدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار،
موڭغۇللار، قارلۇقلار ۋە يەرلىك مىللەتلەردىن ساكلار ئىدى،
دەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ھازىر موڭغۇللار، قارلۇقلار ۋە ساكلار
دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللىلەر بار. بۇ دۆلەتنىڭ مەركىزى كې-
رىيە بولۇپ، ئىلچى، قارىقاش، لوپ تەرەپلەرمۇ شۇنىڭغا قا-



新源县乡村民族教育的形成和发展 ……………………
……………………………………阿不都赛买提·阿不都拉木 314
……………………………………阿不来提·努尔冬 324
新疆近代经济简况 ……………………………………
著名的民医·大毛拉一阿不力米提·玉素甫阿吉 …………
……………………………………谢日甫·胡西塔尔 328
关于歌手吐尔迪其人 ……………………………………
……………………………………阿不都克里木·马合木托夫 332
113岁的唢呐演奏家曼苏尔·谢依赫 ……………………
……………………………………（麦盖提县政协供稿） 338
忆我的父亲蒯伯赞 ……………………………………
……………………………………蒯斯平 342
三十年代至四十年代初喀什噶尔对苏贸易片断 ……………
……………………………………夏维荣、卡买尔江 389
喀什噶尔邮电史话 ……………………………………张宇子 394
瑞典传教士在喀什 ……………………………………一江 404

راشلىق ئىدى. ئودۇن دۆلىتى يوقالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئودۇن دېگەن نامى «خوتەن» گە ئۆزگىرىپ قالغان دېگەن سۆز قەدىمكى تارىخىي خاتىرىلەردىمۇ قەيت قىلىنغان. «يوتقان» ياكى «ئوتقان» دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى خوتەن شەھىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە چەت ئەل تارىخلىرىدىمۇ مەلۇمات بار. ھازىرقى يوتقان خارابىسى بۇنىڭغا گۇۋاھلىق قىلىدۇ.

خوتەننىڭ ئەسلى نامىنىڭ «قوتان» ئىكەنلىكى ۋە «قوتان» دېگەن سۆزنىڭ چارۋا ماكانى دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنىڭ توغرىلىقىغا ھازىرقى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. قەدىمقى زامان دۇنيا تارىخىنىڭ ئىسپاتلاپ بېرىشىچە، يەر شارى پەيدا بولغاندىن بېرى ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ توختاۋسىز يۈز بېرىپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە، يەر شارىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرغان. چۆللەرنىڭ شەھەرلەرگە، شەھەرلەرنىڭ چۆللەرگە ئايلىنىپ تۇرۇشى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قانۇنىيىتى بولۇپ، بۇ قانۇنىيەتتىن بىزنىڭ ۋەتىنىمىزمۇ خالىي بولالمىغان. مەسىلەن، مىلادىدىن 5 — 10 مىڭ يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي - جەنۇبىي قىسمىدىكى تارىم ۋادىسى دەپ ئاتالغان جاي ناھايىتى ئاۋات، دەريا ۋە كۆللەر كۆپ، تەبىئىي بايلىقى مول، ئۇنى ئوراپ تۇرغان كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ھەممىسى مۇز تاغلار بولۇپ، ئېقىن سۇلار سىراپ جاي ئىدى. تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمى — كېرىيە، نىيە، چىرا، خوتەنلەرمۇ شۇنداق ئاۋات ئىدى. تارىم ۋادىسىنىڭ ئاھالىسى ئاساسەن چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرەتتى. بولۇپمۇ، تارىم ۋادىسى چارۋا دۇنياسى ۋە پايانسىز يايلاق، ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسى ئىدى. مىلادىدىن II، III ئەسىر بۇرۇن بۇ تەرەپلەردە توپا ۋە قۇم بالاسى يۈز بېرىپ كۇئېنلۇننىڭ مۇز تاغلىرى ئېرىپ تۈگەپ، پۈتكۈل تارىم ۋادىسى قۇم بالاسى ئاستىدا قالغاندا، ئۇ يەردىن قېچىپ چىق-



قان خەلقلەر دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىگە تارقاپ كەتكەن. بىر بۆلۈك چارۋىچىلار مىليونلىغان چارۋىلىرىنى ھەيداپ كېرىيە، نىيە، چەرچەن، چاقىلىق ۋە خوتەن تەرەپكە يۆتكىلىپ كەلگەنلىكى ئىشەنچلىك تارىخىي كىتابلاردا مەنزۇردۇر. يەنە شۇ ۋاقىتتا چارۋىلارنىڭ كۆپرەكىنى خوتەن، بۇيا، پىشە يايلاقلىرىدا باققان ۋە خوتەن، قارىقاش دەريا بويلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. ئۇلار شۇ مەزگىللەردە بۇ تەرەپنى «قوتان» دەپ ئاتاشقان. ئۇنىڭ خوتەن دېگەن نامغا ئۆزگىرىپ قالغانلىقى ئەمەلىيەتتە بىر ئاز ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇلار، خوتەن ناھىيىسى ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئارالچە (كىچىك ئارال) بولغاچقا، بۇنى ئارالچە دەپ ئاتىغان. لېكىن بۇ ئارالچە دېگەن سۆز «ئىلچى» دېگەن سۆزگە ئايلىنىپ قالغان، ئىلچىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىنى — كۈن ئەتىگەندە يورۇتۇپ چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن «يورۇڭقاش» دەپ ئاتىغان. ئىلچىنىڭ كۈن ئولتۇرۇش تەرىپىنى «قاراڭغۇ تاش» دەپ ئاتىغان. كېيىن بۇ سۆز «قارىقاش» بولۇپ قالغان. مۇشۇ ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسى ئىلچى شەھىرى بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىلچى دېگەن سۆزمۇ تاشلىنىپ كېتىپ خوتەن شەھىرى دەپ ئاتالغان.

خوتەن شەھىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنى (بۇنىڭدىن تەخمىنەن مىڭ يىل بۇرۇن) ھازىرقى بورزان كەنتىدىكى يوتقان دېگەن جاي بولۇپ، يوتقان شەھىرى كۈچلۈك خان قالماق تەرىپىدىن XII ئەسىردە ۋەيران قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ يەردىكى خەلقلەر ھازىرقى ئىلچى دەرياسى بويىغا كۆچۈپ كېلىپ، شۇ يەرنى مەھەللە قىلىپ ئولتۇرغان. بۇ مەھەللەر كېيىن شەھەرگە تەرەققىي قىلغان. بۇنىڭ ئورنى ھازىرقى سۇ دەرۋازىسى، گۇجان دەرۋازىسى ۋە ھېيتكا دەرۋازىسىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، ئىلچى دەرياسىنىڭ غەربىگە توغرا كېلەتتى.

دىمەك ھازىرقى خوتەن شەھىرىنىڭ پەيدا بولۇشى يۇقى-
رىدا ئېيتقاندەك تارىخىي ۋەقەلەر، جۇغراپىيىلىك ئۆزگىرىش،
سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنىڭ تەدرىجىي سۈركىلىشى نە-
تىجىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن. تارىخىي چاتىرىلەر ۋە
ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، قەدىمكى
تارىم ۋادىسىدا ياشىغان مىللەتلەر ساكلار، تۇرالار،
ئۇغۇزلار (توقۇزغۇز ئۇغۇز)، هونلار بولۇپ قەدىمكى خوتەن
خەلقىمۇ مۇشۇ مىللەتلەردىن تەركىب تاپقانلىقى مەلۇم. «تارى-
خىي ئومۇمىي»، «مۇقەددىمە ئىبنى خەلدۇن»، «تارىخنامە»،
«خەننامە»، «بوزقىر پادىشاھلىقى» قاتارلىق قەدىمكى تارىخىي
ۋەقەلەر بايان قىلىنغان كىتابلاردىمۇ بۇ توغرۇلۇق مە-
لۇماتلار بار. يۇقىرىقى مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان خوتەن
خەلقىمۇ قەدىمكى تۈركىي قوۋۇملار نەسلىگە مەنسۇپ
بولغاچقا هازىر مۇشۇ تىل سىستېمىسىدا سۆزلەۋاتىدۇ.
مەھمۇد قەشقىرىنىڭ سۆزلىگەن بىر سۆزىدە: «خوتەن
تىلى هىندى تىلىنى ئاساس قىلغان مەخسۇس تىل ئىدى»
دەيدۇ. بۇمۇ تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. چۈنكى، قەدىمكى
خوتەن خانلىقىنىڭ ئاساسىي خەلقئارالىق يولى نىيە، چەرچەن
ئارقىلىق تىبەتكە قاتنايدىغان چوڭ يول ۋە دۇڭخۇاڭ ئارقىلىق
ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە، موڭغۇلىيىگە قاتنايدىغان چوڭ يولدىن ئىبا-
رەت ئىدى. بۇ يول ئارقىلىق خوتەنگە، هىندىستاننىڭ تەسىرى ھەت-
تاكى ئىران، يۇنان تەسىرىنىڭ ئۆتكەنلىكى مەلۇم. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا خەنزۇ مەدەنىيىتى، زاڭزۇ ۋە موڭ-
غۇل مەدەنىيىتىمۇ خوتەن خانلىقىغا خېلى كەڭ تارقالغان.
قەدىمكى زاماندا شەرق ئەللىرىنىڭ قەدىمكى تۇرمۇشلىرىدا
هۆكۈم سۈرگەن شامانىزم دىنى خوتەن خەلقىدىمۇ كەڭ شە-
كىلدە مەۋجۇت ئىدى. بۇ دىن قەدىمكى زاماندىكى ئىپتىدائىي
قوۋۇملارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان خۇراپىي كۆز قارىشى-



نى ئاساس قىلغان دىن بولۇپ، بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغانلار
كۆن، ئوت، سۇ ۋە تۇپراققا چوقۇنغان. شۇنىڭدەك
تەبىئەتتىكى جىسىملار، كاتتا تاغلار، چوڭ دەرەخلەر، چوڭ
دەريالارنىمۇ خۇدانىڭ ئۇلۇغلىرى، بۇلاردا روھلار، جىن-شەي-
تانلار ماكان تۇتىدۇ، ئادەملەرنىڭ بەخت-سائادىتىنى شۇلار
بەلگىلەيدۇ، ئادەملەرگە كېسەل ۋە باشقا ئاقىۋەتلەرنىمۇ جىن-
لار سالىدۇ، دەپ قارىغان. ھازىرقى پىرە ئويۇنىتىش، بورا
كېپەك سېلىش، توغ ئەلەم تىكلەش قاتارلىق ئادەتلەر ئۇي-
غۇرلاردا شامانىزىمدىن قالغان خۇراپىي ئادەتلەردۇر. دىمەك،
VII، VIII ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلاردا شامانىزم دىنى هۆكۈم سۈرۈپ
كەلگەن. بۇ چاغلادا شامان (قامان) ناملىق شېيخلار ۋە قەبىلە
ئاقساقاللىرى مەھەللىلەر ۋە شەھەرلەرنى باشقۇراتتى. بولۇپمۇ
خوتەن خەلقىدە ئاقساقاللىق تۈزۈمى كەڭ ئىدى.
ھەر خىل تەبىقە، كەسىپ باشلىقلىرى «ئاقساقال» دەپ
ئاتىلاتتى. قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئەپسانىلىرىنى سۆزلەيدىغان
«دەدە قورقۇت» دېگەن كىتابتا، ئوغۇزلارنىڭ «كۆك بۆرە»
ۋە «قىزىل تۈلكە» لەرگىمۇ مەئىبۇت دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقى،
قارا، قىزىل، سېرىق، ئاق رەڭلەردىكى مەخلۇقلاردىمۇ بىر
خىل روھىي خاسىيەت بار دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىمۇ سۆزلە-
نىدۇ. شامانىزم موڭغۇللاردا ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەردە ھۆ-
كۈم سۈرگەن ۋاقىتىدا، شامانىزم تەلىماتى بويىچە ئادەم ئۆل-
تۈرۈش، قان تۆكۈش، هايۋانلارنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىش،
تىرىك مەخلۇقلارنى يوقىتىپ نام قازىنىش ئۇلۇغ ساۋابلىق
ئىش دەپ چۈشەندۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلى-
دىغان مىللەتلەر داۋاملىق سوقۇش-ماجىرا، قان تۆكۈش ۋە
قىرغىنچىلىق بىلەن مەشغۇل بولاتتى. كېيىن ئىران تەرەپ-
تىن داخىل بولغان مانىزم دىنى بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى-

دۇ. مانىزىم ئېتىقادى بولۇپمۇ تىرىك مەخلۇقنى ئۆلتۈرۈش،
قان تۆكۈش، قىرغىنچىلىق قىلىش گۇناھ، ياۋاش بولۇش، سو-
قۇش، جېدەل قىلماسلىق ساۋاب دەپ چۈشەندۈرۈلگەنلىكى ئۈ-
چۈن، خوتەندىمۇ مانىزىم ھۆكۈم سۈرگەندە تىنچلىق
يۈز بەرگەندى. كېيىن ھىندىستان ئارقىلىق خوتەنگە
بۇددا دىنى تارقالدى. بۇددا دىنىنىڭ بەزى قاراشلىرى مانى دى-
نىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇددا دىنى خوتەندە كەڭ تارقالغان
بولۇپ، خوتەننىڭ ھەر بىر ناھىيە، بۆلۈك - پۇشقاقلىرىدا
چوڭ - چوڭ بۇتخانىلار قۇرۇلغانىدى. ھازىرقى كۈندە خو-
تەن ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، رايونلىرىدىن تېپىلىۋات-
قان ۋە يەر ئاستىدىن چىقىۋاتقان گەج، سېغىز، ياغاچ، تاشتىن
ياسالغان بۇت - ھەيكەللەر خوتەن شەھىرىدە بۇتپەرەستلى-
كنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن زامانلارغىچە ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنى
كۆرسىتىدۇ.

IX ئەسىرنىڭ باش يېرىمى (840 - يىللىرى) دا تاشقى
موڭغۇلىيىدىكى قارابالغاسۇن، ئورخۇن ۋە يەنسەي ۋادىسىدىن كۆ-
چۈپ كەلگەن ناھايىتى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار شىنجاڭنىڭ
قۇمۇل، تۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا، خوتەن ۋە قەشقەرلەرگە يەرلەشكەن.
شۇ چاغدا تارىم ۋادىسىدا ئۇيغۇرلاردىن باشقا خون، تۈرك، تىبەت
ۋە ھىندى، ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرمۇ بولۇپ، ئۇلار ئى-
سلامىيەتتىن كېيىن ھەممىسى قوشۇلۇپ ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەنلىكى
مەلۇم. X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قەشقەردىكى قاراخانىلار
ئارقىلىق خوتەنگە ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن، خو-
تەن خەلقى ئۇزۇن مۇددەت قارشىلىق كۆرسەتكەن (خو-
تەنلىكلەرنىڭ جاھىل دەپ ئاتىلىشى شۇنىڭدىن) بولسىمۇ، ئا-
خىرى بۇتپەرەستلىكنى تاشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا



مەجبۇر بولغان. خوتەن خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان-
دىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت، تۇرمۇش، ئىجتىمائىي
تۈزۈم، تىل - مەدەنىيەت ۋە قىياپەتلىرىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر
بارلىققا كەلدى. شەھەر رايونلىرىنىڭ ئاۋات جايلىرىغا
ياسالغان بۇتخانىلار بۇزۇپ تاشلىنىپ ئۇنىڭ ئورنىغا مەس-
چىت، مەكتەپلەر، جامە، خانىقالار قۇرۇلدى. قەشقەر، بۇخارا،
سەمەرقەنت ئارقىلىق خوتەنگە ئەرەب، پارس ۋە ئىسلام مە-
دەنىيەتلىرى كۆپلەپ كىرىشكە، ئىلىم - مەرىپەت ئومۇملىشىش-
قا قاراپ يۈزلەندى. چوڭ زىيالىيلار، ئۆلىمالار بارلىققا كەل-
گەن، تەرەپ - تەرەپلەردە ئىلىم - مائارىپ راۋاجلىنىپ، خوتەن
بىر مەرىپەت گۈلزارىغا ئايلانغان بىر مەزگىلدە (مىلادى
1210 - يىللاردا)، كىدانلاردىن بولغان كۈچلۈك خان (يەللەت
ھەيشى) قەشقەر ۋە خوتەنگە بېسىپ كېلىپ، بۇ ئاۋات
شەھەرنى ۋەيران قىلغانىدى، ھەممە خوتەننىڭ مەشھۇر ئۆلى-
مالىرى، مۇسۇلمانلىرىنى قىرغىن قىلغانىدى. «روزىتو ساپا»
دا: كۈچلۈك خان خوتەن شەھىرىدىكى
داڭلىق ئۆلىمادىن ئەللا مەئەلا ھىدىن خوتەنى دېگەن
زاتنى 3000 شاگىرتى بىلەن (ھازىرقى بورزان يېزىسى يوتقان
كەنتىدە) ئۆلتۈرگەن ۋە كىتابلارنى كۆيدۈرگەن، دەپ يازىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن گۈللەنگەن يوتقان شەھىرى (ياكى خوتەن شە-
ھىرى) ۋەيران بولغان. كېيىن كۈچلۈك خان چىڭگىزخان تەرى-
پىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ئومۇمىي خەلققە دىنى - ئېتىقاد ئەركىن-
لىكى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خوتەن خەلقى يەنە ئىسلام دى-
نى تۈزۈمىنى قايتا بەرپا قىلىپ خوتەن شەھىرىنى ئاۋات قىل-
غان. چوڭ جامە، مەسچىت، مەدرىسە، مەكتەپ قۇرۇپ، سارايى-
لارنى تەسىس قىلغان. بولۇپمۇ بۇ ئىشلار بۇرۇنقى قاراخانىلار
دەۋرىدە ۋە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە كۆپ راۋاج تاپقان.

خوتەن ۋىلايىتى نىسبەتەن زېمىنى كەڭ، تۇرمۇشى
پاراۋان، تەبىئىي بايلىقى مول، ئادەملىرى ساددا ۋە مېھمان-
دوست، ئىلىم - مەرىپەت، ھۈنەر - سەنئەتكە ئامراق بولغانلىقى
ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپتىن ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئېقىپ
كەلگەن ئادەملەر، دىنىي ئۆلىمالار، ئىشانلار، خەلپىلەر، غوجا،
سەئىد، ئىمام قاتارلىق ناملار بىلەن ئورۇنلاشقانلار كۆپ
بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىل كۆز، مەككار، ھەر خىل دى-
نىي مەزھەپتىكى كىشىلەر، شىئەلەر، راپىزلارمۇ كۆپ بولۇپ،
ئۇلار خوتەن ۋىلايىتىدە ھەر خىل راست، يالغان مازار - ما-
شايىقلارنى پەيدا قىلىپ خەلقنى ئالداپ جان باققانىڭ سىرتىدا،
ئۇلارنىڭ شىللىسىگە مىنىپ روھىي جەھەتتىن ئۆزىگە
ئەسىر قىلغان ياكى تالىپ، مۇرت، سوپى قىلغان. بۇلارنىڭ
نوپۇزى تىكلەنگەنسىرى ھاكىمىيەت ئورنىنى تالىشىشقا ئورۇن-
غان. بۇنىڭغا كېيىنكى زامان تارىخىدا مىساللار كۆپ تېپىلىدۇ.
خوتەن شەھىرىنىڭ ئازادلىققىچە بولغان 100 يىللىق تا-
رىخىنى يازماقچى بولغىنىمىزدا، 1850 - يىللىرىكى خوتەن نە-
زەردە تۇتۇلىدۇ. بۇ مەزگىل شىنجاڭدا جاھانگىر خان غوجى-
نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاياقلاشقان، جوڭگودا ئەپيۇن ئۇرۇشى ئا-
ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شىنجاڭدا گوۋاڭ شۈينىڭ مەنچىڭ ھاكىمىيە-
تى قايتا تىكلەنگەن ۋاقتى بولۇپ، خوتەن شەھىرىمۇ مەنچىڭ-
لار تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. خوتەننىڭ ھازىرقى سۇ دەرۋازى-
سى ۋە ئەسكەر مازارنىڭ ئورنىدا مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ
يامۇللىرى ۋە چېرىكلەر تۇراتتى. مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىدىن
تاۋدارىن ۋە كۆك دارىن دېگەنلەر، ئامبال، شەنتۇڭ ۋە تۇڭ-
لۇڭ (ئەسكەر باشلىقى) دېگەن ئۇنۋانلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق
قىلاتتى، «دىڭزى» (پەيچۇسو) نامىدا بىر ساقچى ئىدارىسى
تۇراتتى، بۇ ئەمەلدارلار خەنزۇچە گەپ بىلىدىغان ئۇيغۇر بەگ-
لەر، پاششەپلەر، يايى - دوغىلارغا يۆلىنىپ ھۆكۈمرانلىق قى-



لاتتى. مەنچىڭ ھاكىمىيىتى ئەمەلدارلىرى بېشىغا قارا موزا
(پوسما شەكلىدە) كىيىپ، ئارقىسىغا بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر
تال ئۆرۈم چاچ قويياتتى، ئۇزۇن چېكى بار ئىزمى-
لىق چاپان كىيىپ ئۈستىگە قارا جۇۋازا، پۇتىغا قارا خەي كىيە-
تتى. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر خىزمەتچىلىرىدىن بولغان بەگلەر ۋە دوغىلار
ھەم شۇنداق كىيىنىپ مانجۇچە جابدۇناتتى. ئۇلارمۇ ئۇزۇن
چاچ قويياتتى. چوڭ بەگلەرنى كابەگ، سەنبەنتۇ، شەنگۈەن دەپ
ئاتايتتى. كىچىكرەك مۇلازىمەتچىلەر يايى، دوغا دەپ ئاتىلاتتى.
سۇ دەرۋازىسىنىڭ شەرقىي تەرىپى— ھېيتكاغىچە بولغان ئارىلىقتا كى-
چىك دۇكاندار تىجارەتچى خەنزۇلار، گورۇكەش، ئەپيۇنكەش خەنزۇ-
لار ۋە خۇيزۇلارنىڭ ئۆيلىرى بار ئىدى. ماچىن ئاخۇن ئى-
سىملىك مەشھۇر بىر خۇيزۇنىڭ ئەۋلادى ھازىرغىچە شۇ يەردە
تۇرىدۇ. ھېيتكانىڭ ئارقىسى ۋە ئىلچى دەرياسى بويىدا نا-
ھايىتى چوڭ بۇتخانىسى بار ئىدى. يەرلىك خەلقلەر، ئىشچى -
ھۈنەرۋەن، قول - سانائەتچىلەر، تاۋاي- باققاللار، كەمبەغەل ئائى-
لىلەر شەھەر ئىچىدە تۇراتتى. بازار - رەستىلەرنىڭ ئۈستى يې-
پىقلىق بولاتتى. چوغراق بايلار ۋە يوقىرى تەبىقىلەر كۆپىنچە
شەھەرنىڭ سىرتىدا تۇرۇشاتتى. بۇ ۋاقىتتا خوتەن شەھىرى-
نىڭ كۆلىمى كىچىك بولۇپ، ئورنى ھازىرقى گۈلباغنىڭ ئاستى
ۋە ئىلچى دەرياسىنىڭ قىرغىقىغىچە تۇتۇشاتتى. چوڭ رەستە ۋە
ئاۋات جايلار ھېيتكا دەرۋازىسى، گۇجان دەرۋازىسىنىڭ ئارى-
لىقى ئىدى. بۇ ۋاقىتتا خوتەن شەھىرى ناھايىتى قالاق، كەم-
بەغەل، كىچىك بىر شەھەر بولۇپ، ئۇششاق تىجارەتچى ۋە
قول- سانائەتچىلەر تۈرلۈك كەسىپ بىلەن شۇغۇللىناتتى. تىجارەت
ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي مەھسۇلاتى — خام، چەكمەن، شايى،
بەقەسەم ۋە گىلەم، يىپەكلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئىچكى ئۆل-
كىلەردىن خوتەن قىرى يولى ۋە چەرچەن- دۇڭخۇاڭ يولى ئار-
قىلىق خەنزۇ تىجارەتچىلەر، جاڭگۈيدىلەرمۇ كېلىپ تۇراتتى.

بۇلار ئاساسەن گۆرۈكەشلىك قىلاتتى. بۇلاردىن خوتەن شە-
ھىرىگە ئورۇنلىشىپ يەرلىك خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە
سىڭىپ كەتكەنلەرمۇ ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلار-
مۇ بار. مەسىلەن: ئۇلاردىن ھازىر تۇرسۇنبەگ، ئابدۇللاخۇن
تۇماقچى، ئارىپ ھاجىنىڭ ئائىلىسى قاتارلىقلار شۇ چاغدا مۇ-
سۇلمان بولغان مەشھۇر ئادەملەر. ئۇلارنىڭ بالا - ۋاقىلىرى
ھازىرمۇ بار. شۇنىڭدەك ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەل-
گەن ھىندى سودىگەرلەر، كابۇللىقلار، ئەنجانلىقلار كېلىپ خې-
لى چوڭ دۇكانلارنى ئېچىپ تىجارەت قىلاتتى. ئۇلار كۆپرەك
ئورۇنلاشقان جايلارنى كابۇل كوچىسى، ئەنجان كوچىسى دەپ
ئاتايتتى (بۇ كوچىلار ھازىرغا قەدەر ئۆز نامىنى ساقلاپ كەل-
مەكتە). خوتەن شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلار ناھايىتى گۈزەل
ۋە كەڭ بولۇپ، ئاساسەن دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەن ئا-
ۋات ئىدى. 1859 - يىلى، قارىقاشتا قوزغى-
لاڭ كۆتۈرۈپ خوتەنگە بېسىپ كەلگەن ھەبىبۇللا ھاجى(ھەز-
رەت ھاجىم ياكى ھاجى پاشا) خوتەن شەھىرىدىكى مانجۇلارنى
يوقىتىپ، ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرغاندىن كېيىنكى ئۈچ يىرىم
يىللىق ھاكىمىيەت جەريانىدا خوتەن شەھىرىنىڭ قىياپىتى
خېلى ئۆزگەردى (بۇ ئەھۋال ئۆز نۆۋىتىدە تەپسىلىي سۆزلىنىدۇ).
ئايرىم ھۆكۈمەت ئىمارەتلىرى، سېپىل ۋە مۇنارلار سوقتۇردى.
كونا بۇتخانىلارنى چېقىپ ئورنىغا مەسچىت - جامەلەرنى بىنا
قىلدى (بۇ جامە ھازىرقى جامە ئەمەس)، ھازىرقى
گۇجان دەرۋازىسىدا «قەلەندەرخانە» دەپ بىر ئىدارە قۇرۇپ،
پۈتۈن ئاجىز تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنى شۇ يەرگە يىغىپ
ئۇشرە - زاكات بىلەن باقتى. «قەلەندەرخانە» دېگەن نام
ھازىرمۇ بار. شۇ ۋاقىتتىكى خوتەن شەھىرىگە چوڭ بىر سې-
پىل سوقتۇرۇپ، ئۇنىڭغا گۇجان دەرۋازىسى، ھېيتگا دەرۋازى-
سى، قىزىزىق دەرۋازىسى، سۇ دەرۋازىسى دەپ چوڭ دەرۋازىلار-



نى ئورناتتى. سېپىل ۋە دەرۋازىلار ئاللىقاچان يىقىلىپ يوقالغان
بولسىمۇ، ئەمما بۇ تۆت دەرۋازىنىڭ نامى ھازىرغىچە ساقلى-
نىپ كەلمەكتە، شۇنداقلا ھازىرقى كونا شەھەرنىڭ چۆگىراق
رەستىلىرىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. 1862 - يىلى
ياقۇپبەگ خوتەنگە بېسىپ كىلىپ ھەزرەت ھاجىم ھا-
كىمىيىتىنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن (بۇنىڭ تەپسىلاتى
ئۆز بابىدا سۆزلىنىدۇ)، خوتەن شەھىرىنىڭ قىياپىتىنى
يەنە بىر ئۆزگەرتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خوتەنگە قويغان
ۋالىيسى نىياز ھېكىم بەگ خەلققە زۇلۇم قىلىش ئارقىلىق خو-
تەن شەھەر ئەتراپىدىكى مازار ۋە جامەلەرنى قايتا بىنا قىل-
دۇردى. ئۇنىڭ مەشھۇرراقلىرى: ئالتۇن مازار، خوجاكالان ما-
زار، ھەزرىتى سۇلتان مازار، كونا شەھەردىكى چوڭ جامە،
قۇرغان (ھەربىي گازارمە، ئىدارە) لارنى ناھايىتى چوڭ، ھەي-
ۋەتلىك قىلىپ ياساپ چىقتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ھازىرمۇ
مەۋجۇت. خوتەن شەھەر ئىچىدە تۆت چوڭ كۆل كولاتتى، بۇ
كۆللەردىن ھازىر بىرسى مەۋجۇت.

ئالتۇن مازار: قەدىمكى مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلار (قاراخانىلار)
دەۋرىدە ئۆلگەن پادىشاھلارنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇپ، بۇنى نىياز
ھېكىم بەگ ياساتقان. بۇنىڭ ئىچىدە 12 پادىشاھ، 21 شاھزادە،
7 نەپەر پادىشا ئاياللىرى، خانىش ۋە ئاغىچىلارنىڭ قەبرى-
لىرى بار ئىدى.

ھەزرىتى سۇلتان مازار: سەئىدىيە خانلىرىدىن سۇل-
تانى قىدىرخاننىڭ قەبرىسى ئىدى.

خوجاكالان مازار: خوجا پادىشاھلاردىن ئىسھاق غوجام
ۋە ئەھلى تەرىقەتلەردىن مەۋلانە شەمسىددىن غوجامنىڭ خەل-
فىسى شارى غوجام ۋە خوجاكالانلارنىڭ قەبرىسى ئىدى.

ئەسكەر مازار: ياقۇپبەگ ھەزرىتى ھاجىمنى يوقات-
قاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن 40 نەپەر كى-

شىنى قۇدۇقتا تاشلاپ كۆمگەن جاي بولۇپ، ئۇنى ئەسكەر ما-
زار دەپ ئاتايدۇ.

1865 - يىلىدىن 1885 - يىلىغىچە، پۈتۈن شىنجاڭدا دا-
ۋام قىلغان ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى مانجۇ ئەمەلدارلىرىدىن زو-
زۇڭتاڭنىڭ ئەسكىرىي كۈچى بىلەن تار - مار قىلىنىپ، خوتەن شە-
ھىرىگە ئۈرۈمچىدىكى مانجۇ ئەمەلدارلىرى تەرىپى-
دىن بەلگىلەنگەن چېك دارىن ۋە كۆك دارىنلار ئەمەلدار بو-
لۇپ كەلگەندىن كېيىن، خوتەن شەھىرىدە بىر مەزگىل تىنچ-
لىق ۋە ئارامچىلىق ئورنىتىلغاندى. كېيىن شىنجاڭغا مانجۇ
خانلىرى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ياڭ زېڭشىننىڭ
خوتەنگە ئەۋەتكەن ئەمەلدارلىرىدىن ما دارىن، تەن دوتەي
دېگەنلەر كەلگەن. بۇلار كېلىپ خەلق ئۈستىدىكى پارچە - پۇ-
رات ئالۋاڭ - ياساقلارنى تۈگىتىپ خوتەن خەلقىگە تىجارەت،
سانائەت، دىنىي ئېتىقاد، قاتناش ئەركىنلىكىنى ئېلان قىلغان.

ياڭ زېڭشىننىڭ شىنجاڭدا داۋام قىلغان 17 يىللىق ھاكى-
مىيىتى، جىن شۇرېننىڭ 5 يىللىق ھاكىمىيىتى خەريانىدا، خەلق-
لەر سىياسىي جەھەتتىن بىر مەزگىل تىنچلىق كۆرۈپ،
ئىقتىسادىي جەھەتتىن تۇرمۇش سەۋىيىسى ياخشىلانغان بول-
سىمۇ، لېكىن ياڭ زېڭشىڭ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە خەلق
ئۈستىدىكى زۇلۇم - ئىستىبداتىنى دەھشەتلىك كۈچەيتتى. ئىق-
تىسادىي جەھەتتىن قاتتىق ئەزدى. يەرلىك يۇقىرى تەبىقىلەر
بىلەن ماسلىشىپ، ئۇلارنىڭ خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىغا
كەڭ يول قويدى ۋە بەلكى ياردەملەشتى. خەلققە دىنىي ئېتى-
قات ئەركىنلىكى، قاتناش ئەركىنلىكى، مەھكىمە - شەرىئەت
قاتارلىق دىنىي ھوقۇق ئىمتىيازلارنى كەڭتاشا بېرىشتەك ھىيلى-
گەرلىك سىياسەتنى قوللاندى. ئىقتىسادىي جەھەتتىن دەھشەت-
لىك ئېزىپ، خەلققە تۇيغۇزماي ئۇلارنىڭ قان - يىلىكىنى شور-
دى. مەسىلەن: ھەر بىر ۋىلايەتكە مەخسۇس پۇل چىقىرىپ، بۇ



ۋىلايەتنىڭ پۇلىنى ئۇ ۋىلايەتتە ئۆتمەيدىغان قىلىپ قويدى.
ھەر تەرەپكە قاتنايدىغانلار بۇ پۇلنى ئالدى بىلەن ياڭ زېڭ-
شىڭنىڭ بانكىسىغا تاپشۇرۇپ، مەلۇم پىرسەنت تۆلەپ پۇل ئالماشتۇ-
رۇدىغان بولدى. گۇاڭشۈينىڭ 10 - يىلى، يەنى 1884 - يىلى
شىنجاڭ رەسمىي يوسۇندا ئۆلكە بولۇپ، مەركەزنىڭ تەۋەلىكى-
گە داخىل بولدى. شۇنىڭدىن تارتىپ 65 يىلغا قەدەر شىنجاڭدى-
كى ھەربىي مەمۇرى ئەمەلدارلارنىڭ ئالمىشىشى بىلەن خوتەن-
دىمۇ ئامبال، دارىن ۋە دوتەي دەيدىغان ئەمەلدارلار ئالمىشىپ
تۇردى. ھەر بىر قېتىم ئەمەلدار ئالماشقاندا خەلقنىڭ پۇل
ماللىرىنى، ئالتۇن، كۈمۈشلىرىنى قاپسىپ كېتىش مانجۇ ئەمەل-
دارلىرىنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان ئىدى. يۈەن داخۇا، ياڭ زېڭشىڭ،
جىن شۇرېن، ليۇجىڭتاڭ، يى گۇڭتاۋ، شۇنخۇ، رۇيىڭچى قاتارلىق
ئەمەلدارلار خوتەن، قەشقەردە بۇرۇن ئامبال بولسىمۇ، كېيىن
دوتەيلەرنى ئەۋەتىپ تۇردى. ھەر قايسى جايلاردىكى خەلقلەر بۇ
ئەمەلدارلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى چوڭ - كىچىك قوزغىلاڭلار-
نى كۆتۈرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنى بۇلار گايى ھەربىي كۈچ، گايى
ھىيلە - مىكىرلەر بىلەن بېسىقتۇردى. بۇ مەزگىل ئىچىدە خو-
تەن شەھىرىدە خېلى چوڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ۋەقە-
لەر بولۇپ ئۆتتى. مەسىلەن: چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەپيۇن سو-
قۇشىدىن يېڭىلىپ ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق بىر نەچچە
جاھانگىر دۆلەتلەر بىلەن تۈزۈپ چىققان تەڭ ھوقۇقسىزلىق
شەرتنامىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت ۋە
شەھەرلىرىگە، جۈملىدىن خوتەن شەھىرىگىمۇ ئەنجان، تاشكەنت،
سەمەرقەنت، بۇخارا، ھىندىستان، كابۇل تەرەپلەردىن ئەنگ-
لىيە ۋە چاررۇسىيە مۇھاجىرلىرى، تىجارەتچى،
ساياھەتچى ۋە باشقا كەسىپلەر نامىدا كۆپلەپ كىرىپ، خو-
تەن شەھىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل، ھاۋالىق جايلىرىغا ئۆي - ئىمارەت-
لەرنى سېلىپ، زاۋۇت - كارخانىلارنى قۇرۇپ، خەلقنى ئېغىر

هالدا ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى. ئىختىيارى هالدا ئۆي، يەر-
لەرنى سېتىۋېلىپ دېهقانلارنى ئەزدى. مەشۇت، يۇڭ، شايى،
زىلچە - گىلەم، قوي تېرىسى قاتارلىق خام ئەشيالارنى ئەرزان
باهادا سېتىۋېلىپ چەت ئەلگە تارتىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا بۇ
مۇهاجىرلارنى ئەنجانلىق ۋە كابۇللۇق دەپ ئاتايتتى. ئۇلار ئۆي-
قورولىرىنىڭ دەرۋازىسىغا ئەنگلىيە ۋە چاروسىيىنىڭ بايراقلىرىنى
قاداپ جۇڭگو قانۇنىغا بوي سۇنمايدىغان، جۇڭگو گىراژدانلى-
رىدىن ئارتۇقراق هوقۇققا ئىگە بولۇۋېلىپ، خەلقنىڭ شىللىسى-
گە ئېغىر يۈك بولغان ئىدى. خەلقنىڭ سۇ باشقۇرۇش، زىرا-
ئەت ئىگىدارچىلىقىنىمۇ خالىغانچە ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ يەرلىك
هوقۇقلىرىنى ئاياغ - ئاستى قىلدى. ئۇ چاغلاردا بۇنداق چەت
ئەللىك مۇهاجىرلار شەهەر ئىچىدىمۇ هەر خىل تىجارەت ئو-
رۇنلىرى، چوڭ دۇكانلار ۋە سودا پېرمىلىرىنى قۇرۇپ، يەرلىك-
لەردىن دەللاللار يالالاپ خەلقنىڭ پۈتۈن تىجارەت ئىشلىرىنى
مونوپول قىلىۋالغانىدى. مەسىلەن: چاروسىيىدىن كەلگەن خو-
دا بەردى ئەرمىنى، غوپۇرجان هاجى، باباجان باي، كەلكۈن
باي، ئەهمەتجان هاجى، سادىقجان هاجى قاتارلىقلار؛ هىندىس-
تاندىن كەلگەن نالمۇاي، خان سايىپخان، ميان سايىپخان
دېگەن هىندىلار خوتەننىڭ هەر قايسى جايلىرىدا ئۆزى خا-
لىغانچە زاۋۇت فابرىكىلارنى قۇرۇپ، خەلقلەرگە ئەرزان هەق
بېرىپ ئىشلىتىپ باي بولغانىدى. بۇلار ئاساسەن مانجۇ هاكىمى-
يىتىنىڭ بىيۇروكرات ئەمەلدارلىرىغا يۆلىنىپ، ئۇلارنىڭ هىمايە
قىلىشى ئاستىدا ئەركىن هەرىكەت قىلىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن،
بىر مەزگىل خوتەن شەهىرى چەت ئەللىكلەرنىڭ ئارامگاهىغا
ئايلىنىپ قالدى. نەتىجىدە يەرلىك خەلق ئىچىدە ئېغىر كەم-
بەغەلچىلىك يۈز بەردى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر ئېغىر
كۆچـــدىنى نىقاب ئاستىغا كىرىۋالغان فېئودال روهانىلار، ساخ-
تا ئۆلىمالار، ئىشان، خەلىپىلەر، خوتەننىڭ هەر قايسى جايلىرى-



دا ناهايىتى كۆپ پەيدا بولۇپ، خەلقنىڭ ئاز قالغان ئېتىق-
سادىنى بۇلارمۇ شوراپ تۇراتتى. بەگ، بوجاڭ، گوۋرۇكەش
قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ پارخورلىقىمۇ يەنە بىر زۇلۇم ئىدى.
بۇنداق زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق ئاممىسى ستېخىيىلىك ها-
لەتتە تەرەپ - تەرەپتە ماجىرالار چىقىرىپ تۇراتتى. بۇنداق
شارائىت كەلگۈسىدە شىنجاڭ بويىچە يامرىغان بىر ئومۇمىي
قوزغىلاڭنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە شەرت هازىرلىدى. يەنە مۇشۇ
چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا دىن ۋە مەدەنى-
يەت نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان جەدىدىزم تۈزۈمى ۋە مائارىپ
تۈزۈمى شىنجاڭغىمۇ ئېقىپ كىرىپ خوتەنگىچە يېتىپ كەلدى.
مەسىلەن: 1924 - يىلى قەشقەردىكى ئاتۇشلۇق ئابدۇقادىر
دامولامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار مائا-
رىپىنى يېڭىلاش، دىني ـــ ئىجتىمائىي ئىشلاردا ئىسلاهات ئېلىپ
بېرىپ يېڭى زامان تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇش، خەلقنى ئاقار-
تىش دېگەن نام بىلەن تۈركىيىدىن بىرنەچچە نەپەر مۇئەللىم، ئە-
پەندىلەرنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى. بۇلار: ئەخ-
مەت كامال، ئىسمايىل هەققى، قاسىم ئەپەندى، ئەهمەت ئە-
پەندى قاتارلىق 11 نەپەر كىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، خەلقپەرۋەر
ئابدۇقادىر دامولامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاتۇشتىكى ئىكساقتا
دەسلەپكى قېتىم بىر زامانىۋى مەكتەپ قۇرۇلدى. بۇنىڭغا هەر
قايسى جايلاردىن تاللانغان ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنىپ ئۇلار-
غا تارىخ، جۇغراپىيە، هېساب، خەنزۇ تىلى، روس تىلى قاتار-
لىق پەنلەرنى ئۆگىتىشنىڭ سىرتىدا، تەنتەربىيە، گىمناستىكىمۇ
ئۆگىتىلدى. شۇ ۋاقىتتا خوتەنگە مەزكۇر ئەپەندىلەردىن قا-
سىم ئەپەندى ۋە ئەهمەت ئەپەندىلەر كېلىپ ئالتۇندا بىر
زامانىۋى مەكتەپ ئېچىپ، يۇقىرىقى دەرسلىكلەر ئۆتۈلۈشكە باش-
لىدى. بۇ مەكتەپتە خوتەن شەهىرىنىڭ مەشهۇر زىيالىيلىرىدىن
مەتىمىن بۇغرا، ئابدۇكېرىم هاجى، نىزامىدىن ئەپەندى، ئە-

مەت ھاجى قاتارلىق كىشىلەر كېلىپ ئوقۇدى. بۇ مەكتەپلەر
بىر يىل داۋام قىلماي تۇرۇپ، يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە مۇتە-
ئەسسىپ روھانىيلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى ۋە مانجۇ ھاكى-
مىيىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تارقىتىۋېتىلدى. بۇ ئەپەندىلەرمۇ كەل-
گەن جايىغا قايتىپ كېتىشتى. لېكىن بۇ مەكتەپنىڭ تەسىرى
بىر نەچچە كىشىلەرنىڭ ساۋاتلىق بولۇشىغا ۋە زامانىۋى
ئىلىم - پەنلەردىن ۋاقىپ بولۇشىغا، جەدىدىزمنىڭ تارقىلىشىغا
سەۋەب بولدى. ئەمما شۇ ۋاقىتتا خوتەن شەھىرى ئىچىدىمۇ
خېلى نۇرغۇن ياشلار چەت ئەللەرگە ئوقۇشقا چىقىپ كەتكەن
ئىدى، ئۇلار ھىندىستان، تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق جايلاردا
ئوقۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خوتەنگە كېلىپ بىر مەزگىل ئۆز
ئالدىغا مەكتەپ، مەدرىسىلەرنى ئېچىپ دىنىي ۋە پەننى مەلۇ-
ماتلارنى تەلىم قىلدى. مەسىلەن: ئۇلاردىن شۇ ۋاقىتتا قايتىپ
كەلگەنلەردىن ھەسەن ئاخۇن مەۋلىۋى، ئابدۇللا مەۋلىۋى، مەت-
نىياز مەۋلىۋى، ھاپىز مەۋلىۋى، ئابدىخېۋىر ھاجى قاتارلىق مەۋلى-
ۋىلەر؛ ئەبەيدۇللا ئەپەندى، يۈسۈپ ئەپەندى، ئىدرىس ئە-
پەندى، خانى ئەپەندى قاتارلىق مىسىر، تۈركىيىلەردە ئوقۇپ
كەلگەن ئەپەندىلەر خوتەندە بىر مەزگىل مائارىپ ئىشلىرى
بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭدىن باشقا چاررۇسىيىدىن كەلگەن
ئۆزبېكلەر، ھىندىستاندىن كەلگەن ئاۋغانلار بولۇپ، خوتەن
شەھەر ئىچىدە 200 ئۆيلۈكتەك ئادەم بار ئىدى. بۇلارنىڭ
كۆپىنچىسى كېيىن جۇڭگو پۇقراسى بولۇپ ئۇيغۇرلىشىپ كەت-
تى. بۇلارنىڭ ئەۋلادى ھازىرغا قەدەر خوتەن شەھىرىدە بار.
شۇ ۋاقىتتا خوتەندە ئەنگلىيە پۇقرالىرى دەپ ھېسابلان-
غان 200 گە يېقىن ئىنگلىز پۇقرالىرى بار ئىدى. ئۇلار-
نىڭ مەشھۇرراقلىرى: شاپىسەنخان، ئابدىراخمانخان، نۇرخان،
ئاتاخان، مەمەت ئىبراھىم ئاقساقال، سەيدى ئەخمەتخان قا-
تارلىق كىشىلەر بولۇپ، ھازىر خوتەن شەھىرىدە قاڭشىرى ئېگىز،



كۆپىنچىسى تىۋىپ ۋە دورىگەر بولۇۋالغان كىشىلەر شۇلارنىڭ
ئەۋلادى. شۇ ۋاقىتتا خوتەن شەھىرىدىكى ئىنگلىز پۇقرالى-
رىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن بەدرىدىن خان ئاقساقال ئىسىملىك
بىر كىشى خوتەندە ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇل دەپ-
بەنى بولۇپ تۇرغان، ھىندىلاردىن نالىۋاي، راتامباي، گۆلدا-
چىن، ئەنسىراج دېگەن ھىندى سودىگەرلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ-
لارنىڭ شەھەر ئىچىدە بىر نەچچە يەردە دۇكانلىرى بار بو-
لۇپ، بۇلار يەرلىك سودىگەرلەر بىلەن دوگىۋار تۈزۈپ خوتەننىڭ
يەرلىك ماللىرىنى، ئاق يۇڭدا ئەتكەن جەينىماز، يىپەك، ئۇ-
چەي ۋە باشقا خام ئەشيالارنى سېتىۋېلىپ چەت ئەلگە ماڭدۇ-
راتتى. چەت ئەلدىن كۆپىنچە دارىۋار ئەكىلىپ ساتاتتى. خو-
تەن شەھىرىدىكى بۇ چەتئەللىك مۇھاجىرلار خوتەن ئەتراپى-
دىكى گۈجان، تامباغ، نەزەر باغ، شورۋاغ قاتارلىق جايلاردا
يەر - زېمىنلارنى سېتىۋېلىپ، باغۇ - ئىمارەتلەرنى قۇرۇپ
ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئەگەر بۇ چەت ئەل مۇھاجىرلىرى جى-
نايى مەسىلە ئۆتكۈزسە ئۇنى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ھەل قىلال-
مايتتى. پەقەت ئەنگلىيە كونسۇلى تەرەپتىن ھەل قىلىناتتى.

1924 - يىلىدىن 1930 - يىلىغىچە، خوتەنگە گېرمانىيە،
ۋېنگرىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن بولۇپ بىر بۆلەك
ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى كېلىپ خوتەننىڭ ئاسار- ئەتىقىلىرى ۋە
تارىخىي يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن لوپ، كېرىيە،
چىرىيە، تەكلىماكان چۆللىرىگىچە بېرىپ ناھايىتى نۇرغۇن ئا-
سار - ئەتىقە ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەن.
ئۇ چاغدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇلارغا ناھايىتى يېقىندىن
يار - يۆلەكتە بولغان. بۇ چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچى-
لەرنىڭ مەشھۇرراقى ئەنگلىيىلىك ئاۋرېل ستېيىن دېگەن
كىشى بولۇپ، بۇنى يەرلىك خەلقلەر ئىشتان سايىپ دەيدۇ.

خوتەن خەلقىنىڭ ئەسلى يەرلىك تىلى، قەدىمكى مىللىي

ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە يۇقىرىقىدەك چەت ئەللىكلەرنىڭ تەسىرى
خېلى زور بولغان. خوتەن خەلقىدە قەدىمكى شامان دىنى، مانى دىنى،
نەستورى، بۇددا دىنى ۋە باشقا خۇراپىي، دىنىي ئۆرپ ـ ئادەتلە-
رىدىن قەپ قالغان ئۆرپ ـ ئادەتلەر، ئۆلۈم ـ يىتىم، توي ـ تۆكۈن،
زىيارەت، مەشرەپ ۋە باشقا ئويۇن ـ تاماشىلارنىڭ ئالاھىدە
ئالامەتلىرىنىڭ بەزىسى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە.

خوتەن شەھىرىنىڭ 1885 ـ يىلدىن 1924 ـ يىلغىچە بول-
غان ئارىلىقتىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، پەن ـ مەدەنىيەت، مائا-
رىپ ساھەلىرىدە خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغان. مەسىلەن:
ياڭ زىڭشىنىڭ ھىلىگەرلىك سىياسىتى ئاستىدا خەلقنىڭ قانۇ-
نىي ھوقۇقى ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى پۈتۈنلەي مەھكىمە شەرى-
ئىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم،
مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرى ۋە قانۇن، دەۋا ئىش-
لىرى پۈتۈنلەي مەھكىمە شەرئى تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ، شە-
ھەر باشقۇرۇش، قانۇن ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشلىرى مەھكىمە
شەرئىي تەرىپىدىن ئىجرا قىلىناتتى. ناھايىتى ئاز ساندىكى
ھەققانىيەت دەۋالار ۋە يەرلىك ماجىرالار يېزا ئەمەلدارلىرى،
بەگ ـ بوجاڭلار تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىناتتى. پەقەت ئا-
ئۆلۈم ۋە شۇڭپەنلىك ئەنزىسىنى ئامبال ئۆزى بىر تەرەپ قى-
لاتتى. مەھكىمە شەرئى تۈزۈمىمۇ ئالاھىدە بىر يەرلىك ھۆكۈ-
مەت ئورنىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى كەڭ
ئىدى. مەھكىمە شەرئىنىڭ تۈزۈمى: ھەر بىر ناھىيىدە بىردىن
چوڭ قازى بولۇپ، پۈتۈن دىنىي ھوقۇق، دىنىي ئىشلار، ۋەخ-
پە، ئەۋقاپ مەسىلىلىرى، مۇددەرىسلەر، ئىماملار، مەسچىت، خا-
نىقالارمۇ قازى تەرەپتىن باشقۇرۇلاتتى. قازىنىڭ ئاستىدا ئە-
لەم بولۇپ، دىنىي مەسىلىلەر، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ھۆكۈم
چىقىراتتى. ئۇنىڭ ئاستىدا مۇپتى بولۇپ، شەرئىيەت قانۇنىغا



ئاساسەن پەتىۋا، ھۆكۈمنامە يازاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قازى
رەئىس بولۇپ، ئۇ ئاھالىنىڭ دەۋا ـ دەستۇرى ئىشلىرىنى بىر
تەرەپ قىلىپ، ھازىرقى بازار باشقۇرۇشنىڭ رولىنى ئۆتەيتتى.
ئۇنىڭ قول ئاستىدا بىر نەچچە نەپەر مۇھتەسىپ ۋە شەيخۇل
ئىسلاملار بولۇپ، ئۇلار ئاھالىنىڭ دىنىي ـ ئېتىقاد ئىشلىرىنى
ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىغا مۇۋاپىق ئىش قىلغان ـ
قىلمىغانلىقىنى تەكشۈرەتتى ۋە خەلقنىڭ ئەرز ـ داتلىرىنى قو-
بۇل قىلاتتى. يۇقىرىقى دىنىي ئەمەلدارلار ھەپتىدە بىر قېتىم
مەھكىمە شەرئىيگە يىغىلىپ دىنىي، ئىجتىمائىي ماجىرالارنى ھەل
قىلاتتى، موھتەسىپ ۋە شەيخۇل ئىسلاملارنىڭ سانى خېلى كۆپ
بولۇپ، بازار كۈنلىرى سەپ بولۇپ دەررىلىرىنى كۆتۈرۈپ
چىقىپ خەلققە دىنىي تەشۋىق، ئەمىر ـ مەرۇپ، نەھى ـ مۇن-
كەر قىلاتتى. يەنى يامان ئىشلاردىن توسۇش، ياخشى ئىشلار-
نى قىلىشقا تەشۋىق ئېلىپ باراتتى، يول رەستىلەردە يۈزى ئو-
چۇق ئاياللارنى كۆرسە تەزە بىلەن ئۇرغانىنىڭ سىرتىدا، كۇ-
شۇكلارغا سېلىپ چوڭ رەستىلەرگە ئېسىپ قوياتتى. پاھىشىۋاز-
لىق قىلغان ئەر ـ ئاياللارنى تاپسا يۈزىگە قارا سۈرتۈپ،
ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ بىر نەچچە كوچىچە شەھەر
رەستىلىرىدە سازايى قىلاتتى. ھەر بىر رەستىگە بارغاندا تەزە
بىلەن ئۇرۇپ تۇراتتى. ئوغرىلىق قىلغان، قىمار ئوينىغان، نەش-
شە چەككەن، ھاراق ئىچكەنلەرنى تاپسا ئۇلارنىمۇ تەزىلەيتتى.
رەستىلەردىكى ھاراق ـ تاماكا، نەشە دۇكانلىرىنى ۋەيران قى-
لاتتى. موھتەسىپ، شەيخۇل ئىسلاملار بازار ئىچىدىكى كىچىك
تىجارەتچىلەر، ناۋاي ـ قاساپلارنىڭ كەسىپلىرىنىمۇ تەكشۈرۈپ
تۇراتتى. ئۆلچەمگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالايتتى. كۆپچى-
لىك ماڭىدىغان رەستىلەر، كىچىك كوچىلارغا ئۆي سېلىۋالغان
ياكى ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلارنى قاتتىق جازالايتتى. دېمەك مەھ-
كىمە شەرئى شۇ چاغلاردىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىرسى

ئىدى. شەھەر ۋە ناھىيە يېزىلىرىدىمۇ مەھكىمە شەرئى تە-
رىپىدىن قويۇلغان نايىپ قازى (ئورۇنباسار قازى)، نايىپ ئە-
لەملەر تۇراتتى. ئۇلارمۇ خەلقنىڭ يۇقىرىقىدەك دىنىي، ئىجتى-
مائىي تۇرمۇش كەسپلىرىنى باشقۇراتتى، ئۇنىڭدىن باشقا دىنىي
ساھەدىكىلەردىن دىنىي، مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان
مۇدەررىس، مۇتەۋەللى، مۇئەللىم قاتارلىقلارمۇ ھەر مەھەللىدە
بىردىن بولاتتى. ھىندىستاندا ئوقۇپ كەلگەن موللىلارنى مەۋ-
لىۋى، تۈركىيە ۋە مىسىردا ئوقۇپ كەلگەنلەرنى ئەپەندىم،
قەشقەر ۋە بۇخارادا ئوقۇپ كەلگەنلەرنى داموللام، خەلپىتىم
دەپ ئاتايتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتى پەقەت ۋەخپە يەر-
لەر تەرىپىدىن قامدىلاتتى. شۇ ۋاقىتتا يېتىشىپ چىققان مەش-
ھۇر دىنىي ئالىم، ئۆلىمالاردىن خوتەن خەلقى ھازىرغا قەدەر
ئۇنۇتمىغان يولداش ئاخۇنلۇقۇم، ئىسكەندەر ئاخۇنلۇقۇم، تۇر-
دى غوجا ئاخۇنلۇقۇم، ئىبراھىم قازى قاتارلىق كىشىلەر بو-
لۇپ، بۇلار پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئىسلام دىنىي تەلى-
ماتىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى، بىلىم ئىقتىدارلىرى
ۋەخىزمەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان. ھازىر خوتەن
شەھىرىدە بار بولغان ناھايىتى كۆپ ساندىكى دىنىي ئۆلىمالار
شۇلارنىڭ تالىپلىرىدۇر. شۇ مەزگىللەردە خوتەن شەھىرىدە مەشھۇر
بولغان ئەھلى تەرىقەت، ئىشان ۋە خەلپىلەردىن ئىشان مەنسۇرخان
ھاجىم، ئىشان مەمەت سىدىق ھاجىم، مەمەت كېرىم ھاجىم، خۇ-
دۇمبەردى غوجام، ئاچچۇيىدىن نۇرمەھەممەت ئاخۇنلۇقۇم ھاجىم،
دۇرۇت ئەيسىراجىم ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، ئەھلى-ئەۋلادى قا-
تارلىق خەلپىلىرىگە ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر سوپى ئىدى، ئۇلار-
نىڭ مەسچىت-خانىقالىرىدا ھەر ھەپتە تەلقە-سۆھبەتلەر بولۇپ
تۇراتتى، موللا، دىنىي ئۆلىما ۋە قارىلارنىڭ ئوقۇتۇپ يېتىشتۈر-
گەن تالىپ ۋە قارىلىرى جەمئىيەتتە بىر ھەسسە بولسا، ئىشان-
لارنىڭ سوپىلىرى ئۇنىڭدىن بىر نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى.



ئەزەلدىن تارتىپ دىنىي ئۆلىمالار بىلەن ئىشان گۇرۇھلار
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كېلىشمەسلىك مەۋجۇت بولۇپ، گايى
چاغدا پەسىيىپ قالاتتى، بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ زىددىيىتىدىن
ئۆز ۋاقتىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلار ناھايىتى كۆپ پايدىلانغان.
خوتەن شەھىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى دىنىي - پائالىيەتلى-
رىنى كۆزدىن كەچۈرگەن ۋە خەلقنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان
ئېتىقادىنى چۈشەنگەن چەت ئەللىك مۇھاجىرلار، خەلققە ياخشى
كۆرۈنۈش ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ پايدا مەنپەئەتىنى ئوب-
دانراق ئېلىش ئۈچۈن، شەھەرنىڭ كونا مەسچىت ۋە مەدرىسە مەك-
تەپلىرىنى يېڭىلاپ بەرگەن ياكى يېڭىباشتىن رېمونت قىلىپ، ئۇلارغا
مۇنارلارنى بېكىتىپ ئۆزى باشلاپ ناماز ئوقۇشقا كىرىشكەن. مە-
سىلەن: ئەرمەنىستاندىن كەلگەن خۇدا بەردى ئەرمەنى ئەسلى
خىرىستىئان دىنىدا بولۇپ، كېيىن ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىنى قو-
بۇل قىلغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، بېشىدىن سەللە - تونىنى ئاج-
راتماي يۈرگەن. شەھەر ئىچىدە گۈلباغ، گۇجان دەرۋازىسىنى ۋە
چايخانا مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى كونا مەسچىتلەرنى يېڭىباشتىن
سېلىپ بەرگەن. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھىندىستاندىن كەلگەن
ھىندىلاردىن نالىۋاي، راتامباي دېگەنلەرمۇ ئىسلام دىنىنى قو-
بۇل قىلغان. گۆرۆكەش خەنزۇلاردىن بىر نەچچەيلەن ئىسلام
دىنىنى قوبۇل قىلىپ كۆپىنچىسى ئابدۇللا، مەمەتئىمىن دېگەن
ئىسىملارنى قويۇۋالغان. شۇ مەزگىللەردە خوتەن خەلقىنىڭ قە-
دىمكى تۇرمۇش ئادىتى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك بولۇپ، باغ-
ۋەنچىلىككە بولغان ھەۋەسكارلىقى نەتىجىسىدە ھەر بىر ئادەم-
نىڭ كىچىك باغلىرى بولاتتى. يۇقىرى تەبىقىدىكى بايلار
شەھەر ئەتراپىدىكى جايلاردا ناھايىتى چوڭ باغلارنى ياسات-
قان. مەسىلەن: ھازىرقى گۈلباغ، ناۋاغ، تامباغ، شامالباغ،
نەزەرباغ قاتارلىقلار. ئۇ ۋاقىتتا ھازىرقى خوتەن شەھىرىدىكى
گۈلباغنىڭ ئۈستى ئوك تەرىپى مۆلۈك يەر، سول

تەرىپى ئالتۇن مازار، خانلىق مەدرىسە، خوجاكالان مازارلىرىنىڭ تېرىلغۇ ۋەخپىسى ئىدى. 1890 - يىلى، ئۈرۈمچىدىكى مەنچىڭ باش ئەمەلدارى ليۇ جىنتاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھازىرقى يېڭى شەھەردىكى سېپىلنى سالدۇرغان. سېپىلنىڭ ئىچىگە پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، يامۇل، ئەسكەرخانا، ئاشلىق ساكلىرى جايلاشقان ۋە بەزى چوڭ خەنزۇ گۆرۈكەشلەرمۇ شۇيەردە ئىدى، بۇ سېپىل 15 يىلدا پۈتكەن. سېپىلنىڭ تۆت دەرۋازىسى بولۇپ، يەكەن دەرۋازىسى، كېرىيە دەرۋازىسى، قارىقاش دەرۋازىسى، توساللا دەرۋازىسى دەپ ئاتىلاتتى، سېپىلنىڭ يەكەن دەرۋازىسىدىن تارتىپ گۈلباغقىچە بولغان ئارىلىقتىكى يەرلەرگە شۇ چاغدا ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بولۇۋالغان ئۇيغۇر بەگلەردىن روزى بەگ ھاجى، يۇسۇپبەگ ھاجى، موللىبەگ، باۋۇدۇنبەگ، تۇرسۇنبەگ قاتارلىقلار ئوردا ۋە سارايلارنى سالغان، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بەزى لۈكچەك، قىمارۋاز، شوپاڭچىلار ۋە بەزى خەنزۇ جاڭگۈيدىلەر شۇ ئارىلىقلارغا قاتارلاپ ئۆي سېلىۋالغان. بۇ يەرلەر ئەسلى يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ۋەخپە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆي سېلىۋالغانلار كۆپىنچىسى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، بەگلەر، گۆرۈكەشلەر ۋە لۈكچەك مۇشتۇمزورلار بولغاچقا، پۇخرالار ئۇلارغا زادىلا گەپ قىلالمىغان. شۇ ۋاقىتتا سېپىل ئىچى بىلەن قوشۇلۇپ گۈلباغقىچە بولغان ئارىلىقنى ئۇيغۇرلار «يېڭى شەھەر»، خەنزۇلار «خەنچىڭ» (خەنزۇ شەھىرى) دەيتتى. گۈلباغنىڭ ئاستىنى ئۇيغۇرلار «كونا شەھەر»، خەنزۇلار «خۇيچىڭ» دەپ ئاتايتتى. ئۇ چاغلاردا كونا شەھەردە «دىڭزى» دەيدىغان ئىككى ئورۇن بولۇپ، بۇ ھازىرقى پەيچۇسونىڭ رولىنى ئۆتەيتتى. پەيچۇسونىڭ قارمىقىدا پاششاپ، دورغا دەيدىغانلاردىن بىر نەچچىسى بولۇپ ئۇلار، شەھەرنىڭ كېچىلىكىنى مۇھاپىزەت قىلاتتى ھەم ئوغرىلارنى باشقۇراتتى. ئۇ چاغدا يېڭى شەھەردە بىر چوڭ تۇرمە بولۇپ، بۇنىڭغا خو-



تەن ۋىلايىتىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن كەلگەن جىنايەتچىلەر قامالاتتى. بۇ جىنايەتچىلەرگە ھۆكۈمەت ئاش - نان بەرمەيتتى. بۇلارنىڭ بويىنىغا 80 جىڭ ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر تاقاقنى ئېسىپ قوياتتى. بەزىلەرنىڭ پۇتىغا تۆمۈر توپ باغلاپ قوياتتى. بۇلار ئەنە شۇلارنى يۈدۈپ ۋە غولدۇرلۇتۇپ نان تىلەيتتى. ئۇ چاغدىكى ھۆكۈمەتكە ئەرز دات قىلغۇچىلارمۇ بويىنىغا شال ۋە بورىلارنى كېيىپ ئامبال يامۇلنىڭ ئالدىغا ھازىر بولاتتى. ئامباللار دەۋا سورىغان چاغدا ئۆز ئالدىغا كەلگەن ئادەملەرنىڭ باش كىيىمىنى ئېلىۋېتىپ يالاڭ باشتاق قىلىپ قوياتتى ھەم سوراق جەريانىدا تەن جازاسى بېرەتتى. ئەگەر دەۋاگەرلەر مەسىلىسىنى دىنىي - شەرىئەت بويىچە ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلسا، مەھكىمە شەرئىيگە تونۇشتۇرۇپ بېرەتتى. شۇ ۋاقىتتىكى مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىدىن چىڭ دارىن دېگەن ئامبالنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى ھەققىدە خەلق ئاغزىدا نۇرغۇن داستانلار بار. بۇ چىڭ دارىن ئوغرى، قىمارۋاز، ئىجتىمائىي جىنايەتچىلەرنى ئېغىر جازالاپ، يۇرت ئىچىنى تىنچلاندۇرغان. بۇ ئامبال خەلق ئىچىدىكى دىنىي ئېتىقادلارغا ھۆرمەت قىلغانلىقى، مەھكىمە - شەرئىينى ھىمايە قىلغانلىقى، ھەتتاكى ئۆزى يىراق يېزىلاردا مەسچىت سالغانلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان. چىڭ دارىن شۇ چاغدا ئىككى مەسچىت سالغان ۋە سەيشەنبە بازاردا بىر ئورمانزارلىق بىنا قىلغان، بۇ ئامبال خوتەن شەھىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بولۇپ يەتتە مەسچىت، يەتتە بۇتخانا سالدۇرغان. ھېيتكا مەسچىتىنى سالدۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىرقى ھېيتكا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا چوڭ ئىككى بۇتخانا سالدۇرغان. ئۇ چاغدا خوتەن شەھىرىدە مۇتلەق كۆپ سانىدىكى ئاھالە ئۇيغۇرلار، ئاز ساندا خەنزۇلار بولغاچقا، ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي، ئەسكەر، ساقچىلىرى كۆپىنچە ئۇيغۇر، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىمۇ ئۇيغۇرلاردىن ئىدى. لېكىن ئۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنى

«ئۇيغۇر» دېمەيتتى. ئۇيغۇر دەپ ھېچكىم ئاڭلىمىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى «مۇسۇلمان» دەپ ئاتايتتى، خەنزۇلار «چەنتۇ» دەپ ئاتايتتى. مۇسۇلمانلار خەنزۇلارنى خەنزۇ دېمەي خىتاي دەپ ئاتايتتى. خەنزۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغان. شۇ ۋاقىتتا شەھەرنىڭ ئاساسىي تىجارىتى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە جاڭگۇيدىلەرنىڭ گۆرۆكەشلىكى بولۇپ، ئەرەققىي قىلغان تىجارىتى دورا پۇرۇشلۇق ۋە دورا دوكانلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. خوتەن تۇپرىقىدىن چىقىدىغان يەرلىك دورا ئەشيالىرى خوتەن شەھىرىگە يىغىلىپ چەت ئەللىكلەرگە سېتىلاتتى. چەت ئەللىدىنمۇ تەختىبەندانە دېگەن دارىلارنى ئەكىلىپ ساتاتتى. بۇ دورا ئەشيالىرى كۆپۈنچە خوتەندىن شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىلاتتى، ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگىمۇ كېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خوتەندە مىللىي تىبابەتچىلىك ۋەدورىگەرلىك بىر مەزگىل تەرەققىي قىلغان، خېلى مەشھۇر مىللىي تېۋىپلار يېتىشىپ چىققان، مەسىلەن: ھېكىمشا ئاخۇن، مەمەتنىياز ھاجى، دولەتيار ھاجى، ئوسمانبەگ، ئەخمەت توختى ھاجى، ئەخمەتھاجى دېگەنلەر چەت ئەللىكلەرگىمۇ تونۇلغان چوڭ ھۆكۈما تېۋىپلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەھلى ئەۋلادى ۋە يېتىشتۈرگەن شاگىرتلىرى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللىي شىپاخانىلاردا ئاساسلىق خىزمەتنى قىلماقتا.

ئۇ ۋاقىتتا خوتەندە خانلىق مەدرىسە، سۇخەن مەدرىسە، ئەنجان مەدرىسىسى، چاسۇ مەدرىسە، گۇلباغ مەدرىسە نامىلىق چوڭ مەدرىسىلەر بولۇپ، بۇلاردا كۆپۈنچە ئەرەبچە، پارسچە تىللاردا دەرس ئۆتۈلەتتى. ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ يازغان كىتابلىرىمۇ ئەرەب، پارس تىلىدا يېزىلاتتى. ھىندىستان، ئەرەبىستان، مىسىر، تۈركىيە تەرەپلەردە نەشر قىلىنغان ئورەپچە، پارسچە ۋە تۈركىيە تىللىرىدىكى كىتابلار خوتەنگە كۆپلەپ كېلىپ تۇراتتى. ھازىر بۇنداق كىتابلاردىن نەچچە يۈز مىڭى ساقلىنىپ كەلمەكتە. ھازىر خوتەن شەھىرىدە مۇتلەق كۆپ ساندىكى دىنىي ساھەلەر ئەرەپ



چە، پارسچە تىللارنى بىلىدۇ. شۇنىڭدەك شۇ دەۋرلەردە خوتەندە يېتىشىپ چىققان مەشھۇر شائىرلاردىن يۇرۇڭقاشلىق مۇسا ھاجىم، شېئىرىيەتتە داڭقى چىققان قوشاقچى موللا نىياز شائىر قاتارلىقلار. ناتىقلاردىن داۋۇت موللام (بۇخارادا ئوقۇپ كەلگەن)، تاجىك موللام، سۇلايمان ھاجىم، ھاشىم قارى، مەموتنور ھاجىلار بولۇپ، ئۇلار ھەر ھەپتە شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات جايلىرىدا ۋەزئېيتاتتى ھەم بۇرۇنقى ئىماملار، پەيغەمبەرلەر، پەھلىۋانلار، غازاتچىلارنىڭ ھېكايە، داستانلىرىنى سۆزلەپ، خەلقنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىغا مەدەت بېرەتتى. بۇلارنىڭ بىر نەچچە ئونلىغان شاگىرتلىرى بار ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق سازەندىلىرىدىن ھاشىم ھاجى، مامۇتخان، توختى ھاجى، تۇرسۇننىيازئاخۇن تەمبۇرچى قاتارلىق يەرلىك سازەندىلەر بار ئىدى.

1911 - يىلى، پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتى بويىچە يېيىلغان ئاغرىق - سىلاق ئاپىتى سەككىز يىلغىچە داۋام قىلغان چوڭ ھادىسە بولۇپ، پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلانغان، بۇنىڭ باشلىنىشى: كېرىيە بوغاز، لەنگەردىن بىر تاغلىق ئادەمنىڭ كېسەل يۇققان بىر داۋغانىنى ئەكىلىپ سېتىشى بىلەن باشلانغان. دەسلەپتە بوغاز لەنگەردىن باشلىنىپ كېرىيەگە تارالغان. كېرىيە ناھىيىسىدىن 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن. ئۇ يەردىن چىرىيە، لوپ ناھىيىلىرىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەن شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن. خوتەن ناھىيىسىدىنمۇ 60 مىڭ ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى شۇ چاغدا زىكىر قىلىنغان، ناھايىتى نۇرغۇن ئۆيلەر ئىگىسىز مال دۇنيالىرى بىلەن قالغان. نۇرغۇن ئادەملەر قېچىپ باشقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەن، بۇ كېسەلنىڭ ئوتتۇشى: بىر ئائىلىدە بىر ئادەمگە يۇقسا 24 سائەت ئىچىدە بىر ئائىلىلىك ئادەمنىڭ ھەممىسىگە يۇققان. ئادەم كېسەل يۇققان ھامانلا قىزىپ جۇغۇلدايدىكەن، ئۇندىن كېيىن جۆيلىيدىكەن،

ئۆپكىدىن قارامتۇل قان كېلىدىكەن، شۇ چاغدىلا ئۆلۈپ كېتىدىكەن. بەزىلەرنىڭ قولتۇقىغا، بوينىغا «تاۋۇن» ئىسسىملىك، چوڭلۇقى ئالمىدەك بىر دانە قىزىل ئۆسمە چىقىشىدىكەن، بۇ كېسەلنى ئادەتتە «ۋابا» ياكى «چوما» دەپ ئاتايدۇ. شۇ ۋاقىتتا بۇ كېسەللەردىن قۇتۇلۇپ ساقايغانلارمۇ بولغان، ئۇلارغا كۆپىنچە تاۋۇز سۈيى، ئالما، بېيە قاتارلىق مېۋىلەر داۋا بولىدىكەن. ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇر تىۋىپلىرىنىڭ رولى خېلى كۆرۈلگەن. بۇ ۋەقە شۇ زاماندا ياۋروپاغىچە ئاڭلانغاندا، ياۋروپادىكى ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، روسىيە قاتارلىق جايلاردىن بىر پىروپىلاكتىكا ئەترىتى (ئالدىنى ئېلىش ئەترىتى) قەشقەرگىچە كەلگەن بولسىمۇ، خوتەنگە كېلىشتىن قورقۇپ قايتىپ كەتكەن. بۇ ئاغرىق سىلاق ۋەقەسى ھازىر خوتەندىكى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە تارىخ بەلگۈسى بولۇپ كۆرسىتىلىدۇ.

1920 - يىللىرى ئەتراپىدا، خوتەن كونا شەھەر سۇ دەرۋازىسىدىكى ئەنجان سارىيىغا ئوت تۇتۇشۇپ كېتىپ، ئۇنى ئۆچۈرەلمەي ئۇن كۈن كۆيگەن، خوتەن كونا شەھەر يۇتۇنلەي كۆيۈپ تۈگىگەن. قېرى - چۆرى، ئۇششاق باللاردىن 60 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن. بىر نەچچە يۈز ئائىلە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. بۇمۇ خوتەن شەھىرىنىڭ پاجىئە تارىخىي ۋەقەسىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر يىلى يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى ئىلچى دەرياسىغا قوشۇلۇپ كېتىپ، خوتەن شەھىرىنىڭ سۇدەرۋازىسى ۋە گۇجان دەرۋازىلىرىنى سۇ ئاپىتى بېسىپ، خەلقنىڭ ئۆي - ۋاقى ۋە تېرىم يەرلىرىگە زىيان كەلتۈرۈپ تۇراتتى. خەلقنىڭ ئۈستىدىكى يۇقىرىقىدەك سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، تەبىئىي بالايى - قازالار داۋاملىق بېسىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، خەلقلەر بۇ زۇلۇملارنىڭ كۆپىنچىسىنى شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ۋە قارا ھۆكۈمەتنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قارشى تۆت تەرەپتىن نارازىلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.



1890 - يىلى، خوتەنگە ئىچكىرى تەرەپتىن بىر تۈركۈم خەنزۇ ياشلار پەيدا بولۇپ كەلدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى 25 — 30 ياش، 40 ياش ئەتراپىدىكى ئادەملەر بولۇپ بېشىغا چاچ قويغان، نوچى كېيىنگەن، ياش، چاققان يىگىتلەردەك كۆرۈنەتتى، كىچىك قوراللىرى بار ئىدى. بىلىگە خەنجەر ئېسىۋالغان. كۆپ ۋاقىتلاردا بېشىغا قارا رەختەك بىر نەرسىنى يۆگىۋالغانلىقى ئۈچۈن بۇلارنى خەلقلەر «قارا سەپەچ» دەپ ئاتىغان. بۇ ئادەملەر خوتەندە ھۆكۈمەت ئادەملىرىگە (ئەمەلدارلىرىگە) ئارىلاشماي خەلق ئارىسىدا ئارىلىشىپ يۈرگەن، بۇلارنى دەسلەپتە «بىزنى زۇلۇمدىن ئازاد قىلغىلى خان ئەۋەتكەن ئادەملەر ئىكەن» دەپ ھىمايە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇلار كېيىنچە خەلق ئويلىغاندەك چىقماي لۈكچەك، قىمارۋازلىقنى ئەۋج ئالدۇرغان يامان ئادەملەر چىقتى. شۇنىڭ بىلەن خەلق بۇلارنى يامان كۆرۈپ قالدى. ئەمەلىيەتتە بۇلار XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەردە مەنچىڭ خانلىقىغا قارشى قۇرۇلغان بىر خىل دىنىي تەشكىلات بولۇپ، مەنچىڭ خانلىقىدىن زۇلۇم كۆرگەن ئىشچى - دېھقانلار ئارىسىدىن چىققان سەرگەردانلارنىڭ بىرلەشمە ھەرىكىتىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ رەسمىي نامى «گېلاۋخۇي» بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى 1885 - يىلى زوزۇڭتاڭنىڭ شىنجاڭغا چىققان ئەسكەرلىرىگە ئەگىشىپ شىنجاڭغا چىقىۋالغاندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر گۇرۇھ بولۇۋېلىپ گاھى ھۆكۈمەتنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ھەرىكەت قىلغاندەك كۆرۈنەتتى. گاھى ۋاقىتلاردا چەت ئەلدىن جۇڭگوغا كېلىپ پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋالغان چەت ئەللىكلەرگە، بولۇپمۇ ئەنگلىيە، چار روسىيە مۇھاجىرلىرىغا قارشى تۇراتتى. گاھى دېھقان خەلقلەرگە ۋە سودا - سانائەتچى، تىجارەتچىلەرگە پاراكەندىچىلىك سېلىپ خەلقنى بۇلاپ - تالايتتى. خەلق

5 — 6 يىل بۇلارنىڭ زۇلۇمىنى تارتتى. ئەمما بۇ قارا سە-
پەچلەر خوتەن خەلقى ئۈچۈن بىر خىزمەتمۇ قىلىپ ئۆتتى.
ئۇ بولسا، 1912 - يىلى چىرىيە ناھىيىسىدە ئولتۇراقلىشىپ
ئالغاق چار روسىيىلىك سودىگەرلەر دېھقانلارنى بوزەك ئېتىپ يەر-
سۇلىرىنى ئىگىلەپ ئالغان ۋاقىتلاردا، قارا سەپەچلەر ئۇ يەردى-
كى چەت ئەللىك ھارامزادىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى قورشىۋېلىپ،
يامانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، دېھقانلارنى بىر مۇددەت ئۇلارنىڭ ئا-
زاۋىدىن قۇتۇلدۇردى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھى-
يىلىرىگە تارقالغان قارا سەپەچلەر تەشكىلاتىنى، ياڭ زىڭشىڭ
خۇيزۇلارنى ئۇلارغا قارشى قۇترىتىپ، قوزغاپ، خۇيزۇ قوشۇنى-
نىڭ ياردىمى بىلەن بېسىقتۇردى. 1924 - يىلى جۇڭخۇا مىن-
گونىڭ قۇرۇلغانلىقىنى خوتەندە ئېلان قىلىپ، ئەمەلدارلارنىڭ
كونا نامىلىرىنىڭ يەڭگۈشلەنگەنلىكى ئۇقتۇرۇلدى. ئىدارىلەر-
گە يېڭىدىن گومىنداڭ پىرقە بايراقلىرى تىكلەندى. جاڭ
جۇڭ، شىنجىنجاڭ (ۋالىي)، شەنجاڭ (ئامبال) دېگەن نامىلارغا
ئۆزگەردى. خوتەننىڭ سىپىل ئىچىگە ياڭ تۇڭلۇك ياكى ھا-
جى تۇڭلۇك ئىسىملىك بىر خۇيزۇ ھەربىي باشلىق كېلىپ ئور-
رۇنلاشتى، ئەمەلدار ۋە بەزى ئەمەل ناملىرى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ،
زۇلۇم ئاۋالقىدەكلا كېتىۋەردى. سۇن جۇڭسەننىڭ رەسىمى-
نى ئىدارە - جەمئىيەتلەرگە چاپلىدى، مەكتەپلەردە سەنمىن-
جۇيى تەلىماتى ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭدەك بەزى بىر يې-
ڭىلىقلارمۇ ئېلان قىلىندى، مەسىلەن: يەكشەنبە شىنچىنى كۈنى
قىلىش، ئاياللار يۈزىنى ئېچىۋېتىپ يۈرۈش، جۈمە، ھېيت باي-
راملارنىمۇ يەكشەنبە كۈنى قىلىش، ئويغۇرنىڭ باللىرىنى خەنزۇ-
چە شۆتاڭ (مەكتەپ) دا يىغىپ ئوقۇتۇش قاتارلىق ئىشلارنى
مەجبۇرىي ئىجرا قىلىشقا ئۇرۇندى، بۇ ئىش خەلق ئاممىسىنىڭ
يەنە بىر غەزىپىنى قوزغىدى. بۇ ھەرىكەتكە قارشى تۇرغان-
لارنى قاتتىق بېسىقتۇردى، مەسىلەن: توختى ئاخۇن داموللام-



نى قامىدى. مەشھۇر ئۆلىمالاردىن مىزەخمەت ئەپەندىنىڭ
ئوغلى ئاتاۋۇللاخۇننى نەق مەيداندا ئېلىپ چىقىپ ئاتتى.
توختى ئاخۇن داموللامنى تۆمۈر قەپەزگە سېلىپ كۇلىغا ماڭ-
غۇزدى. شۇ مەزگىلدىكى جىددىيلەشكەن ۋەزىيەتكە قاراپ خو-
تەندىكى ئەمەلدارلار ئۈرۈمچى، قەشقەرگە تېلېگرامما يوللاپ
ئەسكىرى كۈچ تەلەپ قىلدى.

## 1933 - يىلى 2 - ئايدا قارىقاش ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن ئىسلامچىلار قوزغىلىڭىنىڭ خوتەن شەھىرىگە بېسىپ كەلگەنلىكى ۋە خوتەندىكى ھەرىكەتلەر توغرىسىدا

1933 - يىلى خوتەندە يۈز بەرگەن «ئىسلام قوزغىلىڭى»
دېگەن ۋەقە بىر يېرىم يىل داۋام قىلغان تارىخىي ھادىسە
بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىشغالىيىتى ۋە تەسىرى پۈ-
تۈن خوتەن ۋىلايىتىنى قاپلىغاننىڭ سىرتىدا يەكەن، يېڭىسار،
قەشقەرگىچە يېتىپ بارغان. بۇ ۋەقەنىڭ ئۆتمۈش جەريانى
ۋە سىياسىي مەنزىرىسى ھازىر خوتەن شەھىرىدە ياشاۋاتقان
يېشى 60 تىن ئاشقان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئەس - خاتىرىسىدە
تېخى بار. قوزغىلاڭنى تەپسىلىي جەريانى بىلەن تونۇشتۇرۇش
ۋە ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي
شارائىت، شۇنداقلا باشقا ئىچكى، تاشقى سەۋەبلەردىن ۋاقىپ
بولۇش، شەھىرىمىز خوتەننىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ۋە
ئۇنىڭ قالدۇرغان تەسىرى، قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن
مۇھىم بولغان شەرتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋە-
قەنىڭ كۆتۈلمىگەندە يۈز بېرىشى ۋە بىر نەچچە كۈن
ياكى بىر ھەپتە ئىچىدىلا پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە كېڭىيىپ
كېتىشى، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا دېھقانلار ئاممىسى ۋە شەھەر — يېزا

ئاھالىسىنىڭ كالتەك كۆتۈرۈپ كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىپ كېتىشى قاتارلىق ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بۇ ۋەقە ھەرگىز تەسادىپىي ئوتتۇرىغا چىققان سىياسىي ستىخىيىلىك ھادىسە ئەمەس ئىدى. بىر نەچچە نەپەر شەخسنىڭ تەشەببۇسى ۋە مەخسۇس ئۇسۇل، پائالىيەتلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ۋەقە ۋە ياكى مەلۇم نوپۇزلۇق شەخسلەرنىڭ دىنىي تەسىرى ۋە خەلقنىڭ دىنىي ھېسسىياتى بىلەنلا قوزغالغان ۋەقە مۇ بولماستىن، بەلكى شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۆتكۈر زىددىيەتلەر ھەم خېلى ئۇزۇن مۇددەتتىن بېرى جەمئىيەتتە داۋام قىلىپ كەلگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي زۇلۇم ۋە ئىستىبداتنىڭ ھەددىن ئېشىپ كېتىشى قاتارلىق ئامىللارمۇ بار ئىدى. بۇنىڭ بەزىسى يۇقىرىدا سۆزلەندى، تەپسىلىي ئەھۋال تۆۋەندىكىچە:

1885 - يىلى، دۆلىتىمىز جۇڭگونىڭ غەربىي رايونى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن خوتەن، قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا، قارا شەھەر، ئۈرۈمچى، قۇمۇل قاتارلىق بىر نەچچە ۋىلايەتلەردە 14 يىل داۋام قىلغان ياقۇببەگ ھاكىمىيىتى، مەنچىڭ خانلىقىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى زو زۇڭتاڭ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، يېڭىباشتىن شىنجاڭ بولۇپ ۋەتەن قوينىغا قوشۇلغان بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭ خەلقى يەنە 40 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئۇنىڭ يەرلىك قول چوماقلىرى بولغان ۋاڭ، گۇڭ، ئامبال، دارىنلار ۋە بەگ، دوغىلىرىنىڭ شۇنىڭدەك فېئوداللارنىڭ، چەت ئەللىك ھايانكەشلەرنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىدىن قۇتۇلالمىدى. شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدە تەۋرەپ قالغان مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى قالدۇق ھۆكۈمرانلىرى يۈەن داخۇ، ياڭ زىڭشىڭ، جىڭ شۇرېن دېگەنلەر تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، شىنجاڭ خەلقىنى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەھشىيانە ئەزدى، مىللىي كەمسىتىش، مىللەتلەر ئارىسىدىكى باراۋەرسىزلىك، ھوقۇقسىز-



لىق ھەددىن ئېشىپ كەتتى. ئۇيغۇرلار «چەنتۇ»، «سىڭكۇ»، «شۇڭ نۇ» دەپ ھاقارەتلەندى، قىرغىز، قازاقلار «تۇفېي» دەپ ئاتالدى. ئۇلارنىڭ دىنىي ۋە مىللىي ھوقۇق، ئىمتىيازلىرى يەر بىلەن يەكسان قىلىندى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ پارىخورلۇقى، دۇنيا پەرەس نەپسى بارغانسېرى يوغىناپ، پۈتۈن خىيالى ئالتۇن، كۈمۈش دۇنيا توپلاپ، تېزراق ئۆز ئائىلىلىرىگە قايتىۋېلىش بولدى، ئامبال، دارىنلارنىڭمۇ كۈندىلىك مەشغۇلاتى ئەفيۇن تارتىش، ئەيشى - ئىشرەت، كەيپى - ساپا بولۇپ، خەلقنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز، بىخارامان يېتىش بولدى، يۇرت ئىشلىرىنى ۋاڭ، گۇڭ، بەگ، دوغىلارغا تاپشۇرۇپ قويۇپ كارى بولمىدى. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ كۈندىن كۈنگە چىرىكلىشىپ، ھەربىي كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشى، پارىخورلۇق، جازانىخورلۇق، گۆرۈكەشلىك، قىمارۋازلىق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق ئىشلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، زۇلۇمغا، ناھەقچىلىققا نارازى بولغانلارنىڭ ۋەھشىلەرچە بېسىقتۇرۇلۇشى، دىن، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەرنى كەمسىتىش، مەسخىرە قىلىش، بىر تەرەپتىن ھاشارمەدىكار، ئەسكەر ئېلىش، باج خىراجەت، ئالۋاڭ - ياساق ئېلىش، تاياق - توقماقلارنىڭ بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىشى خەلقنى تۇرمۇش ۋە ئىنسانى ھايات جەھەتتە چىدىغۇسىز بىر ئەھۋالغا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق ھەرقايسى تەرەپلەردىن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا قارشى جېدەل-ماجىرا چىقىرىش، ئوت قويۇش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلغىلى تۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئارىسىدا مىش - مىش گەپلەر تولا پەيدا بولغىلى تۇردى: «بېجىڭدىكى خان ئاغدۇرۇلۇپتۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا قارا سەپەچلەر چىقىپتۇ، قۇمۇل بۇزۇلۇپتۇ، ئىلىدا سوقۇش بارمىش» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر خەلق ئارىسىدا قىسمەن تەسىرلەرنى پەيدا قىلىپ قويىدى. يەرلىك

هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى جىددىيلىشىپ ئەسكەر تۇتۇش ۋە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىش، چېرىك ۋە ساقچىلىرىنى كۆپەيتىپ خەلقنى كونترول قىلىش، بولۇپمۇ دىنىي ساھەدىكى موللا، ئاخۇنلاردىن گۇمانلىنىپ ئۇلارنى چىڭ تۇتۇش قاتارلىق ۋاستىلارنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، خەلق بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. دىنىي ساھەدىكىلەر ئېغىر خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىنى ھېس قىلىدى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋەزىيەت جەھەتتە جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھەممە ئادەم سېزىپ، يېقىندا بىر ئىش پارتلايدىغاندەك ئالامەتلەرنى كۆرۈپ قالدى. جەمئىيەتتىكى مۇنداق خەتەرلىك ۋەزىيەتنى ئوبدانراق سەزگەن ۋە چۈشەنگەنلەر شۇ ۋاقىتتىكى دىنىي زىيالىيلاردىن قارىقاش ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق مەتمىن داموللا ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقان ئىنىلىرى ئابدۇللا، نۇر ئەھمەت مەخسۇم دېگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار شەھەر كۆرگەن، مەملىكەتنىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيىتىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرۇدىغان ۋە خەلق ھېسسىياتىنىڭ قانداق دەرىجىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئوبدان بايقىغان ئادەملەر ئىدى. بۇلار خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىق كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ پارچە - پۇرات جېدەل - ماجىرالىرىنى بىر نۇقتىغا توپلاپ، ھەممە قوزغالغان كۈچنى بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ پۇرسىتى كېلىپ قالغانلىقىنى بايقايدۇ. جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سوقۇش باشلىغانلىقى سەۋەبىدىن شىنجاڭغا كۈچ چىقىرالمايدىغانلىقىنى، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىنىڭ قومۇللۇقلار بىلەن جىددىي سوقۇشتا بولۇپ جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە قاراشقا ئامالى يوقلۇقىنى، خوتەن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى، ئىقتىسادىي جەھەتتە تۆت تەرەپ يەرلىك بايلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى، قوراللىق ئەسكەرلەر مىڭغا يەتمەيدىغانلىقى قاتارلىق



ياخشى شارائىتنى كۆرۈپ، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، خەلقنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ ئىسلام بايرىقى ئاستىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىقتى. زۇلۇمغا چىدىيالمىغان خەلق ئاممىسى، بولۇپمۇ دېھقانلار پالتا، كەتمەن، ئارا، گۈرجەكلىرىنى كۆتۈرۈپ قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. نەتىجىدە بۇ قوزغىلاڭ ئاسانلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. چىرىكلەشكەن خوتەن ھۆكۈمىتى شۇنىڭ بىلەن بىراقلا ئاغدۇرۇلۇپ چۈشىدۇ. بۇ ۋەقەنى قىسقىچە قىلىپ تۆۋەندىكىچە خۇلاسىلاش مۇمكىن:

1933 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، قارىقاش ناھىيىسىدە كۆتۈرۈلگەن ئىسلامچىلار قوزغىلىڭى بىر ھەپتىدىن كېيىن خوتەنگە يېيىپ كېلىپ، بىرىنچى قېتىملىق توققۇنۇشتا چۇغۇلۇق ئاتام دېگەن جايدا سوقۇش قىلىپ، ھۆكۈمەت كۈچلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ سېپىلنى قورشىۋالغانىدى. شۇ مەزگىلدە، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باشقا ناھىيىلىرىدىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، خوتەنگە كېلىپ خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىغا قوشۇلغان. قوزغىلاڭچىلار بىرلىشىپ سېپىل ئىچىگە ئورۇنلاشقان ھۆكۈمەت كۈچلىرى بىلەن بىر ئاي داۋام قىلغان جەڭ ماجىرالاردىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرى قورال تاپشۇرۇپ، ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولۇپ قوزغىلاڭچىلارغا تەسلىم بولغان. قوزغىلاڭچىلار سېپىل ئىچىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قارىقاش قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى مەتمىن داموللا باش قوماندانلىققا سايلىنىپ، كونا لەگزىنى «دارىل ئاساكى» دەپ ئات قويۇپ شۇ يەرگە «ئەمىر ھەزرەت» دېگەن نام بىلەن ئورۇنلاشقان. دوتەي يامۇلىغا «دارىل سەلتەنەت» دەپ نام قويۇپ قارىقاشلىق مەمەت نىياز ئەلەم پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ۋالىيلىكىگە تەيىنلىنىپ، «مىلىك ھەزرەت» دېگەن نام بىلەن

ئورۇنلاشقان. قارىقاش، گۇما، كېرىيە، چىرىيە ناھىيىلىرىگە قوزغىلاڭچىلاردىن ھاكىم، ئەمىرلار تەيىنلەنگەن، مەسىلەن: كېرىيە ناھىيىسىدىن قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئابدۇغوپۇر ھاجى، سوپى بەگلەر، چىرىيە ناھىيىسىدىن قۇربان نىياز ھاجى، ئابدۇقادىر داموللا، لوپ ناھىيىسىدىن مەمەتسىدىق ھاجى، ئابدۇقادىر ھاجىلەر بىر يۈرۈش ئەسكەر باشلىقى، ئەمىر بولۇپ تەيىنلەنگەن. قارىقاشتىن غولام قادىرخان ھاجى ئىشان، كېرىيە ناھىيىسىدىن ئەيسا خەلىپەم ئىشان، خوتەن ناھىيىسىدىن مەسۇمخان غوجا ئىشانلار ئۆزىنىڭ 1000دىن ئارتۇق سوپىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ ئىسلامچىلارغا قوشۇلغان ۋە ئۆز سوپىلىرىنى ئەسكەر قىلىپ ئۆزى ئەمىر بولغان. ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرى خوتەن ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇللا مەخسۇم، نۇرى ئەخمەت مەخسۇم، سابىت ھاجى داموللا (قاراقاشلىق) ۋە سوبىتوللا مەۋلىۋى باشچىلىقىدا قەشقەر تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، يەكەن، يېڭىسارلارنى ئىشغال قىلىپ قەشقەرگە يېقىن كىرگەندە، تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئادەملىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان. ئابدۇللا مەخسوم (شا مەنسۇر)، نۇرى ئەخمەت مەخسۇم (ئەمىر سايىپ)، سابىت داموللاھاجىلارنى تۆمۈر سىجاڭ تۇتۇۋېلىپ، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنى پاراكەندە قىلىپ خوتەننى ئىگىلەش ئۈچۈن ھاپىز لۈيجاڭ، توختى تۇەنجاڭ دېگەنلەرنى بىر بۆلۈك ئەسكەرلەر بىلەن خوتەنگە ماڭدۇرغان. بۇلار خوتەنگە كېلىپ زاۋۇغا چۈشكەندە، خوتەندىن ئەمىر ھەزرەت چىقىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ چېكىندۈرگەن. كېيىن خوتەن ئەسكەرلىرى توختى تۇەنجاڭلارنى قوغلاپ سۈرۈپ - توقاي قىلىپ يەكەنگىچە يېتىپ بارغان، تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردە ماتۇەنجاڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن شا مەنسۇر، ئەمىر سايىپلارمۇ نەزەربەنتلىكتىن قۇتۇلۇپ يەكەنگە قايتىپ كەلگەن. خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى يەنە كۆچىيىپ ئىككىنچى قېتىم



قەشقەرگىچە بارغان بولسىمۇ، خوجنىياز ھاجى قوغلاپ كەلگەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىپ شامەنسۇر، ئەمىر سايىپلار يېڭىساردا ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، كېيىن ماجۇڭيىڭلار خوتەنگە بېسىپ كەلگەن.

ئەمىر ھەزرەت ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى زاۋا، پوپۇنا، لاڭرۇ قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇش قىلىپ ئاخىرى يېڭىلىپ، 1935 - يىلى 8 - ئايدا ئۆزىنىڭ ئائىلە - تەۋەلىرى ۋە بىر بۆلۈك ئادەملىرى بىلەن ھىندىستانغا قاچقان. شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى خوتەنگە بېسىپ كىرىپ، خوتەننىڭ باشقا ناھىيىلىرىنىمۇ ئىشغال قىلىپ، ئۈچ يېرىم يىلغا قەدەر خوتەندە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋە خەلققە دەھشەتلىك زۇلۇملارنى سالغان. ئەمىر ھەزرەت شۇ قاچقانچە ئافغانىستان، ھىندىستانلاردا يۈرۈپ، ئۇ يەردىن گومىنداڭنىڭ مەركىزىي چۈڭچىڭغا كېلىپ گومىنداڭ ۋېيىيۈەنى بولغان.

## ما خۇسەن خوتەندە

1932 - يىلى، چىڭخەي ۋە سۇجۇ تەرەپتىن خوجىنىيازھاجى باشچىلىقىدىكى قومۇل قوزغىلىڭىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن چىققان ماجۇڭيىڭ، ئۈرۈمچىدە شىڭ شىسەي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ قوشۇنلىرى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېلىپ، خوجنىياز ھاجى قوشۇنى ۋە خوتەن قوشۇنلىرىنى قەشقەر ۋە يېڭىساردا مەغلۇپ قىلىدۇ. كېيىن ماجۇڭيىڭ قەشقەردە قېلىپ، سىڭلىسىنىڭ ئېرى ما خۇسەننى پۈتۈن ئەسكەرلىرىگە باش قوماندان (شىجاڭ) قىلىپ خوتەن تەرەپكە يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا خوتەندە مەتىمىن ھەزرەت باشچىلىقىدىكى ئىسلام ھاكىمىيىتى تۇراتتى، بۇلار يەنى ماخۇسەنلەر مەتىمىن ھەزرەتنىڭ شامەنسۇر ۋە ئەمىر سايىپ دېگەن ئىككى بىرتۇغقىنىنى يېڭىسار-

دا ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلىك بىلەن خوتەنگە يېتىپ كېلىدۇ، ماخۇسەننىڭ مالۇيىجاڭ، ئەرلۇيىجاڭ دېگەن ئىككى لۈي باشلىقى زاۋىدا خوتەن ئەسكەرلىرىگە بىر كېچىدىلا ھۇجۇم قىلىپ، يەتتە يۈزدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرىدۇ. مەمتىمىن ھەزرەت ئۆزىنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى بىلەن قېچىپ لاڭرۇ، پوپۇنا دېگەن جايلارغىچە قوغلاپ بارغان ماخۇسەن ئەسكەرلىرى بىلەن بىر مەزگىل ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولۇپ، ئاخىرى بالا-چاقىسى ۋە بىر بۆلۈك ئادەملىرى بىلەن دۆۋا يولى ئارقىلىق سانجۇغا چىقىپ ھىندىستانغا قاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوتەن ۋىلايىتى پۈتۈنلەي ماخۇسەننىڭ قولىغا چۈشىدۇ.

1934-يىلى 8-ئاي مەزگىلىدە خوتەندە ماخۇسەن ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلدى. ماخۇسەننىڭ شۇ چاغدىكى ئەسكەر باشلىقى مالۇيىجاڭ، ئەرلۇيىجاڭ دېگەنلەر 8-ئاينىڭ 23-كۈنى خوتەن شەھىرىگە كىرگەندە، خوتەن شەھىرىنىڭ ۋالىيسى بولغان مىلىك ھەزرەت ۋە ئەلەم، مۇپتىلار خوتەن شەھىرىنىڭ بىر بۆلۈك دىنىي ئادەملىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ.

ماخۇسەننىڭ ۋاقتىدا (1934-يىلى 8-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن 1937-يىل 9-ئاينىڭ 9-كۈنىگىچە) خوتەن رايونى ماخۇسەننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، شۇ چاغدا قاغىلىق، گوما، قارىقاش، خوتەن، لوپ، چىرا، كېرىيە، نىيە، چەرچەن قاتارلىق توققۇز ناھىيە خوتەنگە قارايتتى (نىيە ئۇ چاغدا ناھىيە ئەمەس ئىدى، ھازىرقى ناھىيە بويىچە ئېلىندى). ماخۇسەننىڭ خوتۇنى ماجۇڭيىڭنىڭ سىڭلىسى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە قوللىشىغا ئىگە ئىدى. ماخۇسەن خوتەنگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا كەينى-كەينىدىن يەتتە لۈي ئەسكىرى كېلىدۇ. ئۇ ئۆز ھاكىمىيىتىنى خوتەندە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قاغىلىقتىن چەرچەنگىچە ئۆز ئەسكىرى قىسمىنى تۇرغۇزغان. خەلقنىڭ ئۇس-



تىدىكى ئالۋاڭ سېلىقنى تېخىمۇ كۆپەيتكەن. بۇنىڭ بىلەن ماخۇسەن خوتەن رايونىدا ھەربىي جەھەتتىن مۇستەھكەم باشقارما قۇرۇپ، ئۇنىڭ مەسئۇللىقىغا ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك، يېقىن يورۇق كىشىلىرىنى قويىدۇ. خوتەننىڭ سابىق ۋالىيسى مىلىك ھەزرەتنى خوتەن ۋىلايىتىگە شىنجىجاڭ (ئۇمۇمىي ۋالىي) قىلىپ قويىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى يوق ئىدى. مەمتىمىن ھەزرەتنىڭ خوتەندە قالغان تۇغقانلىرىدىن ئابدۇكېرىم ھاجىنى تۇتۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىققاندا، ئۇنى مۇسۇلمان بولغان خەنزۇلار (يېڭى مۇسۇلمانلار) گۇناھىنى تىلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرمەي قايتۇرۇپ كەلدى. كېيىن بۇ ئادەم تۈرمىدىن قېچىپ قۇتۇلدى.

ماخۇسەننىڭ سەككىز باشقارمىسى تۆۋەندىكىچە:

1. ھەربىي لاۋازىمەت باشقارمىسى. 5. سىياسىي تەلىم تەربىيە باشقارمىسى.
2. ھەربىي ئەسلىھە باشقارمىسى. 6. ھەربىي ئات-ئۇلاغ باشقارمىسى.
3. ھەربىي قانۇن باشقارمىسى. 7. ھەربىي دوختۇرلۇق باشقارمىسى.
4. مەھرەملەر باشقارمىسى. 8. مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى.

ماخۇسەن ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەربىي تۈزۈمنى ناھايىتى چىڭ تۇتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك ھاكىمىيەتنى چىڭ تۇتقان. بۇنىڭ ئەسكىرىي قىسمى ئىچىدە پىيادە قىسمى، توپچىلار قىسمى، مىلتىق قىسمى، ئاتلىق قىسمى، قىلىچ — نەيزە قىسمى قاتارلىق مۇنتىزىم بىر قانچە تۈر بويىچە ھەربىي قىسمى بولغان. شۇنداقلا خوتەن شەھىرىدە ئۆزى بىلەن بىللە ئاساسلىق قىسمىنى

تۇرغۇزغان. قاغىلىق، گۇما، قارىقاش، لوپ ھەم كېرىيەدە بىر لويىدىن ئىككى لويىگىچە ئەسكەر تۇرغۇزغان. شۇچاغدا بىر لوي ئىككى تۇەن، ئىككى باتالىيون، ئالتە لىيەندىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بىر لىيەندە ئىشچى- خىزمەتچىلىرى بىلەن 150 ئەسكىرى بار ئىدى. بىر لويىدە، 1200 دەك ئەسكەر بولۇپ، ماخۇسەننىڭ خوتەن رايونىدا جەمئىي 13 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەر تۇتۇش تۈزۈمى ئىنتايىن چىڭ بولۇپ، بۇمۇ خوتەن خەلقىغە بىر بالايى - ئاپەت بولدى. ماخۇسەن، ئوغلى بار بولغانلىكى ئائىلىدىن ئوغلىنى زورمۇ - زور ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتكەن. بەرمىگەنلەرنى ئۇرغان، ئاسقان، بۇلاپ - تالاپ ئۆلتۈرگەن، بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتكەن: قارىقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا دېگەن يېرىدىكى جالالىدىن خان غوجىنىڭ ئوغلى 20 ياشلىق ئەبەيدۇللاخان زاۋىيىنىڭ چەش دېگەن يېرىدە ماخۇسەننىڭ چارلاش ئەسكەرلىرىگە ئۇچراپ قالغان، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قورقىتىپ مىلتىق چىنىگەندە، 15 چارەك ئالتۇن بەرسەم، ئۆلتۈرمىسەڭلار دەپ يالۋۇرىدۇ. ماخۇسەن ئەسكەرلىرى ماقۇل دەپ بۇنى تۇتۇپ، خوتەن سىپىل ئىچىگە ئەكىرىپ قاماپ قويىدۇ. ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دادىسى جالالىدىن خان خوجا تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن 14 چارەك ئالتۇننى تۆلەپ بەرگەن بولسىمۇ، ماخۇسەن ئالتۇننى تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولۇپلا بۇ بالىنى ئېتىپ تاشلايدۇ.

ماخۇسەننىڭ ھەربىي ئىنتىزامى ناھايىتى چىڭ بولۇپ ئەسكەرلەرنى ئۇرۇش، ئاچ قويۇش، قاچقانلارنى ئېتىش قاتارلىق ئىشلار كۆپ ئىدى، بۇنداق تۈزۈمگە چىدىمىغان ئۇيغۇر ئەسكەرلەردىن بىر بۆلۈكى كېچىسى قوزغىلىپ ئۆزىنىڭ لەنجاڭ، پەيجاڭلىرىدىن بىر نەچچىسىنى ئوخلاۋاتقاندا چېپىپ تاشلىغان، شۇڭا ماخۇسەن ئۇيغۇر ئەسكەرلەردىن 1000 غا يېقىن ئادەمنى بىر كېچىدىلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. 1936 - يىلى، ماخۇسەننىڭ 20



نەپەر ئەسكىرى قېچىپ تاغ تەرەپكە ماڭغاندا، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئادەم چىقىپ تۇتۇپ كەلگەن. ئۇلاردىن ئىككىسى قاراڭغۇ تاغقا قېچىپ قۇتۇلغان، تۇتۇلغانلارنى دەھشەتلىك ئۆلتۈرگەن. ماخۇسەننىڭ خوتەندە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى ئومۇمەن ئۈچ يېرىم يىلغا قەدەر بولۇپ، بۇنىڭ خوتەن خەلقىدىن ئۆلتۈرگەن جەمئىي ئادىمى شۇ چاغدىكىلەرنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا زاۋۇدا 1800، خوتەندە ئۆلتۈرگىنى ئىككى مىڭدىن ئارتۇق، تەۋەككۇل، قاراڭغۇ تاغدا ئۆلتۈرگىنى ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئىكەن.

ماخۇسەن يەرلىك ئەمەلدارلارنى، ھاكىم، ۋالىي، رايون باشلىقلىرىنى شۇ چاغدىكى قارا قورساق بەگلەردىن قويۇپ، شۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن خەلقنى ئەسكەرلىككە تۇتۇش، كېچە كۈندۈز ئالۋاڭ ياساق يىغىش ئىشلىرىنى قىلغان. ھەر 100 مۇ يەرگە بىر چوقا بېشى، 100 ئائىلىگە بىر يۈز بېشى، ئون يۈز بېشىغا بىر دوغا بەگ، 1000 ئائىلە بېشىغا بىر چوڭ بەگ قويغان. بۇ ئەمەلدارلار ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى پۇقرالاردىن بىرەر يېرىمىنى ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ سورىمايتتى. بۇ يەرلىك ئەمەلدارلار شۇ ۋاقىتتا خەلقتىن يىغىۋالغان ئالتۇن - كۈمۈش پارىلار بىلەن باي بولۇپ كەتكەن. ھەر كۈنى بەگ ۋە دوغا بەگلەرنىڭ قورۇلىرىدا غەلۋە غوغا، داد - پەريادلار تۈگىمەيتتى. ئەسكەرلىككە يىغىۋالغان بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى يىغا زارە قىلىشىۋاتقان، ئالۋان سەيسە بېرەلمىگەنلەرنى ئېسىپ كالتەكلەپ ئۇرۇپ تۇرغان. ناسىرەڭ چاپان بىلەن دەزمال شەپكە كەيگەن ئەسكەرلەر ئادەملەرنى دۇم ياتقۇزۇپ، كالتەكلەر بىلەن ئۇرۇپ تۇراتتى. مۇنداق پاجىئەلىك مەنزىرىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ماخۇسەن ئۆز ئالدىغا ياغ تىزا، قەغەز تىزىلارنى كۆپلەپ ياساپ چىقىپ، خەلقلەرنىڭ مال - مۈلكىنى مانا شۇنداق ساختا پۇللارغا تېگىشىۋالاتتى. ماخۇسەن

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىن بولۇپ 13 مىڭ-
دىن ئارتۇق ئەسكەر تۇتقان، ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك، ئات،
ئۇلاغلىرىنىڭ ھەممىسىنى خەلقتىن ئالاتتى. ماخوسەن ئۆزى
مۇسۇلمانلىق دەۋاسى قىلاتتى. ھەر ھەپتىدە جامەگە جۈمە ئو-
قۇغىلى باراتتى. ئابدۇنەبى قاراجىمنى ئۆزىگە مەخسۇس ئىمام
قىلىۋالغان. بۇنىڭ ئاساسەن خەلقتىن يىغىۋالىدىغىنى ئاشلىق، خام،
چەكمەن، ئوت-پىچان، گۈرۈچ، ئارپا، ئات-كالىلاردىن
ئىبارەت ئىدى.

خوتەن شەھىرىنىڭ قول ھۈنەرۋەنلىرىدىن سەيپۇڭ، تۆ-
مۈرچى، ئات-جابدۇقچى قاتارلىقلارنى جىق يىغىپ، ئۇلارنى
ھەقسىز ئىشلىتىپ چوڭ مەدرىسە خانىقالارنى كارخانە قىلىۋال-
غان. ماخوسەننىڭ ئالۋاڭ-سېلىقلىرىنىڭ تۈرىنى ئېيتىپ
تۈگەتكىلى بولمايدۇ. خەلقلەردىن تەرەپ-تەرەپلەرگە، يەنى كۆ-
چا، قەشقەر ۋە باشقا ياقلارغا ئۆي-ۋاقنى تاشلاپ قېچىپ
كەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. تاغ، چارۋا رايونلىرىدىمۇ ئۇنىڭ
زۇلۇمى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ زۇلۇمىغا چىدىمى-
غان تاغ خەلقى، قاراڭغۇ تاغنى ئىستىھكام قىلىپ، قاراڭغۇ تاغ
ئەتراپىدىكى كۆۋرۈكنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن ئالاقىنى ئۈزۈپ
مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان. ئاقتۇرسۇن موللا دېگەن كىشىنىڭ
باشچىلىقىدا قاراڭغۇ تاغنى بىر يىلغا قەدەر ماخوسەننىڭ زۇلۇمى-
دىن ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ماخۇسەن يەرلىك ئەمەلدار-
لارنى ئىشقا سېلىپ، قاراڭغۇ تاغلىقلارنى سۈلھى قىلىشقا دە-
ۋەت قىلغان. ئەگەر ئۇلار تەسلىم بولسا ئارىلاشمايمىز، دەپ
ئېلان قىلىپ، ئۇلارغا ۋەكىل ئەۋەتىمىز دېگەن تەشۋىقنى تار-
قاتقان. بۇ ئىشقا كۆپرەك ئارىلاشقان خوتەننىڭ
مۆتىۋەر كىشىلىرىدىن ئېلىخان ئىشان، خەلىل ئاخۇن ھاجى، مە-
مەت روزى ئاخۇن ھاجى، قۇربانىياز ھاجى گۆش، لوپتىن
مەتىلاجى چوقۇر بولۇپ 20 كىشىدىن ئارتۇق بىر ۋەكىللەر



ئۆمىكىنى قاراڭغۇ تاققا ماڭدۇرىدۇ. بۇلارنى ئاشكارا ماڭدۇر-
غانىنىڭ سىرتىدا، ماخۇسەن لوپ ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ئەر-
لۈيجاڭ ئىسىملىك بىر ئەسكەر باشلىقىنى ئىككى يۈز نەپەر
قوراللىق ئەسكەرلىرى بىلەن ناھايىتى مەخپىي ھالدا ۋەكىللەرنىڭ
ئارقىسىدىن ئەۋەتىدۇ. ۋەكىللەر پېشىنغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن
قاراڭغۇ تاغلىقلارغا ئادەم ئەۋەتىپ: «بىز سۈلھى ئۈچۈن كەلدۇق،
بىزگە يول بېرىڭلار، بىز قاراڭغۇ تاغقا چىقىپ سىلەر بىلەن
سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى، مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلماق-
چى» دەپ خەۋەر قىلىدۇ. قاراڭغۇ تاغلىقلار ساددا،
ئاقكۆڭۈل ئادەملەر بولغاچقا ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ بۇرۇنقى
كۇلا كۆۋرۈكلەرنى ئۆز جايىغا سېلىپ قويىدۇ. قاراڭغۇ تاغلىقلار
«خوتەندىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ ئېيتىشىچە، ماخۇسەن بىزگە قاراڭغۇ
تاغنى بېرىدىكەن، تىنچ-ئامان ياشايدىكەنمىز» دېيىشىپ غەپ-
لەتتە تۇرغاندا، ماخۇسەن ئەسكەرلىرى تۇيۇقسىزدىن بېسىپ
كېلىپ ناماز بامداتقا مەسچىتكە توپلاشقان خەلقلەردىن 180 نە-
پەر ئادەمنى نەق مەيداندا قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ.
ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىدىن ئاقتۇرسۇن موللا، مەمەتنىياز ئاقچەك،
ئىدرىس ھاجى قاتارلىق 13 ئادەمنى تىرىك قولغا چۈشۈرىدۇ،
ئۇنىڭدىن كېيىن، قاراڭغۇ تاغ ئىچىدىكى خەلقنىڭ ئائىلى-
لىرىگە بېرىپ بۇلاڭچىلىق قىلغان، خەلقنى قىستاپ ئالتۇن-
كۈمۈش تاپشۇر، دەپ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇششاق باللىرىنى
ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشتەك ۋەھشىيلىكلەرنى قىلغان. شۇ چاغدا ماخۇسەن
ئەسكەرلىرىنىڭ قاراڭغۇ تاغدىن بۇلاپ كەلگەن چارۋىلىرى 16500
قوي، 3500 قوتاز، 680 ئات، 1500 ئېشەك قاتارلىقلارنى ھەيدەپ
ئېلىپ كەتكەن. خەلقنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان ئالتۇن 500
سەر، ئاق تەڭگە، كۈمۈش ئون مىڭ سەر بولغان، بۇ پاجىئە قاراڭغۇ
تاغدا 20 كۈندىن ئارتۇق داۋام قىلغان. تۇتۇپ كەلگەن 13
ئادەمنى خوتەندە مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ ئاتقان، غوجاھامۇت

دېگەن ئادەمنى قاراڭغۇ تاغقا بەگلىككە بەلگىلەپ قويغان.

**تەۋەككۇل خەلقىنىڭ ماخۇسەن ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان ھەرىكىتى:** 1935 - يىلى 6 - ئايلاردا، ماخۇسەننىڭ خوتەن ناھىيە تەۋەككۇلدا تۇققۇز نەپەر، ئىسلام ئاۋاتتا يەتتە نەپەر ئەسكىرى بولۇپ، بۇلار يۇرۇڭقاش دەرياسى ئايرىپ تۇرغان تەۋەككۇل بىلەن ئىسلام ئاۋاتتا ماخۇسەننىڭ تۇرلۇك ئالۋاڭ، سېلىقلىرىنى ئېلىشتىن سىرت، تەۋەككۇل ئارقىلىق ئاقسۇ، كۇچا ۋە شىمالىي شىنجاڭغا بارىدىغان ھەم ئۇ يەردىن كېلىدىغانلارنى تۇتۇش، بۇلاش ئىشلىرىنى قىلاتتى، يەنە ئۇ تەرەپلەردىن كېلىدىغان ھۇجۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇداپىيەدە تۇراتتى. ئۇلار پۇقرالارغا ئالۋاڭ قويۇپ دەن ئاشلىقى (بىر دەن ئون چارەك)، ئوتۇن، سامان، پىچان قاتارلىق ھەر خىل ھەر ياڭزا سېلىقلارنى ۋاقتىدا بەرمىگەنلەرنى بىر كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە ئېسىپ قويۇپ، ئۇرۇپ يېرىم جان قىلىۋەتكەن. ئۇنىڭدىن سىرت ماخۇسەننىڭ ئۇ يەردىكى شېرىكلىرى ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىقىپ ھايۋان قېلىپىغا كىرىپ، پۇقرالارنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلىرىگە زورلۇق زومبۇلۇق ئىشلىتىپ ئۆيىدىن ھايداپ كەتكەن. مەسىلەن: تەۋەككۇلدىكى ئازنا بازارلىق سادىر ئاخۇننىڭ قىزى ئايشىخان، ساۋۇدىن ئاخۇننىڭ قىزى سوپىخانلارنى تۇتۇپ كېتىپ، تۆت كۈن ساقلاپ ھەيدىۋەتكەن، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھېلىقى ئاياللار ئېغىر زەخىملىنىپ، كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ ئاخىرى ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا تاجىخان دېگەن ئايالنى تۇتۇپ كېتىپ، سوپۇرخان راۋاپ دېگەننىڭ ئۆيىدە ئالتە ئاي ساقلىغان، يەنە سەلىمىخان دېگەن ئايالنىمۇ تۇتۇپ كەتكەن. يۇقىرىقىدەك زوراۋانلىقلارنى كۆرگەن تەۋەككۇل خەلقى چىداپ تۇرالماي، «ماخۇسەنلەر قاغىلىقنىڭ بۇ تەرىپىدىلا بارمىش، بۇلار ھۆكۈمەتمۇ ئەمەس ئوخشايدۇ. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ يوقىتىۋەتسەك بۇلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلغىلى بولغىدەك»، دېگەن پىكىرگە كېلىشكەن. بۇ چاغدا، قاراقاش ناھىيىسىدىن ئەخمەت سەردار دېگەن كىشىمۇ ماخۇسەننىڭ زۇلۇمىغا چىداپ بولالماي تەۋەككۇلنىڭ ئۆزىگە قېچىپ بېرىپ تەۋەككۇلنىڭ دەرتمەنلىرىدىن ئېلىھاجى، مەمەت چاناق، ساۋۇر بوۋا قاتارلىق ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ بۇلار باشچىلىقىدا جەمئىي 80 نەچچە ئادەم قوزغىلىپ چىقىدۇ. بۇلار ئىچىدىن ئەھمەت سەردار دېگەن كىشى «ئەمىن ھەزرىتىم»، شاكىر كۆك دېگەن كىشى «شامەنسۇر» بولۇپ ئازنا كېچىسى ماخۇسەننىڭ ئازنا بازاردا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلار ئىچىدىن خەي فۇگۇەن، ما فۇگۇەن قاتارلىق ئەڭ جاللات ئەسكەرلىرىنى تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن. قالغان ئەسكەرلىرى قېچىپ كەتكەن. بۇ قوزغىلاڭچىلار ئازنا بازاردىكى ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ بازىسىدا يېرىم كۈن تۇرۇپ، ئاندىن خوتەندىكى ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىش ئۈچۈن خوتەن تەرەپكە قاراپ يولغا چىققان، ئوتتۇرا لەنگەرگە يېتىپ چىققاندا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن 1000 غا يېقىن دېھقان ئەگىشىپ چىققان. شۇ ئارىلىقتا ئىسلام ئاۋاتتا تۇرۇشلۇق ماخۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدىن لۇفۇگۇەن ئاتقا مىنىپ تېزدىن خوتەنگە چىقىپ ئاخۇن لۇيجاڭغا: «تەۋەككۇلدا ئوغرى پەيدا بولدى» دەپ مەلۇم قىلغان. لۇيجاڭ تەۋەككۇل تەرەپكە خوجىنىياز ھاجى ئادەم باشلاپ چىقىپتۇ، دەپ ئەرلۇيجاڭنى ئەسكەرلىرى بىلەن تەۋەككۇلغا ماڭدۇرغان. خوتەندىن يولغا چىقىپ باش لەنگەر (ھازىرقى تارشلىق لەنگەر) دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا، تەۋەككۇل تەرەپتىن چىققان قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ئەرلۇيجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارغا قارىتىپ ئوق چىقارغان. قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىدا مىلتىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي ئاقسۇ، كۇچا تەرەپلەرگە قېچىپ كەتكەن. بەزىلىرى يولدا

ئۆلگەن، بەزىلىرى كېيىن قايتىپ كەلگەن. قوزغىلاڭچىلار تارقاپ كەتكەندىن كېيىن، كېچىسى ماخۇسەننىڭ 1000 ـ 1200 گە قەدەر ئاتلىق ئەسكىرى تەۋەككۇلغا يېتىپ بېرىپ، شۇ كېچىدە كەنت ـ كەنتلەرگە تارقىلىپ يۇرت ئىچىدە ئانچە ـ مۇنچە نامى چىققان ئادەملەرنى تېپىپ كېلىپ ئۇلارنى ئېسىپ ئۇرغان. ئۇلار ئېغىر زۇلۇمغا چىدىماي قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئوغرى دەپ كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇ چاغدا تەۋەككۇلغا تارى بەگ دېگەن ئادەم بەگ بولغانلىقتىن، ئۇ قانداق ئادەمنى كۆرسىتىپ بەرسە شۇ ئادەملەرنى ئوغرى دەپ چېپىپ ئۆلتۈرگەن، ماخۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى يېتىپ بېرىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، تۇتۇلغان ئادەملەردىن 35 كىشىنى ئېلىپ چىقىپ ئازنا بازارنىڭ شەرقىدىكى شورلۇقتا كاتەك كولاپ قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردى. ئەتىسى يەنە ئادەم ئىزدەپ هوڭ دېگەن يەرگە چىقىپ ئىمىن هاجىمنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، بىر خوجۇن ئاق تەڭگىسىنى بۇلاپ ئېلىپ ماڭغاندا قارشىلىق قىلغانلىقتىن، ئىمىن هاجىمنى يەكشەنبە بازارغا ئېلىپ بېرىپ قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، تەۋەككۇل تەرەپتە 35 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن كۈنى ئىسلام ئاۋاتتىمۇ 34 ئادەمنى چېپىپ ئۆلتۈردى. 34 ئادەم ئىچىدىن مەتتوختى قۇش دېگەن ئادەم چېپىلغان يەردە ئۆلمەي قېلىپ، كېيىن قوپۇپ قېچىپ كەتكەن. هازىر بۇ كىشى هايات بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 20 دىن ئارتۇق ئادەمنى چېپىپ ئۆلتۈرگەن. ماخۇسەن ئەسكەرلىرى تەۋەككۇلدا جەمئىي يەتتە كۈن تۇرۇپ، ئۇچرىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، دەهشەتلىك قىرغىنچىلىق قىلدى. قورقۇپ كەتكەن ئۇششاق باللار ۋە بەزى كىشىلەر چۆل ـ باياۋانلارغا كېتىپ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق دەردىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئالدىغا ئۇچرىغان ئادەملەردىن 36 نەپەرنى تۇتۇپ ئوقرەكتىن تېشىپ سىم ئۆتكۈزۈپ، بىر ـ بىرىگە چېتىپ خوتەنگە



ئېلىپ چىقىپ بەزىلەرنىڭ كۆزىنى ئويدى، بەزىلىرىنى چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

## ماخۇسەن هۆكۈمىتىنىڭ گۇمران بولۇشى

ماخۇسەن 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خوتەنگە هەربىي يۈرۈش قىلىپ، مەتمىن بۇغرا باشچىلىقىدىكى ئىسلامچىلار هۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ ماخۇسەن هاكىمىيىتىنى قۇردى. بۇ هاكىمىيەت خوتەن خەلقى ئاغزىدا ماخۇسەن هۆكۈمىتى، سەنشى ليۇشى (36 ـ دىۋىزىيە) هۆكۈمىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ماخۇسەننىڭ 36 ـ دىۋىزىيە شىتابى سەككىز باشقارمىدىن (سەككىز داچۇ دېيىلىدۇ) تۈزۈلۈپ، هەربىي ئىشلىرى مۇشۇ باشقارما بىلەن باشقۇرۇلاتتى، ماخۇسەننىڭ هۆكۈمەت سىستېمىسىدا ناهىيىلىك هۆكۈمەت بولۇپ، ئۇنىڭغا هاكىم ئورۇنلاشتۇردى، شۇ چاغدا هاكىملىقنى ئابلاجان قارى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ۋالىي مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ بۇنىڭغا ۋالىيلىققا مىلىك هەززىتىم (مەمەتنىياز ئەلەم)نى بەلگىلىدى. ماخۇسەن هۆكۈمىتىگە قاراشلىق ئورۇنلارغا كەلسەك، قاغىلىق ناهىيىسىدىن تارتىپ چەرچەنگىچە توققۇز ناهىيە قاراشلىق ئىدى. دېمەك مەمۇرىي ئىشلارنى ناهىيىلىك هاكىم ئىدارىسى ئارقىلىق يولغا قويغان بولسا، هەربىي ئىشلارنى يۇقىرىقى سەككىز باشقارما ئارقىلىق باشقۇرغان. ماخۇسەن خوتەنگە كېلىپ توپ ـ توغرا ئۈچ يېرىم يىل تەييارلىق قىلدى، ئەسكىرىي كۈچلەرنى سەككىز لۈيگە تولۇقلاپ شېڭشىسەيگە قارشى هەربىي يۈرۈش قىلىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قەشقەرگە ئەڭ دەسلەپتە هۇجۇم قىلىپ كىرگەن يازى لۈيجاڭ ماخۇسەندىن يۈز ئۆرۈپ شېڭ شىسەيگە مايىل بولدى. بۇنى بىلگەن ماخۇسەن دەرهال قەشقەردىن يەكەنگە قايتىپ كېلىپ، يازى لۈيجاڭ بىلەن شېڭ شىسەيدىن

مۇداپىئە كۆرۈشكە چولاق زىجۇيىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، بەي سەنمۇجاڭنى خوتەنگە ماڭدۇرۇپ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئالدۇرۇپ كېلىپ ئاندىن ھىندىستانغا چىقىپ كەتتى. چېگرادىن ئۆتۈش ۋاقتىدا بەي سەنمۇجاڭنى ماخۇسەن ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئالتۇنلىرىنىمۇ ئۆزى ئېلىپ چېگرىدىن چىقىپ كەتتى. كېيىن بۇ دۇنيالارنى ھىندىستان ھۆكۈمىتى مۇسادىرە قىلىۋالدى. ماخۇسەننىڭ ھىندىستانغا قېچىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى قالايمىقانلىشىپ، باش - باشتاقلىق قىلىپ ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن خوتەن سىپىل ئىچىدىكى ھۆكۈمەت غەزىنىلىرىنى بۇلاپ كەتتى. ئاندىن خەلقنى بۇلاشقا كىرىشتى. ئاخىرى سىپىل ئىچىگە ئوت قويۇپ پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋەتتى. يەكەننى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغۇچى ماخۇسەن ئەسكەرلىرىمۇ خوتەنگە قېچىشتى، لېكىن شىڭ شىسەيگە ياردەمگە بېرىلگەن سوۋېت ئايروپىلانلىرى ۋە بىرونېۋىك تانكا قىسىملىرى بىلەن ئاتلىق قىرغىز پولكى ھەمدە شىڭ شىسەينىڭ مەۋلان تۈۋەنجاڭلىقىدىكى بىر پولك ئەسكەرلىرى ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ، چولاقنىڭ سىپىدا ئۈستىدىن ئايروپىلان بىلەن بومبا تاشلاپ ئوققا تۇتتى. قورۇقلۇقتا بولسا تانكا، بىرونېۋىكلار باستۇرۇپ كېلىپ توپقا تۇتۇپ يوقاتتى، شۇنىڭ بىلەن شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېتنىڭ ياردىمى بىلەن خوتەنگە كېلىپ، 1937 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تىكلەندى. ماخۇسەننىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرىنى تۇتۇپ مەخپىي ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى، شۇنىڭ بىلەن ماخۇسەن ھۆكۈمىتى 1934 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 1937 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە ئۈچ يېرىم يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى.

1936 - يىلى شىڭ شىسەي خوتەندىكى ماخۇسەننى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش شەرتى



ئاستىدا، گۇما - قاغىلىقتىن تارتىپ چەرچەن — چاقىلىقىچە ماخۇسەن باشقۇرۇش توغرىسىدا ئۇنىڭغا ئارقىمۇ ئالاقە ئەۋەتىدۇ. ماخۇسەن بۇنى دەسلەپتە رەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سوۋېتتە تۇرۇشلۇق ماخۇسەننىڭ چوڭ باشلىقى ماجۇڭيىڭنىڭ، ماخۇسەننى شىڭ شىسەينىڭ چاقىرىقىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئادەملىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە مەجبۇرىي ماقۇل بولدى. شۇ ۋاقىتتا شىڭ شىسەي لىيۇ فامىلىلىك بىر خەنزۇنى شىنجىنجاڭ (ۋالىي) قىلىپ بەلگىلەپ ئەۋەتىدۇ. ماخۇسەن بۇنى قارشى ئېلىپ ئەسلىدىكى شىنجىنجاڭ مەمەتنىياز ئەلەمنى (مىلىك ھەزرەت) ئەمەلدىن قالدۇرۇپ مەزكۇرنى تىكلەيدۇ. بۇ ۋەقەدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، قەشقەردىكى ھامۇت سىجاڭنىڭ قوماندانى ئابدۇنىياز سىلىڭدىن ماخۇسەنگە خەت كېلىدۇ. خەتنىڭ مەزمۇنى: «ھازىر ماموت سىجاڭ پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى ماڭا قويۇپ ھىندىستانغا چىقىپ كەتتى. ھازىر مېنىڭ قولۇمدا ئون مىڭدىن ئارتۇق مۇنتىزىم قوراللىق ئەسكەر بار. شىڭ شىسەيگە ھازىر سوۋېت ياردەم قىلمايدىغان بولدى. چۈنكى سوۋېتنىڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىچكى ئىنقىلابىغا ئارىلىشىپ شىڭ شىسەيگە ھەربىي ياردەم قىلغانلىقىنى خەلقئارا دۆلەتلەر ئەيىپلىدى. سوۋېت ياردەم كۈچىنى قايتۇرۇپ كەتتى، ھازىر شىڭ شىسەينىڭ بىزگە تاقابىل تۇرغىدەك كۈچى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن دەرھال بىز بىلەن بىرلىشىپ پۈتۈن ئەسكەرلىرىڭ بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كەلسەڭ، بىز بىرلىكتە شىڭ شىسەينىڭ بارلىق كۈچلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىن چېكىندۈرەلەيمىز» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ماخۇسەن بۇنىڭغا قوشۇلۇپ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ئاساسىي ئەسكىرىي كۈچىنى، بولۇپمۇ خوتەندىن تۇتۇۋالغان ئون مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر پىيادە ئەسكەرلىرىنى قەشقەرگە ماڭدۇرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ تاللانغان قوراللىق ئەسكەرلىرىنىمۇ

ماڭدۇرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ چىققان باسمىچىلار باشلىقى يۈزەيلىخان مەخسۇم ھىندىستان ئارقىلىق خوتەنگە كېلىپ، ماخۇسەن ئەسكەرلىرىگە سەنمۇجاڭ بولۇپ قەشقەرگە بىللە ماڭىدۇ. ماخۇسەننىڭ ئاتلىق قىسىملىرى قەشقەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى قوغلاپ ئاقسۇ ۋە كۇچاغىچە بارىدۇ، بۇ چاغدا ماخۇسەن ئۆزىمۇ قەشقەرگە بارىدۇ. شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت ئۇرغۇنلىغا ئايروپىلان ۋە تانكىلار ئۇرۇمچى تەرەپتىن پەيدا بولۇپ ماخۇسەن ۋە ئابدۇنىيازنىڭ كۇچاغىچە بارغان ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ، سۈرۈپ - توقاي قىلىپ قەشقەرگە يېتىپ كېلىدۇ، ماخۇسەن قەشقەردىن چېكىنىپ بىر بۆلەك ئەسكەرلىرى بىلەن قاغىلىققا قايتىپ ئۇ يەردىن خوتەنگىمۇ كېلمەي، بالا - چاقىسىنى ئېلىپ ھىندىستانغا قاچىدۇ. مىللىك ھەزرەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاچىدۇ. ماخۇسەننىڭ ئۇيغۇر پىيادە قىسىملىرى ۋە ئاتلىق ئەسكىرى قىزىل دېگەن جايدىكى گۈزلەكلىكتە شېڭ شىسەيگە ياردەمگە كەلگەن رۇس ئەسكەرلىرى ۋە ئايروپىلانلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تار - مار قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماخۇسەننىڭ ئاساسىي كۈچى يىمىرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەينىڭ ئايروپىلان ۋە رۇس قىسىملىرى خوتەنگە بېسىپ كىرىپ، ماخۇسەننىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى ئۇچرىغان يەردە ئېتىپ تۈگىتىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى قىسمى ئاخۇن لۇيجاڭ باشچىلىقىدا دۇڭخۇاڭ يولى بىلەن چىڭخەيگە قايتىپ كېتىدۇ.

1937 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى پۈتۈنلەي شېڭ شىسەينىڭ قارمىقىغا ئۆتىدۇ. شېڭ شىسەيگە سوۋېتتىن ياردەمگە كەلگەن قىرغىز پولكى بىلەن مەۋلانوپ باشچىلىقىدىكى بىر بۆلەك رۇس ئەسكەرلەر بىرلىكتە، خوتەن كونا شەھەرنى (ھازىرقى ئاشلىق ئىدارىسىنى) ھەربىي رايون قىلىپ ئورۇنلاشتى ۋە دەرھال خوتەن



گۇڭشەنجۈي، چېگرا بەنسىچۇنى ئېگىلىدى، ئاندىن قىرغىز پولكىغا «بەنجادۈي» دېگەن نامنى قويۇپ، خوتەننىڭ چېگرا رايونلىرىغا باردى ۋە پۈتۈن چېگرا رايونلارنى باشقۇردى. شېڭ شىسەي تەرەپتىن پەنبەيىنيەن ئىسىملىك (پەنسىلىك) بىر ھەربىي باشلىق ئەسكەرلەر بىلەن سېپىل ئىچىگە ئورۇنلاشتى. ئەمما بۇلار مەۋلانوپنىڭ ئىشىغا زادىلا ئارىلىشالمايتتى، شۇ ۋاقىتلاردا خوتەن گۇڭشەنجۈيگە سوۋېتتىن كەلگەن ئېلىزادە ئىسىملىك بىر تاجىك باشلىق بولۇپ كەلدى.

1938 - يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ قولغا ئېلىش ۋە كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش باشلاندى، بىرىنچى قېتىم ئىسلام ۋاقتىدا خىزمەتكە قاتناشقانلارنى قولغا ئالدى. خوتەندىن مەمتىشىرىپ مۇپتى ئاخۇنۇم، ئەمەت ئاخۇن داموللام، ئەبەيدۇللا ھاجىم، يۈسۈپبەگ ھاجىم، ئابدۇخالىق ھاجىم قاتارلىق كىشىلەرنى ۋە باشقا ناھىيەلەردىمۇ ئاتاقلىق بولغان دىنىي زاتلارنى قولغا ئالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن بايلارنى قولغا ئالدى. خوتەندىن ماخۇسەن ۋاقتىدا خىزمەت قىلغانلاردىن قاسىم بەگ پاتاڭ، يۈسۈپبەگ شاما، بورزان نىياز ھاجىم، ئابدىكېرىم ھاجىم؛ بايلاردىن مولاخۇن باي، ئابلاجان قارى، غوپۇرجان ھاجىم، قادىراخۇن باي، قاراقاشلىق ساقى ئاخۇن باي قاتارلىقلارنى قولغا ئالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەۋلانوپ ئالاھىدە مەخسۇس تۈرمىلەرنى ياساپ دەھشەتلىك قىيىن - قىستاقلار بىلەن ئۆلتۈردى ۋە كۆپىنچىسىنى كېچىسى ماشىنا بىلەن توشۇپ، زاۋا داۋزا قۇمىغا ئاپىرىپ سىم بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈردى. قولغا ئېلىنغانلارنىڭ پۈتۈن مال - مۈلكى، ئۆي - ۋاقلىرى مۇسادىرە قىلىندى. ھەتتا چەتتە ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلار ۋە شۇ يىلى ھەرەمدىن كەلگەن ھاجىلارنى قولغا ئالدى. مەسىلەن: قاسىم ئەپەندىم، ئابدىغېنى دوختۇر، بارات دوختۇر، ئابلىكىم ھاجى دوختۇر، سىدىقخان قاتارلىقلار. يۇقىرىقىلارنى سىياسىي مەھبۇس قىلىپ سىرلىق تۈرمىلاردا يوقاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن

خوتەن ۋىلايەتلىك گوڭئەنجۇي ۋە باۋۋيجۇيلەردە شپىيونلۇق
تورىنى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە قويۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ
ئۈستىدىن قاتتىق كونترول قىلدى. شىڭ شىسەي ھۆ-
كۈمىتى ئارقىسىدا بىر ئىغىز - يېرىم ئىغىزگەپ قىلىپ سال-
غانلار كېچىسى تۇيۇقسىز يوق بولۇپ تۇراتتى. ئۇشتۇمتۇت قول-
غا ئېلىنىشلار ھەر كۈنى، ھەر كېچىسى بولۇپ تۇرغاچقا خەلقلەر
خاتىرجەم تۇرالمايتتى. ھەممە ئادەمنى ۋەھىمە باسقان، يۈ-
رەكلىك گەپ - سۆز قىلىشالمايدىغان، ئاتا - بالىغا، بالا - ئا-
تىغا ئىشىنەلمىگەن. دىنىي ساھە ۋە سودا - سانائەت ساھە-
سىدە ناھايىتى كۆپلىگەن ئادەملەرنى تەھدىت ۋە قورقۇتۇشلار
بىلەن ئىشپىيونلۇققا ئىشلەتكەن. يالغان، راست ئىنكاسلارنى سۈرۈشتە
قىلماستىنلا شۇ كىشىلەرنىڭ سۆزىگە قاراپلا قولغا ئالاتتى،
جاسۇسلارغا قويۇلغان مەخپىي ئىسىملار ۋە سىرلىق بەلگىلىمە-
لەرمۇ بار ئىدى.

شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى خوتەنگە ئورۇنلاشقاندىن كې-
يىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كېلىپ خوتەندە يەرلەشكەن
ئۆزبېكلەرنى مەۋلانوپ ئارقىلىق تۇتۇپ يوقاتتى. ھىندىستان-
دىن كەلگەن ئىنگلىز مۇھاجىرلىرى ۋە ئۇنىڭ خوتەندە تۇ-
رۇشلۇق كونسۇل دەيبەنلىرىنى ھەيدەپ چىقاردى، ھىندىستان،
ئافغانىستان ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان
خەلقنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزدى. سودا - تىجارەت ئىشلىرى پەقەت
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خوتەندىكى تىجارەت دەيبەنى سوۋسىن-
تورگ بىلەن بولدى. خوتەندىكى بارلىق سودا - تىجارەتچى
سودىگەرلەر سوۋسىنتورگ بىلەن دوگۇۋارلىشىپ يىپەك، يۇڭ،
ئەلتىرە قاتارلىقلارنى شۇلار ئارقىلىق مالىغا ئالماشتۇراتتى،
سوۋسىنتورگنىڭ باش ئىدارىسى خوتەندىكى دۇڭۋاڭ كەن-
تورخانا ئىدى. ئۇنىڭ تارماق شۆبىلىرى باشقا ناھىيىلەردە
تۇراتتى. شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى خوتەندە ئورۇنلاشقاندىن كې-



يىن، ئۇنىڭ دەسلەپتە ياخشى ئىشلىرىمۇ بولدى، بولۇپمۇ ما-
ئارىپ ئىشلىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى، ناھىيىلەردە ئۇيغۇر
ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇپ، زامانىۋى مەكتەپلەر ئېچىپ
مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، خەلقنى ساۋاتلىق قىلىش ئىشلىرىغا
كۆپ ئەھمىيەت بەردى. بارلىق يېزا-قىشلاقلاردا مەكتەپلەر قۇرۇلدى،
مۇئەللىملەر بەلگىلەندى، مۇئەللىملەر ۋە مائارىپ ساھەسىدى-
كىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ئاشۇردى. كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنى
كەڭتاشا نەشىر قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا ئەدە-
بىي - سەنئەت، مۇزىكا ئىشلىرىنىمۇ راۋاجلاندۇردى. بىر مەز-
گىل مائارىپ ساھەسىدە گۈللىنىش بولسىمۇ، كېيىن شىڭ شىسەي
بۇ سىياسەتنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان مائارىپ ئىش-
لىرىنى چېكىندۈردى، مۇئەللىملەرنىڭ مائاشىنى قىستى. باشقا
جايلاردا ئوقۇپ كەلگەنلەرنى قامىدى. شۇ ۋاقىتتا خوتەندە
مۇئەللىملىك قىلىۋاتقان ۋە گېزىتخانىلاردا ئىشلەۋاتقان ھاجى
ياقۇپ، جاپپار ئەمەت، سەدىردىن قاتارلىق زىيالىيلارنى قولغا
ئالدى. شىڭ شىسەينىڭ بۇ تېرورلۇق سىياسىتى خوتەندە بىر-
نەچچە يىلغا قەدەر داۋام قىلدى.

1944 - يىلى، شىڭ شىسەي شىنجاڭدىكى سىياسىي ھەرى-
كەتلىرى جەھەتتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ شىنجاڭدىن چې-
كىنگەندىن كېيىن، ياكى گومىنداڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ چۈڭ-
چىڭغا قايتقاندىن كېيىن، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن
شىنجاڭغا ۋۇ جۇڭشىن باشلىق بولۇپ چىقتى، خوتەنگە خا-
دۇكباڭ ۋالىي بولۇپ كەلدى.

## 11 بېتىمدىن كېيىنكى خوتەندىكى سايلام ۋەقەسى

1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئۈرۈمچىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بېتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، 11 بېتىمنىڭ 1 - ماددىسىدىكى: «ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۇلارنىڭ ئۆزى ئىشەنگەن يەرلىك خەلقتىن مەمۇرىي خادىملارنى سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ» دېگەن ماددىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىگە ئۈرۈمچىدىن سايلام ھەيئىتىنى ماڭدۇرىدۇ. شۇقاتاردا خوتەنگە مەتىمىن ھەزرەت باشچىلىقىدىكى سايلام ھەيئىتى 1946 - يىلى 11 - ئايدا يېتىپ كېلىدۇ (ئىمىن ھەزرەت ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەمىنات نازارىتىنىڭ نازىرى ئىكەن). بۇ سايلام ھەيئىتىنىڭ تەركىبىدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئىمىن مەخسۇم، سودا - سانائەتچىلەر ۋەكىلى قاسىمجان دېگەن كىشىلەر بار ئىدى. ئىمىن ھەزرەتنىڭ خوتەندىكى كونا نوپۇزى ۋە ئىجتىمائىي تەسىرى كەڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى قارشى ئېلىش بەك داغدۇغلۇق بولدى. خوتەن، قارىقاش، لوپ ۋە باشقا ناھىيىلەردىن نۇرغۇن ئادەملەر (دىنىي ساھەلەر، دېھقانلار، سودىگەرلەر، مۇئەللىملەر) قارىقاش ۋە زاۋىغىچە ئالدىغا بېرىپ قارشى ئالدى. ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىمۇ قارشى ئېلىشقا قاتناشتى. ئىمىن ھەزرەت شۇنىڭدىن 14 يىل بۇرۇن خوتەندىكى ئىسلام قوزغىلاڭچىلىرى باشلىقى بولۇپ نام قازانغانلىقى ئۈچۈن، ھەممە ئادەم كۆپ داغدۇغا بىلەن ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشتى. لېكىن ئىمىن ھەزرەتنىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە خۇي پەيلى بۇلارغا باشقىـ



چە كۆرۈنۈپ قالدى. ئىمىن ھەزرەت بۇرۇن نوقۇل دىنىي ساھەدىكى ئادەم بولۇپ، بىر نەچچە يىل مەدرىسىدە دىن دەرسى ئۆتۈپ نۇرغۇن ئادەملەرنى موللا قىلىپ چىقارغان. داڭلىق بېشىدىن دەستارى چۈشمەيدىغان، تون - مەسە كىيىپ يۈرىدىغان قارا ساقال ئادەم ئىدى. ھەممە ئادەم داموللام دەيتتى. بۇ نۆۋەت ئالدىغا چىققان دىنىي ساھەلەردىكىلەر بولمىسۇن، خەلق ئاممىسى بولمىسۇن، كونا بەگلەر، مۇئەللىملەر خىزىر — پەيغەمبەر كېلىدىغاندەك قىزغىن ھېسسىيات بىلەن كۈتۈۋېلىشكە ئىنتىلگەن ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم ئىمىن ھەزرەت بېشىغا چاچ قويغان، كافكازچە تۇماق، كاستيۇم - بۇرۇلكا كەيگەن، ساقال - بۇرۇتىنى قىرغان ئاغزىدىن تاماكا چۈشمەيدىغان غەلىتى ئادەم كۆرۈندى. دىندار خوتەنلىكلەر بۇ ئادەمنىڭ بۇ قىياپىتىدىن «دەھرى (دىنسىز) بولغان ئوخشايدۇ» دەپ گۇمانلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دىنىي روھانىي نوپۇزىغا چوقۇنىدىغان گۇرۇھلارمۇ بىر ئاز يالتايدى. ئىمىن ھەزرەت دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن ئانچە خوشى بولمىغانلىقى، كونا يەرلىك ئەمەلدار، بەگلەرگە قارشى تۇرۇپ، ياش زىيالىيلار، مۇئەللىملەر تەرەپتىكىلەرنى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ پۈتۈن سايلام، تەشۋىقات ئىشلىرىنى شۇلارغا قاراتقانلىقى ئۈچۈن دىنىي مۇتەئەسسىپلەر، بولۇپمۇ يەرلىك بەگلەر ئۇنىڭ سايلام خىزمىتىگە قاتتىق قارشى چىقتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ۋە 11 ماددىلىق بېتىمنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى ياقتۇرمىغان يەرلىك دائىرىلەر، بولۇپمۇ ھەربىيلەر سايلامغا بۇزغۇنچىلىق ۋە توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن بانا تاپالماي تۇرغان ئىدى. مۇشۇ پەيتتە يۇقىرىقى مۇتەئەسسىپ دىنىي ساھەلەردىن ئەخمەت توختى ئەلەم ۋە ئۇنىڭ قول چوماقلىرى، بەگلەردىن قازى بەگ، ئىمىن بەگ، ھىدايەت بەگ، زىكرۇللا بەگ، تاركابەگ دېگەنلەر بىرلىشىپ خادۇكباڭ ۋە ھەربىيلەرگە: «ئىمىن تىڭجاڭ بىرمۇنچە ئەپەندىلەر

بىلەن بىرلىشىپ سايلام نىقابى ئاستىدا شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى قۇرماقچى» دېگەن سۆزلەرنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ بەك چۈچۈتتى. نەتىجىدە ھەربىيلەر، ساقچى دائىرىلىرى بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ ناھىيىلەردە سايلامغا قارشى تۇرۇش، ھەربىيلەر ۋە ساقچىلار بىرلىكتە ھەربىي ھالەتتە تۇرۇش، ئۇنىڭ ئاكتىپ ئادەملىرىنى تۇتۇش توغرۇلۇق ئالاھىدە كۈچ ئاجرىتىپ ناھىيىدىكى سايلامنى ئېلىپ بارغىلى قويمىدى. خوتەندىكى ھەربىي دائىرىلەردىن 38 - پولكنىڭ تۇەنجىگى ۋاڭ تۇەنجاڭ يەكەندىكى شاڭ سىجاڭغا: خوتەن ۋەزىيىتى جىددىي بولۇپ قالدى. ئۈچ ۋىلايەت سايلامچىلىرى خوتەندە قوزغىلاڭ چىقىرىپ شەرقىي تۈركىستان قۇرماقچى بولىۋاتىدۇ، دەپ تېلېگرامما يوللىدى. يەكەندىن لۇزىخۇي دېگەن بىر ھەربىي باشلىق كېلىپ پۈتۈن ھەربىيلەرنى جىددىي ھالەتكە تەييار تۇرۇڭلار دەپ سايلام يىغىنلىرىنى قوراللىق كۈچلەر بىلەن قامال قىلىشۋالدۇ. سايلام ھەيئەتلىرىدىن بىر قانچە كىشىنى — يەنى مەتنىياز توختى، ئابدۇخالىق ساقى، ئىمىن ئىسلاملارنى قولغا ئېلىپ قىينىدى. ئىمىن ھەزرەت ئورۇنلاشقان ۋالىي مەھكىمىسىنىمۇ گومىنداڭ ھەربىي قوشۇنلىرى قورشىۋالدى. ئىمىن ھەزرەت باشلىق سايلام ھەيئىتىنى تۇتۇش پىلانىنى تۈزۈپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش پەيتىدە، قەشقەردىن سەيپىدىن ئەزىزى، يەكەندىن بۇرھان شەھىدىلەر كېلىپ گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ھەربىيلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئابدۇخالىق ساقىنى قۇتقۇزۇپ، ۋەزىيەتنى شۇ پېتى قويۇپ كەتتى. ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى، ساقچىلار، ھەربىي دائىرىلەر تېخىمۇ قۇتۇراپ، ناھىيە - ناھىيىلەردە سايلام خىزمىتىگە قاتناشقان ئادەملەرنى، بولۇپمۇ زىيالىيلارنى تاپقان يەردە ئۇرۇپ - سوقۇپ، قاماپ قىلمىغان زىيانكەشلىكلىرى قالمىدى. «ئىمىن ھەزرەت كوممۇنىست بوپتۇ، دىنسىزلىقنىڭ



يولىنى تۇتۇپتۇ، خوتۇنى ئامىنىخان ھاجىنىڭ يۈزىنى ئاچتى. بۇلار ئۈچ ۋىلايەت كوممۇنىستلىرى بىلەن بىرلىشىپ يۇرتىنى بۇزماقچى، دىن، شەرىئەتنى بۇزماقچى، دىنسىز ئەپەندىلەرنى يىغىنغا تارتتى، موللا ئۆلىمالارنى، بەگزادىلەرنى چەتكە قاقتى» دەپ تەشۋىقات تارقىتىپ، ئىمىننىڭ سايلىمىغا قوشۇلمايمىز دەپ يۇرۇشتى. دەل شۇ پەيتتە بۇ ئەھۋالنى ئۈرۈمچىگە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن مەمەت ئېلى داموللام، يۈسۈپ سەئىدىلەر ماڭدى. نەتىجىدە ئۈرۈمچىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دەئىسى جاڭ جىجۇڭ، مائاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىر ھاجىلار خوتەننىڭ سايلام مەسىلىسىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن 1947 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى خوتەنگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار بىلەن ئەيسا، مەسئۇت، جالالىدىن بەگ (خەنزۇچە ئىسمى ۋاڭ زىشىڭ بولۇپ، بۇرۇن تۈركىيىدە ئوقۇغان ۋە شۇ چاغدا خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ئىدى) لەر بىللە كەلدى. بۇلار ۋالىي مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى قوزغىلىپ ۋالىي مەھكىمىنىڭ ئالدىغا توپلىنىپ، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلايدۇ ھەم 11 بېتىمنىڭ تولۇق ئىجرا قىلىنىشىنى ۋە سايلامنىڭ دېموكراتىيە ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلىشىنى، شۇنداقلا 11 بېتىمنىڭ، سايلامنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان ئەمەلدار، بەگلەرنى جازالىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شەھەر ئىچى ۋە يېزىلاردىن خەلق تۈركۈم - تۈركۈملەپ كېلىپ ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىر ھاجى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋال ئېيتىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرگەن گومىنداڭچىلار، خادۇكباڭ، ئەخمەت توختى ئەلەم، قازى بەگ، ئىمىن بەگ، خاتىم ھاجى، ئوبۇلقاسىم بەگ قاتارلىقلار دەرھال 38 - تۇەن (سېپىل ئىچىدىكى) ھەربىي رايونغا بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. نەتىجىدە گومىنداڭ ھەربىيلىرى دەر-

ھال توپ - زەمبىرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاپ شەھەر تەرەپكە، خەلققە قارىتىپ تىكلەپ قويىدۇ. ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ يېزىلاردىن ۋە باشقا ناھىيىلەردىن خوتەنگە ئادەم كىرىشىنى توسايدۇ. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مېھمانلارنى قوغدايمىز دەپ گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى، ھەربىيلىرى بىر تەرەپ بولۇپ، خەلق ئاممىسىغا قورال بىلەن تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. كونا شەھەر ئاھالىسى ۋە خەلق ئاممىسى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشۈپ دەردى- ئەھۋالىنى سۆزلەپ تۇرغاندا، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى، ھەربىيلىرى ۋالىي مەھكىمىسى بىلەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن سېپىل دەرۋازىسىغىچە بىر تۇتاش پۇقراچە كىيىم بىلەن تۇردى. ئەخمەت توختى ئەلەم، روزى مەمەت، تۇرسۇننىياز ھاجى، قازى بەگ، ئوبۇلقاسىم بەگ، زىكىرۇللا بەگ، ھىدايەت بەگلەر بېشىغا سەللە ئوراپ، بىرمۇنچە لۈكچەكلەرنى ئارقىسىغا سېلىپ، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرايلى، ئىمىن ھەزرەتكە قارشى تۇرايلى» دەپ شۇئار توۋلىغاندا، كۆپچىلىك خەلق ئۇلارغا بىر يولى ھۇجۇم قىلدى. ئەخمەت توختى ئەلەم، خاتىم ھاجىنىڭ سەللىرىنى تارتىۋېلىپ، ئەمەلدارلارنى قوغلاپ سېپىل دەرۋازىسىغىچە سۈرۈپ بارغاندىن كېيىن، دەرھال ھەربىيلەر چىقىپ قورال تەڭلەپ، بېسىپ كەلگەن خەلقنى چېكىندۈردى. ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىر ھاجىلەر كونا شەھەرگە كىرىپ خەلق ئاممىسى بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈشۈپ، بەزى ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارغا ئىلھام ۋە تەسەللى بەردى. جاڭ جىژجۇڭ شۇ كۈنى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەخمەت توختى ئەلەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، شۇ يەردە مەجلىس ئاچتى. سايلام مەسىلىسىنىڭ كۆپچىلىك پىكرىگە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى، ئەتىسى چوڭ راۋاقتا يىغىن ئېچىپ كۆپچىلىك ئاممىنىڭ پىكرىنى



ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يورۇڭقاش دەرياسىغا ئىشلىگىلى چىققان 3000 دىن ئارتۇق ھاشارچىلارنى يىغىپ كېلىپ، ئۇلارغا بىردىن كالتەك كۆتەرتىپ: «ئىمىن تىڭجاڭنىڭ سايلىمىنى سايلام قىلمايمىز، كوممۇنىستلارغا يول قويمايمىز» دەپ شۇئار توۋلاپ، نامايىش قىلىپ راۋاقتا - يىغىن مەيدانىغا چىقىدۇ. يولدا ئۇچرىغان زىيالىلارنى ئۇرۇپ يىقىتىپ ماڭىدۇ. جۈملىدىن موھەددىن ھاجىم، ئابلىز خۇيجاڭ قاتارلىق مۇنەۋۋەر كىشىلەرنى قاتتىق ئۇرۇپ زەخىملەندۈرىدۇ. 30 مىڭغا يېقىن ئادەم راۋاقتا - يىغىن مەيدانىغا كېلىپ تۇرۇشقاندىن كېيىن، جاڭ جىژجۇڭ سۆز قىلىپ: «سايلام مەسىلىسىنى كۆپچىلىكنىڭ ئەھۋالىنى بىرىشى بىلەن ھەل قىلىدىغانلىقىنى» ئېيتتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مەسئۇت ئەپەندى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئاۋۋال بۇ قېتىمقى ئىمىن ھەزرەت باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان سايلامنى توغرا دېگۈچىلەر قول كۆتۈرۈڭلار، دېگەندىن كېيىن ھەممە ئادەم بىراقلا قول كۆتەردى، يېزىدىن كەلگەن خەلق ۋە مەجبۇرىي يىغىپ كەلگەن كالتەك كۆتۈرۈپ چىققانلارمۇ قول كۆتەردى. قوشۇلمايمىز دېگۈچىلەر قول كۆتۈرۈڭلار دېگەندە، ئەخمەت توختى ئەلەم باشچىلىقىدىكى بىر نەچچە نەپەر ئادەملا قول كۆتەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىشنىڭ ماھىيىتى ئاشكارىلاندى. ئەمەلدارلارنىڭ ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلدى. جاڭ جىژجۇڭ ۋە ئەخمەتجان قاسىملارمۇ خوتەننىڭ ۋەزىيىتىنى شۇنداق جىددىي بىر ھالەتتە قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى. بۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن خوتەندىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، مۇئەللىملەر، زىيالىيلار ئۈستىدىن زۇلۇم، بېسىمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. بەزىلەرنى ئىشتىن بوشاتتى، بەزىلىرىنى ئۈرۈمچىگە ھەيدىدى. كېرىيە، چىرىيە، لوپ، خوتەن، قارىقاش، گۇما قاتار-

لىق ناھىيىلەرگە ئۆز قولچۇماقلىرىدىن ھاكىم بېكىتتى. مەسىـ
لەن: خوتەنگە روزى مەممەت بەگنى، لوپقا ۋاڭ جاۋجى دېـ
گەن بىر خەنزۇنى، چىرىيىگە چوڭ ئاخۇننى، كېرىيەگە ئىسماـ
يىلخاننى، قارىقاشقا مەتقۇربان پازىلنى ئورۇنلاشتۇردى. ناھىـ
يىلىك گوڭشەنجۇيلەرگىمۇ ئەڭ ئۇچىغا چىققان جاللاتلاردىن
مىرزەخمەت بەگ، نى شاۋىن، زىكرۇللا بەگ قاتارلىقلارنى بېـ
كىتتى. گومىنداڭ ھەربىيلىرى بۇلارغا بىۋاستە قوماندانلىق
قىلىپ تۇراتتى. خوتەننىڭ پۈتۈن ناھىيىلىرىدە مۇئەللىم، زىيالىـ
يلارغا زىيانكەشلىك قىلىنىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇلار ھەر تەرەپكە قېچىشـ
قا باشلىدى. 11 بېتىمنى ئىجرا قىلىش تەرەپدارلىرى دەپ گۇـ
مان قىلىنغان دىنىي ساھەلەر، سودىگەرلەر ساھەسى ۋە يۇرتنىڭ
دېموكراتچىل كىشىلىرىنىمۇ نازارەت ئاستىغا ئالدى، بەزىلىرىنى
قولغا ئېلىشقا سەۋەب تاپالماي تۇرغاندا، ئۈرۈمچىدىن ئۇقتۇرۇش كەلـ
دى دەپلا بىر كېچە ئىچىدە خوتەن ناھىيىسى ۋە باشقا ناھىـ
يىلەردىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى قولغا ئالدى. قولـ
غا ئېلىش جەريانىدا قارشىلىق كۆرسەتكەن دېگەن بانا بىلەن
خوتەندە مۇزىكىچىلىقتا شۆھرەت قازانغان ھوشۇر ئەيسا دېگەن
بىر زىيالىنى نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلىدى. بۇ قولغا ئېلىنـ
غانلارنى گومىنداڭنىڭ سېپىل ئىچىدىكى گازارمىلىرىغا ئۆتكۈـ
زۈپ بەردى، بۇلارنىڭ ئىچىدە موللا - ئۆلىمالاردىن، مۇئەللىمـ
لەردىن ۋە مۆتىۋەر كىشىلەردىن بار ئىدى. مەسىلەن: خوتەنـ
دىن ھوشۇر نىياز مۇپتى ئاخۇنۇم، مەمەتسالى مۇپتى ھاجىم،
سادىر ئەلەم ئاخۇنۇم، موھىددىن ھاجىم، مەمەت روزى ئاخۇن
ھاجىم، قۇربانىياز ھاجىم، قارىقاشتىن مەمەت نىياز مەۋلىۋى،
روزى مەمەت داموللام، سابىر ھاجى، ھوشۇر ئىمام قاتارلىقـ
لاردىن باشقا، مەتىمىن توختى، رەجەپ يۈسۈپ، ئىمىن تۇرـ
سۇن، مەتىلى رەجەپ، مىجىت موسا قاتارلىق مۇئەللىملەرمۇ بار
ئىدى. بۇلارنى قولغا ئالغاندىن كېيىن سوتلاش ئۈچۈن ھەرـ



بىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلاردىن بىر سوت ھەيئىتى تەشكىلـ
لەپ، سوراق قىلىشقا باشلىدى. بۇ سوت ھەيئىتى خادۇڭباڭ،
ھىدايەت بەگ، ئوبۇلقاسىم بەگ، ئەخمەت توختى ئەلەم،
زىكرۇللا بەگ، ۋاڭ جاۋجۇي، نەن شوسەن، لۇگۇاڭرېن قاـ
تارلىق 21 كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سوراق بەك
دەھشەتلىك ئېلىپ بېرىلدى. مەھبۇسلارنى تۈركۈملەرگە بۆلۈپ،
تەھدىتلەر سېلىپ، بىردىن - بىردىن سوراقخانىغا ئېلىپ بېـ
رىپ سوراق قىلىدۇ. سوراقنىڭ مەزمۇنى:«بىزگە قارشى ئىمىن
بىلەن قۇرغان تەشكىلاتىڭنى سۆزلە، نەچچە ئادەم بىلەن تەشـ
كىل قۇردۇڭ، قورالنى قەيەردىن تاپماقچى بولدۇڭ» دېگەندەك
سوئاللار ئىدى. بۇ سوراقتا ئىقرار قىلمىغانلار دەرھال ياغاچ
ئاتقا مىندۈرۈلەتتى ياكى گاڭزىغا بېسىلاتتى ۋە ياكى بېشىنى
تۆۋەن قىلىپ پۇتىدىن ئېسىپ قوياتتى، كالتەك بىلەن ئۇراتـ
تى. ئازابقا چىدىمىغانلار، «ۋاي تەشكىلاتىمىز بار، بىزگە سوـ
ۋېت ئىتتىپاقى قورال بەرمەكچى بولغان» دېگەندەك يالغان سۆزـ
لەرگە مەجبۇرىي ئىقرار بولاتتى، ئۇلارنى قول قويدۇرۇپ يەكەندىكى
باش ھەربىي سوتقا يوللايتتى. ئۇ يەردىن يەنە سوراقچىلار
كېلىپ سوت قىلىپ، ئازاپلاش ئىشلىرى تۆت ئايغا قەدەر داـ
ۋام قىلدى. گومىنداڭچىلار پۈتۈن خوتەن خەلقى نامىدىن ئۈرـ
ۈمچىدىكى سۇڭ زۇڭ سىلىڭغا يالغان شىكايەتنامە يازدۇرۇپ
ئەۋەتتى. مەزمۇنى: «خوتەندە قولغا ئېلىنغان مەھبۇسلارغا ئۆـ
لۈم جازاسى بېرىپ ھەممىسىنى بېسىقتۇرۇپ بەرمىسە، خوتەن
تىنجىمايدۇ، بىز رازى بولمايمىز» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.
شۇ يىلى 11- ئايدا ئۈرۈمچىدىكى ھەربىيلەردىن خوتەندىكى
ئىسيان ئەنزىسىنى تەكشۈرىمىز دەپ بىر ھەيئەت كەلدى. بۇلار
خوتەندە 20 كۈن تۇرۇش جەريانىدا پۈتۈن ئىشلارنىڭ يالغانـ
لىقى ئاشكارا بولۇپ قالدى. ھەممىسى ئۇرۇپ - سوقۇش، مەجـ
بۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش بىلەن توقۇپ چىققان توقۇمىدىن ئىـ

بارەت بولۇپ، بۇنىڭغا ھېچقانداق ماددىي پاكىت بولمىغاچقا مەھبۇسلاردىن تۆۋەنامە ئېلىپ قويۇپ بەردى. ئەمما بۇ ئەمەلدارلارنى ھېچقانداق گۇناھقا ئارتمىدى. بەلكى ئۆز ۋەزىپىسىنى قىلىۋېرىشكە ئىجازەت قىلدى. بۇلار تېخىمۇ كۆرەڭلەپ ئىنتىقام ئېلىۋالدۇق، دەپ زۇلۇم - سىتەم، ئەيشى - ئىشرەت، كەيپى ساپا بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىلدە، 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئازادلىق خەۋىرى كېلىپ قالدى.

## ئامىنخان ھاجىنىڭ خوتەنگە كېلىشى

ئامىنخان ھاجى ئەسلى خوتەن شەھەر ئىچىلىك بولۇپ، مەتنىمىن ھەزرەتنىڭ ئايالى. بۇ ئايال 1935 - يىلى 8 - ئايدا، مەتنىمىن ھەزرەت پوپۇنىدىكى سوقۇشتا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىدىن يېڭىلىپ ھىندىستانغا قاچقاندا بىللە قاچقان. 1942 - يىلى مەتنىمىن ھەزرەت ھىندىستاندىن جۇڭگوغا كەلگەندە بىللە كېلىپ، گومىنداڭ مەركىزىي چۇڭچىڭدا تۇرغان. 1945 - يىل 4 - ئايدا خوتەنگە بىر نۆۋەت كېلىپ خوتەندىكى ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشكەن. بىر يىل تۇرۇپ گومىنداڭنىڭ خوتەندىكى ئەمەلدارلىرى ۋە بەگلەر، باي، پومېشچىكلار بىلەن ئويۇن - تاماشا، نەغمە - مەشرەپ قىلىپ قايتقان. ئۇ «ئۆيۈمگە ئوغرى كىردى» دەپ يالغاندىن ئوغرىلىق ئەنزىسىنى ياساپ چىقىپ، يالغاندىن زىيان تارتقان بولۇپ خەلقلەردىن ئىئانە توپلاپ قاقتى - سوقتى قىلىپ قايتقان. ئامىنخان ھاجى 1949 - يىلى 6 - ئايدا يەنە بىر قېتىم كەلگەن. بۇ قېتىم كەلگەندە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ گۇڭچەنداڭ تەرەپتىن يېڭىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئانىسى، تۇغقانلىرىنى ئېلىپ چەتكە قېچىش تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتقان. باشقىلارغىمۇ چەتكە قېچىشنى تەرغىپ قىل-



غان ھەمدە پاسپورت ئېلىپ بېرىمەن دەپ خەلقتىن نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ۋە پۇل يىغقاندىن تاشقىرى، خوتەندىن بىرنەچچە يۈز پارچە گىلەم، يىپەك رەخت قاتارلىقلارنى ئېلىپ قايتقان (بۇ قېتىم خوتەندە ئىككى ئايدەك تۇرغان). 1949 - يىل 9 - ئايدا بىر كېلىپ ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بىرنەچچە كىشىنى ئېلىپ قايتقان، بۇ نۆۋەت كەلگەندە بىرنەچچە ئادەملەرگە پاسپورت ئالغاچ كەلگەن بولۇپ، ئۇنى ئىگىسىگە بەرگەن. خوتەندىن چىقىپ قاغىلىقتا كۈتۈپ تۇرغان مەتنىمىن ھەزرەت، ئەيسالار بىلەن چەتكە قاچقان. شۇ قاچقانچە تۈركىيىگە بېرىپ 1966 - يىلى ئەنقەرەدە ئۆلگەن.

## ئازادلىق ئەرپىسىدىكى خوتەن

1949 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قىزىل ئارمىيە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا يېقىنلىشىپ كېلىش خەۋەرلىرى خوتەنگە يېتىپ كېلىش بىلەن خوتەندىكى گومىنداڭچىلاردا خەۋپلىك بىر كەيپىيات پەيدا قىلدى. بەزىلەر قېچىشقا ئۇرۇندى ھەم قاچتى. ئامىنخان ھاجىنىڭ 3 - قېتىم خوتەنگە ناھايىتى جىددىيلىك بىلەن كېلىشى، مەتنىمىن ھەزرەت، ئەيسالارنىڭ بىللە ھىندىستانغا قېچىشى گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى ئىچىدە بىر ئالاقىزادىلىك پەيدا قىلىپ قويدى، بۇرۇن ئىمىن ھەزرەتنى كوممۇنىست تەرەپدارى دەپ ئويلىغانلار ھەيران قالدى. خوتەندىكى گومىنداڭچىلار يەنە مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي شەھەر - رەستىلەرگە پوتەي سېلىپ، ساقچى ھەربىي كۈچلىرىنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇندى. «گۇڭچەنداڭ يېقىنلىشىپتۇ، پات ئارىدا خوتەنگە كېلىدىكەن، خوتەن ئازاد بولغىدەك» دېگەن گەپ - سۆزلەرنى قىلغانلارنى تۇتۇپ قامىدى. قازى بەگ، ئىمىن بەگ

قاتارلىق گومىنداڭچىلار چەتكە قاچقان بولسىمۇ، چىگرىدىن
ئۆتەلمەي قايتىپ كەلدى. ئەخمەت توختى ئەلەملەر ئۆتۈپ
كەتتى. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى شىنجاڭنىڭ تىنـ
چلىق بىلەن ئازاد بولغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن،
خوتەندىكى ۋالىي روزى مەھەممەت بەگ، مۇئاۋىن ۋالىي ۋاڭ جاۋـ
جۈيلەر دەرھال ھەرىكەت يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، گومىنداڭ
تەرەپدارى بولىۋالدى. قارىقاشتىن مەمەت قۇربان پازىل گومىنـ
دىنداڭنى قارشى ئالىمىز دەپ شوئار توۋلاپ چىقتى. خوتەنـ
دە بۇرۇنراق قۇرۇلغان ئىلغارلار جەمئىيىتىدىكىلەردىن ئابلىـ
مىت موللايوپ، جاپپار ئەمەتلەر باشچىلىقىدا قۇرۇلغان پەن
مۇزاكىرە قىلىش جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى شىنجاڭنىڭ
رەسمى ئازاد بولغانلىقى ۋە ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كېرىيە يولى
بىلەن شەھەرگە يېقىنلىشىپ چىقىۋاتقانلىقىنى تەشۋىق قىلغانلىـ
قى ئۈچۈن، گومىنداڭچىلار بۇلارنى بىر كېچىدىلا تۇتۇپ ئۆلـ
تۈرۈشكە پىلان قىلغان، لېكىن ئۇلار ئاڭلاپ قېلىپ باشقا
يەرگە يۆتكىلىپ كەتكەن. ئاخىرى ۋاڭ جاۋجى، خادۇڭباڭ،
نەنشوسەن، تۇرسۇن نىياز ھاجى، قازى بەگ، ئىمىن بەگلەر
تەسلىم بولماي چارە قالمىغانلىقىنى سېزىپ، گومىنداڭنى قارـ
شى ئالىمىز دەپ تەييارلىق كۆرۈش ۋە ئالدىغا ئادەم، تەمىـ
نات ماڭدۇرۇش دېگەن نىقاب ئاستىدا ھەرىكەتلىنىشكە باشـ
لىدى. گومىنداڭ ھەربىيلىرىمۇ قوتۇراپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي
بىر تەرەپتىن خەلقنى بۇلاپ ـ تالاپ قېچىش ياكى تەسلىم
بولۇش خىيالىدا بىئارام بولماقتا ئىدى، كېرىيە ئارقىلىق تىـ
مەت يولى بىلەن قېچىشنىمۇ تەييارلىقىنى قىلىپ ياتتى.
1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خەلق ئازادلىق
ئارمىيىسى خوتەنگە يېتىپ كېلىش بىلەن، خوتەندىكى ئىشچى ـ
دېھقانلار، زىيالىيلار قارشى ئېلىشقا چىقتى. ياشلار جەمئىيىتى
دىن ئابلىمىت موللايوپ، جاپپار ئەمەتلەر باشچىلىقىدا نامايـ



يىش ئۆتكۈزۈپ ئارمىيىنى قارشى ئالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ
ئۇلۇغ كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە خوتەن ئاسمىنىدا بەش
يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق جەۋلان قىلىپ، خوتەن خەلقى تارىخـ
تىن بىرى تەشنا بولۇپ كەلگەن ھور ئازاد زامانغا ئېرىشتى.

ئابدۇلھەمىت داموللا ھاجى يۈسۈفى

رەتلەپ تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇقادىر مۇھەممەدى
ئامىنە نىياز

# چاقىلىق ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 50 يىل

(1899 - يىلىدىن 1949 - يىلغىچە)

سۇلايمان ئابدۇرەھىم

چاقىلىقنىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغىنىغا توپ - توغرا 90 يىل بولدى. بۇ ۋاقىتنىڭ 50 يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي، شۈەنتۇڭ خان يىللىرى (13 يىل)، مىنگونىڭ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىقىدىكى يىللار (20 يىل)، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ماخوسەن يېغىلىقى دەۋرى (بەش يىل)، شېڭ شىسەي دەۋرى (ئالتە يىل)، گومىنداڭ دەۋرى (ئالتە يىل) دىن ئىبارەت يېرىم ئەسىر كونا جەمئىيەتنىڭ زۇلمەتلىك دەۋرى بولدى. بۇ 50 يىل يەنە كېلىپ چاقىلىق خەلقىنىڭ بېشىغا ناھايىتى زور كۈلپەتلەر چۈشكەن، ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن دەۋر بولدى. بۇ ھەقتە كۆپ ئىزدىنىپ بۇ ماتېرىيالنى يېزىپ چىقتىم. يولداشلارنىڭ ئويلىنىپ كۆرۈپ، كام جايلىرىنى تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## مۇقەددىمە

چاقىلىق ناھىيىسى تەكلىماكان چۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا، شەرقىي مېرىدىئان (ئۇزۇنلۇقى) 86°45′ - 93°45′، شىمالىي



پاراللېل (كەڭلىكى) 36°05′ - 41°23′ ئۈستىگە جايلاشقان. شەرقتە گەنسۇ (خەنئامبال ئارقىلىق)، چىڭخەي (داۋزا ۋە يورەكتاش ئارقىلىق) دىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكە بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبتا كۇئېنلۇن تاغ تىزمىسى ئارقىلىق شىزاڭ بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربتە چەرچەن ناھىيىسى بىلەن خوشنا، شىمالدا لوپنۇر ناھىيىسى، شۇنداقلا تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرى بىلەن چېگرىداش بولۇپ، شەرقتىن - غەربكە بولغان كەڭلىكى 570 كىلومېتر، جەنۇبتىن - شىمالغا بولغان ئۇزۇنلۇق 580 كىلومېتر ئومۇمىي يەر مەيدانى 202 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتر بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ناھىيىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىقلىمى قۇرغاق، تىپىك ئىچكى قۇرۇقلۇق ئىقلىمىغا كىرىدۇ. يازدا ئىسسىق ھەم قۇرغاق (7 - ئاينىڭ تېمپېراتۇرىسى «+» 40° دىن ئاشىدۇ)، قىشتا سوغۇق ھەم قۇرغاق (1 - ئاينىڭ تېمپېراتۇرىسى «-» 20° دىن ئاشىدۇ) بولىدۇ. بۇ ناھىيىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى تارىم دەرياسى ۋە كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى لوپنور كولى رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەرلەر ئىلگىرىكى چاغلاردا خەن، تاڭ سۇلالىرى دەۋرىدىكى «يىپەك يولى» نىڭ تۈگۈنى بولغان. «خەننامە. غەربىي دىيار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، پاتقاقلىق شەھىرى بىلەن تاش قەلئە (شىچېڭ) بۈگۈنكى چاقىلىق ئىكەن. كىرورەن دۆلىتى خاراب بولغاندىن كېيىنمۇ، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل پىشامشان بەگلىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىدى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ جاينىڭ نوپۇسى 20 مىڭدىن ئاشقان، «يىپەك يولى» دىكى سودا تەرەققىي تاپقان، مەدەنىيىتى روناق تاپقان، قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭدا كۆلىمى ئەڭ زور، ئەڭ بۇرۇن ئېچىلغان يېزا ئىگىلىك رايونلىرىنىڭ بىرى بولغانىدى.

چاقىلىق رايونى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ قەدىمىيلىكى، بوستانلىق تارىخىنىڭ ئۇزۇنلىقى، تۇپرىقىنىڭ ئۈنۈملۈكلى-

كى، مېۋىلىرىنىڭ تاتلىقلىقى بىلەن داڭلىق. بەش ئورۇندا
چوڭ خارابە ئىزلىرى بار: كروورەن (دۆلەت دەرىجىلىك قوغدى-
لىدىغان ئورۇن)، تورىنىدىكى ئوتلۇق تور، پىشامشان خارابىسى
(بۇ پىشامشان بەگلىكىنىڭ پايتەختى ئابدال شەھىرى،
بۈگۈنكى كۈندە قەدىمكى مىران دېگىنى شۇ)،
شەھىرى كىتەك خارابىسى، قەدىمكى ۋاششەرى خارابىسى (بۇ
تۆت ئورۇن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن-
لاردۇر). بۇنىدىن باشقا ئاتا غوجاخان خارابىسى، تاغ ئاغزىدى-
كى تاش قەلئە، ئۈچقۇندىكى تور، سۇ ئايرىشتىكى تور، توبوت
قەلئەسى، هازىرقى مىرەن (جىگدىچى) دىكى بۇددا بۇتخانىسى
شىرغا چاپقان مازار، ئالتۇنتاغدىكى چېگرا قەلئەسى قاتارلىق
جايلار بار. بۇ خارابىلاردىن بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇنقى بۇغ-
داي ۋە تېرىقلار تېپىلدى. قەۋرىلەردىن 6412 يىل بولغان يۇڭ
توقۇلمىلاردا كىيىم كەيگەن جەسەت تېپىلدى. كروورەندىن 4000
يىل بۇرۇن ئىشلىتىلگەن مىس پۇل تېپىلدى. ئالتۇن تاغدىن
10 — 50 مىڭ يىل بۇرۇنقى تاش قوراللار، مىلادى IX، X
ئەسىرگە ئائىت 2000 پارچىدىن ئارتۇق 5000 مىڭ خەتلىك
بۇددا نوملىرى تېپىلدى. بۇ يەردە شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش
كېرەككى، 1959 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق موزې-
يىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى پىشامشان
بەگلىكىنىڭ پايتەختى ئابدال شەھىرى (قەدىمكى مىران) نى
قېزىپ تەكشۈرگەن. نەتىجىدە بۇ خارابىدىن 400 پارچىدىن
كۆپرەك تارشا پۈتۈكلەر، سامان قەغەزگە يېزىلغان هەر خىل
مەزمۇندىكى هۆججەتلەر، مېتال بۇيۇملار ۋە سۆڭەكتىن ياسال-
غان سايمانلار، پار - پۇر بۇيۇملار، ئاشلىق ۋە زىرائەت دانى-
چىلىرى هەم كىگىز، پالاز ۋە گىلەملەرنىڭ پارچىلىرىنى تاپقان.
بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى چوڭ. ئۇز ۋاقتىدا
ياسالغان ئىمارەتلەرنىڭ بىر قىسمى تەبىئەت هادىسىلىرىنىڭ



بۇزغۇنچىلىقى بىلەن هەتتا ئىنزىمۇ قالماسلىق دەرىجىسىگە بېرىپ
يەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئاز بىر قىسىم جايلارنىڭ تاملىرى،
تام هوللىرى ۋە ياغاچ - تاشلىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇ
ئىمارەتلەر ئاساسەن خام كېسەكتىن ياسىلىپ، رەندىلەنگەن
ياغاچ ۋە قۇمۇش بىلەن يېپىلغان. بۇ ئۆيلەر ئۆزىدە قەدىمكى
ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنى نامايەن قىلغان. بۇ ئۆيلەرگە
ئۇيغۇر بىناكارچىلىقىدا چېقىرىلغان قاتار تەكچە، مېھراپلار،
مازار، قەۋرىلەردە ياسىلىدىغان گۈمبەز شەكىللىك ئۆيلەر، مەس-
چىت، مەدرىسىلەردە قوللىنىلىدىغان هەر خىل شەكىللىك بۇرجەكلەر
ۋە ئۇدۇل مورىلىق ئوچاقلار ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئاددىي
ئۆيلەرگە كاڭ سېلىنغان. بولۇپمۇ بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە 6 - نومۇر-
لۇق ئۆي ئالاهىدە بولۇپ، سۇۋاقلىرى ناهايىتى ياخشى، نەقىشلىرى
جانلىق؛ ئاستى تاختايلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پالاز ۋە
ئاچ سېرىق رەڭلىك گىلەم سېلىنغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى بىز-
نىڭ ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زامانلاردىمۇ تاختاي-
لىق ئۆيلەرگە گىلەم سېلىپ، تۈرلۈك زىبۇ - زىننەت
بۇيۇملىرى بىلەن ئۆيلەرنى بېزەپ ئولتۇرغان. تارىخىي
خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۆتۈك ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ رايوندا كەشىپ
بولغان. بۇ پاكىتلار بۇ رايوننىڭ مىلادىدىن بەش مىڭ يىل
بۇرۇنلا مەدەنىيەتلىك رايون بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. لېكىن
بۇ جايلاردىكى خارابىلارنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دې-
گەندەك ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. بۇنى ئىنقىلاپ چىقىش ئارخې-
ئولوگىيە خادىملىرى ئالدىدا تۇرۇۋاتقان مۇشكۈل ۋەزىپە.
تارىخىي خاتىرىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، چاقىلىق بىنا بول-
غاندىن تارتىپ هازىرغىچە ئالتە قېتىم قاتتىق ۋەيران بولۇپ،
يەتتىنچى قېتىمدا بۈگۈنكى دەۋرگە يېتىپ كەلگەن، بۇنداق
ئەھۋال باشقا جايلاردا كام ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆ-
رۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ يەردە ياشىغان خەلقلەرنىڭ ئەمگەك-

چانلىقىنى، ئۆز يۇرتىنى سۆيىدىغان يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس. ئۇنىڭ كۆپ قېتىم ۋەيران بولۇشى ۋە قايتا - قايتا قۇرۇلۇشىغا، ئۇنىڭ باشقا يۇرتلاردىن يىراق بولغانلىقى (كورلىغا 450 كىلومېتىر، چەرچەنگە 420 كىلومېتىر، دوڭخۇاڭغا 739 كىلومېتىر)، شۇنداقلا يىراق چېگرادا بولغانلىقى بىلەن ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئۆزگىچە تەبىئىي شارائىتى سەۋەب بولغان.

چاقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تارىخىي بىر قەدەر ئۇزۇن جايلارنىڭ بىرى. مىلادىدىن بىر نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن تارىم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادلىرى بولغان چارۇقلار (چارۇق — قەبىلە نامى) مۇشۇ جايلاردا ئۆز پائالىيەتلىرى ئارقىلىق چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىلادىدىن مىڭ يىل بۇرۇن يېزىلارنى، شەھەرلەرنى بەرپا قىلغان، مۇشۇ شەھەرلەرنىڭ بىرسى ھازىرقى چاقىلىق ئىدى. ئۇ زامانلاردا بۇ يەر مۇشۇ شەھەرنى بەرپا قىلغان چارۇق قەبىلىسى نامىدا «چارۇقلۇق» دەپ ئاتالغان. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئالىم مەھمۇت قەشقىرى ئۆزىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسىرىدە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىدىن باشلاپ، شەرققە قاراپ تۈرك قەبىلىلىرىنى ساناپ كېلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا چارۇق قەبىلىسىنى تىلغا ئالغان ۋە بۇ قەبىلە چىنغا يېقىن، سانىمۇئاز، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى يوق؛ چارۇق (لۇغ) بۇ ئېيتىلغان ئۇرۇقلارنىڭ ناملىرى، ئۇلارنى قۇرغان ئەڭ بۇرۇنقى بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرىدۇر،دېگەن («تۈركى تىللار دىۋانى» 1- توم 80- بەت). چارۇق (چورۇق) ئىسىملىك كىشىلەر ھازىرمۇ بار. چاقىلىق ئەتراپىدا كىشىلەر ماللىرىغا تامغا باسمايدۇ، بەلكى ئەن سالىدۇ. بۇ يەردە شۇ نەرسە مەلۇمكى، «چارۇق» يەرلىك قەبىلىنىڭ نامى، «لۇق» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلۇنىشى بىلەن كەلگەن «چارۇقلۇق» دېگەن ياسالما ئىسىم، شۇ قەبىلە ياشىغان ماكانىنى بىل-



دۈرىدۇ. بۇ يەر بۈگۈنكى چاقىلىق ئىدى. 1960 - يىللارغا كەلگىچە يېزىقتا «چارقىلىق» دەپ يېزىلاتتى. 1960 - يىللاردىن كېيىن «ر» ھەرپى تاشلىنىپ، ئېغىزدىكى تەلەپپۇز بويىچە «چاقىلىق» دەپ يېزىلىدىغان بولدى. يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش «چارۇقلۇق» دېگەن ئاتالغۇمۇ زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يېزىق بىلەن ئېغىزدىكى تەلەپپۇزنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئاۋۋال «ۇ» كېيىن «ر» ھەرپىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى «لۇق» بۇغۇمىنىڭ «لىق» بولۇپ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە «چاقىلىق» دېگەن ھازىرقى ئىسىم رەسمىيلىشىپ قالغان.

## چىڭ سۇلالىسى دەۋرى

### چاقىلىقنىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشى

1878 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوشۇن ئەۋەتىپ بەدۆلەت (ياقۇپبەگ) نى يوقىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسمىنى قايتۇرۇۋالدى. 1881 - يىلى «جۇڭگو - روسسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ چار روسسىيىنىڭ قولىدىن ئىلىنى قايتۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەن زېمىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. 1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلدى. بۇ چاغلاردا چاقىلىقنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن خوتەن ھۆكۈمرانى نىياز ھېكىمبەگكە ئۆتكۈزۈپ بەردى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي نىياز ھېكىمبەگنىڭ ساداقەتسىزلىكى پاش بولۇپ قېلىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇرۇنقىدەك چاقىلىقنى لوكچۇن ۋاڭلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى (1759 - يىلدىن باشلاپ چاقىلىقنى لوكچۇن ۋاڭلىرى باشقۇرۇپ كەلگەن ئىدى). لوكچۇن ۋاڭ نىياز ھېكىمبەگنىڭ ئادىمى توخسۇن بەگنىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا قۇربان غوجا بەگنى بەگ قىلىپ تەيىنلىدى. توخسۇن بەگ ساداقەتمەن ئادەم بولغاچقا قۇربان غوجا بەگكە مەسلىھەتچى بولۇپ تۇردى.

1898 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 25 - يىلى) چاقىلىق شىنفىڭ ناھىيە (لوپنور) قارمىقىدىكى يېرىم ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇپ، نايىب ھاكىم (ۋەكالەتچى ئامبال) قويۇلدى. بۇ ۋەكالەتچى ئامبال دورالدىكى سېپىلدا تۇردى. ئۆز ئورنىدا چاقىلىقتا بەگلەر ئۈستىدىن نازارەت قىلىشقا تۇرپانلىق زايىتبەگنى (بۇ كىشى ئەخمەت ئاۋۇتنىڭ چوڭ دادىسى ئىدى) ئەۋەتتى. 1903-يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 29 - يىلى) چاقىلىق رەسمىي ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇپ، بۇرۇنقى چاقىلىق قەلئەسىنىڭ غەربىي - شىمالىي بۇرجىكىگە (ھازىرقى تىككەنلىك يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورنىغا) يامۇل سېلىنىپ چيەن دارىن ئامبال بولۇپ كەلدى. بۇ يامۇل ئۈچ دەرۋازىلىق بولۇپ، 1 - دەرۋازىنىڭ ئىچىدە خەۋەرچىلەر، مۇھاپىزەتچىلەر ۋە باشقا يۈگۈر - يېتىمچىلەر تۇراتتى؛ 2 - دەرۋازىنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى تۇراتتى، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىمۇ شۇ يەردە ئىدى؛ 3 - دەرۋازىنىڭ ئىچىدە ئامبال ئائىلە تەۋەلىرى بىلەن تۇراتتى. مۇھىم ئىش چىقىپ قالغاندىلا ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىغا چىقمىسا قالغان چاغلاردا ئائىلىسىدە ئەپيۈن چېكىپ ياتاتتى. ئەگەردە ئامبال سىرتقا چىقسا ياكى سىرتتىن قايتىپ كەلسە، پوجاڭزا ئېتىلىپ، «ئامبال كەلدى» دەپ خەۋەر بېرىلەتتى. ئامبال ئۆتۈپ كەتكىچە كىشىلەر ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

ئۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئامبال دورالغا كېلىپ بىر نەچچە كۈن دەم ئالاتتى. چاقىلىقتا ئامبالنىڭ كەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر بېرىلەتتى. بەگلەر خەلقتىن سېلىق يىغىپ، يۇرت چوڭلىرى ئامبال كېلىدىغان كۈنى چاقىلىقتىن ئون كىلومېتىرچە شەرقتە كەسكەن توغراق دېگەن جايغا ئالدىغا چىقىپ، قوي سويۇپ، زىياپەت تەييارلاپ كۈتۈۋالاتتى. كەسكەن توغراقتا ھازىرمۇ ئون مو كەلگۈدەك بىر سايلىق بار. بۇ سايلىق ھازىرغىچە تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە، «ئامبال چۈشكەن



سايلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. زىياپەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئامبالنى كونا لەڭگەرگە ئېلىپ كېلىپ قوندۇراتتى. ئەتىسى پۈتۈن خەلق ھازىرقى تاشيول ئىدارىسى ئالدىغىچە يىغىلىپ كۈتۈۋېلىپ، يامۇلغا ئەپكىرىپ قوياتتى. ئۇ چاغلاردا ئامباللار كەلگەن چېغىدا بىر يار - يار ھارۋىدا پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن كەلسە، قايتىشىدا 7 - 8، ھەتتا ئون ھارۋىدا بايلىق ئېلىپ قايتاتتى. چيەندارىن (خەلقنىڭ ساقال ئامبال دېگىنى شۇ كىشى) قايتىپ كېتەلمىدى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇ ئۆلۈپ ئورنىغا يېڭىدىن ئامبال كەلگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھازىرقى مال دوختۇرخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىسىنىڭ ئورنىغا بىر بۇتخانا سالدۇرۇپ، چيەندارىننىڭ ھەيكىلىنى قاتۇرۇپ، تەيشا دېگەن بىر قېرى شەيخنى قاراشقا قويدى. يەرلىك خەلق ئۇنى تېپىشىش...شو لوخان دەپ ئاتىدى. كېيىن كەلگەن ئامباللارنىڭ ھەممىسى ھەر كۈنى چيەندارىننىڭ ھەيكىلىدىن مەدەت تىلەپ تاۋاب قىلىپ كۆچە كۆيدۈرەتتى. بۇ توغرۇلۇق چاقىلىقنىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى تەستىق (گۇاڭشۈي خانىنىڭ يارلىقى) ۋە چاقىلىقنىڭ چېگرىسى ھەققىدىكى ماتېرىيال 1951 - يىلى ئىجارە كېمەيتىش ۋاقتىدا توخسۇن بەگنىڭ ئوغلى سادىق موللىنىڭ ئۆيىدىن چىققان. لېكىن بۇ مۇھىم ماتېرىيال بىر قىسىم يەر خېتى ۋە ئىجارىكەشلەرنىڭ قەرز ھېسابىدىكى ھۆججەتلەر بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. چاقىلىق ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاقسۇ دوتەيلىكىگە قارىدى.

## ئىككى قېتىملىق پاراكەندىچىلىك

چاقىلىق ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇربان غوجا بەگ رەسمىي بەگلىكتە ئولتۇردى. بۇ چاغدا ئامباللار بەگلەر-

نىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلاتتى. شۇ چاغدا (مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە) چاقىلىقتا ئىككى قېتىم پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى.

بىرىنچى قېتىم، 1895 - يىلى چىڭخەيدىن بىر قىسىم قوراللىق خۇيزۇلار كېلىپ مىرەننى بۇلاپ كەتكەندە، قۇربان غوجا بەگ يەرلىك پالۋانلارنى تەشكىللەپ، ئۆزى باش بولۇپ، بۇلاڭچىلارنى قۇرالسىزلاندۇرۇپ، بارلىق مال - مۈلۈكنى قايتۇرۇۋالدى. ئۇلارنى دورالغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، دېھقانچىلىق قىلدۇرغان بولسىمۇ، خۇيزۇلار نارازىلىق قىلىپ بوغداي، قوناق ئۇرۇغىنى سۇدا قايناتىپ تېرىغاچقا ئۈنمىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى يۆتكەپ قارا شەھەرنىڭ خۇجۇلۇققا ئورۇنلاشتۇرغان.

ئىككىنچى قېتىم، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا چار روسىيىدىن قېچىپ چىققان بىر قىسىم قوراللىق قازاقلار (ئېھتىمال 1916 - يىلى قازاقىستاندا ئامانگىلدى ئىمانوۋ رەھبەرلىك قىلغان قوزغىلاڭغا قاتناشقانلار بولسا كېرەك. بۇ قوزغىلاڭ چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلغان ئىدى) قارا قوشۇندا نۇرغۇن چارۋىنى بۇلاپ، ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئالتۇنتاغقا قېچىپ بېرىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن قۇربان غوجا بەگ يەنە ئادەم تەشكىللەپ «ئىشەك پاتتى» دېگەن جايدا بۇلاڭچىلار بىلەن سوقۇشۇپ پۈتۈن مال - مۈلۈكنى قايتۇرۇۋالغان. بۇلاڭچىلارنىڭ باشلىقىنى ئۆلتۈرۈپ بېشىنى كېسىپ چاقىلىق بازىرىغا ئاسقان. ئارقىدىن شىنجاڭغا بېرىپ، شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى بىلەن تاغنى بىرلىكتە قوغداش ھەققىدە كېلىشىم تۈزۈپ كەلگەن.



## چاقىلىق بىلەن گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىنىڭ چېگرىسى ھەققىدە

شىنجاڭنىڭ چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن چىڭخەي ئۆلكىسى تەرەپ چېگرىسىدا ئەزەلدىن چېگرىدىكىلەر ئېناق خوشىندارچىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ بىللە ياشىغان. گۇاڭشۈينىڭ 29-يىلىدىكى، شۈەنتۇڭنىڭ بىرىنچى يىلىدىكى جۇڭگو خەرىتىسى، شۈەنتۇڭنىڭ ئىككىنچى يىلىدىكى 4 - سانلىق شىنجاڭ خەرىتىسىدە شىنجاڭ چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ چېگرىسى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ، ئېنىق قىلىپ ئايرىلغان. شىنجاڭ - چىڭخەي چېگرىسى داۋزا (دەرۋازا) دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن، بۇ چېگرىنىڭ شىمالىي قۇچقار، ئوتتۇرىسى داۋزا، جەنۇبىي يۈرەكتاش قىلىپ بەلگىلەنگەن. لېكىن ئەمەلىيەتتە داۋزىدىن 3 - 4 كىلومېتر ئارىلىقتىكى چىڭخەي تەرەپتە تۆت مو يەردىكى بىر ئۇيغۇرلارنىڭ مازىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. شىنجاڭ - گەنسۇ چېگرىسى خان ئامبال بىلەن دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ئىككى ئۆلكە چېگرىسىدىكى يەرلەرنىڭ ناملىرى ھازىرغىچە ئۇيغۇرچە بولۇپ، قىسمەنلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇمۇ پەقەت ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت، خالاس.

مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىلى) دىكى شىنجاڭ خەرىتىسىدە چاقىلىق بىلەن چەرچەن ناھىيىسىنىڭ چېگرىسى ئاقتاز، چاقىلىق بىلەن لوپنور ناھىيىسىنىڭ چېگرىسى يېڭىسۇ بىلەن دورالنىڭ ئارىلىقىدىكى بەش دۆۋە دەپ بەلگىلەنگەن. شۇ يىلى چاقىلىق قارا شەھەر دوتەيلىكىگە ئايرىپ بېرىلگەن.

## چاقىلىقنىڭ چىمەنتاغ رايونىغا ئەۋەتكەن خادىملىرى توغرىسىدا

چاقىلىق ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاۋۋال چىمەنتاغ رايونىغا توختەك شاكىيو (ئەسلى ئىشەكچى، كېيىنكى زامانلاردىكى دوشاڭزۇڭنىڭ ئايشەمخانىنىڭ دەسلەپكى ئېرى) ئەۋەتىلگەن. ئۇ بارغاندىن كېيىن چىڭخەي تەرەپ چارۋىچىلىرى بىلەن (بۇلار ئاساسەن موڭغۇللار) ئاۋۋال چېگرا پاسىلىنى بەلگىلەپ، ئۇ يەرگە تاش ئورناتقان. چارۋىلارنى ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنىڭ تەۋەلىكىگە كىرگۈزمەسلىك، ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالسا ئۆزئارا يول قويۇش، ئىناق قوشنىدارچىلىق قىلىش توغرىسىدا كېلىشىم تۈزگەن. بۇ كېلىشىمدە چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ چېگرىسى داۋزا (دەرۋازا) دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ چېگرىنىڭ شىمالىي «قوچقار»، ئوتتۇرا قىسمى «داۋزا»، جەنۇبىي «يۇرەكتاش» دەپ بەلگىلەنگەن.

1903 - يىلى چاقىلىق ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن تارتىپ، ئازادلىققىچە توختەك شاكىيودىن ھېسابلىغاندا ھاشىم بەگ، روزى ئاخۇن سەخو، ئىمىن بەگ، مەممەت شاھ ھاجىنىڭ ئوغلى قاسىم شاكىيۇ، يولداش شاكىيۇ، ئابدىراخمان ناۋايى، قۇتلۇق ئاخۇن، ئەيسا پەرەڭ، ئىسمايىل غەجىكى ۋە ئىشەكچى قاسىم شاكىيۇدىن ئىبارەت كىشىلەر تاغدا خىزمەت قىلدى.

## جۇڭخۇا مىنگو دەۋرى گىلاۋخۇيچىلارنىڭ ھوقۇق تۇتۇشى

1911 - يىلى شىڭخەي ئىنقىلابى پارتلاپ، مەملىكىتىمىزدە 2000 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال خانلىق تۈزۈم



ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. 1912 - يىلى 1 - ئايدا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي يۇەن شىكەي چوڭ ھوقۇقنى تارتىۋېلىپ، پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈردى. مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا، شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىننىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى. چاقىلىقتا چىڭ خاندانلىقىنىڭ چىرىك سىياسىي تۈزۈمى ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ قالدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چاقىلىقتىكى ئامبىلى ۋە يەرلىك ئەمەلدارلىرى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىدىن خۇددى ۋابادىن قورققاندەك قورقۇپ، ئۇنى ئۆز بۆشۈكىدىلا تۇنجىقتۇرۇۋەتمەكچى بولدى. ئۇلار پۇقرالارنى مەجبۇرلاپ توقماق، نەيزە، قىلىچ ياساتقۇزۇپ گىلاۋخۇيچىلارغا تاقابىل تۇرماقچى بولۇشتى، لېكىن بۇ بىر چىرىگەن كۈچ ئىدى.

بۇ چاغلاردا گىلاۋخۇيچىلار خوتەن، كېرىيە، چەرچەن قاتارلىق جايلارغا توپلىنىپ كۈرەشكە تەييارلىنىۋاتاتتى. بۇ ئىش چاقىلىق ئامبىلى خۇ دارىننى ئىنتايىن ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇ گىلاۋخۇيچىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يوللارنى قامال قىلىپ، ئۆتكەنلەرنى قاتتىق تەكشۈردى. نەتىجىدە خۇ دارىن گىلاۋخۇيچىلاردىن بىر ئادەمنى ئۆلۈمگە بۇيرىدى. بۇ ئىش گىلاۋخۇيچىلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن 1912 - يىلى قىشتا گىلاۋخۇيچىلارنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى چاقىلىققا ھۇجۇم قىلىپ، بىر قىسىم چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنى ۋە ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، خۇ دارىن ۋە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنى ۋە بىر قىسىم ئەمەلدارلارنى يامۇلدىن قوغلاپ چىقاردى. خۇ دارىن ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى توغراقلىق مەھەللىگە چېكىنىپ، ھۇشۇر ئاخۇن قارا پاچاقنىڭ ئۆيىگە كىرىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. گىلاۋخۇيچىلار قاتتىق ئېتىشقان بولسىمۇ، خۇ دارىننى ئۆيدىن چىقىرالمىغان. ھاۋا سوغۇق، دۈشمەن جاھىل، ئامالسىز قالغان گىلاۋخۇيچىلار ئۆيگە ئوت قويغان. شۇ

چاغدىلا ئامبال خۇ دارىن، تەرجىمان قۇربان، لاۋلى ۋە بىر نەچچە مۇھاپىزەتچى تەسلىم بولغان. ئۇلارنى ھازىرقى شەنلوزەن ئورنىدىكى كونا سېپىلغا سولاپ، ئىككىنچى كۈنى ئامبالنىڭ بېشى كېسىلىپ سېپىل دەرۋازىسىغا ئېسىلغان. بۇ ۋاقىئە توغرىلىق خەلق مۇنداق قوشاق قاتقان:

ئاستىندا ياخشى ئات قاچالمىغان خۇ دارىن،
ئۈشنىدە پەرەڭ مىلتىق ئاتالمىغان خۇ دارىن.
ئوچاق تولدى، كۆل قالدى، ئالتۇن - كۈمۈش پۇل قالدى،
ياپ - ياشقىنە تەنەيخان يامان چاغدا تول قالدى.

بۇ چاغ ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇمۇلدا تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىنى باستۇرۇۋاتقان، موڭغۇلىيىدە مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئەۋج ئالغان ۋاقىت بولغاچقا، ئۇنىڭ چاقىلىققا كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋاقتى ۋە كۈچى يېتىشمىگەنىدى.

## گىلاۋخۇيچىلارنىڭ باستۇرۇلۇشى

1913 - يىلى تۆمۈر خەلپە ئۈرۈمچىگە ئالداپ كەلتۈرۈلۈپ 6 - سىنتەبىردە ئۆلتۈرۈلدى، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى باستۇرۇلدى. ياڭ زېڭشىن 1915 - يىلى يۈەنشىكەينىڭ خانلىق تۈزۈمىنى ياقلاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن چاقىلىقتىكى گىلاۋخۇيچىلارنى باستۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. مۇشۇ چاغدا چاقىلىق خەلقى گىلاۋخۇيچىلارنىڭ ئېغىر ئالۋاڭ - سېلىقى، زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىدىن قېچىپ، چەرچەن دەرياسى ياكى لوپنۇر كۆلى، تارىم دەرياسى بويلىرىغا بېرىپ يوشۇرۇنۇشقا باشلىدى. گىلاۋخۇيچىلاردىن بىزار بولغان چاقىلىق خەلقى 20 نەچچە كىشىلىك «ئەرز سۇنۇش ئۆمىكى» تەشكىللەپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. ئۇلار-



نىڭ ئەرزى 1914 - يىلى قىشتا ياڭ زېڭشىننىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى. بۇ چاغدا ياڭ زېڭشىن گىلاۋخۇيچىلارنى باستۇرۇشنى پىلانلاۋاتاتتى. 1915 - يىلى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى تۇڭ مىڭسەي باشچىلىقىدىكى 500 كىشىلىك قوشۇننى چاقىلىقتىكى گىلاۋخۇيچىلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار چاقىلىقتىن 70 كىلومېتىر كېلىدىغان شىمالدىكى قورغان دېگەن جايغا يېتىپ كېلىپ، يەتتە كىشىنى گىلاۋخۇيچىلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش ئۈچۈن ئەۋەتتى. لېكىن ئۇلارنى گىلاۋخۇيچىلار ئۆلتۈرۈۋەتتى. تۇڭ مىڭسەي ۋاششەرى، مىرەن تەرەپلەرگىمۇ ئادەم ئەۋەتتى. گىلاۋخۇيچىلاردىن قېچىپ يۈرگەنلەر تۇڭ مىڭسەي ئەتراپىغا توپلاندى،

ۋاششەرنىڭ چوڭ ئۆلىماسى رازاق ئاخۇنۇمنىڭ ئوغلى ئوسمان شاكىيۇ 20 - 30 ئادەم بىلەن كەلدى. تۇڭ مىڭسەي 50 - 60 ئەسكەرنى گىلاۋخۇيچىلارنىڭ دۇگخۇاڭغا قېچىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئوسمان شاكىيۇ باشچىلىقىدا 70 - 80 ئادەمنى چاقىلىق - ۋاششەرى ئارىلىقىدىكى تاتلىق بۇلاق، چەش دۆڭ، قۇيرۇق ئاسقان، شاپلىق دېگەن جايلارغا يول توسۇشقا ئەۋەتتى. تۇڭ مىڭسەي، ئوسمان شاكىيۇنىڭ يەتكۈزگەن ئاخباراتىدىن گىلاۋخۇيچىلارنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىنى ئېنىق بىلىۋالىدۇ.

گىلاۋخۇيچىلار چاقىلىق غەربىي سېپىلدە زاپاس كۈچ توپلاپ دەريادا جەڭ قىلىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، لېكىن تۇڭ مىڭسەي كېچىسى قاراۋۇللارنى بوغۇزلاپ، بازارنى ئىشغال قىلىپ سېپىلنى شىمال، شەرق، جەنۇب تەرەپلەردىن قورشىۋالىدۇ، گىلاۋخۇيچىلارنىڭ پىلانى بۇزۇلىدۇ. 1915 - يىلى 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا باشلانغان بۇ جەڭ ئىككى كېچە ئۈچ كۈندۈز داۋام قىلىندۇ. گىلاۋخۇيچىلارنىڭ ئوق - دورىسى تۈگەپ، غەربىي دەرۋازىنى ئېچىپ چەرچەن تەرەپكە چېكىنىدۇ. دەرۋازا ئاغزىدا گىلاۋخۇيچىلاردىن ئالتە كىشى ئۆلىدۇ. قالغانلار قۇيرۇق ئاس-

قان دېگەن جايدا ئويۇلمىغان يەردىن ئوسمان شاكىيو باشچى-
لىقىدىكى پىستىرما قوشۇنغا دۇچ كېلىپ، جان تىكىپ ئېلىشقان
بولسىمۇ، گىلاۋخۇيچىلاردىن 50 — 60 ئادەم ئۆلدى. باستۇرۇپ
كەلگەن توڭ مىڭسەي باشچىلىقىدىكى قوشۇندىنمۇ يۈزدەك ئادەم
چىقىم بولدى. قالغان گىلاۋخۇيچىلار تەسلىم بولدى. تەسلىم
بولغانلار چاقىلىقتا ھەيدەپ كېلىنىپ، ئۇلاردىن 50 نەچچە كىشى-
نىڭ بېشى كېسىلدى. گىلاۋخۇيچىلاردىن قويۇلغان ئامبال بىلەن
توڭ نۇگىنىڭ بېشى كېسىلىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلدى. شۇنىڭدىن
كېيىن ياڭ زىڭشىنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى قايتا تىكلەندى.

## 1932 — يىلىدىن 1937 — يىلىغىچە بولغان بەش يىللىق پاراكەندىچىلىك

### چاقىلىق دېھقانلار قوزغىلىڭى

جىن شۇرېن شىنجاڭ ھاكىمىيىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەز-
گىلىنىڭ دەسلەپىدە جەن شىكۇي (1932 — يىلى كورلىدا قوزغى-
لاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن) چاقىلىق قىسىملىرىنىڭ تۈەن-
جاڭى بولۇپ، كېيىنكى يىللىرى 128 — بىرىگادىنىڭ لۈيجاڭلى-
قىغا ئۆستۈرۈلۈپ، بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن كورلىغا يۆتكى-
لىپ كەتكەن. چاقىلىقتا بىر يىڭ ئەسكەر بىلەن دوك يىڭجاڭ
(بۇ ئادەم دۆمچەك بولغاچقا كىشىلەر دوك يىڭجاڭ دەپ ئات-
قان. دوك ئىسمى ئەمەس، ئەيىبى ) قالدى. جەن لۈيجاڭنىڭ پوچ-
تىسىنى ھاشىم دېگەن ئادەم ھەيدەيتتى.

1933 — يىلى تۇرپان ئاستانىلىق مۇھەتىللار ئائىلىسىنىڭ
ئەڭ چوڭى مۇسۇلباي (تۇرپان، توخسۇن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ
باش مەسلىھەتچىسى) 2 — ئاينىڭ 3 — كۈنلىرى شىڭدى تېغى
ئارقىلىق تارىم دەرياسىنى بويلاپ، كېچىسى چاقىلىققا كېلىپ،



باۋۇدۇن ھاجىنىڭ ھازىرقى ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئورنىدىكى
جايىغا چۈشكەن. ئەتىسى چاقىلىق مۆتىۋەرلىرىدىن ئابدۇكېرىم
ئەلەم، ئېزىز ھاجىلارنى چاقىرىپ، چاقىلىقتىكى قوراللىق قىسىملارنى
قانداق قورالسىزلاندۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەتلەشكەن. مەسلىھەت
بويىچە خوجىنىياز ھاجى نامىدىن بىر پارچە خەت يازغان، (خەتنىڭ
مەزمۇنى: «مەن 5000 ئەسكەر بىلەن تىكەنلىككە يېتىپ كەلدىم،
دەرھال قورال تاپشۇرۇڭلار، قارشىلىق كۆرسەتسەڭلار قىرىپ تاشلىنى-
سىلەر» دېگەندىن ئىبارەت)، بۇ خەتنى موسۇلباي بىلەن كەل-
گەنلەردىن بى لوزۇڭ (خۇيزۇ)، قاسىم ھاجى، يۈسۈپ رەئىس
(ئۇ تىكەنلىكتىكى غوجەك ھاجىنىڭ ئوغلى) يەرلىكلەردىن
ئابدۇكېرىم ئەلەم، ئېزىز ھاجى، سامساق كۆكبېشى قاتارلىق
ئونغا يېقىن ئادەم دوك يىڭجاڭغا تاپشۇردى ھەم كېچىسى خە-
لقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئەسكەرلەر تۇرغان شەرقىي سېپىلنى
چەمبەرسىمان قورشىۋالدى. خەتنى كۆرگەن دوك يىڭجاڭ ئەتراپ-
نى كۆزىتىپ بېقىپ، ئامالسىزلىقتىن شەرتسىز تەسلىم بولدى
ۋە بارلىق قوراللارنى تاپشۇردى. قوزغىلاڭچىلار قوراللارنى
تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئەسكەرلەرنى تارقىتىۋەتتى. ئارقىدىنلا كونا
ياموۇلغا بېسىپ كىرىپ ئامبالنى قورالسىزلاندۇردى. قوزغىلاڭ-
نىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى كۆرگەن مۇسۇل مۇھىتى ۋاڭ نىيازنى
(خۇيزۇ)، چاقىلىقتىن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ يوللىرىنى ياخشى
بىلىدىغان باۋۇدۇن ھاجىنىڭ ئىنىسى ئىمىن شەيتاننى ئېلىپ،
ماجۇڭيىڭنى ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا باشلاپ كېلىش ئۈچۈن
دۇڭخۇاڭغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. بۇلارغا قوشۇلۇپ خەنزۇچىنى
ياخشى بىلىدىغان يولۋاسمۇ (قومۇلغا ۋالىي بولغان) بىللە باردى.

مۇسۇل مۇھىتلار گەنسۇ تەرەپكە كەتكىنىدىن كېيىن،
ئابدۇكېرىم ئەلەم قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ، چاقىلىقتا قىمار-
خانا ئاچقان، گۆرەخانا ئاچقان، پاھىشىخانا (مەخسۇس جەن-
لۈيجاڭ ئەسكەرلىرى ئۈچۈن) ئاچقان، دۇڭجا مەرەمنىڭ جايىدا

(ھازىرقى پوچتىخانا ئورنىدا ئىدى) قاۋاقخانا ئاچقان كىشىلەردىن بىرقانچە كىشىنى جازالاپ، مال - مۈلكى كۆيدۈرۈلۈۋېتىلىدۇ. پاھىشە بىلەن شۇغۇللانغان بەزى ئاياللار قاتتىق جازالىنىدۇ. چىيەن دارىنىڭ ھەيكىلى بار بۇتخانا چېقىپ تاشلىنىدۇ. توغرا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان دو بوجاڭ (كېيىنكى ۋاقىتتىكى دۇشاڭ زۇڭ) قاتارلىق بىر قىسىم خەنزۇ پۇقرالارغا ئىمان ئېيتقۇزۇپ، «ئىسلام ئاخۇن» دەپ ئىسىم قويۇپ، ئۇلارغا تەگمەيدۇ. دوشاڭزۇڭغا ئايشەمخاننى شۇ چاغدا قوزغىلاڭچىلار نىكالاپ قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئەلەم 50 - 60 ئادەمنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، ئەسكەرلەرنى قوراللاندۇرۇپ، ئاشقان قوراللارنى ئاتقا ئارتىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ، شايار ئارقىلىق كۇچارغا بېرىپ، تۆمۈر ئېلى قىسىملىرىغا قوشۇلىدۇ. بۇ چاغدا چاقىلىقنى ئىبىزھاجى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئاقسۇ - قارايۇلغۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، لۈكچۈنلۈك گاجىت بەكرى چاقىلىققا ھاكىم، تۇردى (كۇچالىق) يىڭجاڭ، يەرلىكتىن ئابدۇكېرىم ئەلەم (ئەلەملىك بۇ كىشىنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن مىراس قالغان) يىڭجاڭ قىلىنىپ، رەسمىيەتلىرى بىلەن چاقىلىققا ئەۋەتىلگەن. شۇ يىلى يازدا قىسىملار تەرتىپكە سېلىنىپ، ئابدۇكېرىم ئەلەم بىلەن ئىبىزھاجى باشقۇرۇپ كەلگەن يەرلىك قىسىملار بىلەن تۇردى يىڭجاڭ باشقۇرۇشىدىكى ماخمۇت سىجاڭ ئەۋەتكەن قىسىملار بىرلەشتۈرۈلۈپ، قۇربان سوپى باشچىلىقىدىكى 50 نەچچە ئادەم شىنجاڭ - چىڭخەي چېگرىسىدىكى دەرۋازىنى، ھوشۇر لەنجاڭ قىسمى مىرەننى، سامساق كۆك بېشى، رۇستەم (كېيىن باۋجاڭ بولغان) باشچىلىقىدىكى قىسىم دورال يېڭىسۇ چېگرىسىنى، ھاشىمتاغ، ماگازباي باشچىلىقىدىكى قىسىم ۋاششەرى بىلەن ئاقتاز ئەتراپىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئىبراھىم ياخاڭ (تۇرپانلىق)، ئامبال بارات، ئايۇپ فۇگۇەن، قۇربان چاپسان قىسىملىرى چاقىلىقنى



مۇھاپىزەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان (شۇ چاغدا پىچان، تۇرپان خەلقى قىرغان ئاق رۇس جاللاتلىرىدىن 53 ئادەمنى يېڭىسۇ، قارادايى ئەتراپىدا قوزغىلاڭچىلار يوقاتقان). شۇنىڭدىن كېيىن تۇردى يىڭجاڭ بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن ئەھۋالنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن قۇمۇل ئىچى بىلەن قەشقەر تەرەپكە كەتكەن.

## كامال داموللىنىڭ كېلىشى

1933 - يىلى قىش بېشىدا خوتەنلىك شامەنسۇر، ئىمىر ساھىبلارنىڭ ئادىمى كامال داموللىنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ چەرچەندىن يولغا چىققانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر چاقىلىققا يېتىپ كېلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇكېرىم ئەلەم ئۈچيۈزدەك ئادەمنى باشلاپ، «خوتەنلىكلەرنى يۇرتىمىزغا كىرگۈزمەيمىز» دەپ «چاپان قالدى» غا بېرىپ توسايدۇ. كامال داموللىنىڭ ۋەكىلى دىلدىر شاخان (ئاۋغان) ئابدۇكېرىم ئەلەمگە كۆپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇكېرىم ئەلەمنى قايىل قىلالمايدۇ. نەتىجىدە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كامال داموللا ئەسكەرلىرى بېسىپ كېلىدۇ. ئابدۇكېرىم ئەلەم چاقىلىقنى تاشلاپ بېرىپ، قىچپىپ تىكەنلىككە (ھازىرقى 34 - تۇەن) بېرىۋالىدۇ. كامال داموللا 1934 - يىلى 7 - ئايغىچە تۇرۇپ چاقىلىققا خېلى كۆپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرىدۇ. ئادەم كۆپ بولغاچقا، ئەسكەرلەرنى تەمىنلەپ كېتەلمەيدۇ، نەتىجىدە ئۇلار چەرچەنگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتلاردا كامال داموللىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئىنتىزامى چىڭ، يۈرۈش - تۇرۇشى رەتلىك بولغاچقا، شۇنداقلا بەش ۋاق ناماز ئوقۇغاچقا، كىشىلەر «راستىنلا ئىسلام قوشۇنى ئىكەن» دېيىشكەن. شۇ چاغلاردا كامال داموللىنىڭ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە چاقىلىق قوزغىلاڭچىلىرى ئارىسىدا تەۋرى-

نىش پەيدا قىلغان بولسىمۇ، مۇشۇ ۋاقىتتا يېتىپ كەلگەن تۇردى يىڭجاڭ بۇرۇنقى ئابدۇكېرىم ئەلەم، ئېزىزھاجى قوشۇنلىرىنى، ۋە ماخمۇت سىجاڭنىڭ ئاقسۇ، قەشقەر تەرەپتىن ئەۋەتكەن قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، كامالداموللا قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرغان. بۇ چاغلار خوجىنىيازھاجى بىلەن شېڭ شىسەي ئاللىقاچان مۇرەسسەگە كېلىپ، چاقىلىق قىسىملىرىنى ھەربىي تەمىنات بىلەن 36 - دىۋىزىيە قارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ (شتاپ قەشقەردە) بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شېڭ شىسەيگە ئىتائەت قىلمىغانىدى.

1934 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرى چەرچەن تەرەپتىن جامال بىلەن تۇردى جان — «چاقىلىقنى سورايمىز» دەپ كەلگەن. نەتىجىدە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كېرەم شاڭيۇنىڭ يار بېشىدا (ھازىرقى نېفىت شىركىتى ئورنىدا) بىرنەچچە سائەتلىك قىسقا جەڭ بولۇپ، بىرقانچە ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، جامال بىلەن تۇردىجان تىرىك تۇتۇلۇپ، ئەسكەرلىرى قورالسىزلاندۇرۇلغان. جامال نەسىھەتنى ئاڭلىماي ئابدۇكېرىم ئەلەمنى ھاقارەتلىگەنلىكتىن ئابدۇكېرىم ئەلەم خەنجىرىنى ئېلىپ جامالنىڭ پېشانىسىغا پىلوس بەلگىسىنى سىزىپ قويۇۋەتكەن. بۇ توغرۇلۇق قوشاقچى ياسىن سادىق مۇنداق قوشاق قاتقان:

دەڭگىرەكلەپ① كېلىپتۇ، جامال بىلەن تۇردىجان،
لوپلۇقلارنى كۆردۈڭمۇ، پېشانەڭدىن ئالدى قان.

شۇ ۋاقىتلاردا تۇردى موللام، ئەيسا پەشتاق، قۇربان چاپسان، رۇستەم، سەيدەك، سامساق كوكبېشى، ئىبراھىم ياخاڭ، ھوشۇرلەنجاڭ قاتارلىق كىشىلەردىن ئالاقىچىلار گۇرۇپ-

① دەڭگىرەكلەپ - چوڭ سۆزلەپ، پو ئېتىش دېگەن مەنىدە.



پىسى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ئارقىلىق يول ئېچىپ، مارالبېشى ئارقىلىق ماھمۇت سىجاڭ بىلەن ئالاقە ئورناتقان. گەنسۇ - چىڭخەي تەرەپكە مەخسۇس ئادەم قويۇلغاندىن سىرت، ئاق ئاخۇن (كېيىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن) چەرچەنگە، ئارىپ لەنجاڭ، ھاشىم پوچتىكەش كورلىغا ئەۋەتىلىدۇ، ئۇلار قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى يېڭى-يېڭى ئاخباراتلار بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ.

## قاراشەھەر ۋالىيسى ياڭ مىڭجۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

1934 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدە «1 - ئاۋغۇست تىنچلىق يىغىنى» چاقىرىپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس بولغانلىقىنى، شىنجاڭنىڭ تىنچلانغانلىقىنى جاكارلىغان. لېكىن ئارىدا كىمدۇر بىرسى: «چاقىلىق تېخى بويسۇنمىدى» دېگەن. شېڭ شىسەي يېقىندىلا قاراشەھەرگە ۋالىي بولغان ياڭ مىڭجۇنى (ئۇ مۇشۇ يىغىندا بار) چاقىلىقنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتكەن. ياڭ مىڭجۇ ئامېرىكىدا ئوقۇغان، شېڭ شىسەي بىلەن بىر يۇرتلۇق ۋە تونۇش، گومىنداڭنىڭ CC گۇرۇھىغا مەنسۇپ، مەنسەپ خومارى كۈچلۈك قارا نىيەت ئادەم ئىدى. 1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئۇ 40 نەپەر ئەسكەرنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن كېلىپ كونا يامۇلغا چۈشىدۇ. 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرىدىغانلىقىنى، كەچتە سۆھبەت يىغىنى ئاچىدىغانلىقىنى، ئاخىرىدا زىياپەت بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇقتۇرۇش بويىچە بىرنەچچە يۈز قوزغىلاڭچىلار توپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ھويلىنىڭ ئەتراپىغا پىلىموتلارنى تەييارلاپ يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. ياڭ مىڭجۇنىڭ بۇ خىل

قىلمىشىدىن سەھنىدە ياك مىڭجونىڭ يېنىدا ئولتۇرغان تۇردى يىڭجاڭ بوگۈنكى ئىشنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن قۇرۇلغان قاپقان ئىكەنلىكىنى چۈشۈنىدۇ - دە، دەرھال قورالىنى ئېلىپ سەكرەپ تۇرۇشىغا ئۇنى يېنىدىكىلەر تۇتۇۋالىدۇ. ئەتراپتىكى پىلىموتلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ بېشىدىن ئوق ئۈزۈشكە باشلايدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئامالسىز ياك مىڭجۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قوراللىرىنى تاپشۇرىدۇ. تۇردى يىڭجاڭنى مىرەنگە ئېلىپ بېرىپ قامايدۇ. 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى ياك مىڭجۇنىڭ نەنجىڭگە ماڭغۇزغان ئادىمى چىڭخەي — شىنجاڭ چېگرىسىدىكى داۋزىدا قوزغىلاڭچىلار زاستاۋىسىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ. ئەھۋالنى ھاكىم گاجىت بەكرىگە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، گاجىت شەنجاڭ، ناسىرھاجىملار كېچىسى ياندىشقاق دېگەن جايغا بېرىپ، تۇتقۇننىڭ ياك مىڭجۇنىڭ ئادىمى، قولىدىكى جاڭ جىيشىغا يازغان خەت ئىكەنلىكىنى تولەيفو (تۇردى بەگ) ئارقىلىق بىلىدۇ. بۇ خەتتە: «شىڭ شىسەي گۇڭچەندالىڭ بىلەن بىرلىشىپ، شىنجاڭنى سوۋېتكە سېتىۋەتتى. شىڭ شىسەي، ماھمۇت مۇھىتى، ماخۇسەن ئۈچ تەرەپ بولۇپ ئۇرۇشۇۋاتىدۇ. مەركەز چاقىلىق ئارقىلىق ئەسكەر ئەۋەتسە، مەن چوقۇم شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرىمەن» دېيىلگەن.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، دورالدىكى قاراۋۇللار ئىككى ئادەمنى تۇتۇۋالغان ۋە بىر پارچە ھۆكۈمەت ئالاقىسىنى قولغا چۈشۈرگەن. خەتنى گاجىت شەنجاڭغا ئەۋەتكەن. بۇ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ «تۇردى يىڭجاڭ ئېتىلسۇن» دېگەن بۇيرۇقى ئىكەن. بۇ ئارىلىقتا ياك مىڭجۇ ئابدۇكېرىم ئەلەمگە: «ۋالىيلىقنى سىزگە تاپشۇردۇم» دەپ بىردانە يالغان تامغىنى بەرگەن. ئابدۇكېرىم ئەلەم دەرھال قوزغىلاڭچىلاردىن يۈز ئۇرۇپ، ياك مىڭجۇ تەرەپكە ئۆتكەن ۋە گەنسۇدىن ئېلىپ كەلگەن، ھازىر مۇسۇلمان بولۇپ ئۆز ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان خەنزۇ قىزىنى خوتۇنلۇققا بېرىپ،



ياك مىڭجۇنى شەھەردىكى ئۆيىگە (بۇ ئۆي ھازىرقى سودا شىركىتىنىڭ ۋېلىسىپىت قۇراشتۇرۇش رېمونت قىلىش ئورنىدا ئىدى) ئورۇنلاشتۇرغان. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئايۇپ فۇگۇەن بىلەن تۇردى يىڭجاڭنىڭ ئايالى ھاشىخان يوشۇرغان قوراللارنى ئېلىپ 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مىرەنگە بېرىپ تۇردى يىڭجاڭنى قۇتقۇزۇپ چىققان. ئۇلار تۇردى يىڭجاڭنى توختى ئاخۇن شاخار (ھازىرقى 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئائىلىلىكلەر قورۇسى ۋە ۋودوپرووود شىركىتىنىڭ دەرۋازىسى ئورنىدا ئىدى) نىڭ كۆلى بېشىدىكى سۆگەتكە باغلاپ قويۇپ، ئابدۇكېرىم ئەلەمگە: «قاچقۇن تۇردى يىڭجاڭنى تۇتۇپ كەلدۇق، دوتەي جانابلىرى ئۆز قولىغا ئالسۇن» دەپ خەۋەر بەرگەن. ئەھۋالنى چۈشەنمىگەن ئابدۇكېرىم ئەلەم دەرھال تۆت مۇھاپىزەتچىسى بىلەن يېتىپ بارغان. تەييارلىنىپ تۇرغان تۇردى يىڭجاڭنىڭ ئادەملىرى ئابدۇكېرىم ئەلەم ۋە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئابدۇكېرىم ئەلەمنى پۇتىدىن سۆگەتكە تەتۈر ئېسىپ، بېشىنى سۇغا تىقىپ تۇرۇپ سوراق قىلغان. ئابدۇكېرىم ئەلەم ھەممىنى ئىقرار قىلغان. نەتىجىدە تۇردى يىڭجاڭنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرى ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ بازاردىكى ئۆيىدىكى ياك مىڭجۇنى قورشۇۋالغان. بىر قىسمى ئابدۇكېرىم ئەلەمنى سولاپ، ئادەملىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ تارقىتىۋەتكەن. لېكىن ياك مىڭجۇ ئۆزى تۇرغان ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ جايىغا ئوت قويۇۋېتىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتكەن.

10 - ئاينىڭ 28- كۈنى ياك مىڭجۇ تۆت ئەسكىرى بىلەن قاچقاندا ياقۇپباي قورۇقتا ئارقىسىدىن قوغلاپ يەتكەن. 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چاقىلىقتىن 60 كىلومېتىر غەربىتىكى «كالا ئۆلگەن» دېگەن جايغا بېرىپ، تۆت مۇھاپىزەتچىسى بىلەن بىر دۆڭگە ئورۇنلىشىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. نەتىجىدە قوزغىلاڭچىلار

ھېچقانداق چىقىم تارتماي ياڭ مىڭجۇ ۋە ئۇنىڭ تۆت مۇھاپىزەتچىسىنى قىرىپ تاشلىغان. بۇ دۆڭ ھازىرغىچە «دوتەي ئۆلگەن دۆڭ» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ياڭ مىڭجۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، ۋاششەرىدىكى رازاق ئاخۇنۇمنىڭ دەۋازىسىغا ئاسىدۇ.

ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ ياڭ مىڭجۇغا ياخشىچاق بولۇپ، ئۆز مال - دۇنياسى ۋە ئەمەلىي ھوقۇقىنى قوغداپ، جان ساقلىماقچى بولغانلىقى، ھالقىلىق پەيتتە قوزغىلاڭچىلار تەرەپتە تۇرمىغانلىقى، تۇردى يېڭجاڭنى كۆزدىن يوقىتىپ، چوڭ مەنسەپكە ئىگە بولماقچى بولغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر سەۋەبىدىن قوزغىلاڭچىلار كېڭىشىدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەردىن باۋۇدۇن ھاجى، ناسىر ھاجى، گاجىت بەكرى (ھاكىم)، تۇردى يېڭجاڭ، رازاق ئاخۇنۇمنىڭ ئوغلى، ئوسمان شاڭيۇ، ئىبزىز ھاجىملار... مەسلىھەتلىشىپ ئابدۇكېرىم ئەلەمگە تەربىيە بېرىپ، نەسىھەت قىلىش ۋە سەپتىن چېكىندۈرۈش قارارىنى چىقارغان.

## ماخۇسەن يېڭىلىقى

1935 - يىلى 3 - ئايدا ماخۇسەن قوشۇنلىرى چەرچەندىن كېلىپ چاقىلىققا ھۇجۇم قىلىدۇ. پۇقرالارنى تۇردى يېڭجاڭ چەرچەن دەرياسى بويىدىكى يايلاقلارغا ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزى سىپىل ئىچىدە ماخۇسەن قوشۇنلىرىنى كۈتۈپ مۇداپىئەدە تۇرىدۇ، ئۇلار ئۈچ كۈن ئۇرۇشۇپ چاقىلىقنى ئالالمىسلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ھىيلە ئىشلىتىدۇ. ئوقياغا بىر پارچە خەت باغلاپ، سىپىل ئىچىگە ئاتىدۇ. ئۇ خەتتە: «قۇتلۇقنىيازنىڭ تۇغمەن بېشىغا ئوندىن ئارتۇق ۋەكىل ئەۋەتىڭلار، سۆھبەتلىشىمىز» - دېيىلگەن. تۇردى يېڭجاڭ چاقىلىق تەرەپنىڭ مەيدانىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قاسىم ھاجىم باشلىق 12 نەپەر ۋەكىل ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق سۆھبەت بولمىغان.



ماخۇسەنلەر 2000 سەر ئالتۇن بىلەن چاقىلىقنى دەرھال تاپشۇرۇشنى بۇيرىغان. ۋەكىللەر ماخۇسەنلەرنىڭ سۆزىنى رەت قىلغانلىقتىن ئۇلارنى چەرچەنگە ھەيدەپ ماڭغان. بۇنى ئاڭلىغان تۇردى يېڭجاڭ، گاجىت بەكرى، ئىبزىز ھاجىملار غەزەپلىنىپ، چەرچەندىكى ماخۇسەن قوشۇنلىرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلغان.

1935 - يىلى 5 - ئايدا ئۇلار چەرچەن تاتىراڭ يېنىغا جايلاشقان تاختىپەرە دۆڭدە تۇرۇشلۇق ماخۇسەن قاراۋۇللىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ، 12 ۋەكىل ئۈچۈن ئۈچ ئېلىش نىيىتىدە ئۈچ ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەندىن باشقا ماخۇسەنلەرنىڭ مۇداپىئەسى ھەققىدە ھېچقانداق ماتېرىيالغا ئىگە بولالمىغان. مۇشۇ ۋەقەدىن 4 - 5 ئاي بۇرۇن ۋاششەرى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى ئوسمان شاڭيۇ، تۇرسۇنباي قاتارلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ماخۇسەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. شۇ ۋاقىتتا تۇردى يېڭجاڭلار چاقىلىقنى ساقلاشقا ھوشۇر لەنجاڭ باشچىلىقىدا 50 نەپەر ئەسكەر قالدۇرۇپ، ماخۇسەنگە قارشى يۈرۈش قىلغان. لېكىن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سامساق كۆكبېشى، رۇستەم (كېيىنكى باۋجاڭ) باشلىق 30 نەچچە كىشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھوشۇر لەنجاڭنى باغلاپ قويۇپ، ئابدۇكېرىم ئەلەم قاتارلىق بىرنەچچە نەزەربەنت قىلىنغانلارنى ئېلىپ تارىم دەرياسىنىڭ ئاغامچا باغلىغان دېگەن جايىغا قېچىپ كەتكەن.

تاختاپەرەدۆڭدە 1935 - يىلى 21 - ماي كۈنى قاتتىق جەڭ بولغان. ئەسلىدە تۇردى يېڭجاڭ باشچىلىقىدا قۇربان چاپسان، ئىبراھىم ياخاڭ، ئامبال بارات باشلىق 300 جەڭچى بايراقچى ھاشىخان، نۇربەختى (كانايچى) لەر ئالدىنقى سەپتە، ئايۇپ فوگۇەن 400 ئەسكەر بىلەن ئوتتۇرا سەپتە، گاجىت بەكرى (ھاكىم)، ئىبزىز ھاجىلار 300 ئەسكەر بىلەن پىستۇرمىدا تۇرغان (يەنى ئارقا سەپتە تۇرغان). ماخۇسەنلەر ئۇيغۇرلاردىن

مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئېلىپ تەشكىللىگەن 200 نەپەرچە ئاتلىق قوشۇننى ئالدىدا ھوجۇمغا سالغان. ئۆزلىرى بولسا بوستان توغراق، جىگدە قۇدۇق ئەتراپىدا چاقىلىق قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈۋېتىپ، غەرب، شەرق، جەنۇبتىن بىراقلا شىمالدىكى چەرچەن دەريا بويىدىكى سازلىق ۋە پاتقاقلىققا قىستىغان. ھەقىقىي جەڭ تەجرىبىسى بولمىغان قوشۇن گاڭگىراپ قېلىپ، سەپلىرى قالايمىقانلىشىپ كېتىپ، يەر شارائىتى ناچار ئەھۋالدا 1000 ئەسكەر قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان. دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتمەكچى بولغان 200 ئاتلىق پاتقاققا چۈشۈپ قېلىپ ماخۇسەنلەر قولىدا ئۆلگەن. ھاشىخان باشلىق 300 كىشى ئەسىرگە چۈشكەن. قالغان 300 ئادەم چېچىلىپ كەتكەن. ماخۇسەن تەرەپتىنمۇ 300 دەك ئادەم ئۆلگەن.

قورشاۋنى بۆسۈپ چىققان 200 دىن ئارتۇق ئادەم 25-ماي كۈنى كېچىدە ۋاششەرىگە كېلىپ، ناسىر ھاجىم بىلەن مەھەممەت يۈسۈپ ئەرۋاھنىڭ جايىغا چۈشكەن. ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن ماخۇسەن قوشۇنلىرى يولدا ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئوسمان شاگيۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن كېچىدە ۋاششەرىگە كېلىپ، تۇردى يىڭجاڭ ئەسكەرلىرىنى قورشىۋالغان. ئىككى تەرەپ 27-مايغىچە ئېتىشقان. تۇردى يىڭجاڭ، گاجىت بەكرى، ئايۇپ فۇگۇەن، ئەزىز ھاجىم قاتارلىق كىشىلەر قورشاۋنى بۆسۈپ قۇتۇلۇپ چىققان. لېكىن شۇ نۆۋەتتە ۋاششەرىدە 300 دەك ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن، نۇرغۇن ئۆيلەر كۆيدۈرۈلگەن چاقىلىق ئەھۋالىنى ھوشۇر لەنجاڭدىن ئۇققان. تۇردى يىڭجاڭ، ئايۇپ فۇگۇەن، تۇردى مولللام، ئەيسا پەشتاق قاتارلىق ئون نەچچە كىشىنى ئېلىپ، تارىمنى بويلاپ مارالبېشى ئارقىلىق قەشقەرگە كەتكەن. ماخۇسەنلەر چاقىلىقنى ئىگىلىگەن. لېكىن ئۇلار كۈتكەن بايلىققا ئىگە بولالمىغان. شەھەردە قېپقالغان قېرى - چۆرىلەرنى يىغىپ، خەلقنى قورقۇتۇش ئۈچۈن سەيدەك قوزۇقنى



(تۇردى يىڭجاڭ ئادىمى) چېپىپ تاشلىغان. (سەيدەك چەرچەندە تۇرۇشلۇق رازۋېتچىك، قوزۇق مەخپىي ئىسمى).

1935 - يىلى 6 - ئايدا ماخۇسەنلەر ئابدۇكېرىم ئەلەمنى يوقىتىش ئۈچۈن ئاغامچا باغلىغان تەرەپكە بارغان. لېكىن ئابدۇكېرىم ئەلەم ئايغاقچىلارنى ئەۋەتىپ، «ئاغامچا باغلىغانغا 5000 ئەسكەر توپلاندى» دەپ خەۋەر تارقاتقان. كېچىسى بىرنەچچە يۈز يەرگە گۈلخان ياقتۇرغان. بۇنى كۆرۈپ ماخۇسەنلەر شىڭشىسەي كورلا تەرەپتىن ئەسكەر كىرگۈزگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان، لېكىن جامال بۇنىڭغا ئىشەنمىگەن. ماخۇسەنلەرنىڭ تەكشۈرۈش رازۋېتكا ئەترىتى (جامالمۇ بار) دەريا بويىغا كېلىپ كېچىسى مىڭلىغان گۈلخانلارنى كۆرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىم دەرياسىنىڭ تاشقىن ۋاقتى بولغاچقا، ئەگەر جەڭدە مەغلۇپ بولسا، دەرياغا توسۇلۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ چەرچەنگە قاراپ چېكىنىدۇ. چاقىلىقنى ساقلاشقا، خوتەن، كىرىيە، چەرچەندىن بۇلىغان بايلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ چىڭخەيگە يەتكۈزۈشكە بىرلىيەن ئەسكىرىنى قالدۇرغان.

## ماخۇسەنلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىم كېلىشى

1936 - يىلى ئەتىيازدا تۇردى يىڭجاڭ، ئارىپ لەنجاڭ، تىلىۋالدى لەنجاڭ، سېيىتۋالدى لەنجاڭ قاتارلىقلار يەنە بىر قېتىم ئەسكەر باشلاپ كېلىدۇ. بۇ ماخۇسەنلەر چاقىلىقنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ كەتكەن قوشۇنلىرىنىڭ بۇلىغان ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى ئېچكىرىگە توشۇۋاتقان ۋاقتى ئىدى. تۇردى يىڭجاڭ، چاقىلىقتىكى ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنى تار - مار قىلىپ، ئۆزىنىڭ چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنى يىغىپ، قايتا تەشكىللىنىپ كۆچىيىدۇ. بۇ چاغدا ياقۇپ يىڭفو (شىڭشىسەي ئادىمى)، مەخسۇت لەنجاڭ، رەھىم لاۋيې، ئابلاشويە قاتارلىقلارمۇ پەيدا

بولىدۇ. تۇردى يېڭجاڭ، ياقۇپ يىڭفۇ بىلەن بىرلىشىپ، ماخو-
سەنلەرگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇپ، ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ
قولىدىن ئولجىلارنى تارتىۋالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن 1936 -
يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ماخۇسەن چاقىلىقنى تۇزلۇپتىشكە
بۇيرۇق قىلىدۇ. ماخۇسەن قوشۇنلىرى ئاقتاز، ۋاششەرى قاتار-
لىق جايلارغا كېلىشى بىلەن تۇردى يېڭجاڭغا ماخۇسەن قو-
شۇنلىرىنىڭ سانى، قورال - ياراقلىرى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات
كېلىدۇ. تۇردى يېڭجاڭ غەربىي سېپىلگە خېلى بۇرۇنلا يېمەك -
ئىچمەك، ئوق - دورا تەييارلاپ قويغانىكەن. ئۇ ئەسكەرلىرى-
دىن ھازىرقى ئايروپىلان ئىستانسىسى، توغراقلىق تەرەپلەرگە
پىستىرما قويۇپ، ئاساسىي كۈچنى چوڭ سېپىلغا مەركەزلەشتۈ-
رىدۇ. «ماخۇسەن قوشۇنلىرى كەلدى» دېگەن خەۋەر كەلگەندە
دەرياغا ناھايىتى ئۇلۇغ كەلكۈن كەلگەنىكەن. جەنۇبىي سەپكە
ماخۇسەننىڭ ئۆز قوشۇنلىرى، شىمالىي سەپكە جامال باشلىق
ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئورۇنلىشىدۇ. سايباغ تەرەپتىكى ماخۇسەن
قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمى شىددەتلىك بولىدۇ. لېكىن تۇردى
يېڭجاڭ مەرگەنلەرنى ئەپلىك جايلارغا ئورۇنلاشتۇرغاچقا، بىر-
دەمدىلا ماخۇسەن قوشۇنلىرى 100 دىن ئارتۇق ئۆلۈكنى دەر-
يادا قالدۇرۇپ، ئىمىن بەگنىڭ تۈگمىنىگە چېكىنىدۇ. شىمالىي
سەپتىكى جامال قوشۇنى «ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ بىر قوشۇق
قېنىنى ئىچىش» ئۈچۈن تىكەنلىك مەھەللىدىكى ئابدۇكېرىم
ئەلەمنىڭ ئۆيىگە قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، چاقىلىق تەرەپ ئاۋ-
ۋال ئۇلارنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئارقىدىن ئوققا تۇتۇپ، بىردەمدىلا
150 دەك ئادەمنى قىرىپ تاشلايدۇ. لېكىن 40 - 50 ئادەم
بىلەن قالغان جامال يەنىلا «ئابدۇكېرىم ئەلەمنىڭ بىر قوشۇق
قېنىنى ئىچمىشتىن» ۋاز كەچمەيدۇ. پەقەت 4 - 5 ئادىمى
قالغاندا ئىلاجسىز جەنۇبىي سەپتىكى ماخۇسەننىڭ ئۆز قوشۇن-
لىرى يېنىغا چېكىنىدۇ. تۇردى يېڭجاڭ جامالنى تىرىك تۇتۇشقا



بۇيرۇق قىلغانلىقتىن، جەڭچىلەر ئۇنى ئاتمايدۇ. لېكىن تۇردى
يېڭجاڭ جامالنىڭ چېكىنىش يولىنى كېسىپ قويىدۇ. جامال چوڭ
كوچىغا قاچىدۇ.

كەچ سائەت بەشلەردە چېكىنگەن ماخۇسەن قوشۇنلىرى
توپلىشىپ، دەريا بويىدىكى دۆڭلۈك، ياردائىلىقلاردىن پايدىلى-
نىپ، سايباغدىكى ئوسمان خاۋا باشچىلىقىدىكى قىسىمغا ھۇ-
جۇم قىلىدۇ. لېكىن بۇ چاغدا ئوق ئاز قالغان، ئۆمەر موللا
(كېيىن باۋجاڭ بولغان) قاتارلىق بىرنەچچە يىلەن ئوق يۆتكەشكە
ماڭىدۇ. ئامبال بارات تۇردى يېڭجاڭغا ئەھۋالنى دوكلات
قىلىشقا ماڭىدۇ. ئامبال بارات ھازىرقى شىپىڭ گۇڭسى ماگىزى-
نى ئورنىدا جامالغا ئۇچراپ، جامالنى ئېتىپ تاشلايدۇ. ياردەم
يېتىپ كەلگىچە يالغۇز قالغان خوتەنلىك ئوسمان خاۋا (يول-
داشلىرى قۇربان بولىدۇ) 12 مىلتىقنى بەتلەپ قويۇپ 30 دىن
ئارتۇق ماخۇسەن ئەسكىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇن نەچچىسىنى يا-
رىدار قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ توققۇز يېرىدىگە ئوق تېگىپ قۇربان
بولىدۇ. قەبرىسى شۇ يەردە ھېلىمۇ بار. شۇ كۈنى ماخۇسەن
ئەسكەرلىرى غەزەبلىنىپ، ئۆيىدە ئولتۇرغان ئەزىز ھاجىمنىڭ تۆگ-
مەنچىسى توختاخۇن ئېشەكچىنى چېپىۋېتىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە
تۇردى يېڭجاڭ تەرەپتىن 70 - 80 ئادەم، ماخۇسەنلەر تەرەپ-
تىن 300 دەك ئادەم ئۆلىدۇ. بۇ قېتىم ماخۇسەنلەر چاقىلىقنى
«تۈزلۈپتەلمىگەن»، بەلكى ئۆزلىرى شەرمەندە بولۇپ چېكىنگەن.

## تۇردى يېڭجاڭنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇپ بولۇشى

1937 - يىلى يازدا ماخمۇت سىجاڭنىڭ چەت ئەلگە كې-
تىشى تۇردى يېڭجاڭغا ئىنتايىن يامان تەسىر قىلغان. ئۇ غەم-
كىن، چىكەزمەن بولۇپ قالغان. ئۇ شۇ چاغلاردا مارالبېشى،

ئاقسۇنىڭ ئاۋات قاتارلىق جايلىرىدا شىڭ شىسەيگە قارشى ئىككىنچى قېتىملىق قوزغىلاڭغا تەييارلىنىۋاتقان ئابدۇ نىياز كامال بىلەن ئالاقە ئورناتقان. يامان يېرىگە كەلگەندە لوپنۇر كۆلى رايونىغا چېكىنىپ، تۇرپان، پىچان، قۇمۇل تەرەپ بىلەن ئالاقە باغلاپ ئاخىرىغىچە ئېلىشماقچى بولغان. لېكىن شىڭ شىسەينىڭ ئادەملىرىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئۆزىگە ئىشەنچلىك بولغان 70 - 80 ئادەم بىلەن ناسىربەگنىڭ جايىغا بېرىپ تۇرغان.

1937 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ياقۇپ يىڭفۇ كەچتە تۇردى يىڭجاڭنىڭ يېنىغا كەلگەن (ئۇ ئەسلىدە شەھەرنىڭ سىپىلىدا تۇراتتى)، ناماز شام ۋاقتىدا تۇردى يىڭجاڭ چىلىم چېكىپ ئولتۇرسا (ماخمۇت سىجاڭ قاچقاندىن كېيىن چىلىم چېكىدىغان بولۇۋالغان)، ياقۇپ يىڭفو ئۇنى ئاتقان. لېكىن تاپانچا ئېتىلمىغان. ياقۇپ يىڭفۇنى خېلىدىن بېرى پايلاپ يۈرگەن ئايۇپ فۇگۇەن ياقۇپ يىڭفۇنى ئېتىپ تاشلىغان. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇردى يىڭجاڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئالدىراشچىلىقتا كۆلگە چۈشۈپ كەتكەن. ئۇ، كۆلدىن چىقىپ 500 مېترچە شىمالدىكى قۇربان سوپىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، باۋۇدۇن ھاجىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇ، يەردىن ئوزۇق ۋە ئات ئېلىپ باشقا جايغا كەتمەكچى بولۇپ ماڭغاندا ئۇنى ئىزدەپ يۈرگەن ئابلاشويە بىلەن رەھىم لاۋيېغا ئۇچراپ قالغان. ئۇلار تۇردى يىڭجاڭنى ئېتىپ تاشلىغان. شۇ كېچىسى ئايۇپ فۇگۇەن بازاردىكى قۇتلۇق نىياز شاڭيۇنىڭ سارىيىدا تۇرۇۋاتقان تۇردى يىڭجاڭنىڭ ئايالى ھاشىخان (بۇ ئايال ماخۇسەننىڭ ئەسىرلىكىدىن قېچىپ كەلگەن)غا سۈيىقەستلىك پاجىئەنى خەۋەر قىلغان ھەم تۇردى يىڭجاڭنىڭ كىيىملىرىنى ھاشىخانغا كەيدۈرۈپ، قوزغىلاڭ باشلانغاندىن بۇيان ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلغان 100 گە



يېقىن ئادەمنى باشلاپ، ئالتۇنتاغ تەرەپكە كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن چاقىلىق دېھقانلار قوزغىلىڭى ئاياغلاشتى. كېيىن كورلىدىن لى فامىلىلىك بىر تۇەنجاڭ باشچىلىقىدا 3000 ئەسكەر كەلدى. سوۋېت ئايروپىلانلىرى ۋە قىزىل ئارمىيە ماخۇسەنلەرنى قىرىپ تاشلايدۇ. ئاز بىر قىسىم ماخۇسەن قوشۇنلىرى ئاران چىڭخەيگە يېتىۋالدى. لېكىن ئۇلار ئاخىرقى جان تالىشىشتا ئۇرۇنۇپ چاقىلىقنىڭ ئالتۇنتاغدىكى يۇقىرىلىرىدىن بىرمۇنچە ئادەمنىڭ، جېنىغا زامىن بولدى.

## شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى چاقىلىق:
## زۇنۇن ئىسلاموپنىڭ ھاكىم بولۇپ كېلىشى ۋە پەننى مائارىپ

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەندەك چاقىلىق 1937 - يىلى 11 - ئايدىن باشلاپ رەسمىي شىڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى. لېكىن شۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن خوجىنىياز ھاجى تەيىنلىگەن ھاكىم گاجىت بەكرى ئورنىغا زۇنۇن ئىسلاموپ ھاكىم بولۇپ كەلگەنىدى.

پېشقەدەم بولشۇۋىك زۇنۇن ئىسلاموپ، ئۇيغۇر، قەشقەرلىك، سوۋېت پۇقراسى. چاقىلىقتا پەننى مائارىپنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن ئىش ئىزدەپ ئوتتۇرا ئاسىياغا چىققان ۋە شۇ يەردە ئوقىغان ئاگرانوم، دەسلەپتە ئەزەربەيجاندا بىر مەزگىل تۇرۇپ، چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىگە ۋە بىرىنچى دۇنيا جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا قارشى باكۇ ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلاشلىرىغا قاتناشقان. شۇ يەردە بولشۇۋىكلەر پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى دەۋرىدە قولىغا قورال ئېلىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قارا قۇم ۋە قىزىل قۇم سەھرالىرىدا باس-

مىچىلارنى تازىلاش خىزمىتىگە قاتناشقان. ھەمدە سوۋېت ئۆزبېكىستانىنىڭ پايتەختى تاشكەنتتە تۇرۇپ قالغان. يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش (كولخوزلاشتۇرۇش) خىزمىتىگە ۋەيېكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتناشقان. 1934 - يىلى شىڭ شىسەينىڭ تەلىپى بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى زۇنۇن ئىسلاموپلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. شۇ چاغلاردا بۇ كىشى 45 - 46 ياشلاردا بار ئىدى، 1935 - يىلى كۆزدە چاقىلىقتا ھاكىم بولۇپ كەلگەن. ئۇ چاغلار چاقىلىقنىڭ راسا پاراكەندىچىلىك دەۋرى ئىدى. ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ خەۋپى ھەر قاچان مەۋجۇت ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ شەرقىي شىماللىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئەھۋالى تۇراقسىز ئىدى. دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنى كۈچلۈك سەپ تارتىپ تۇراتتى. ئۇ، مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا ھاكىملىق خىزمەتنى ئۈستىگە ئالدى. لېكىن شارائىت ناچار، يۇرت پاراكەندە، ئادەملەر نادان ۋە نامرات، ئىشلەپچىقىرىش قالاق بىر ئەھۋالدىمۇ بۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئۇ چاقىلىق ئۈچۈن بىرمۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. شۇڭا چاقىلىق خەلقى زۇنۇن ئىسلاموپنى ھازىرغىچە ئېسىدىن چىقارغىنى يوق.

زۇنۇن ئىسلاموپ ھاكىم بولۇپ كەلگەندە 100 دەك ئوقۇغۇچىنى دىنىي مەكتەپتىن يېڭىچە پەننى مەكتەپكە جەلپ قىلىپ ئوقۇتۇشقا ئۇيۇشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇتۇش بىناسى ياكى پارتا - ئورۇندۇق ۋە ئوقۇتۇش قوراللىرىدىن ھېچنەرسە يوق ئىدى. قىسمەن بالىلار بايلارنىڭ مېھمانخانا ياكى ھويلىلىرىدا ئوقۇپ تۇردى. ئۇ، مائارىپنىڭ مۇشۇ خىل قىيىن ئەھۋالغا ئاساسەن ناھىيە تەۋەسىدىكى بايلارنى يىغىپ، يىغىن ئېچىپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ مەكتەپ سېلىشقا تۇتۇش قىلىدۇ. ھەممە ئادەم مائارىپقا ياردەم بېرىش، كۈچى بارلار كۈچ، پۇلى بارلار پۇل، ھۈنىرى بارلار ھۈنەر چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1936 - يىلى يازدا ھازىرقى كونا خەلق



ھۆكۈمىتىنىڭ ئورنىغا سەككىز سىنىپلىق، كارىدورلۇق بىر زامانىۋى مەكتەپ سالىدۇ: مەكتەپ سېلىشقا كېتىدىغان بارلىق ماتېرىياللىنى بايلار ئۈستىگە ئالىدۇ. مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش سېخېمىسىنى ئۆزى سىزىدۇ. ئىش ئۈستىدە ئۆزى تۇرىدۇ. سىنىپلارنىڭ ئاستى تاختاي پول، ئۈستى لاي لەمپە، گەج بىلەن سۇۋالغان، يەردىن بىر مېتىر كۆتۈرۈلۈپ، پەلەمپەيلىك سېلىنغاچقا بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. بۇنداق ياۋروپاچە بىنانى كۆرمىگەن كىشىلەر ھەيران قېلىشقانىدى.

ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ خەت ساۋادى چىققان ھازىر پەننى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 8 - 10 ئوقۇغۇچىنى ئايرىپ ھەر كۈنى ئىككى سائەت ئۆز ئىشخانىسىدا دەرس ئۆتىدۇ. ئۇلارغا تۆت ئەمەل، ئاددىي كەسىر، ئونلۇق كەسىرلەرنى ئۆگىتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ۋاشەردە تۆت سىنىپلىق بىر مەكتەپ سالدۇرغان (پۇل، ماتېرىيال تۇرسۇن شاكىيۇنىڭ، ئەمگەك كۈچى خەلقنىڭ)، مىرەن بىلەن يېڭىسۇغىمۇ بىردىن ئىككى سىنىپلىقتىن مەكتەپ سالدۇرغان بولۇپ، بۇ يېزا مەكتەپلىرىنى 1936 - يىلى قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ باشقۇرغان. ئىگە - چاقىسىز يېتىم بالىلار ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا يىغىلغان ئۆشرە - زاكات، كىشىلەر قىلغان ئىئانە پۇلدىن دەپتەر قەلەم، قىشلىق ۋە يازلىق بېرۋۇر كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەپ ئوقۇش شارائىتى يارىتىپ بەرگەن. خەلق يىغىلغان جامائەت سورۇنلىرىدا ئۈزۈلدۈرمەي مائارىپنى تەشۋىق قىلغان. مەكتەپلەرنى شەخسەن ئۆزى بېرىپ تەكشۈرۈپ تۇرغان. ئۇ، پوچتىدىن ئېلىپ تۇرغان «پراۋدا»، «قىزىل ئۆزبېكىستان»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلغان. ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق جىنا-

يەتلىرىنى خەلق ئالدىدا يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ، خەلقنىڭ ياپون جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قوغداشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ھەر يىلى (1938 - يىلىدىن باشلاپ) 7 - نويابىر كۈنى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە ئالدىنقى سەپكە ئايروپىلان تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغان. توپلانغان پۇللارنى ئۆز ۋاقتىدا ئۇرۇمچىدىكى «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» غا ئەۋەتىپ بەرگەن.

## مەدەنىيەت جەھەتتە

خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن ۋە ھازىرقى زاماندىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن زۇنۇن ئىسلاموپ 1938 - يىلى ئۈرۈمچىدىن سەنئەتكارلارنى تەكلىپ قىلىپ، بىرىنچى مەكتەپ ھويلىسىغا سەھنە ياساپ، چاقىلىق تارىخىدا تۇنجى قېتىم سەھنىدە ئويۇن قويدۇردى. بۇ ئويۇن كىشىلەردە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇردى. شۇ چاغدا سەھنىدە ئېيتىلغان مۇنداق ناخشىنى كىشىلەر ھازىرغىچە ئېيتىپ كېلىۋاتىدۇ:

قاشىڭىزنى قارا دىدىلەر، قاراكۆز ئۇكام يار - يار،
ئاچقىل قېشىڭنى مەن بىر كۆرەي، نادان ئۇكام يار - يار.

بولۇپمۇ: ساق چىشنى سۇندۇرۇپ، ئالتۇن بىلەن ياساتقان،
كىمنى كۆرسە ھىجايغان قۇرۇق سۆلەت بىزدە بار.

دېگەن ناخشا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا زۇنۇن ئىسلاموپ شەخسەن ئۆزى «سىيىت پىرخۇن»، «ھەسەنباي» دېگەن ئىككى كومېدىيە يېزىپ، ناھىيىمىزنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا قويۇپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. تۇرلۇك ئېيتىشماق (لەپەر)،



ئومۇمىي خور، دېكلىماتسىيە ئارقىلىق خەلققە رىئاللىقنى تونۇتۇشقا كۈچ چىقارغان، ئۇ جۈملىدىن ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ، كومېدىيە، ناخشا - ئۇسسۇلغا ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلىپ، كىشىلەردىن زامانغا لايىقلىشىشنى تەلەپ قىلغان. بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلار ناخشا ئېيتىپ كوچىلاردىن ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ روھلۇق، جەسۇر بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ چاغلارغا مۇنداق ئىنقىلابىي ناخشىلار ئېيتىلاتتى:

ئۇزىمىز سۇلاردا، ئۇچىمىز كۆكلەردە،
بىز ۋەتەننىڭ چىن ئوغلى بىز،
بىرلىك بايرىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ،
ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بولىمىز.

شۇنداق قىلىپ زۇنۇن ئىسلاموپنىڭ يېتەكچىلىكىدە چاقىلىقنىڭ پەننى مائارىپى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، چاقىلىقنىڭ تۇنجى تۈركۈم بىلىم ئىگىلىرى يېتىشىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھازىرمۇ ھايات.

## دېھقانچىلىق ئىشلىرى

زۇنۇن ئىسلاموپ ھاكىم بولۇپ كېلىشى بىلەنلا چاقىلىقنىڭ سۇ مەنبەسىنىڭ قىسلىقىنى كۆرۈپ، بورۇنقى ئۆستەڭلەرنى كېڭەيتىپ، تۇنجى قېتىم كەلكۈن سۈيىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۆستىڭى چاپتۇردى. ئۆستەڭ بويلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك جىرىم سېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. چاقىلىققا تۇنجى قېتىم كۈزگى بۇغداي ئۇرۇقى ئېلىپ كېلىپ، كۈزگى بۇغداي تېرىتقۇزدى. سورتلۇق ئۇرۇق تاللاشنى يولغا قويدى. ئىككى كالا قاتىدىغان چوڭ ساپاننى ئومۇم-

لاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرغان. ھەممە ئائىلىلەرنىڭ كۆكتات تېرىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، قارا شەھەردىن خوتۇنىنىڭ تۇغقانلىرى ئارقىلىق پەمىدۇر، لازا (چوڭ لازا)، چىڭسەي ئۇرۇقلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ تېرىتقان.

بۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تۆمۈر سوقا، ئورما ئورۇش ماشىنىسى (ساموز بۇرۇسكا)، بۇغداي تاسقايدىغان چوڭ شامالچىنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۆزى ئىشلىتىپ كىشىلەرگە كۆرسەتكەن ۋە كىشىلەرنى مۇشۇ ئىشلار ئارقىلىق ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن پاتېفۇننى قويۇپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان ھەم بۇنىڭ ئىلىم - پەننىڭ سىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن.

## خەلق تۇرمۇشىغا پايدىلىق باشقا ئىشلار

ئەزەلدىن يېڭىسۇدىن چاقىلىققىچە، چاقىلىقتىن ۋاشەرىگىچە بولغان ئارىلىقتا قونالغۇ يوقىدى. يولۇچىلار قومۇش كەپىلەردە قونۇپ قالاتتى. ئىسسىق، سوغۇق، بوران- يامغۇرلۇق كۈنلەردە ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لوپ لەڭگەر بىلەن ئارغاننىڭ دەرياسىدا كۆۋرۈك يوق،كېمە بىلەن ئۆتەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقان زۇنۇن ئىسلاموپ يۇرتتىن ئادەم ئېلىپ، ئارغان، يېكەنجومال، لوپ لەڭگەر، تاتلىق بۇلاقتىن ئىبارەت تۆت ئورۇنغا ئاستى تاختايلىق قىلىپ چىرايلىق قونالغۇ جاي (ھەر بىرى 8 - 10 ئېغىز ئۆي بار)، بىردىن ئاتخانا سالدۇرۇپ، يولۇچىلارنى كۈتۈشكە مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئارغان بىلەن لوپ لەڭگەر ئالدىدىكى دەرياغا ئىككى كۆۋرۈك سالدۇرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا زۇنۇن ئىسلاموپ ئۆزىنى پاك تۇتتى، مەسىلەن: 1940 يىلى بەختىئاخۇن قاشاڭ، ئەيسا پەرەڭ



بىلەن بولىدىغان بىر دەۋا ئۈچۈن زۇنۇن ئىسلاموپقا بەش دانە تۈلكە ئېلىپ كىرگەندە دەۋانى ئادىل ھەل قىلغان. لېكىن تۈلكىنى ئېلىپ كىرگەن بەختىئاخۇن قاشاڭنىڭ بويىنىغا ئېسىپ سازايى قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم بىر نەرسە ئېلىپ كىرىشكە پېتىنالمىغان. شۇنداق قىلىپ زۇنۇن ئىسلاموپنىڭ جاپاغا چىداپ خىزمەت قىلىشى، ئىستىلدا ئاددىي - ساددا، ئىشلارنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىشى، ئۆزىنى پاك تۇتۇشى نەتىجىسىدە چاقىلىقتا ھەر ساھە خىزمەتلىرى گۈللىنىدۇ. دېھقانچىلىقمۇ خېلى راۋاجلىنىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت مەيدانىغا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن زۇنۇن ئىسلاموپ خەلقنىڭ قەلبىدە قاراڭغۇنى يورۇتۇپ ئۆتكەن مىتورتتەك مەڭگۈ ساقلىنىپ قالدى. شۇڭا چاقىلىق خەلقى زۇنۇن ئىسلاموپنى ھازىرمۇ يادئېتىدۇ. ئەپسۇسكى، 1942 - يىلنىڭ ئاخىرىدا جاللات شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى بىلەن زۇنۇن ئىسلاموپنى ساقچىلار ئۇرۇمچىگە يالاپ ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا، زۇنۇن ئىسلاموپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتقاندىن كېيىن بىر پولك ئەسكەرنى باشلاپ، ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، گىتلېر گېرمانىيىسىگە قارشى ۋەتەننى قوغداش ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. ئۇنىڭ چاقىلىقتا تۇغۇلغان قىزى مەريەم زۇنۇن ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر دادىسىدەك خەلقنى ئاقارتىش ئۈچۈن 1955 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە ئۇرۇمچى 2 - دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغانىدى.

## شېڭ شىسەينىڭ زوراۋانلىقلىرى ۋە قۇسايىننىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرى

1937 - يىلى 11 - ئايدا چاقىلىقتا شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت جا-

هان خېلى تىنچلىنىدۇ. لېكىن بۇ شىڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى
ئۇگشمۇېلىش ۋاقتى بولىدۇ. 1938 ـ يىلى 9 ـ ئايلاردا خوتەن
تەرەپتىن 100 دىن ئارتۇق تۇتقۇننى ئېلىپ ئۆتىدۇ. بۇ پا-
جىئەنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ. 10 ـ ئايدا ناسىرهاجىم، قەلەم-
نىياز هاجىم، قادىر ئىشانەم، مەھەممەتشاھ هاجىم، ھىدايەت
شاگىيۇ، تۇرسۇن جوجە، ئابدۇكېرىم ئەلەم، ئوسمان شاگىيۇ،
توختاخۇن تەتۇرتەلپەك، شاكىرجان ... قاتارلىق 15 ئادەم-
نى تۇتقۇن قىلىپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىدۇ. ئىمىنهاجىمنى
تۇتالمىغاچقا ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرىغا ۋاقتىنچە تەگمىگەن بول-
سىمۇ، كېيىنچە ھەر خىل ئالدامچىلىقلارنى ئىشلىتىپ، جاسۇس
ئەۋەتىپ ئالداپ ئاخىرى قولغا چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ ئىككى ئوغ-
لى زەيدىن ئاخۇن بىلەن سۇلايمانئاخۇن ۋە كۈيئوغلى ئىساق
هاجىمنى تۇتۇپ كېتىدۇ. تۇتقۇنلارنىڭ ئائىلىسىنى «خائىنلار-
نىڭ پۇشتى» دەپ قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالىدۇ. كېچىلىرى
ساقچىلار، ھەربىيلەر ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۆيلەرنى
ئاختۇرۇپ، ھەتتا ئاياللارنىڭ قۇلىقىدىكى ھالقا، بىلەيزۈك، ئۈ-
زۈك قاتارلىق نەرسىلەرگىچە تارتىۋالىدۇ.

1938 ـ يىلى ئالتۇنتاغ ئىچىدىكى يۇلغۇنلۇق جىلغىدا تۇ-
رۇشلۇق قازاق قوسايىننىڭ ئادەملىرىدىن جانابىل قاتارلىقلار
ئۈچ نەپەر سوۋېت گېئولوگلىرىنى ۋە سايىت هاجىم قاتارلىق
سودىگەرلەرنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن بۇيانقى چا-
قىلىق بىلەن دوگخۇاڭ ئارىلىقىدىكى سودا يولى تەسىرگە
ئۇچرايدۇ. 1940 ـ يىلغا كەلگەندە ئۇلار چاقىلىق تەۋەلىكىدى-
كى خان ئامبال، گاس ئويمانلىقى ۋە سايدام رايونىنى بېسى-
ۋالىدۇ. بارلىق چارۋىچىلارنى قوغلاپ چىقىرىدۇ. ماللارنى بۇ-
لايدۇ. قارشىلاشقانلارنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چىمەنتاغ
رايونى خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ. خۇسۇسەن بۇ رايوندا ئۇزۇن
زامانلاردىن بېرى ئولتۇراقلىشىپ، چاقىلىققا باج تاپشۇرۇپ كەلگەن



موڭغۇل چارۋىچىلارنى پۈتۈنلەي بۇلاپ، قولغا چۈشكەنلەرنى
قىرىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاغدا تۇرۇۋاتقان چارۋىچى
ۋە ئوۋچىلارلا ئەمەس، ھەتتا شىڭ شىسەينىڭ قوراللىق ئەمەل-
دارلىرى ۋە ئەسكەرلىرىمۇ تاغ تەرەپكە بارالمايدۇ. نەتىجىدە
چاقىلىق ئەتراپىدا پات ـ پات قوسايىنلارنىڭ بۇلاڭچىلىقى
يۈز بېرىپ، چاقىلىق خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ. قوسايىن ئادەملى-
رىنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىغىچە دا-
ۋام قىلىدۇ.

## گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى دەۋر

### ئومۇمىي ئەھۋال

1943 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى① چاقىلىقتا گومىنداڭنىڭ ناھ-
يىلىك پىرقىسى قۇرۇلدى، سى زەيسۇ ھاكىم بولۇپ كېلىدۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن چاقىلىق خەلقى ئۈچۈن زۇلۇم باشلىنىدۇ.
ئالدى بىلەن ھەممە يەرگە ئىشپىيونلار يامراپ كېتىدۇ. ئو-
ۋتقۇچىلار، ئىلغار ياشلار، ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى
نازارەت ئاستىدا قالىدۇ. يەرلىكلەردىن ۋىجدانسىز ئۇنسۇرلار-
نى پۇل بىلەن سېتىۋېلىپ، كەڭ كۆلەملىك ئىشپىيونلار تورىنى
شەكىللەندۈرىدۇ. بىرنەچچە مىڭلا ئاھالىسى بار بىر ناھىيىگە ھەر
ئۈچ پۇقراغا بىردىن ئەسكەر توغرا كەلتۈرۈپ كۆپلەپ ئەسكەر كەلتۈرى-
دۇ. بۇ ئەسكەرلەرنى پۇقرالار، ئوتۇن، سامان، قوي، توخۇ، تۇخۇم،
ئاتلار ئۈچۈن قوناق، بېدە قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەش
يۈكلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چاقىلىق— دۇڭخۇاڭ، چاقىلىق— كورلا،
چاقىلىق—چەرچەن تاشيوللىرىنى ياساش (1945—، 1946 —، 1947 يىل-
لىرى) ئارقا ـ ئارقىدىن قىزىپ كېتىدۇ. ياغول سېلىش (1944 ـ يى-

① 1943 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلغان.

لى)، ئاشلىق ئامبىرى سېلىش (1945 - يىلى)، تاشيول ئىدارىسى سېلىش (1946 - يىلى)، چاقىلىق بازىرىنىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىدىكى ھەربىي گازارمىنى سېلىش (1948 - ، 1949 - يىللىرى) ئىشلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن قىزىپ كېتىدۇ، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ھاشاردا ئىشلەيدۇ، ئاياللار ئالۋاڭغا ماڭىدۇ. ھەتتا بەزى ئاياللار ھەپتىلەپ ئۆيلىرىگە قايتالماي ئۇن تاسقاپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئىشىغا سېلىنىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇ ئىشلارغا ناھايىتى قاتتىق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ھەممىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. سەللا نارازىلىق ئىپادىلىنىپ قالسا، ئۇنداق كىشىلەر دەرھال قاماققا ئېلىنىدۇ ياكى تاياققا بېسىلىدۇ ۋە ياكى «ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ھىمايىچىسى، گۇڭچەنداڭ» دېيىلىپ قولغا ئېلىنىدۇ. باۋجاڭ، ئونبېشىلار بىلەن دائىم قوراللىق ئەسكەرلەر بىرگە يۈرۈپ، ھاشار، ئالۋاڭنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. شەخسلەرنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى پەرۋىش قىلغان تېرەك، سۆگەت قاتارلىق دەرەخلىرىنى بىر پۇل بەرمەي تارتىۋالىدۇ. بۇ دەرەخلەرگە بەلگە قويۇلغاندىن كېيىن، دەرەخ ئىگىسى دەرەخنى كېسىپ بەلگىلەنگەن جايغا ئاپىرىپ بېرىشى شەرتتىدى. ئەرلەر قىش-ياز ھاشاردىن كەلمىگەچكە يەرلەردىن ھوسۇل چىقماي ئاشلىق كەملەپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر كۈن كۆچۈرەلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالىدۇ. مائارىپ ئاياغ - ئاستى قىلىنىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ روھى چۈشۈپ كېتىپ، نەشە چېكىدىغان، ھاراق ئىچىدىغان، قىمار ئوينايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇرۇنقى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان ناخشىلارنىڭ ئىزىنى ئەكسىيەتچى ناخشىلار ئالىدۇ.

شىڭ شىسەي دەۋرىدە بىر مەزگىل پەسەيگەن سوپى-ئىشانلىق قايتا تىرىلىدۇ. مەكتەپلەردە موللىلار ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلايدۇ. مەدەنىي-مائارىپ چۈشكۈنلۈككە ئۇچرايدۇ، خالاس.



## 11 بىتىمنىڭ ئالدى - كەينىدە

1944 - يىلى پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەگەر خەلق ئىنقىلابىغا كۈچى يەتكەن بولسا، ئۇلار ھەرگىز مۇبۇنداق مۇرەسسە يولىغا ماڭمىغان بولاتتى، ئەگەر ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى قۇمۇلنى ئارتىۋالسا، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىن قاچىدىغانمۇ، بېسىپ كىرىدىغانمۇ بىردىنبىر يولى چاقىلىق ئىدى. شۇڭا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان چاقىلىققا بەكمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. بۇ يەردە قاتتىق بېسىم سىياسىتى ۋە ئىقتىسادىي قامالنى يولغا قويىدى، بارلىق يوللارغا، ئۆتەڭلەرگە، خەت توشۇغۇچى، كۆۋرۈك ساقلىغۇچى، قونالغۇنى كۈتكۈچى، ئورمان ساقلىغۇچى، باجگىر، تاشيول مۇھاپىزەتچىسى قاتارلىق خىلمۇ خىل ناملار بىلەن ئىشپىيونلارنى ئورۇنلاشتۇردى، كارۋان سارايلارغا تازىلىق ئىشچىسى، ئاشپەز، سەرراپخانا (مونچا) ئاچقۇچى سۈپىتىدە مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇردى. ھەتتا مەسچىتلەرگىمۇ مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇردى. سەللا دىققەت قىلمىغان ئادەم ئۆزىنى زىنداندا كۆرەتتى.

1946 - يىلى 1 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت بىلەن 11 بىتىم تۈزۈلۈپ، 7 - ئايدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان بولسىمۇ، چاقىلىقتا 11 بىتىمنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىدى. 1946 - يىلى 5 - ئايدا سودىگەر مەھەممەت ئىلى (مىللىي ئارمىيە رازۋېتچىكى) نى تۇتۇپ تىرىك كۆمدى (ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئاتخانىسىغا). 1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى مامۇتخان (تاش-

كەنتچى ئـاگرانوم) باشچىلىقىدا 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇت‍ـ
قۇن قىلىپ، 115 كۈن ۋەھشىيانە ئۇسۇللار بىلەن قىيىنغاندىن
كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ بىسىمى ئاستىدا جەنـۇبىي شىنـ
جاڭدىكى گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىـڭ كـاتىباشلىرىنىڭ بـىرى
بولغان رىن جاۋتەي كېلىپ، باشلىقلارنى قويۇۋەتتـى، لېكىـن
مامۇتخان، قۇتلۇق قاسىم، نۇربەختى، بارات نىياز قاتارلىق تۆت
كىشىنى قارا شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ، ھەربىي تۈرمىگە قامىدى.
لېكىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھـۆكۈمەتنىڭ جەنـۇبىي شىنجـاڭنى
تەكشۈرۈش ئۆمىكى (جاڭ جىجۇڭ، ئەخمەتجان قاسىملارنىڭ)
قارا شەھەرگە كېلىش ئالدىدا ئۇلارنى قويۇۋەتكەن بولسىمۇ،
1947 - يىلى 7 - ئايدا بارات نىيازنى گومىنداڭچىلار ئۆلتۈردى.

## گومىنداڭغا قارشى ھەرىكەتلەر

(1) 1946 - 5 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئون دانە چوڭ
ماشىنىدا دۇڭخۇاڭدىن 500 نەپەر تاشيول ئىشچىسىنى چەرچەن —
چاقىلىق تاشيولىنى ياساشقا ئېلىپ چىقتى. بۇ قېتىم مـاشىنـا
ئۈستىدىكى ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئون نەچچە ئادەم ماشىنىدىن
يىقىلىپ ئۆلگەنىدى. بۇ ئون ماشىنا ئۇدۇل ساقچى ئىدارىسىنىڭ
ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ. ساقچى- ئەسكەرلەر دەرھال ماشىنىنىڭ
ئالدى - كەينىدىكى كوچىنى توسۇۋېلىپ، ئادەم ئۆتكـۈزمەيدۇ.
بۇيرۇق بويىچە ساقـچـى ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكەرلەر ئادەمـ
لەرنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ، كوچىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكـى
تام تۈۋىگە قىستاپ تۇرۇپ، ھەربىر ماشىنىغا تۆت - بەشتىن
ئادەم چىقىپ ئاختۇرۇشقا باشلايدۇ. ماشىنىدىن يەرگە چۈشۈپ
جاراڭلاپ سۇنۇۋاتقان قازان - قومۇچلار، قاچا - قۇچىلارنىڭ
ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، تـاشيـول ئىشچىلىرى ساقچى باشلىـ
قى لو ۋەنيۇ، ئىشپىيونلار باشلىقى جاڭ بىڭزەي، مودوسا قاتار‍ـ



لىقلارغا يالۋۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كېپىگە ھېچكىم قۇلاق
سالمايدۇ. مۇنداق زورلۇققا چىداپ تۇرالمىغان تـاشيول ئىشـ
چىلىرى «دا» (ئۇر) دېگەن بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ، كوماندا بېـ
رىلـگەن ئـەسـكـەردەك مـاشىنىـغا چىقىـپ مـاشىنـىنـىڭ
تـۆت تـەرىـپـىـگە توساق قىلىپ يۆلەپ قويغان يـاغاچلارنى
ئېلىپ، ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ساقچىلارنى ئۇرۇشقا باشـ
لايدۇ. نەتىجىدە ساقچىلار قېچىپ كىرىپ دەرۋازىنى تاقىۋالىدۇ.
تاشيول ئىشچىلىرى ساقچىغا بېسىپ كىرمەكچى بولغان بـولسـ
مۇ 200 مېتىر يىراقلىقتىكى گومىنداڭ ھەربىيلىرى يېتىپ كـەلـ
گەچكە، ئىشچىلار ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىپ قالىدۇ (بۇ ۋەقەـ
نى ئاپتور ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن). لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي
گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى مۇشۇ ۋەقەگە بـاش بولغانـلارنـى تـۇـ
تۇپ قاتتىق جازالايدۇ.

(2) 11 بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گوـ
مىنداڭ ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدا تىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنـ
دى. 1947 - يىلى 11 - ئايـدا گومىنـداڭ دائىرىـلىرى چاقىـ
لىقتا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنى شىمالغا يـۆتكىمەكچى بـولغاندا،
ئىككى نەپەر لەنجاڭ بۇيرۇقتىن باش تارتىپ قوزغىلاڭ كۆتەر‍ـ
دى. ئۇلار قورالىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىچكىرىگە كەتمەكـ
چى بولغان بولسىمۇ، يولنى ئوبدان بىلەلمەي ھەم يەيدىغـان
نەرسە بولمىغاچقا بىر نەچچە كۈن تۆگمەنلەرنى بۇلاپ چاقىـ
لىق ئەتراپىدا چۆگىلەپ يۈردى. كېيىن ئۇلار ئىككى تەرەپكە بۆلۈـ
نىپ ماڭغانلىقتىن 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا بىر روتىسى مىرەننىڭ
شەرقىدىكى پاختا بۇلاقتا قىرىپ تاشلاندى. يەنە بىر روتا شىمالغا
مېڭىپ، يىكەنبـوجومال ئەتراپىدا قىرىپ تاشلاندى. قـوزغىلاڭ
مەغلۇپ بولدى. ئىككى نەپەر لەنجاڭنىڭ بېشىنى چاقىلىققا ئېلىپ
كېلىپ كوچىغا ئاستى. بۇ نۆۋەتتە يۇقىرىلاردىن گومىنداڭ ئەسـ

كەرلىرىگە يول باشلىغان ياۋەرگەن قاتارلىق ئىككى ئادەم ئوق تېگىپ ئۆلدى.

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئازادلىق ئۇرۇشىنى غەلىبىسىنىڭ كەسرى، قۇدرەتلىك خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ ئىككى تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىشى نەتىجىسىدە پۈتۈن شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. بەشيۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق چاقىلىق ئاسمىنىدا جەۋلان قىلدى. لېكىن مەغلۇپ بولغان دۈشمەن ئاخىرقى جان تالىشىشقا ئۇرۇنۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھەربىي قوشۇنلىرى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكىدەك چاقىلىقتىمۇ ئاخىرقى قېتىم جىنايەتكە بوغۇلۇپ، 25 - ئۆكتەبىردىن باشلاپ ئۈچ كۈن بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈش قاتارلىق جىنايى ھەركەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. بىر قىسىم كىشىلەرنى قاتتىق ئازابلاپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىلىكلەرنى قىلدى. 1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يېتىپ كېلىپ، چاقىلىقنى رەسمىي ئازاد قىلدى. چاقىلىق خەلقىنىڭ قان - ياشلىق دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى. ئوتتۇرا ئەسىر قالاقلىقىدا نامراتلىق، زۇلۇم - كۈلپەت ئاستىدا ياشاۋاتقان چاقىلىق خەلقى ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ يېڭى دەۋرىگە، يەنى سوتسىيالىزمغا قەدەم قويدى. ئېزىلگەن چاقىلىق خەلقى مەڭگۈلۈك ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدى.



# ماجۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى توغرىسىدا ئەسلىمە

ئۇيغۇر ئادىل

## — مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا

### كىرىش سۆز

ماجۇڭيىڭ ۋەقەسى توغرۇلۇق يېزىلغان بەزىبىر ئەسلىمىلەردە، ماجۇڭيىڭ «مىللىي قەھرىمان» قىلىپ مەدھىيىلەنگەن. ئەمەلىيەتتە، ماجۇڭيىڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆرەشكە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ۋاپاسىز بۇلاڭچى، شىنجاڭ تۇپرىقىنى قانغا بويىغان ۋە شىنجاڭ خەلقىنى خانىۋەيران قىلغان باندىت، شىنجاڭ خەلقىنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن دۇنياسىنى چەتئەلگە ئېلىپ قېچىپ كەتكەن بۇلاڭچى. شىنجاڭ خەلقىنى مەڭگۈ قەد كۆتەرگۈسىز قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنغان ماجۇڭيىڭنىڭ ھەقىقىي ئەپتى - بەشىرىسى ئەنە شۇ.

ئەگەر سىز ھازىرقى 60 - 70 ياشلىق كىشىلەرنىڭ ماجۇڭيىڭ ئۈستىدىن قىلغان شىكايەتلىرىنى ئاڭلىسىڭىز، ھەيران قالىسىز، سىزنىڭمۇ ماجۇڭيىڭغا غەزەپ - نەپرىتىڭىز قايناپ تاشىدۇ. دېمەك، ماجۇڭيىڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ پاك قەلبىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز ئازاب - ئوقۇبەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرغان يىرگىنىشلىك تارىخىي شەخس.

مىنىڭچە، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ماجۇڭيىڭ ۋەقەسىنىڭ تولۇق ماھىيىتىنى ھەقىقىي تۇردە ئېچىپ بېرەلىگۈدەك تولۇق ئەسلىمە يېزىلمىدى (مۇنداق ئەسلىمىنى مەنمۇ يازالماسلىقىم مۇمكىن). بۇ توغرىدا بەزىبىر ئەسلىمىلەر يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بېشى بار ئاخىرى يوق بىر نەرسە بولۇپ قالدى؛ بەزىلىرى ئوتتۇرىدىن بۆسۈپلا يېزىلدى. شۇڭا مەن تۆۋەندە، بىرىنچىدىن، ماجۇڭيىڭ بىلەن شىنجاڭدا بىرگە بولغان يولۋاس ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى نىيازبەگ، ياقۇپبەگ، قاسىم فۇگۇەن، جۈملىدىن باياخۇن (ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا بىرگە بولغان ۋە 1934 - يىللىرى يەكەنگە ھاكىم بولغان) قاتارلىقلارنى ھەمدە مۇندىن 50 نەچچە يىل ئىلگىرى يەنى 1938 - يىللىرى چىڭخەيدە ئاڭلىغانلىرىمنى، ئىككىنچىدىن، 1933 - يىلدىن 1938 - يىلغا قەدەر ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىرىمنى تۆۋەندىكىچە ئەسلىمە قىلىپ يېزىشنى زۆرۈر تاپتىم. بىراق، 50 نەچچە يىل ئىلگىرىكى بۇ ۋەقە توغرىسىدا يېزىپ قويغان ماتېرىياللىرىم بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كەتتى. بۇ يەردە پەقەت ئېسىمدە قالغانلىرىنىلا كىتابخانلارنىڭ بىلىپ قېلىشىغا تۆۋەنچىلىك بىلەن سۇنىمەن. بۇ ئەسلىمەمدە ساقلانغان بەزى سەۋەنلىكلەرنى زاماندىشلارنىڭ تۈزىتىپ كېتىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

## ماجۇڭيىڭنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

ماجۇڭيىڭ تەخمىنەن 1911 - يىلى گەنسۇنىڭ جەنۇبىدىكى خېجۇ دېگەن يەردە كىچىك بىر ئوفىتسېر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 17 ياش ۋاقتىدا شىنىڭدىكى مابۇفاڭ قوشۇنىدا شاڭشاۋ (پولكوۋنىك) بولغان. ئۇنىڭ دادىسى ماباۋ گەنسۇنىڭ جىنجۇ دېگەن يېرىدىن بولۇپ، يىڭ (باتالىئون) كوماندىرى بولغان. دېمەك



ماجۇڭيىڭ ھەربىي ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، ئۇنىڭدا كىچىكىدىن تارتىپلا غەربىي شىمالدىكى تۆت ئۆلكە بويىچە «باتۇر» بولۇش قارا نىيىتى بىخلاشقا باشلىغان. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ، 1928 - يىلدىن باشلاپ غەربىي شىمالدىكى تۆت ئۆلكىدە قوتراپ يۈرۈپ، «باتۇر» لۇقىنى نامايان قىلغان، ئۇ، باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا دادا جەمەتى مابۇفاڭغا قاتتىق قوساق كۆپىكى پەيدا بولغاچقا، ئەسلىدىكى «مابۇيىڭ» دېگەن ئىسمىنى «ماجۇڭيىڭ» غا ئۆزگەرتىپ، مابۇفاڭدىن ئادا - جۇدا قول ئۈزگەن. ئۇ، 1930 - يىلى ئەتىيازدا، نەنجىڭغا بېرىپ، جياڭ جيېشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، بىر ھەربىي مەكتەپتە ئۈچ ئاي ئوقۇغان؛ ئاندىن گەنسۇغا قايتىپ كېلىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بويىدىكى جۇڭۋېي ناھىيىسىدە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى قوشۇنلىرىنى توپلاپ، بىر شى (دىۋىزىيە) تەشكىل قىلغان ۋە ئۆزىنى شىجاڭ دەپ ئېلان قىلغان. كېيىن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەستىقلىشى بىلەن، ئۇنىڭ قوشۇنىغا 36 - شى دەپ نام بېرىلىپ، ماجۇڭيىڭ رەسمىي شىجاڭلىققا تەيىنلەنگەن.

## ماجۇڭيىڭنىڭ قوزغىلىپ چىقىشى

ماجۇڭيىڭ مابۇفاڭدەك مىللىتارىستلاردىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قوزغىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئاۋۋال خېجۇ ناھىيىسىنىڭ تۈرمىسىدىكى جىنايەتچىلەرنى ئازاد قىلىپ، ئاندىن خېجۇ ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلغان. شۇ ۋاقىتلاردا لەنجۇدا ماشاۋۇ قوماندانلىقىدا تۇرۇۋاتقان خېماتۇەن ① ماشاۋۇغا قارشى قوزغىلىپ، ماجۇڭيىڭغا قوشۇلۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن، ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەر-

① خېماتۇەن — بەزى ماتېرىياللاردا «خېمايىڭ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خېمايىڭنىڭ يىڭجاڭى × × × شىنجاڭنىڭ تارباغاتاي ئۇرۇشىدا ئۆلگەن. كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا مافۇيۈەن يىڭجاڭ بولغان، ئۇ چىڭخەيدە ئۆلگەن.

لىرى كۆپىيىپ كەتكەن.

ماجۇڭيىڭ مىللىتارىستلار ھاكىمىيىتىگە قارشى تەرەپتە تۇرۇپ، غەربىي شىمال تۆت ئۆلكىدە ئۇزۇن يىللار داۋامىدا يىلتىز تارتىپ كەتكەن مىللىتارىستلارنى خېلى ئەندىشىگە سالغان. ماجۇڭيىڭنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە يەرلىك ياشلار زور ھېسداشلىق بىلەن قوشۇلغاچقا، ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى تېخىمۇ كۈچەيگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، غەربىي شىمال چېگرىسىغا قەدەر توسالغۇسىز ئىلگىرىلەۋەرگەن.

ماجۇڭيىڭ ۋەقەسى 1928 - يىلدىن 1937 - يىلغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشا، شىنجاڭ ۋە شىزاڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ھاقارەت كەلتۈرگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا مىراسلىرىنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقان قەبىھ ۋەقە. ماجۇڭيىڭنىڭ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى «ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈپ، بايلارنى قويماي بۇلايمىز» دېگەن شۇئار بىلەن نىقابلىنىپ، گەنسۇ خەلقىنى بىر مەزگىل گۇللىگەچكە، تارىختىن بۇيان ئېزىلىپ كەلگەن گەنسۇ خەلقى ئۇنىڭ ھەققىدە «گاسىلىڭ — بېشى كىچىك، مىسران قىلىچى ئىتتىك، ئەجدىھارغا ئوخشىماس، مەرگەن شاكىچىك» دەپ قوشاق توقۇشقان (1938 - يىلى چىڭخەيدە ئاڭلىغان).

ماجۇڭيىڭ قوزغىلىپ چىققىنىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنمۇ ئۇنىڭ يېتىدىغان نىشانى ۋە تۇتىدىغان يولى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەر ئادەتتىكى دېھقان ۋە يەر - ماكانسىز يېتىمچى پۇقرالاردىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭمۇ ۋاقىتلىق قورساق بېقىشتىن باشقا سىياسىي كۆز قاراشلىرى بولمىغان. ئۇلار ئۆزلىرىنى دەسلەپ «قورال‌لىق كۈچلەر»، «قارا يولۋاس» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، كېيىن ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن «غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىئە بىرلەشمە قوشۇنى» دەپ ئاتىغان. ماجۇڭيىڭ خېجۇغا قىلغان 1 - قېتىملىق ھۇجۇمىدا غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، 3 - قېتىملىق



ھۇجۇمىدا مەغلۇپ بولۇپ، شىزاڭغا چېكىنگەن. لېكىن، يەرلىك خەلقنىڭ جان پىدالىق بىلەن قىلغان قارشىلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بارغانلا يېرىدە شىزاڭ خەلقىگە مىسلىسىز ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى سالغان، شىزاڭ خەلقىنىڭ ئاتا مىراس مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن 7 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان شىزاڭ خەلقى خۇاڭخې دەرياسىدەك سەل بولۇپ ماجۇڭيىڭغا ھۇجۇم قىلغاندا، ماجۇڭيىڭ ئاخىر بولالماي، شىزاڭدىن چېكىنىپ چىڭخەيگە كېلىپ، چىڭخەيىنى ئىشغال قىلغان. چىڭخەيدە يېرىم كۈنمۇ تۇرالماي مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، نىڭشىيا ۋە سۈييۈەن قاتارلىق جايلارغا چېكىنگەن. ئۇ يەرلەردە ئارىسالدى بولۇپ يۈرگەندە، 1928 - يىلى لياڭجۇدا مەغلۇپ بولۇپ نەنجىڭگە بېرىۋالغان ماتىڭشاڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن نەنجىڭگە بېرىپ، جاڭ جېيشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان. ئۇزاق ئۆتمەي، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مىللىتارىستلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلانغاندا، ماخۇەنلياڭ بىرىگادىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. چوڭ كۆلەملىك بۇ ئىچكى ئۇرۇشقا قاتناشقان ماجۇڭيىڭ ئۆزىنى خېلى چېنىقتۇرۇۋالغان. بۇ ئىشتا يەنە شىسەن، فىڭ يۈيشاڭلار مەغلۇپ بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان.

ماجۇڭيىڭ 1930 - يىلى 7 - ئايدا غەربىي شىمالغا قايتىپ، گەنجۇغا كەلگەندىن كېيىن، بۇرۇنقى كونا قىسىملىرىدىن قېپقالغان كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، گەنجۇ ئەتراپىدا پۈتۈن ھەربىي ھوقۇقنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى غەربىي شىمال ئۆلكىلىرىنىڭ باش قوماندانى دەپ ئېلان قىلغان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىنىسى ماجۇڭجى ۋە قېينى ئاغىسى ماخۇسەنلەرمۇ كېلىپ قوشۇلغان. ئۇنىڭ تەسىر كۈچى بارغانسېرى ئۇلغايغان، باشقا جايلاردىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا باشلىغان. شىمالىي ئۆلكىلەردە چىقىدىغان گېزىتلەردە ماجۇڭيىڭنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. بۇ ھال ما-

بۇفاكنى خىشى كارىدوردا پـۇت تىرەپ تـۇزالمايدىمان ئەھۋالغا
چۈشۈرۈپ قويغان. مابۇفاڭ بۇ ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، دەر-
ھال بارلىق كۈچىنى ئىشقا سىلىپ، گەنجۇ، سـۇجۇ، جايۈيگۈەن
ۋە يۈمىڭگۈەن قاتارلىق جايلاردا ماجۇڭيىڭغا قارشى قانلىق ئۇ-
رۇش قىلغان، نەتىجىدە، مـاجۇڭيىڭ ئىغىر چىقىمغا ئـۇچـرىغان.
ماجۇڭيىڭ جايۈيگۈەندىن يۆتكەلگەندىن كىيىن، شـەرق تـەرەپكە
قايتىشقا ئىمكانىيەت بولمىغان. ئۇنىڭ ئالدىدا، يـەنـە تارقىلىپ
كىتىش ياكى غەربكە چىكىنىشتىن ئىبارەت ئىككى يـول قالغان.
شۇ مەزگىللەردە، ماجۇڭيىڭنىڭ بەختىگە يارىشا، قۇمۇل خەلقىنىڭ
قانخور، زالىم مەنچىڭ قالدۇقلىرىغا قارشى ھەققانىي قـوزغىلىڭى
كۆتۈرۈلگەچكە، ماجۇڭيىڭنىڭ غەرب تـەرەپكە كىلىشىگە شارائىت
تۇغۇلغان.

## ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا 1 - قىتىم كىلىشى

ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا بىسىپ كىرگەندىن كىيىن، غۇجانىياز
ھاجى بىلەن جاپادىـمۇ - ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولۇش، بىر - بىرىـ
گە خىيانەت ۋە ساتقۇنلۇق قىلىشماسلىق، بـارنى تـەڭ كـۆرۈش
توغرۇلۇق ئىككى تەرەپ ئاخۇنلىرىنىڭ ئالدىدا قۇرئان تـۇتـۇپ
قەسەمياد قىلىشقان؛ ھەر ئىككى تەرەپ ئەسكەرلىرىنىڭ بىلەكلىـ
رىگە «فىسەبىلىللاھ»① دىگەن بەلگە ئىسىلغان. ئۇلار چىڭ سۇ-
لالىسىنىڭ ئاخىرقـى قالدۇقلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى بىر مەقسەت -
بىر نىيەتتە ئۇرۇشقا ئاتلانغان.

شۇ مەزگىلدە ماجۇڭيىڭ قۇماندانلىقىدا جـەمئىي 700 دەك
ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭراق باشلىقلىرى، ماجۇڭيىڭدىن قالـ
سا، ماخىيىڭ، ماشىڭگۈي، ماشىمىن، ماخوسەن ۋە مـايىڭچىلاردىن

① فىسەبىلىللا — ئاللا يولىدا پىدائىلار، دىگەن مەنىدە.



ئىبارەت بـولغـان. ئـۇلارنىڭ ئـەسكەرلىرىنىڭ 50 پـىرسەنتتىن
كۆپرەكى ئاز سانلىق مىللەت دىھقانلىرىدىن باشقا، تامامەن دىـ
گۈدەك سەرگەردانلاردىن بولغاچقا، ئـۇلار قـوزغىلاڭچىلارغا ئەگـ
شىپ پۇرسەت تاپسىلا ئولجا ئىلىپ بـىيىش نىيىتىدە قوزغىلاڭغا
قاتناشقۇچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «بولا - بولماس ئاخۇن»،
«ئۆدەك بولوك»، «قارا ئاتلىقلار»، «توروق ئاتلىقلار» دەپ ئاتالـ
غان. ئۇلار ياش ماجۇڭيىڭغا ئەگىشىپ، 4 - 5 يىل پارتىزانلىق
ئۇرۇشنى بىشىدىن كەچۈرگەچكە، تولا ئۇرۇش قىلىپ يـۈرەكلىـ
رى توختىغان. جـەڭنىڭ ئىپى - چىپىنى بىلىۋالغان بـۇ «قـارا
قورساق»، «قارا باتۇر»لار شۇ مەزگىللەردە ھۆكۈمەتنىڭ مۇنتىزىم
ئەسكەرلىرىگە توغرىدىن توغرا ئوت ئاچالايدىكەن.

ماجۇڭيىڭ خوجانىياز ھـاجى بىلەن بىرلەشكەندىن كىيىن،
ئەسكىرىي كۈچىنى كۆپەيتىپ، 1931 - يىلى يـازدا، قـۇمـۇلنىڭ
شەرقىدە قۇمۇلنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان لجۇرۇجىڭ، شۇڭ پاـ
يۈلار قوماندانلىقىدىكى ئۆلكە ئەسكەرلىرىنى تـارمار قىلىپ، قۇـ
مۇلنىڭ يىڭى ۋە كونا شەھەرلىرىنى سىرتىدىن قـورشـىۋالـغان.
ئۇ چاغدا ماجۇڭيىڭ ۋە خـوجانىياز ھـاجىلارنىڭ ئىغىر تىپتىكى
قوراللىرى چەكلىك بولغاچقا، شـەھەر ئىچىگە بـۆسـۈپ كىرىشكە
ئىلاج قىلالمىغانلىقتىن، يىراقتىن يەر ئاستى يـولـى كـولاپ ۋە
كىچىلىرى سىپىلگە شوتا قويۇپ ھۇجۇم قىلىپمۇ شەھەرنى ئالالـ
مىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەھەر ئىچىدىكى ھـۆكۈمەت ئەسكەرلىـ
رى شەھەر ئىچىگە يىتەرلىك ئوق - ياراق ۋە ئـاشلىق تـەييارـ
لاپ ئالغاچقا، شەھەرنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ۋاقتـى يـىرىـم
يىلغا سوزۇلۇپ كەتكەن. بۇ چاغدا ئۇلار، خـوجانىياز ھـاجىنىڭ
مەسلىھەتى بويىچە، بارىكۆلدىكى قازاق خەلقى بىلەن تـىـل بىـ
رىكتۈرۈپ ۋە بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى قۇمۇل ئەتراپىدا قـالدۇـ
رۇپ، ئاساسىي كۈچىنى بارىكۆلنى ئىلىشقا ماڭدۇرغان. بـارىكۆلـ
دە جىڭ شۇرىنىنىڭ بىر تۈەن ئەسكىرى بار ئىدى. قۇمۇل ۋەقەسى

يۇز بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار باركۆل شەھىرىگە كىرىۋالغان.
ماجۇڭيىڭ باركۆلگە ھۇجۇم قىلماي تۇرۇپلا، ئۇلارنى تەسلىم
بولۇشقا ئۈندىگەندە، ئۇلار شەرتسىز تەسلىم بولغان. ماجۇڭيىڭ
ئۇ يەردىن ئۇرۇش قىلمايلا مىڭدەك قورال ۋە ئوق - دورا غە-
نىمەت ئالغان. نەتىجىدە تېخىمۇ كۈچىيىپ، قۇمۇل ۋە گۇچۇڭ
ئارقىلىق شىمالىي شىنجاڭغا يۈزلەنمەكچى بولغان.

جىڭ شۇرېن قۇمۇلدىن بارغان جىددىي خەۋەرگە ئاساسەن،
باش كاتىپى لۇشاۋزۇڭنى باش قوماندان، شېڭ شىسەينى سەنمۇ-
جاڭ قىلىپ تەيىنلەپ، دۇجىگۇيىنىڭ بىر يىلك ئەسكىرىنى ئۇلار-
نىڭ ئالدىغا سېلىپ، قۇمۇلغا ئەۋەتكەن. جىڭ شۇرېن تەختكە
چىققاندىن كېيىن، ئەسكىرىي كۈچىنى كۆپەيتىپ قوراللىرىنى
خىل قىلغان بولسىمۇ، ئەسكەرلىرىنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامى ۋە
جەڭگىۋارلىقى ناچار بولغاچقا، دۇجىگۇيىنىڭ بىر يىلك ئەسكىرى
لودۇڭ① دېگەن جايغا بارغاندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭنىڭ بىرلا
ھۇجۇمى بىلەن تار - مار بولۇپ كەتكەن، دوجىگۈي شۇ يەر-
دىلا ئۆلگەن. لۇشاۋزۇڭ دۇجىگۇيىنىڭ مەغلۇپ بولۇپ ئۆلگەنلىكى-
نى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يەتتە قۇدۇق دېگەن يەردە زاپاس ساق-
لانغان ھەربىي ئەسلىھەلەر ۋە ماددىي ئەشيالارغا ئوت قويۇۋې-
تىپ، ئۆزى گۇچۇڭغا قېچىپ بېرىۋالغان. ماجۇڭيىڭ ئۇرۇمچى
تەرەپنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلمىگەچكە، مەغلۇپ بولغانلار-
نىڭ ئارقىسىدىن قوغلىمىغان. جىڭ شۇرېن قول ئاستىدىكى
ئەسكەرلەرنىڭ جەڭدە بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكىگە قاراپ، ئىلى
ۋالىيسى جاڭ پېيىۋەن باشچىلىقىدىكى ئىككى مىڭدەك ئاق ئو-
رۇسنى قايتىدىن تەشكىللەپ، قۇمۇل قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ۋە
ماجۇڭيىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتكەن. بۇلار يېتىپ بې-
رىشتىن ئىلگىرى، ماجۇڭيىڭ لودۇڭ ئۇرۇشىدا پۇتىدىن يارىلان-
غاچقا، ئۆز ئورنىدا ماشىمىن بىلەن يولۋاسنى قالدۇرۇپ جوچۇەن-

① قۇمۇل بىلەن پىچان ئارىلىقىدىكى مۇھىم جاي.



گە قايتماقچى بولغان (باركۆل ۋە لودۇڭ ئۇرۇشلىرىدا غەنىمەت
ئېلىنغان ئوق - ياراقلار خوجانىياز ھاجىغا تەڭ تەقسىم قىلىپ
بېرىلمىگەچكە، ماجۇڭيىڭ بىلەن خوجانىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا
پەيدا بولغان كۆڭۈلسىزلىكتىن پايدىلانغان يولۋاس خوجانىياز
ھاجىدىن يۈز ئۆرۈپ، ماجۇڭيىڭ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن). ئۇ،
جوچۇەنگە قايتىش ئالدىدا، قۇمۇل خەلقىنىڭ ئات - ئۇلاق، مال -
مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ - تالىغان، قارشىلىق قىلغانلارنى ئۆز جايى-
دىلا ئاتقان ۋە چاپقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شېڭ شىسەينىڭ چوڭ
قوشۇن باشلاپ قۇمۇلغا باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان قۇ-
مۇل خەلقى قورقۇپ، يىغا - زارى قىلىشىپ، ئۇزۇن يىللاردىن
بۇيان يىغىپ توپلىغان مال - مۈلۈك، ئۆي - ئىمارەت ۋە
باغ - ۋارانلىرىنى تاشلاپ، سەرسان ۋە سەرگەردان بولۇپ تاغقا
قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. باندىتلىق قان - قېنىغا سىڭىپ
كەتكەن ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى پۇقرالارنىڭ يەر تېرىيدىغان
ئۇلاق - قارىلىرى، يەيدىغان ئاشلىقلىرى، ھەتتا يوتقان - كۆر-
پىلىرىنىمۇ بۇلاپ كەتكەچكە، قۇمۇل خەلقى بىر - ئىككى يىلغى-
چە ئەسلىگە كېلەلمىگەن. قۇمۇل خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۆرە-
شىگە ياردەم بېرىش نىقابى بىلەن شىنجاڭغا چىققان ماجۇڭيىڭ
خەلقنى ئەنە شۇنداق قاقشىتىپ، ئاچ - يالىڭاچ قالدۇ-
رۇپ، جوچۇەنگە كەتكەن. ماجۇڭيىڭ قۇمۇلغا دەسلەپ كەلگەندە
خەلق ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالغان بولسا، قۇمۇلدىن
كېتەر ۋاقتىدا قارغاش - تىللاش بىلەن يولغا سالغان. يولۋاس
بىلەن خوجانىياز ھاجى بولسا، مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ، ئىككىگە
بۆلۈنۈپ كەتكەن ۋە خوجانىياز ھاجى تاغقا چىقىپ كەتكەن.
ماجۇڭيىڭ جوچۇەنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، قۇمۇلدا قالدۇ-
رۇپ كەتكەن ئىشەنچلىك ئادىمى يولۋاسقا ياردەملىشىشكە جو-
چۇەندىن 30 دەك ئادەم ئەۋەتكەن. دەل شۇ پەيتتە شېڭ شىسەي
قوشۇنى قۇمۇلغا باستۇرۇپ كىرىپ، قۇمۇل ۋاڭى شا مەخسۇت

ئۇردىسىنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى بۇلاپ - تالاپ، ئاندىن ئۇردىغا ئوت قويۇۋەتكەن. بۇ ئەھۋالدىن چۆچۈگەن يولۋاس قۇمۇلنىڭ شىمالىي يولى بىلەن تىيەنجىنگە كېتىۋاتقان ئاق ئورۇس سودىگەرلىرىنىڭ 400 دەك تۆگىسىدىكى مال - مۈلۈكلەرنى بۇلاپ، بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن گەنسۇنىڭ غەربىدىكى مەلۇم جايغا بېرىۋالغان. ماشىمىن بىلەن ماجەنساڭ قۇمۇلنىڭ جەنۇبىدىكى ئوغرى يول بىلەن پىچانغا كېلىپ، پىچاننى ئىشغال قىلىۋالغان. ئارقىدىنلا شىڭ شىسەي بىلەن شۈك پايۇ پىچانغا كېلىپ، ماشىمىننى قوغلاپ چىقارغان. شۈك پايۇ تۇرپان ھاكىمى دىڭ فۇۋۇنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تۇرپانغا كېلىش ئالدىدا، تۇرپاندا تۇرۇشلۇق ئەسكەر باشلىقى مافۇمىن ماشىمىنگە سېتىلىپ كەتكەچكە، بۇ ئىشتىن بىخەۋەر ئەسكەر باشلاپ كەلگەن شۈك پايۇ تىرىك قولغا چۈشكەن ۋە ئۆلتۈرۈلگەن. ئىلگىرىدىن پولكوۋنىك ئۇنۋانىدا بولۇپ كەلگەن ماشىمىن ئۆزىنى 36 - شىنىڭ شىجاڭى، مافۇمىننى شەھەر مۇداپىئە سىلىڭى قىلىپ ئېلان قىلغان. كېيىن ماشىمىن ئۆزى تۇرپان، توقسۇن، قاراشەھەر ئەتراپىدا قېلىپ ماجەنساڭنى تۆمۈر سىجاڭغا قوشۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئازاد قىلىشقا ماڭدۇرغان. ئەمەلىيەتتە، جەنۇبىي شىنجاڭنى تۆمۈر ئەلى ئازاد قىلغان. ئەمما، تۆمۈر ئەلى كېيىن خائىن ماجەنساڭنىڭ قولىدا شەھىد بولغان.

## ماجۇڭيىڭنىڭ قۇمۇلنى 2 - قېتىم بېسىۋېلىشى

1933 - يىلىنىڭ باشلىرىدا قارا نىيىتى چېكىدىن ئاشقان، ۋاپاسىز ماجۇڭيىڭ جۇچۈەندىن بارلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ چىقىپ قۇمۇلغا قايتا بېسىپ كىرىدۇ. ئۇلار يول بويى «جىڭ شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئەشەددىي زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇمىز» دې-



گەن مەزمۇندا خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە ئېلانلار چىقىرىپ، قۇمۇل خەلقىنى يەنە ئالداشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، دەسلەپ بۇرۇنغا يېيىگەن قۇمۇل خەلقى ئۇنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىگە پەقەت ئىشەنمەيدۇ ۋە بۇرۇنقىدەك ئىللىق مۇئامىلە قىلمايدۇ. ماجۇڭيىڭ ئەمدى پۈتۈن ئۈمىدىنى يولۋاسقا باغلاپ، يولۋاسنى تېپىپ ئۇنىڭغا بىر قانچە ئون يامبۇ، 200 — 300 تاختىدەك قارا چاي ۋە بىر قىسىم ھەربىي ئەسلىھەلەرنى بېرىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى كۆرگەن يولۋاس ماجۇڭيىڭنىڭ ھەممە ئىشىغا ماقۇل بولىدۇ. ماجۇڭيىڭ دەسلەپ ئۇنى ئۆزىگە ھەربىي مەسلىھەتچى قىلىپ، ئەسكەر توپلاشقا قۇترىتىدۇ. ماجۇڭيىڭنىڭ مەقسىتى يولۋاسنى كۈچەيتىش ئارقىلىق خوجانىياز ھاجىنى يوقىتىپ، شىنجاڭنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈش ئىدى. دېمەك ئۇ، يولۋاسقا ئاۋۋال ئۆزىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ، كېيىنچە خوجانىياز ھاجىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى پىلانلىغان. ئىككى يۈزلىمىچى، ئاچكۆز يولۋاس بۇنىڭ بەدىلىگە پۈتۈن قۇمۇل خەلقىنى ماجۇڭيىڭغا ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭ قۇمۇل خەلقىنى خالىغانچە ئاياغ - ئاستى قىلىپ، باندىتلىق بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللانغان. يولۋاسمۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي قوشۇنىنى كۈچەيتكەن ۋە زورايتقان. ئاندىن ماجۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ماجۇڭجى ئۆز قوشۇنىنىڭ بىر قىسمىنى قۇمۇلدا قالدۇرۇپ، قالغان قىسمىنى باشلاپ 1933 - يىلى 5 - ئايلاردا يەتتە قۇدۇق ۋە داشىتۇ ئارقىلىق مورى ۋە گۇچۇڭلارغا يۈرۈش قىلغان. ئۇلار موسۇلباينىڭ مەسلىھەتى بىلەن، «مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى» قۇرۇپ، مەھمۇد مۇھىتى ۋە خوجانىياز ھاجىلار جىمسارغا، ماجۇڭيىڭ گۇچۇڭغا تەڭ ھۇجۇم قىلىشقا كېلىشكەن. گۇچۇڭغا قىلىنغان ھۇجۇمدا ماجۇڭجى ئۆلگەن. ماجۇڭيىڭ گۇچۇڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، گۇچۇڭ شەھىرىدە چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال دېمەي، ئۈچ كېچە - كۈندۈز قىرغىن

قىلغان. بۇنىڭ بىلەن، بىر تەرەپتىن ئىنىسى ماجۇڭجىنىڭ ئىنـ
تىقامىنى ئالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇلاڭ - تـالاڭ قىـ
لىپ بېيىغان.

خوجانىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى جىمسارغا ھۇجۇم قىلغانـ
غاندىن كېيىن، جىن شۇرېننىڭ جىمساردىكى بىر تۈەن ئەسكەـ
رى تەسلىم بولماقچى بولۇپ، خوجـانىياز ھـاجىدىن بىر كـۈنـ
لۈك مۆھلەت سورىغان. تەجرىبىسىز خوجانىياز ھاجى ئـۇلارنىڭ
بۇ تەلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، مۇھاسىرىنى بـوشىتىپ ئـارقىغا چېكـ
ىنگەن. جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىنىڭ مەقسىتى قـورالنى خوجاـ
نىياز ھاجىغا تاپشۇرماي، ماجۇڭيىڭغا تاپشۇرۇش ئىدى. مـاجۇڭـ
يىڭ شۇ كېچىسىلا كېلىپ، ئۇلارنىڭ قورال - يـاراقلىرىنى قويـ
ماي تاپشۇرۇۋالغان. خوجانىياز ھاجى بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ، ماـ
جۇڭيىڭغا كايىغان، ئەمما ماجۇڭيىڭ بۇنىڭغا پىسـەنت قىلمىغان.
شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلبانلىق مەسلىھەتى بويىچە قـۇرۇلغان «مۇـ
سۇلمانلار ئىتتىپاقى» نىڭ كۈلى كۆككە سورۇلۇپ كەتكەن. ماـ
جۇڭيىڭ گۇچۇڭ ئۇرۇشىدا خىزمەت كۆرسەتكەن ئـەسكـەرلىرىگە
ئولجا ئالغان دۇنيادىن بىر مىليون سەر پۇل مۇكاپات بـەرگەن
ۋە جىن شۇرېن قوشۇنىدىن ئەسىرگە چۈشكەن 300 نەچچە ئەسـ
كەرنى ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوشۇپ، ئۆلگەن ئـەسكەرلىرىنىڭ
ئورنىنى تولدۇرۇۋالغان.

## ماجۇڭيىڭنىڭ شىمالىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشى

ماجۇڭيىڭ شۇ چـاغدىكى ۋەزىيـەتنى تـەھلىل قىلىپ، نۇـ
قۇل ھەربىي كۈچكىلا تايىنىپ تۇرۇۋەرمەي، خارجى يول تېپىشـ
نىڭمۇ لازىملىقىنى ھېـس قىلغاندىن كېيىن، مـاخېيىڭنـى ئـۈچ
ليەن ئەسكەر بىلەن چۆچەكنى ئىشغال قىلىپ، شۇ يەردىكى سوـ
ۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتكەن. شىيىڭ شىـ



سەي بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ماجۇڭيىڭ بىلـەن سـۆھبەت ئۆتـ
كۈزمەكچى بولغاندا، ماجۇڭيىڭ ماقۇل كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ
قول ئاستىدىكىلەر ماقۇل كۆرمەي، ھاكىمىيەتنى قـورallىق كۈچ
بىلەن تارتىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلغان. چۈنكى، ئـۇلار ئۇرۇش
بىلـەن بېيىشنى يـاخشى كـۆرەتتـى. 1933 - يىلى 6 - ئاينىڭ
12 - كۈنى شىڭ شىسـەي ماجۇڭيىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشـ
كە ئادەم ئەۋەتكەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە قويـۇشقان
شەرتلىرى باراۋەرلىك ئاساسىدا بولمىغاچقا، ئارىدىن ئۇزاق ئـۆتـ
مەي، زىچۈەنزى دېگەن جايدا ئۇرۇش باشلىنىپ كـەتكەن. ئۇـ
نىڭ ئۈستىگە، ھاۋارايىدا قاتتىق ئۆزگىرىش بولۇپ، قـار ئارىـ
لاش يامغۇر يېغىپ، شىۋىرغان چىقىپ كەتكەن. ماجۇڭيىڭ ئەسـ
كەرلىرى يالاڭ كىيىملىك بولغاچقا، ھۆل - يېغىن تـۈپـەيلىدىن
زور چىقىمدار بولغان. بۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان ئـەسكەرلەر سانى
ماجۇڭيىڭ تـەرەپتىن ئـاتلىق ۋە پىيادىلەر بـولۇپ 5 مىڭـدەك،
شىڭشىسـەي تەرەپتىن شەرقىي شىماللىق پىدائىيلار، ئـاق ئوـ
رۇس، شىۋە، داغۇر ۋە موڭغۇللار بولۇپ 3 — 4 مىڭدەك ئىدى.
بۇ ئۇرۇشتا شىڭشىسـەي تەرەپمۇ ئاز چىقىمدار بـولمايدۇ. ئاـ
خىر ماجۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئاتـ
لىق ۋە پىيادە ئـەسكەرلىرىنى ئېلىپ، ئـالتۇن - كـۈمـۈشلەرنى
تۆگىگە ئارتىپ، تۇرپان، پىچان تەرەپكە چۈشۈپ كېتىدۇ.

ماجۇڭيىڭ تـۇرپان - پىچـانغا چېكىنگـەندىن كېيىن، بىر
تەرەپتىن يېڭى ئەسكەر ئېلىپ تەربىيىلەپ، ماشىنىنىڭ نەنسەنـ
دە قالدۇرۇپ كەتكەن قىسىملىرى بىلەن ئـالاقـە بـاغلاپ، ئۈـ
رۈمچىگە داۋاملىق تەھدىت سالىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن جاڭ ياـ
شاۋ قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ۋەكىل قىلىپ ئـۈرۈمچىگـە سـۆھبەت
ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتىدۇ. ئۆلكە تەرەپمۇ ۋەكىل تەيىنلەپ مـاجۇڭـ
يىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. بۇ سـۆھبەتتە ئۆلـ
كە تەرەپ ماجۇڭيىڭنىڭ قۇمۇل — بارىكۆل تەرەپكە چېكىنىشىنى

شەرت قىلىدۇ. ماجۇڭيىڭ ماقۇل بولۇپ، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ھەربىي تەمىنات بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن، شىڭشىسەي تەرەپ: بىرىنچىدىن، ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى يوقىتىش، ئىككىنچىدىن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى شەرقىي يولنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل بولۇش، ئۈچىنچىدىن ھۆكۈمەت تەرەپ ھەربىي تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىشنى شەرت قىلىپ قويىدۇ.

خوجانىياز ھاجى ۋە مەھمۇت سىجاڭلار گۇچۇڭ ۋە جىمسار ئۇرۇشىدا ئېلىنغان غەنىمەتلەرنىڭ ئىككى تەرەپكە تەڭ تەقسىم قىلىنمىغانلىقىدەك ناھەقچىلىق تۈپەيلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈزلەنگەندىن كېيىن، تۇقسۇن، ئايغىربۇلاق ۋە قارا شەھەرلەرنى بېسىپ ياتقان ماشىمىن بىلەن بىر قەپەز ئېلىشىپ، ماشىمىننى يېڭىپ كورلىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەرداشلىق بېرەلمىگەن ماشىمىن يوشۇرۇن يول بىلەن تۇرپانغا چېكىنىپ، ماجۇڭيىڭغا قوشۇلىدۇ. شىڭشىسەي زىچۇەنزىدە تەبىئەتنىڭ ياردىمى بىلەن ماجۇڭيىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە بىر قەدەر بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭغا ئۆزى يالغۇز ھۆكۈمران بولۇش نىيىتىگە كېلىدۇ. ئۇ، ئۆلكە ئەسكەرلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئىككىنچى يول قوماندانى لى زوڭشاڭ بىلەن بىرلىكتە داۋانچىڭغا ئەسكەر ماڭدۇرۇپ، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، سۆھبەتنى يەنە بۇزىدۇ. بۇ ئۇرۇش 1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى باشلىنىدۇ، بۇ ئۇرۇشتا شىڭشىسەي تەرەپ مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىدۇ.

ماجۇڭيىڭ گۇچۇڭدا ۋاقتىدا خەلقئارا بىر يول تېپىش ئۈچۈن چۆچەك تەرەپكە ئەۋەتكەن ماخىيىڭ يول ئۈستىدە بىرمۇنچە ئۇيغۇر، قازاق، ۋە موڭغۇل ياشلىرىنى ۋە ئالتۇن كان ئىشچىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تارباغاتايغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، دۆربىلجىن ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىپ، ئاندىن ئالتايدىن قوزغىلىپ



كەلگەن مىڭدەك ئادەم بىلەن بىرلىكتە چۆچەككە ھۇجۇم قىلىدۇ. چۆچەك ۋالىسى چىن جىشەن ئامالسىز قالغاندا، ئالتايدىكى شەرىفقان ۋە دەلىلقان قاتارلىقلار ئالتايدىن يەنە ئىككى لوي قازاق، موڭغۇل ۋە ئاق ئورۇسلارنى تەشكىللەپ، شىمال تەرەپتىن قىستاپ كېلىدۇ. ئۈرۈمچى تەرەپتىن ئۆلكە ئەسكەرلىرى ۋە خېلو پوسكى باشچىلىقىدىكى بىر پولك ئاق ئورۇسلار جەنۇب تەرەپتىن قىستاپ بارىدۇ. نەتىجىدە چۆچەكتە ئىككى كۈن قاتتىق ئۇرۇش بولىدۇ، ماخىيىڭ ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، جاڭ تەرەپكە چېكىنىدۇ. لېكىن، ماخىيىڭ قېچىپ فۇكاڭ ئەتراپىغا كەلگەندە، ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئوقى تېگىپ ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا مافۇيۈەن ئەسكەر باشلىقى بولۇپ، يەنىلا قارا ئاتلىقلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ماجۇڭيىڭ ماخىيىڭنى ئىشقا سېلىپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، شىڭ شىسەينىڭ بىردىنبىر رەقىبى بولغان ئىلى ۋالىسى ۋە ئۆز يۇرتلىقى جاڭ پېيۈەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىڭ شىسەينىڭ ئەدۋىنى بېرىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش نىيىتىگە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماجۇڭيىڭ داۋانچىڭدىكى ئۇرۇشتا غەلبە قىلىپ، جاڭ پېيۈەننى ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. جاڭ پېيۈەن ماقۇل بولۇپ، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى ماجۇڭيىڭغا يېقىندىن ماسلىشىپ، ئۈرۈمچىگە قىستاپ كەلگەندە، شىڭ شىسەي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يالۋۇرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەيگە ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، بىر قىسىم قىزىل ئارمىيىنى چۆچەك ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگۈزىدۇ. شىڭ شىسەينىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، چۆچەكتىكى باشلىقلار شىنجاڭغا كىرگەن قىزىل ئارمىيىگە جۇڭگوچە كىيىم - كېچەك ھازىرلاپ، ئۇلارنى ئاق ئورۇسلاردىن تەركىب تاپقان ئەسكەرلەر سۈپىتىگە كىرگۈزىدۇ. شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇلارنى «ئالتاي-

يىسكى» دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭغا جاۋدەيشۇننى باش قوماندان قىلىپ بەلگىلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۇرۇمچىگە ئالدۇرىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۇلارنى بىرپولىك دېگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ سانى 2000 غا يېتىپ قالغان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاتلىق بولسىمۇ، كۆپىنچىسى بىرونىۋىك قىسىملار يەنى پىيادە ئەسكەرلەر ئىدى، يەنە بىر قىسىم ئايروپىلانلىرىمۇ بار ئىدى. پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ پۇتىدا كاڭكى بولۇپ، ئۇلار ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلانغان ئاغامچىنى تۇتۇپ ئات بىلەن تەڭ ماڭاتتى. ئەسلىدە ئۇرۇمچىنى ماجۇڭيىڭ ۋە جاڭ پېيۈەنلەرنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا كېلىۋاتقان بۇ «ئالتايىسكى» قىسىملار سانجىدىن ئۆتۈپ تۇدۇڭخې دەرياسىنىڭ بويىغا كەلگەندە، ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز تۇساپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىغان، ئۇلار بولالماي، سانجى ناھىيىسىگە چېكىنگەن. ئۇلارنىڭ قوراللىرى ناھايىتى خىل بولسىمۇ، ئۇلار تۇدۇڭخې دەرياسىدا تۇسۇلۇپ زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىگەن. ئۇلار ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى بىر پەشۋاغا يارىمايدىغان بۇلاڭچىلار دەپ ئويلاپ، تۇدۇڭخې ئەتراپىدا ئۈچ كۈن ئۇرۇشقان بولسىمۇ، تۇدۇڭخې دەرياسىدىن ئۆتەلمىگەن. بىر كۈنى كەچتە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى تۇدۇڭخې دەرياسىدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن ئۆتكەندە، «ئالتايىسكى» لار پۈتۈن لىنىيە بويىچە مەغلۇپ بولۇپ، شەھەر ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالغان. ئېغىر يارىدارلارنىڭ ھەممىسى سانجى نەنگۈەندىكى دەڭگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ يارىدارلارنى يۆتكەشكە ئۈلگۈرەلمىگەندە، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۆينىڭ تېمىنىڭ ھۇلىنى كولاپ، يارىدارلارنى كۆمۈپ ئىشنى تامامىلىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئالتايىسكى» لارنىڭ ھەممىسى 20 ياشلار ئەتراپىدا ئىكەن، ئۇلار شىنجاڭدىكى قېرى ئاق ئورۇسلارغا ئوخشايدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش جۇۋا ۋە پاختىلىق چاپان كىيگەن



بولسىمۇ، ئىشتانلىرى ھەر خىل رەڭدىكى يىرىك سوكنودا تىكىلگەن ئەستەرلىك ئىشتان بولۇپ، تولىمۇ رەتسىز ئىكەن. ئۇلارنىڭ قوراللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن يېڭى قوراللار بولۇپ، ھەر بىرى يەنە ئۈچتىن بوتۇلكا شەكىللىك گىرانات ئېسىۋالغان. ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى شۇ كۈنى سانجىنىڭ نەنگۈەن ئەتراپىغىچە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلگىرىلەشنى توختىتىپ، دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا قايتىپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ، ماجۇڭيىڭ ياردەمگە كەلگەن «ئالتايىسكى» لارغا بىرىنچى قېتىم ئۆزىنى تونۇتۇپ قويغان، «ئالتايىسكى» لارمۇ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى بوش چاغلىمايدىغان بولۇپ قالغان. ئۇلار ئۆز مەملىكىتىدىن يەنە ئوق، قورال - ياراق ۋە ئەسكەر ئەكەلدۈرگەن. بۇ ئارىلىقتا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى تۇدۇڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا يوشۇرۇن ھالدا پوتەي ۋە ئىستىھكاملار ياسىغان. دەريا ئىچى تۈز ۋە كەڭرى بولغاچقا، قېلىن قار دۆۋىلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن. يوشۇرۇن ئىستىھكامدىن دەريا يۈزىنى كۆزىتىش ئاسان ئىدى. ئەگەر قارشى تەرەپ دەريادىن ئۆتمەكچى بولسا، دەريا يۈزىدە ئاشكارىلىنىپ قالاتتى-دە، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۇلارنى ئاسانلا يوقىتالايتتى. بىر كۈنى «ئالتايىسكى» لارنىڭ ھەر بىرى ئىككى - ئۈچ خىلدىن قورال - ئېلىشىپ، ئۈستىگە ئاق خالات كىيىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە يولغا چىققان. ئۇلار بۇ سەپىرىدە ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا تۇيۇقسىز زەربە بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، بۇ زەربىدار ئەترەت دەريانىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈپلا، خۇددى دېڭىزغا چۈشكەن تاشتەك، يوقىلىپ كەتكەن. بۇ ئەھۋالدىن ئۇلارنىڭ قوماندانلىرى گاڭگىراپ قېلىشقان. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يەنە ئۇرۇش باشلىنىپ كەتكەن. «ئالتايىسكى» لار ئالدى تەرەپتىكى بىر قانچە ئېغىز كونا ئۆيلەرنىڭ تاملىرىدىن تۆشۈك ئېچىپ، تۆشۈكلەردىن قارشى تەرەپكە ئوق چىقارغان. ماجۇڭيىڭ قىسىم-

لىرىمۇ ئۇلارغا داۋاملىق تاقابىل تۇرغان. بىردەمدىن كېيىن،
ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئوق چىقىرىشنى توختىتىپ، قوللىرىغا
قىلىچ ئېلىپ، «قورالنى تاپشۇرساڭلار ئۆلتۈرمەيمىز» دەپ
توۋلاپ، بىر قىسمى قارشى تەرەپنىڭ ئوق ياغدۇرۇۋاتقانلىقىغا
قارىماي، كونا ئۆيلەرنىڭ تۈۋىگە يان تەرەپتىن ئوقتەك ئېتىلىپ
بېرىپ، ئوق ياغدۇرۇۋاتقان بىر پىلىموتنىڭ ئۇچىدىن تارتىپ
يېرىمىنى سىرتقا چىقىرىۋالغان؛ يەنە بىر قىسمى كونا ئۆينىڭ
ئارقىسىغا ئۆتۈپ، نەيزىۋازلىق قىلغان. (بۇ ئەھۋالنى مانالىق
سەيپۇللا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن).

ئۈرۈمچىدىكىلەر «ئالتايىسكى» لارنىڭ بالدۇرراق كېلىپ
مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشىنى كۈتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار
تۇدۇڭخې بويىدا نەچچە ئون كۈن توسۇلۇپ قالغان. كېيىن
ئۇلار زەمبىرەك سانىنى كۆپەيتىپ، ئىككى - ئۈچ كىلومېتىر كەڭ-
لىكتىكى سەپتىن دەريانىڭ قارشى تەرىپىنى كېچە - كۈندۈز
توختىماي توپقا تۇتقان، ئۈچ دانە ئايروپىلان كۈن بويى
توختىماي بومبا تاشلىغان. كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۈچ كۈن
ئۇدا بومباردىمان قىلىش ۋە توپقا تۇتۇش نەتىجىسىدە، بۇ ئار-
مىيە تۇدۇڭخې دەرياسىدىن ئاران ئۆتكەن. ئەمما ماجۇڭيىڭ
قىسىملىرى بۇنىڭلىق بىلەن ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن چېكىنمەي،
دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقى ئەتراپىدا داۋاملىق قارشىلىق كۆر-
سەتكەن ۋە يەنە بىر كېچە - كۈندۈز ئۇرۇشۇپ ئاندىن ئۈرۈم-
چى ئەتراپىدىن چېكىنگەن. «ئالتايىسكى» لار ئۈرۈمچىگە داۋام-
لىق يۈرۈش قىلىپ، ماجۇڭيىڭنىڭ مۇداپىئەسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ،
ئۈرۈمچى ئەتراپىغا كەتكەن. ئايروپىلانلار ئۈرۈمچى شەھەر
ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ماجۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى
ئەسكەرلىرىنى تار - مار قىلغان. شەھەردە قامىلىپ قالغانلار
شەھەردىن چىقىپ، «ئالتايىسكى» لارغا ماسلىشىپ، ماجۇڭيىڭ
قىسىملىرى بىلەن داۋانچىڭ ئەتراپىدا قانلىق جەڭ قىلغان. بۇ



چاغدا ماجۇڭيىڭنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى، قېيىنئاغىسى
ماخۇسەننىڭ پۇتىغا ئوق تېگىدۇ. 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرى
8 مىڭدەك ئۆلكە ئەسكىرى بىلەن «ئالتايىسكى» لار داۋانچىڭدا
مۇداپىئەلىنىپ تۇرغان ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىگە ئايروپىلان
ۋە تانكا بىلەن بىر نەچچە كۈن ھۇجۇم قىلىپ، ماجۇڭيىڭنى
جەنۇبقا قوغلىغان. ماجۇڭيىڭنىڭ شىمالدا مافۇيۈەن رەھبەرلىكى-
دىكى ئۇرۇشتا ئۆلمەي قالغان قىسىملىرى بىلەن ئۈرۈمچى نەن-
سەن ئەتراپىدا ماشىمىن رەھبەرلىكىدە ئۇرۇش قىلىۋاتقان قى-
سىملىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، ماجۇڭيىڭغا ئەگىشىپ جەنۇبىي
شىنجاڭغا قاچقان. شىياڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئاق
ئورۇسلار ماجۇڭيىڭنى قوغلاش مۇناسىۋىتى بىلەن، تۇرپان، پى-
چان ۋە توقسۇنلارغا باستۇرۇپ بېرىپ، خوجانىياز ھاجى،
ماھمۇت مۇھىتى، ئوسمان ئېلى، تۆمۈر سىجاڭلارغا ھېسسىداشلىق
قىلغان سانسىز بىگۇناھ خەلقنى قەتلى قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال -
مۈلكىنى بۇلىغان. مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ قالدۇقلىرىدىن بولغان
لۈكچىن ۋاڭىنىڭ پىچان ۋە لۈكچۈنلەردىكى ئوردىسىغا ئوت قويۇپ
كۈلىنى كۆككە سورۇغان. لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچقان ماجۇڭ-
يىڭ قىسىملىرىنىڭ ئارقىسىدىن داۋاملىق قوغلىمىغان.

ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپىدا ۋاقتىدا جاڭ پېييۈەن بىلەن
تىل بىرىكتۈرۈپ ئالغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىنى راسا ئىسكەنجىگە
ئالغان ئىدى. جاڭ پېييۈەن قىسىملىرى ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدىكى
قۇتۇبى، سەنداۋخېزى، ماناس، شىخو ۋە جىڭنى ئىشغال قىلىپ
ئۈرۈمچىگە يېقىنلاپ قالغاندا، بىر قىسىم قىزىل ئارمىيە چۆچەكتىن
كىرىپ، بۇيرۇقتا بىنائەن شىخو ئارقىلىق ئىلىغا بۇرالغان. بۇ-
نىڭدىن خەۋەر تاپقان جاڭ پېييۈەن مۇز داۋان ئارقىلىق جەنۇ-
بىي شىنجاڭغا بارماقچى بولۇپ، 1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 -
كۈنى تېكەس شوتىغا بارغاندا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر پېتراپ
قېچىشقا باشلىغان. ئاخىرى ئەمدى 40 ياشقا توشقان جاڭ پېي-

يۇەن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋالغان. قىزىل ئارمىيە بۇنى ئاڭ-
لاپ، ئۆز دۆلىتى چېگرىسىغا چېكىنگەن. جاڭ پېيىۋەننىڭ جىڭ-
دىكى ئەسكەر باشلىقى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئىلىغا چېكىنگەندە،
قىزىل ئارمىيە يەنە ئارقىسىغا قايتىپ ئىلىغا كەلگەن. شىڭ
شىسەينىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىلىغا ئەۋەتىلگەن لىيۇبىڭ ئىلىغا
بارغىچە قىزىل ئارمىيىنىڭ كۆپ قىسمى ئىلىدىن چېكىنىپ كەت-
كەن. ئۇلار چېكىنىشتىن بۇرۇن، سۇيدۇڭكۇرەدە ئۇزۇندىن بۇيان
ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئوق دورىسىنى ساندۇقلىرى بىلەن سېپىل
دەرۋازىسىنىڭ ئاستىغا كۆمدۈرۈپ، دەرۋازىنى پارتلىتىۋەتكەن.
جاڭ پېيىۋەننىڭ ئىلىدىكى ئەسكەر باشلىقى ياڭ جىڭجۇڭ مۇز-
داۋان ئارقىلىق باي، كۇچا، شايار ناھىيىلىرىگە بېرىپ ئورۇن-
لىشىپ، ئۈرۈمچىدىن قېچىپ كۇچاغا بارغان ماجۇڭيىڭغا ئىتائەت
قىلغان. ماجۇڭيىڭ كۇچادا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن،
ئاقسۇ، قەشقەرگە قاراپ ماڭغان. دەل شۇ چاغدا ئاقسۇنىڭ قارا
يۇلغۇن ئەتراپىدا مۆكۈنۈپ ياتقان خوتەن پىدائىيلىرى ئۇلارغا
توسۇپ زەربە بەرگەن. لېكىن ئاجىز خوتەن پىدائىيلىرى ئاقسۇ
دەرياسى بويىدىكى بۇلۇت قۇمغا پاناھلانغاندا، ماجۇڭيىڭ ئەس-
كەرلىرى قوغلاپ بېرىپ نۇرغۇن پىدائىيلارنى قىرغىن قىلغان.
بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئاقسۇدىكى خوجانىيازھاجى ياردەمگە
ئەسكەر ئەۋەتكەن. بۇ ئۇرۇشتا خوجانىياز ھاجىنىڭ سەردارى
ھەمدەم بەگ ھاجى قۇربان بولغان. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى پېتىراپ
كېتىپ، قوماندانسىز ئەسكەرلەر بېشى قايغان تەرەپكە كەتكەن.
خوجانىياز ھاجى ئاقسۇدىن ئاقچى ناھىيىسى ئارقىلىق ئاتۇش
ۋە قەشقەرلەرگە بارغاندا، ماجۇڭيىڭمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاپان
دەسسەپ مەكىتكە بېرىپ، ئەسكەرلىرىنى بىر قۇر رەتلەپ، قەش-
قەرگە يۈرۈش قىلغان. خوجانىياز ھاجى يەنە قارشىلىق بىلدۈر-
مەي، ئاتۇشنىڭ ئاغۇ كەنتىگە چېكىنگەن. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن
قوغلاپ بارغان ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئاتۇش خەلقىنى بۇلاڭ -



تالاڭ قىلىپ، قاتتىق پات - پاراقچىلىقتا سالغان؛ قارشىلىق
كۆرسەتكەنلەرنى ئۇرغان ۋە چاپقان، ياشلارنى زورمۇ زور
ئەسكەرلىككە تۇتقان. خوجانىياز ھاجى بىر قىسىم پىدائىي
ئەسكەرلىرىنى ئاستىن ئاتۇشنىڭ غەربىدىكى بوغۇز ئېغىزىنىڭ
ئەتراپىدىكى تاغقا يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئاتۇشنىڭ
ئاغۇ كەنتىدىكى چېدىر تېغىغا چىقىۋالغان. ماجۇڭيىڭ ئەسكەر-
لىرى بوغۇز جىلغىسىغا بىر - بىرلەپ كىرىپ بولغاندا، ئۇلارنىڭ
كۆزىتىپ تۇرغان پىدائىيلار بىراقلا ھەرىكەتلىنىپ، ھېرىپ كەت-
كەن بىر نەچچە يۈز ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى قىرىپ تاشلىغان.
بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ماجۇڭيىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئەسكەر
ئەۋەتىپ، خوجانىياز ھاجىنى ئاغۇدىن قوغلاپ، ئەركەش تام تەرەپ-
كە ئۆتكۈزۈۋەتكەن؛ ئارقىدىنلا ئاغۇ خەلقىنى بىر كېچە - كۈندۈز
قىرغىن قىلغان. بۇ خەۋەر ئاتۇشقا يېتىپ كېلىشى بىلەن، ئاتۇش
خەلقى ئەتراپتىكى تاغلارغا قېچىپ بېرىپ مۆكۈنۈۋالغان. ماجۇڭ-
يىڭ قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇل-
خانىسى بىلەن غەرەزلىك باردى - كەلدى قىلىپ تۇرغان. كونس-
سۇلخانىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، ئۇنىڭدىن بىر نەچچە ئاي
بۇرۇن ساۋۇت داموللا رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىس-
تان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ماجۇڭيىڭنىڭ مافۇيۈەن، ماخۇسەن،
شەن فۇخەن قىسىملىرى تەرىپىدىن تارمار قىلىۋېتىلگەن.

ماجۇڭيىڭ قەشقەر ئەتراپىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەس-
كىرىنى يېڭىباشتىن رەتكە سالغان: ياڭ مىڭچۇڭ رەھبەرلىكىدىكى
8 - شىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ياڭ مىڭچۇڭ بىلەن ماشۇڭ
ئىككىسىنى 36 - شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭلىقىغا تەيىنلىگەن؛ قو-
شۇنلارنى 9 لۈيگە ئايرىپ، 1 - لۈيگە مايەنلياڭنى، 2 -
لۈيگە مارۇلۇڭنى، 3 - لۈيگە شەن فۇخەينى، 4 - لۈيگە مافۇ-
يۈەننى، 5 - لۈيگە ماشىڭگۇينى، 6 - لۈيگە بەيزىلى (خەنزۇ)
نى، 7 - لۈيگە مايۇسەينى، 8 - لۈيگە ××× (ئۇيغۇر) نى،

9 - لۇيگە ماشجەننى بەلگىلىگەن. بۇنىڭدىن باشقا، زەمبىرەكچى قىسىم، ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان قىسىم ۋە خەۋەرلىشىش قىسىملىرىنى تەشكىللىگەن. ھەر بىر لۇيگە 1.300 دىن ئارتۇق ئەسكەر بۆلۇنگەن. ئۇ چاغدا ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەر سانى 15 مىڭغا يېتەتتى.

ماجۇڭيىڭ قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى پۈتۈنلەي يوقاتقاندىن كېيىنمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى بىلەن داۋاملىق مۇناسىۋەتلىشىپ تۇرغان. يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، ئىچكى جەھەتتە شىڭ شىسەي بىلەنمۇ تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقتىن، قىزىل ئارمىيە ۋە شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرىمۇ ماجۇڭيىڭنى ئىزچىل قوغلاشمىغان. قومۇل ئىنقىلابىي ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نەتىجىسىز ئاخىرلاشقان.

ماجۇڭيىڭمۇ ئاخىر خوجا بولۇش خىيالىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، شىنجاڭ خەلقىدىن يىغىۋالغان ئالتۇن، تىللا، كۈمۈش، يامبۇلارنى ئات، خېچىر ۋە تۆگىلەرگە ئارتىپ، ئىككى يۈزدەك ئەسكىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن.

## ماخۇسەننىڭ خوتەنگە يۈرۈش قىلىشى

ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇپ كەتكەن ماشۇڭدىن ماخۇسەن ھەربىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىپ، ماجۇڭيىڭغا ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ 1934 - يىلىدىن باشلاپ ئۆز ئالدىغا بېيىش ئۈچۈن، 36 - شىغا باش بولۇۋېلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا قەشقەرنى قورۇغداپ، ئۇنى شىڭ شىسەي قەشقەرگە ئەۋەتكەن ئەسكەر باشلىقى لىيۇبىڭ ۋە مۇئاۋىن باشلىقى مەھمۇت مۇھىتلارغا تاشلاپ بېرىپ، خوتەنگە يول ئالغان. ئۇ يول ئۈستىدە ئاۋۋال قەشقەر تازغۇن، ياپچان قاتارلىق جايلاردا



خوتەن پىدائىيلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇن پىدائىيلار زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان دۈشمەنگە كالتەك، چوماقلار بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئاخىر ئۆلۈپ تۈگىگەن؛ ئامان قالغانلىرى قەشقەر يېڭىسارغا بېرىپ، كەلگۈسى، دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش تەييارلىقىنى قىلغان. تازغۇن، ياپچانلاردا ئۆلگەنلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ماخۇسەن ئەسكەرلىرى بىلەن يۈز تۇرانە ئېلىشىپ، گىرەلىشىپ چېلىشقان. ئۆلگەنلەرنىڭ ئېغىزلىرىدا دۈشمەنلەرنىڭ قۇلاقلىرى، بارماقلىرى چىشلەكلىك قالغان. يېزىدا ئادەم بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى بىر نەچچە كۈنگىچە كۆمۈكسىز تاشلىنىپ قالغان ۋە قاغا - قۇزغۇن، لالما ئىتلارغا يەم بولغان.

ماخۇسەن خوتەن تەرەپكە كېتىۋېتىپ يېڭىسارغا يېقىنلاشقاندا، بارلىق كۈچىنى ئوڭ ۋە سول قاناتقا ئايرىپ، يېڭىسارنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشقا ئورۇنغان. ئۇنىڭ بۇ ھىيلىسىنى ئاللىقاچان سەزگەن شاھ مەنسۇر ۋە ئىمىر ساھىبلار ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆز كۈچىنى ۋە خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ماخۇسەنگە قارشى تۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، ماخۇسەن ئەسكەرلىرى يېڭىسار ئەتراپىدا پەيدا بولغان. يېڭىسار ئەتراپىدا بىر ھەپتىدەك كېچە - كۈندۈز قاتتىق جەڭ بولغان، شاھ مەنسۇر ۋە ئىمىر ساھىبلار يېزىدىن شەھەرگە چېكىنگەن. ماخۇسەن ئەسكەرلىرى شەھەر سېپىلىنىڭ تۈۋىنى كولاپ، ئارقىمۇ ئارقا پارتلاتقان؛ كېچىسى سېپىلگە شوتا قويۇپ، سېپىل ئۈستىگە چىقىشقا ئورۇنغان. بۇ شوتىلارنى خوتەن پىدائىيلىرى ئىتتىرىپ تاشلىغان. بەزى پىدائىيلار شوتىنى ئىتتەرگەندە، شوتا بىللەن سېپىل تۈۋىدىكى خەندەككە تاشلىنىپ، خۇددىنى بىلمەي قالغان. ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ قۇربان بولغان. ئاخىر سېپىل ئىچىدىكىلەرنىڭ ئوق - دورىلىرى تۈگىگەندە، ئۇلار قولىغا قىلىچ ئېلىپ، سېپىل سىرتىغا چىقىپ،

ماخۇسەن ئەسكەرلىرى بىلەن يۈز تۇرانە ئېلىشقان. بۇ چاپ ـ
چاپلىق يېرىم كۈندەك داۋام قىلغان. شاھ مەنسۇر ئەنە شۇ قەبىھ
چاپ ـ چاپلىقتا ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ئۇ-
لارنىڭ قولىقىنى چىشلىگەن ۋە ئۆزىنىڭ تۆت ـ بەش يېرىگە
ئوق تەككەن ھالدا ئۆلگەن. بۇ ئۇرۇش يېڭىسار شەھىرىنىڭ
شەرقىي تۆپىلىكىگە جايلاشقان زاراتگاھلىقتا قاتتىق داۋاملاشقان.
پىدائىيلارنىڭ بىر قىسمى شۇ يەردە داۋاملىق قارشىلىق
كۆرسەتكەن، بىر قىسمى يەكەننىڭ غەربىدىكى قىزىل كەنت-
گە، يەنە بىر قىسمى كارۋان كەنتىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي
قىسمىغا جايلىشىپ، ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسقان.
يېڭىسارنىڭ شەرقىدىكى تۆپىلىكتە جەڭ قىلغانلارنىڭ ھەممىسى
شۇ يەردە ئۆلۈپ تۈگىگەن. ماخۇسەننىڭ قالدۇق قىسىملىرى ئۇ
يەردىن قىزىل تەرەپكە يۈرۈپ كەتكەندە، قەشقەرنى ماخۇسەن
قىسىملىرىدىن تارتىۋالغان مەھمۇت سىجاڭ يېڭىسارغا سەمەت ۋە
نۇر تۇەنجاڭلارنى ئەۋەتىپ، ھېلىقى قىرغىنچىلىقتا ئۆلگەنلەرنى
شۇ يەردىكى زاراتگاھلىققا قويدۇرۇپ، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزگەن.
بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يېڭىسار خەلقى بىر يىلدەك ۋاقىتتىن
كېيىن ئۆزىنى ئاران ئوڭشىۋالغان.

مەھمۇت سىجاڭ خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئاستىرتتىن بەرگەن
يوليورۇقىغا ئىتائەت قىلىپ، خوتەن پىدائىيلىرىغا ياردەم قىلالمى-
غان. ماخۇسەن ئەسكەرلىرى بولسا، ئۈششۈك ھەردەك ھەر تە-
رەپكە ھۇجۇم قىلىۋەرگەن ۋە ئارقا تەرەپتىن خاتىرجەم بولۇپ،
ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋەرگەن؛ بارغانلا يېرىدە غەلىبە قىلىپ،
يەكەن شەھەر ئەتراپىغا يېتىپ بارغان. ماخۇسەن قىسىملىرى
يەكەنگە يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، خوتەندىن بەزىلىرى ئۈزۈن ـ
قىسقا كونا قورال، بەزىلىرى ئۈزۈن ـ قىسقا قىلىچ، بەزىلىرى
پالتا، ئورغاق كۆتۈرگەن 1000 دەك پىدائىي يەكەنگە كەلگەنىدى.
لېكىن، ئۇلار زامانىۋى ئېغىر ـ يېنىك پىلىموتلار ۋە زەمبىرەك-



لەر بىلەن قوراللانغان، تۆت ـ بەش يىللىق ئۇرۇشتا پىششىپ
كەتكەن، ھەتتا بىر مەزگىل «ئالتايىسكى» لارنى مەغلۇپ قىل-
غان ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىغا تاقابىل تۇرالمايتتى، ئەلۋەتتە.
شۇڭا، ئۇلار يەكەن شەھەر ئىچى ۋە شەھەر ئەتراپىدا، ئاخىردا زەرەپ-
شان دەرياسىنىڭ غەرب ۋە شەرق تەرەپلىرىدە مۇداپىئەلىنىپ قانلىق
جەڭ قىلغان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولۇپ، زەرەپشان دەرياسى قانغا
بويالغان؛ ماخۇسەن ئەسكەرلىرى قان قەرزگە بوغۇلغان، پوس-
كام ۋە قاغىلىقتا تېخىمۇ قاتتىق جەڭ بولغان. ماخۇسەن قىسىم-
لىرى زەرەپشان دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇرۇش سېپى-
نى جەنۇبقا قاراپ كېڭەيتىپ، خوتەن پىدائىيلىرىنىڭ ئارقا سەپ
ياردەمچىلىرىنى توسۇپ يوقاتماقچى بولغان. ئەمەلىيەتتىمۇ خو-
تەن پىدائىيلىرى ياردەمچىسىز قېلىپ، قاغىلىقتىن بىراقلا گۇمىغا
چېكىنگەن. ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇشتا مەھەممەت ئىمىن بۇغرا يې-
تەكچىلىك قىلغان. خوتەن خەلقى گۇمىدا قانلىق جەڭ قىلغان.
ئاخىر ئوق ـ دورا تۈگىگەندە، مەھەممەت ئىمىن بۇغرا بىھۇدە
قۇربان بېرىۋېرىشنى خالىماي، پىدائىيلارغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇ-
لارنى تىنچ تارقىلىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغان. ئەمما، بەزىبىر
مۇتەئەسسىپلەر قارىغۇلارچە قۇربان بېرىشكە دەۋەت قىلىپ تۇرۇۋال-
غان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇرۇش يۇرتۋازلىققا ئايلانغان. بەزىلەر
مەھەممەت ئىمىن بۇغراغا روھىي جەھەتتىن مەدەت بەرگەن. بو-
لۇپمۇ سىرتقى چارقىلىق، چەرچەن، نىيە، كىرىيە ۋە چىرىيەلەر-
دىن پىدائىي بولۇپ كەلگەنلەر «يۇرتىمىزغا تىرىك قايتمايمىز»
دەپ جاھىللىق بىلەن تۇرۇۋالغان. مەھەممەت ئىمىن بۇغرا خەلق-
نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، گۇما ئەتراپىدىكى چولاقنىڭ سېيى، زاڭ-
گۇي، مۇجا ۋە پىيالما قاتارلىق جايلاردا قاتتىق جەڭ ئېلىپ
بارغان. لېكىن ئاخىر يەنە بۇرۇنقى پىكرى بويىچە پىدائىيلارنى
تارقىتىۋېتىپ، 1934 ـ يىلى كۈز پەسلىدە چەت ئەلگە چىقىپ
كەتكەن. گۇما ئۇرۇشىدا «غالىپ» كەلگەن ماخۇسەن ئەسكەرلى-

رى، ئالدىدا ئاتلىق كانايچىلار كانايلىرىنى چىرقىرىتىپ چالغان
هالدا، خوتەن شەهرىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇلارنى مەتتوختى ئە-
لەم. مۇلۇك هەزرەت (مەهەممەت نىياز ئاخۇن) قـاتارلىق دىنىي
مۇتەئەسسىپلەر قارشى ئالغان. لېكىن، ئۇزۇندىن بۇيان دىنىنىڭ
ئاسارىتىدە قالغان ياۋاش خوتەن خەلقى خوتەن شەهرىگە كىر-
گەن بۇ «مېهمان» لارغا گۇمانلىق قارىغان. شۇنداقتىمۇ، يەنىلا
ئاخۇنلارنىڭ دىنىي پەرمانىغا ئاساسەن، «مېهمان» لارنى ئاش -
نان، ئىبىدل هۆل يېمىشلەر بىلەن سورۇن تەييارلاپ، نەغمە - ناۋا
بىلەن كۈتۈۋالغان. چاقىرىلمىغان بۇ «مېهمان» لار ۋاستە ئار-
قىلىق هۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە هەربىي گازارمىغا، ئاندىن قالسا
سودا سارايلىرىغا، دەڭلەرگە، هەتتا شەخسىيلەرنىڭ هويلا - ئارام-
لىرىغىچە ئورۇنلاشقان. يۇرت مۆتىۋەرلىرى دەرهال كوچا - كوچى-
لارغا چىقىپ، خوتەن قەغىزىگە «دىنىي ئىسلام ۋە پىسەبىللىللا
قەهرىمانلىرىنى قىزغىن قارشى ئـالايلى!» دېگەن خەتلەرنى يو-
غان قىلىپ يېزىپ، دوقمۇش - دوقمۇشلارغا ۋە مەسچىتلەرگە چاپ-
لىغان. توختى ئەلەمنى مەركەز قىلغان، ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى
بىلمەيدىغان نادان موللا ۋە ئاخۇنلار، بەگ ۋە دوغىلار خۇشال-
لىقىدىن پايىپىتەك بولۇشۇپ، ماخۇسەن ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ئاش-
ئوزۇق، يەم - خەشەك هازىرلاشقا ئاتلانغان، قولۇقا كۆنۈپ قال-
غان نادان خەلق ۋە ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان
بەزى جامائەت دەرت - ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ قالغان.

## ماخۇسەن ئىشغالىيىتىدىكى خوتەن

ما خۇسەن 1934 - يىلىدىن 1937 - يىلغىچە خوتەندە پا-
دىشاه بولۇۋالغان. ئۇ، خوتەننى ئىشغال قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي،
مۇلۇك هەزرەت يەنى مەهەممەت نىياز دېگەن مۇتەئەسسىپ ئا-
خۇننى خوتەنگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۆزىگە سادىق چىك



سىلىگنى مۇئاۋىن ۋالىي قىلىپ ئۇنىڭغا چېتىپ قويغان؛ مەهەممەت
ئىمىن مۇپتىنى خوتەن ناهىيىسىگە ئامبال قىلىپ تەيىنلىگەن. ما-
خۇسەن دىنىي خوراپاتلىقنىڭ ئاسارىتىدە قالغان خوتەن خەلقىگە
پۇرسەت تـاپقانلا يەردە ۋە مەسچىتلەردە «هەممىمىز مۇسۇلمان،
سىلەرنى هايات - ماماتىمىز بىلەن قوغدايمىز، زۇلۇمدىن ئازاد
قىلىمىز، سىلەرگە بەخت - سائادەت ئېلىپ كەلدۇق» دېگەن
يالغان ۋەدىلەرنى بەرگەن. جۇمە كۈنلىرى هەممە ئەسكەرلىرىنى
جۇمە نامىزىغا ئەكەلگەن؛ خوتەندىكى چوڭ جامائەدە چىڭخەيدىن
بىللە ئەگەشتۇرۇپ كەلگەن «بولا - بولماس» ئاخۇنلىرى ئار-
قىلىق ۋەز - نەسىهەت ئېيتقۇزۇپ، خوتەن خەلقىنى بىر مەهەل
ئۆزىگە مايىل قىلىۋالغان. ئۆز كۈچىنىڭ دائىرىسىنى پۇسكام-
دىن تارتىپ تا چەرچەنگىچە كېڭەيتىپ، پۈتۈن خوتەن دائىرى-
سىنى چاڭگىلىغا كىركۈزۈۋالغان. بىرلا قاراقىغۇ تاغلىقلار 1936 -
يىلىغا قەدەر ماخۇسەنگە بويسۇنماي، قاراقىغۇ تاغىنىڭ بارلىق
ئېغىزلىرىنى توسۇپ، ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنى يېقىن كەلتۈرمىگەن.
ماخۇسەنىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى مۇنداق بولغان:

**1) هەربىي، تەشكىلىي جەهەتتە:**

شۇ دەۋردىكى دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە، شۇ-
نىڭدەك ئۆزىنىڭ تۇراقلىق بولماسلىقتەك ئەهۋالىغا ئاساسەن،
خوتەننى هەربىي هاكىمىيەت ئۇسۇلى بويىچە باشقۇرماقچى بول-
غان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى ئاساس قىل-
غان هالدا، يەرلىك خەلقتىن ئەسكەر ئېلىپ هەربىي كۈچىنى ئۇل-
غايتقان، قورال كۆتۈرەلىگۈدەكلەرنىڭ 15 ياشتىن يۇقىرى، 50
ياشتىن تۆۋەن ئەرلىرىنى مەجبۇرىي هالدا ئەسكەرلىككە تۇتقان
(بۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا مىراس ئادىتى). ساقاللىقلارنىڭ ساقىلىنى
قىرقىتىۋەتكەن. يەرلىك بەگلەرنىڭ، ئاخۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ تا-
لىپلىرى، بايلارنىڭ باللىرى ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇشتىن خالىي قال-
غان. ئۇ چاغدا خوتەندە ئەسكەرلىككە تۇتۇلمىغانلار بەكمۇ ئاز

ئىدى. ماخۇسەننىڭ خوتەندىكى ئەسكەر سانى 5 — 6 مىڭغا يېتەتتى.
ئۇلارنىڭ مىللەت تەركىبىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ، خۇيزۇلار 20 پىرسەنتى-
نى، خەنزۇلار 30 پىرسەنتىنى، موڭغۇل، شىۋە، داغۇرلار 10 پىرسەنتىنى
ئۇيغۇرلار 40 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى. ئۇنىڭدىن تارتىپ شى-
جاڭغىچە بولغان ئەسكەر باشلىقلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى ئۆز كىشى-
لىرىدىن ئىدى. ماجۇڭيىڭغا ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئەگىشىپ چىق-
قان خۇيزۇ ۋە خەنزۇ ئەسكەرلەرنىڭ سانى ئەسلىدە 7 — 8 يۈز
ئەتراپىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شىمالىي شىنجاڭدىكى
ئۇرۇشتا ئۆلۈپ، ئورنى شۇ جايلاردا تولدۇرۇلغان. 1934 - يىلى-
دىكى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ سانى 15 مىڭغا يەت-
كەن. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يەنە قەشقەر، تازغۇن، ياپچان،
يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق، گۇما ئەتراپلىرىدا چىقىمغا ئۇچرىغان؛
بۇلارنىڭ ئۆزى خوتەندە تولدۇرۇلغان.

بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئاز قىسمى ئاتلىق، كۆپ قىسمى پىيا-
دىلەر بولۇپ، ئاتلىقلىرى ئاتلارنىڭ رەڭگى بويىچە بۆلۈنگەن،
يەنى تۆت مىڭدەك ئاتلىق ئەسكەر ئاق، قىزىلتورۇق، جەرەن
تورۇق، قارا ۋە ئارىلاش بەش خىل رەڭدىكى ئاتلىق قىسىمغا
بۆلۈنگەن. ھەممە ئاتلارنىڭ قۇيرۇقى كېسىلگەن، يايلى قىرقىل-
غان. ئاتلىق ئەسكەرلەر مەشق قىلغان ۋاقىتتا ئالا - بالداق رەڭ-
لىك كىيىم كىيەتتى. ئەسكەرلەرنىڭ كىيىمى ئەسلىدە توق كۆل-
رەڭ بولۇپ، پۇتىغا لاتا خەي، لاتا قونجۇلۇق سانىبا كىيەتتى.
ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى خوتەندە كۆك رەڭلىك قىلىپ
مەخسۇس تىكتۈرۈلدى. بۇ كىيىملەر ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر،
كەڭلىكى 80 سانتىمېتىر كېلىدىغان سەپەر خۇرجۇنىدا تۇراتتى.
ئۇنىڭغا «36 - شى» دەپ خەت يېزىلغان. ئەسكەرلەرنىڭ كۈن-
دىلىك ۋە كېچىلىك مەشغۇلاتلىرى يەنى مەشق پائالىيەتلىرى
بەك ئېغىر ئىدى. بىراق، يېمەك - ئىچمىكى مول ۋە گۆشلۈك
ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر خىل چىغىرىغ ئويۇنلىرى، بولۇپمۇ ئېگىز-



لىكى ئون مېتىر كېلىدىغان تەختىراۋاندىن ھاۋا تاپان بولۇپ
تۆۋەندىكى قوم ئۈستىگە تىك سەكرەش ئاسانغا چۈشمەيتتى؛
بۇنىڭدا بەزىلىرىنىڭ بوينى سۇناتتى ياكى مېيىپ بولۇپ قالات-
تى. شۇنىڭدەك داپاۋبۇ (ئارقىغا پۇت ئېتىپ ئالدىغا يېرىم مېتىر
ئېگىزلىك چامىسىدا سەكرەش) مەشقىمۇ بەك قىيىن ئىدى. ئۇ-
نىڭدىن قالسا، ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ قارىغا ئېتىش، چە-
ۋىق چېپىش، ئات ئۈستىدە پۇتىنى ئۈستۈن بېشىنى تۆۋەن قى-
لىپ تىك تۇرۇش، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ قورسىقىغا يو-
شۇرۇنۇپ قارىغا ئېتىش، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئىككى ئاتنىڭ
ساغرىسىغا ئىككى پۇتى بىلەن دەسسەپ تۇرۇپ ئالدى - ئارقى-
غا قاراپ قارىغا ئېتىش، ئاتنى ياتقۇزۇپ قويۇپ 10 — 20 مې-
تىردەك يەرگە يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىغا ئېتىش، يەنە قايتىپ كې-
لىپ ئاتنى قوپۇرۇپ مىنىۋېلىپ، چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ قارىغا
ئېتىش ياكى چەۋىق چېپىش قاتارلىق مەشقلەر قىلدۇرۇلاتتى.
يەنە كېچىسى تۇيۇقسىز جىددىي تابور قىلىنىپ، 5 — 10 كى-
لومېتىر يەرگىچە يۈگۈرتۈپ ئاپىرىپ، ئاندىن قوراللار ۋە كىيىم-
كېچەكنىڭ راۋۇرۇس ئىكەنلىكى تەكشۈرۈلەتتى ياكى كېچىلىرى
تۇيۇقسىز مانىۋېر ئۆتكۈزۈلۈپ، قارشى تەرەپنىڭ گازارمىلىرى
ئىشغال قىلىناتتى. ئوتتۇرۇپ قويغان تەرەپتىكى ئەسكەرلەر سىرت-
قا چىقىشقا توغرا كەلسە، بەنجاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىقىپ، ئىش-
لىرىنى پۈتكۈزۈپ قايتاتتى.

ماخۇسەن ئەسكەرلىرى ئارىسىدا، مەيلى ئوفىتسېر ياكى
ئادەتتىكى ئەسكەرلەر بولسۇن، قىمار ئويناش ئەۋج ئالغان (قى-
مار ئويناش مەنئى قىلىنمايتتى). بەنجاڭلار باشچىلىقىدا كېچى-
سى ئوغرىلىققا چىقىپ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلايتتى،
قويلىرىنى ئوغرىلاپ كېلىپ ئوغرىلىقچە يەيتتى. لېكىن، ھاراق
ئىچىش ۋە نەشە چېكىش قاتتىق مەنئى قىلىناتتى. يەرلىك ئەس-
كەرلەرنىڭ ئورۇق - تۇغقانلىرى يوقلاپ كەلسە، خۇددى تۈرمى-

ەدىكى جىنايەتچىلەرنىڭ تۇغقانلىرىغا مۇئامىلە قىلغاندەك، ئۇلارنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە كۆرۈشتۈرۈپ، تۇغقانلىرى ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى تەكشۈرۈپ ئالدۇراتتى، تۇغقانلىرى بەرگەن پۇلنى قىماردا ئۇتتۇرغۇزاتتى، ئۇنى ئامتى كەلگەنلەر ئۇتتۇۋالاتتى، بۇنىڭدىن بەنجاڭلارمۇ بەھرىمان بولاتتى. بەزىبىر ئەركىن ئوفتىسىر ۋە بەنجاڭلار تۇرمۇش ئىستىلىدا ساپ ئەمەس ئىدى. ساتقىن بەگلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن، يەرلىكتىكى كىشىلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ نومۇسىغا تېگەتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن جېدەل - ماجىرا چىقىپ تۇراتتى، ساتقىنلار بۇ ئەھۋالنى ياپاتتى.

**2) پۇل مۇئامىلىسى ۋە سودا - سانائەت جەھەتتە:**

خوتەندە 1934 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە تۆۋەندىكى پۇللار ئىشلىتىلگەن: 1) خوتەن قەغىزىدىن ئەتراپى قىزىل قىلىپ ئىشلەنگەن ئۈچ سەرلىك تىزا. 2) قەشقەردە ياڭ زىڭشىڭ دەۋرىدە چىقىرىلغان بىر سەرلىك ۋە تۆت تەڭگىلىك تىزا. 3) مىس داچەن ۋە تىيىن (تۆمۈر سىجاڭ چىقارغان يىگىرمە فۇڭلۇق تىيىن. 4) ئالتۇن (خوتەننىڭ ئالتۇنى). 5) تىللا. 6) چوڭ - كىچىك تەڭگە پۇل. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشەنچلىكى ئالتۇن، تىللا، ھەر خىل كۈمۈش پۇل ۋە مىس پۇللار ئىدى. ماخۇسەن خوتەن خەلقىنىڭ قولىدىكى ئالتۇن - تىللالارنى ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن قەغەز پۇل ئارقىلىق يىغىۋالغان.

ماخۇسەن خوتەندە يەرلىك خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتكەن، بولۇپمۇ يۇڭ، يىپەك، گىلەم ۋە خوتەن كېپەك ئالتۇنى ئىشلەپچىقىرىشنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتقان؛ ھىندىستان سودىگەرلىرىنىڭ خوتەنگە كېلىپ كېتىشىگە يول ئېچىپ بەرگەن. شۇ مەزگىللەردە تۈركىيەدىن كەلگەن ئىدرىس ئەپەندىمۇ خوتەندىن تۈركىيەگە نۇرغۇن پىلە ئۇرۇقى ئېلىپ كەتكەن. ئىككى تەرەپنىڭ سودىگەرلىرى لاداق يولىنى قوغۇنلۇق يولىغا ئايلان-



دۇرغان. خوتەن تەرەپ ھىندىستان ئارقىلىق ئەنگلىيەدىن ئوق - دورا، قورال (كۆپۈنچە ئون ئاتار مىلتىق، قول بومبىلىرى)، قوشۇمچە دورا - دەرمەك ۋە يۇڭ رەخلەرنى سېتىۋالغان.

**3) مەدەنىيەت مائارىپ جەھەتتە:**

ئەزەلدىن ئاسارەتتە ياشاپ كېلىۋاتقان خوتەن خەلقىنى تېخىمۇ ئاسارەتتە قالدۇرۇش ئۈچۈن، ماخۇسەن مەدەنىي مەكتەپلەرنى ئەمەس، دىنىي مەكتەپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بەرگەن. ئۇ، توختى ئەلەم قاتارلىق مۇتەئەسسىپ ئاخۇنلارنى ئەتراپىغا يىغىۋېلىپ، ئۇلارغا دىنىي ھوقۇق بەرگەن. بۇ ئاخۇنلارنىڭ كۈچەپ تەرغىب قىلىشى بىلەن، مەسچىتلەردىمۇ دىنىي دەرسلەر ئۆتۈلگەن، مەدەنىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ دىن بىلەن پەننى تەڭ ئوقۇتۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار جەددىتلەر قاتارىغا چىقىرىۋېتىلگەن. يۈز بېشى ۋە بەگلەرگىمۇ ئۆز تەۋەلىكىدە ماخۇسەننىڭ مەقسىتىنى مەركەز قىلىپ دىنىي مەكتەپ ئېچىش تاپشۇرۇلغان. خوتەندە دوختۇرخانا يوق ئىدى، لېكىن ماخۇسەن باشلىق 10 — 20 ئادەمنىڭ ئىككى ھىندىستانلىق دوختۇرى بار ئىدى. يەرلىك خەلقلەر ئۇ دوختۇرلارغا داۋالىنالمايتتى. ئەسكەرلەر ۋە يەرلىك خەلقلەر كېسەل بولۇپ قالسا، يەرلىك ئۇسۇلدا داۋالىناتتى. ماخۇسەننىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالغان ھاللىق كارۋانلار ھىندىستانغا يۈك توشۇش بانىسى بىلەن ھىندىستانغا كېتىۋېلىپ، قايتىپ كەلمەيتتى. كېيىن ھىندىلارنىڭ خوتەنگە كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنىپ، يەرلىك خەلقنىڭ ھىندىستانغا بېرىشى مەنئى قىلىندى.

**4) يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە:**

خوتەن تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، تۇپرىقى قۇم ئارىلاش. شۇڭا، تېرىقچىلىق قىلماق قەشقەرنىڭكىگە قا-

رىغاندا بىر قەدەر ئاستا، يەرنى كەتمەن بىلەن ئۆرۈپ - چۆ-
رۈپ تېرىغىلى بولىدۇ. خوتەندە ئاساسەن بۇغداي بىلەن قوناق
تېرىلىدۇ، بىدىمۇ خېلى كۆپ تېرىلىدۇ. تېرىلغان بۇغداينى پىش-
قان چاغدا، ئاخشىمى سۇغۇرۇپ قويۇپ، ئەتىسى قول بىلەن يۇ-
لۇپ يىغىۋالغىلى بولىدۇ (ئوغاق بىلەن ئورىغانلارمۇ بار). بۇغ-
داي ئېگىزىغا قوناق تېرىسا، ئۇنىمۇ پىشۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. خو-
تەننىڭ «ئۇندى پىشتى» قونىقىنىڭ تامىقى ۋە نېنى بەك مەززى-
لىك بولىدۇ. لېكىن، ئۇ چاغلاردا خوتەندە سۇ ئىنشائاتى بەك
ناچار ئىدى. بولۇپمۇ 7 -، 8 - ئايلاردا كېلىدىغان كەلكۈن قا-
رىقاش ۋە يورۇڭقاش دەريالىرىغا پاتماي، دەريانىڭ ئىككى قىر-
غىقىدىكى تېرىلغۇ يەرلەر ۋە ئۆيلەرنى بىراقلا سۈپۈرۈپ كېتەت-
تى. ئۇنداق چاغدا دەريادىن كېمىسىز ئۆتۈش ئەسلا مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. ئەمما، ماخۇسەن قىسىملىرى سالغان ئاش - ئو-
زۇق ۋە ئوتان - سامان ئالۋاڭلىرىنى تاپشۇرىدىغان دېھقانلار
بۇ ئالۋاڭلارنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇش ئۈچۈن، كېمىنىڭ كېلىشىنى
ساقلىماي، دەريادىن كېچىسى سۇ پەسەيگەندە ئۆتىمىز دەپ ئاخ-
شىمى دەرياغا چۈشەتتى - دە، بەزىلىرى ئات - ئۇلاقلىرى بى-
لەنلا سۇغا غەرق بولۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەر تېرىي-
دىغان ئەرلەر ۋە ياشلار ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ كېتىپ، يەر تې-
رىش ۋە ئالۋاڭ - ياساق تاپشۇرۇش ئاياللار، قېرى - چۈرىلەر
ۋە ئاغرىق - سىلاقلارغا قالغاچقا، ماخۇسەننىڭ ئالۋاڭلىرىنى
تولۇق ۋە ۋاقتىدا تاپشۇرۇش خوتەن خەلقىگە تاغدىنمۇ ئېغىر
كېلەتتى. ئۆزى تېرىپ، ئۆزى يېمەي ئاش تاپشۇرغانلارنىڭ ھا-
لى تېخىمۇ ناچار ئىدى.
شۇنداق تۇرۇقلۇق، غەللە - پاراق تاپشۇرۇپ ئالىدىغان
تۆۋەن قاتلامدىكى زالىم ئەمەلدارلار دېھقانلار ئېلىپ بارغان
ئاشلىقلارنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ ئالمىغاچقا، دېھقانلار ئۇ يەردە
كۈنلەپ، ھەتتا ھەپتىلەپ ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى.



تاپشۇرۇپ ئېلىشقا چىققاندا بولسا، تاپشۇرۇپ ئالغۇچىلار «بۇغ-
دىيىڭ ياخشى تازىلانماپتۇ، باشقىدىن تازىلا» دەپ قەستەن
ئاۋارىچىلىق سالاتتى. مۇشۇ سەۋەب بىلەن، دېھقانلارنىڭ تېخى-
مۇ كۆپ ۋاقتى ئىسراپ بولاتتى. بولۇپمۇ ئوتان تاپشۇرغۇچى-
لارنى «ئوتىنىڭ ھۆل ئىكەن، كۆيمەيدۇ» دەپ ھەيدىۋېتەتتى.
بىچارە دېھقانلار نائىلاج قايتىپ كېتەتتى. بەزى دېھقانلار نا-
ھىيە ئاتلاپ غەللە - پاراق تاپشۇراتتى. لېكىن، ناھىيىلەرنىڭ
ئارىلىقلىرىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان چۆل - جەزىرىلەر بولۇپ، ئۇ
يەردىكى يوللارنى تەكلىماكان تەرەپتىن چىققان قارا بوران
قۇم بىلەن كۆمۈۋەتكەچكە، بىچارە دېھقانلار يولدىن ئېزىپ كې-
تىپ، ئۇلاقلىرى بىلەن بىللە قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپ كې-
تەتتى. ماخۇسەننىڭ خوتەن خەلقىگە ئېلىپ كەلگەن «بەخت
سائادىتى» ئەنە شۇ ئىدى.

### 5) ئىجتىمائىي تۈزۈم جەھەتتە

ماخۇسەن بۇرۇنقى ھاكىمىيەتلەردىن قېپقالغان بىر قاتار
تۈزۈملەرنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئاھالىنى باشقۇرۇشتا ئون
بېشىلىك، يۈز بېشىلىك تۈزۈمىنى قوللانغان. يۈز بېشىلىككە
خۇيزۇ ئاخۇنلارنى قويغان، ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىكىگە ۋە خىز-
مەتچىلىكىگە ئۇيغۇر ئاخۇنلارنى قويغان. بۇ تۈزۈم دېھقانلارنى
ئالۋاڭ - ياساق تۆلەشكە، ئەسكەر بولۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۆ-
تەشكە تەشكىللەشتە، دېھقانلارنىڭ ئۈستىدىن نازارەت قىلىشنى
كۈچەيتىشتە كۆپ ئاسانلىق ۋە يەڭگىللىك يارىتىپ بەرگەن.
بۇ ئاسانلىقتىن پايدا كۆرگەن ماخۇسەن ئەمەلدارلىرى خەلق
ئۈستىدىن دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، خەلقنىڭ مال-
مۈلكىنى خالىغانچە بۇلاپ - تالىغان، خوتۇن - قىزلىرىنىڭ نو-
مۇسىغا تەگكەن. ياش دېھقان ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى لەڭزىگە تۇ-
تۇپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىنى تارتىۋالغان. قاچقانلارنى

ئۆتۈپ كېلىش يۈز بېشى ۋە بەگلەرنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى
قىلىپ بەلگىلەنگەن. نەتىجىدە، قاچقان ئەسكەر ۋە ھۈنەرۋەنلەر-
نىڭ ھاياتى ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشقان. شۇنىڭ بىلەن، يۇقىرى-
دا ئېيتىلغاندەك، نۇرغۇن يەرلەر ئەمگەك كۈچىنىڭ يېتىشمەس-
لىكى تۈپەيلىدىن قۇملۇققا ئايلىنىپ كەتكەن، نۇرغۇن ئائىلىلەر
زۇلۇم - كۈلپەت تۈپەيلىدىن خانىۋەيران بولغان. ماخۇسەننىڭ
خوتەن خەلقىگە سالغان زۇلۇمى 1864 — 1877 - يىللىرى خو-
تەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەبىبۇللا ھاجى ۋە نىياز ھېكىم
بەگلەرنىڭ زۇلمىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. قىسقىسى،
ماخۇسەن ئەمەلدارلىرى خوتەندە چاي ئورنىغا قان ئىچكەن،
ئاتلىرى سۇ ئورنىغا چاي ئىچكەن. بۇ — ئەمەلىي ئەھۋال. دې-
مەك، خوتەن خەلقى شۇ مەزگىلدە قاتتىق زۇلۇم، قاراڭغۇ زۇل-
مەت ئىچىدە قالغان. چۈنكى، خەلقتىن ئېلىنىدىغان ئالۋاڭ -
ياساق، باج، غەللە - پاراق، ئوتۇن - سامان، يەم - خەشەكلەر-
نىڭ سىرتىدا، تاپان ھەققى، چاي پۇلى، ھەر بىر ئامباللىق
تەۋەسىدىكى ئامبالدىن تارتىپ دوغا - يايىلارغىچە بولغان ئە-
مەلدارلارنىڭ ھەممىسى چاي پۇلى، تاپان ھەققى قاتارلىق قو-
شۇمچە ئالۋاڭلارنى ئالغان. بۇنىڭ بىلەنلا توختىماي، يۇقىرىدى-
كى تۈرلۈك ئالۋاڭ - ياساقلارنى تىلماچ ئون ھەسسە، بەگ
يۈز ھەسسە، يۈز بېشى مىڭ ھەسسە كۆپەيتىپ، خەلقنى ئۈستى-
ئۈستىلەپ شىلغان. خەلق ئاممىسى يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە،
مەسچىت - مەدرىسىلەرگە، ئىمام - ئاخۇن ۋە قازىلارغا ئۆشرە-
زاكات تۆلەش، ۋەخپىي يەرلەرنى ھەقسىز تېرىپ بېرىشكە
مەجبۇر بولغان.

ماخۇسەن خوتەن خەلقىنى باشقۇرۇشتا، يەرلىك ئاخۇن ۋە
بەگلەرنىڭ ياردىمىگە تايانغاندىن باشقا، نادان خەلقنى يۇرت-
ۋازلىققا سېلىپ، بىر يۇرت بىلەن يەنە بىر يۇرتنى سۇ ياكى
ئوتلاق تالىشىش باھانىسى بىلەن قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇپ،



ئوتتۇرىدىن پايدا ئۈندۈرۈۋېلىش ئۇسۇلىنىمۇ قوللانغان. ماخۇ-
سەن گورۇھىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ ئەيشى - ئىشرەتكە بېرىلىشى،
ھەر يىلى بولۇپ تۇرىدىغان تەبىئىي ئاپەت، يۇقۇملۇق كېسەل-
لىك، ئاچارچىلىق، ئېغىر ئالۋاڭ - ياساق خەلق ئاممىسىنى پۈ-
تۈنلەي ھالىدىن كەتكۈزۈپ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ھالەتكە چۈ-
شۈرۈپ قويغان. بولۇپمۇ ماخۇسەننىڭ خوتەن شەھىرىدىكى تۆ-
مۈر دەرۋازا ئىچىدە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى ئاخۇن
لۈيجاڭ خوتەن شەھەر خەلقىگە ھەددى ھېسابسىز زۇلۇم سالغان.
ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كېيىم - كېچەكلىرى، ئات - ئۇلاغ
جابدۇقلىرى، سەپەر خۇرجۇنلىرى ۋە قاش تېشى زىننەت بۇيۇم-
لىرىنى شەھەر ھۈنەرۋەنلىرى نەزەر بەنت ئاستىدا مەجبۇرىي
ئىشلەپچىققان. ئاخۇن لۈيجاڭ شەھەر سېپىلىنىڭ ئاستىنى ئوي-
دۇرۇپ، بىر كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك مەخسۇس تۈرمىلەر
ۋە دەھشەتلىك كۆل يەنى سۇ زىندانى ياساتقان. بۇ تۈرمە ۋە
زىندانلارغا ئاخۇن لۈيجاڭنىڭ بۇيرۇقىغا بويۇن تولغىغان كى-
شىلەر تاشلانغان. ئاخۇن لۈيجاڭنىڭ زۇلۇمىدىن ئۆلگەن ئەسكەر-
لەر بولسا، «توغراق مازار» غا كۆمۈلگەن. بۇ مازار خوتەننىڭ
شۇ ۋاقىتتىكى ئات بازىرىنىڭ يەنى قارىقاش بېكىتىنىڭ ئور-
نىدا بولۇپ، ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ كۆپلىكىگە بۇ مازارمۇ تار-
لىق قىلىپ قالغان.

## 1936 - يىلى خوتەن خەلقىنىڭ ماخۇسەنگە قارشى قىلغان قوزغىلىڭى

خوتەننىڭ جەنۇبىدىكى قاراڭغۇ تاغ شەيخلىرىنىڭ بىر
قىسمىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە بەل باغلىغان ئاقتۇرسۇن موللام
ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ئاق، چوچەك ئىگىلەپ ئالغانىدى.
شۇ چاغدا ئەيندىن ئىسمىلىك بىر ئافغان قاراڭغۇ تاغدا ئوغ-

رىلىقچە پەيدا بولۇپ، ئاقتۇرسۇن موللامغا: «سىلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن مېنى شاھ مەنسۇر ئەۋەتتى» دەيدۇ ۋە ئاقتۇرسۇن موللام بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ماخۇسەن ئۇلاردىن قاتتىق ئەندىشە قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلارنى ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئۆزىگە ئەل قىلالماي، ئاخىرى قاراڭغۇ تاغقا خوتەندىن بىرنەچچە ئاخۇنلارنى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار قاراڭغۇ تاغقا بېرىپ ئاقتۇرسۇن موللامنى تېپىپ، سۆھبەتنى ئەمدى باشلايلى دەپ تۇرۇشىغا، ماخۇسەن خوتەن، قارىقاش ۋە چىرىيىلەردىن بىر نەچچە يۈز ئاتلىق ئەسكەرنى يوشۇرۇن ئەۋەتىپ، سۆھبەتلىشىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى قورشاپ يوقىتىپ مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلماقچى بولىدۇ. بىراق، ماخۇسەننىڭ بۇ قارا نىيىتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. باستۇرۇپ بارغان ئەسكەرلەر ئاقتۇرسۇن موللىنىڭ بۆكتۈرمە قىلىپ قويغان ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن بىت - چىت قىلىنىدۇ. ماخۇسەن ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، نەچچە يۈزلىگەن پارتىزانلارغا قارشى يەنە بىر نەچچە يۈز ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تەرەپ - تەرەپتىن قورشىۋېلىپ، ھەبىبۇللا خوجا باشلىق توققۇز نەپەر كىشىنى تۇتۇپ كېلىپ ئاتىدۇ ۋە تاغلىقلارنىڭ بارلىق مۈلكىنى تالان - تاراج قىلىپ، قاراڭغۇ تاغ قوزغىلىڭىنى باستۇرىدۇ. لېكىن، خوتەننىڭ تەۋەككۇل، ئىسلام ئاۋات دېگەن جايلىرىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئەخمەت سەردار باشچىلىقىدىكى بىرەر مىڭدەك قوزغىلاڭچىلار ماخۇسەننىڭ بىر لىيەن ئەسكىرىنى يوقىتىپ، خوتەنگە قاراپ ماڭىدۇ. بىراق، خوتەندە قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنى ئۆز ئىچىدىكىلەر پاش قىلىپ قويۇپ، بۇ قوزغىلاڭچىلارمۇ خوتەنگە ئۆز تەسىرىنى كىرگۈزەلمەي، يېرىم يولدا مەغلۇپ بولىدۇ. بىر قىسىم پىدائىيلار يۇرۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ، ئاقسۇ، كۇچا تەرەپلەرگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. تەۋەككۇلدىن كەتمەي قالغانلار ماخۇسەننىڭ



رەھىمسىز قىرغىنچىلىقىغا دۇچ كېلىدۇ؛ گۈزەل تەۋەككۇل بىر تەرەپتىن ماخۇسەندەك سۈنئىي ئاپەتنىڭ زۇلمى، يەنە بىر تەرەپتىن تەكلىماكاندىن كەلگەن تەبىئىي ئاپەتنىڭ زۇلمى بىلەن، بىر مەھەل ئېغىر ئاقىۋەتكە قالىدۇ. دېمەك، ماخۇسەن خوتەن خەلقىنى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئاسارەتكە مۇپتىلا قىلغان. ماخۇسەنگە ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان ياشلار ماخۇسەننىڭ كېچە - كۈندۈز ئارام بەرمەي مەشىق قىلدۇرۇشىغا چىدىماي، ئەسكەرلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئېسىلىپ ياكى يۇرۇڭقاش دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالغان ۋە ياكى پۇرسەت تاپسىلا تەكلىماكان ئارقىلىق ئاقسۇ - كۇچاغا قاراپ قاچقان. لېكىن، ئۇلارنىڭ تولىسى تەكلىماندا بوران - چاپقۇن ئىچىدە قېلىپ، يولدىن ئېزىپ كېتىپ، چۆلدىن چىقالماي، قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپ كەتكەن.

## ماجۇڭيىڭ بىلەن ماخۇسەننىڭ زىددىيىتى

ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ماخۇسەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، 1937 - يىلى ئۆز يېنىدىكىلەردىن لاشۇلى، مايەنلياڭ، ماشىمى ۋە ياڭ فۇشىڭلارنى لاشۇلى باشچىلىقىدا ئەركەش تام ئارقىلىق خوتەنگە ئەۋەتكەن. ئۇلار قەشقەرگە كەلگەندە، شېڭ شىسەينىڭ قەشقەر يېڭى شەھەردە تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ سىلىڭى ليۇ بىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ نېمە ۋەزىپە بىلەن كەلگەنلىكىنى دوكلات قىلغان. ليۇ بىڭ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خوتەنگە يولغا سېلىپ قويغان. ئۇلار خوتەنگە بارغاندىن كېيىن ماجۇڭيىڭنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، ماخۇسەننى شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ قەشقەردىكى مەھمۇت سىجاڭنى يوقىتىشقا دەۋەت قىلغان

(مەھمۇت سىجاڭ ئۇ چاغلاردا شىڭ شىسەينىڭ قارىمىقىدا بول-
سىمۇ، كۆرۈنۈشتە شىڭ شىسەيگە بويسۇنغان بولۇپ، ئەمەلىيەت-
تە ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتقان، جۈملىدىن قەشقەرنىڭ مەدەنى-
يەت - مائارىپ ئىشلىرىنى ئۆز خاھىشى بويىچە راۋاجلاندۇر-
غان؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىڭ شىسەي ئۇرۇمچىگە چاقىرتسا بار-
مىغان، بولۇپمۇ ئابدۇغوپۇر داموللا جاجىسىنى يىگەندىن كېيىن
ئۇرۇمچىگە «مەجلىس» كە چاقىرتسا، يوقىلاڭ ئىشلارنى بانا
قىلىپ بارغىلى ئۇنىمىغان. بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولغان
شىڭ شىسەي ئاخىر، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن ماجۇڭ-
يىڭ ئارقىلىق خوتەندىكى ماخۇسەن بىلەن بىرلىشىپ مەھمۇت
سىجاڭنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىش، سوۋېت ئىتتىپاقى بى-
لەن سودا ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانىنى تۈزگەن. ماجۇڭ-
يىڭ شىڭ شىسەينىڭ مۇشۇ پىلانى بويىچە ماخۇسەنگە يوليو-
رۇق بەرگەن.) ئەمما، ماخۇسەن ئۆزىنىڭ كەلگۈسى مەنپەئىتىنى
كۆزلەپ، ماجۇڭيىڭنىڭ يوليورۇقىنى رەت قىلىپ، باشقىچە يول
تۇتقان. ماجۇڭيىڭ سوۋېتتىن ئەۋەتكەن ئادەملەرنى كۆرۈنۈشتە
قارشى ئالغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلاردىن گۇمانلىنىپ،
ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى نەزەر بەنت قىلىپ قويغان، لاشۇلى بىلەن
ياڭ فۇشېڭنى ئۆزىنىڭ چەرچەندىكى بىر يىڭ ئەسكىرىگە ئو-
فىتسېر قىلىپ ئەۋەتكەن؛ ئاندىن ھەربىي تەمىنات باشلىقى ما-
جۇڭنى ھىندىستانغا ئەۋەتىپ، ھىندىستان بىلەن سودا مۇناسىۋە-
تىنى يولغا قويغان. ماخۇسەن شىڭ شىسەينىڭ پىلانىغا جاۋا-
بەن، «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دەپ، ئۇنىڭ قەشقەر-
دىكى رەقىبى مەھمۇت سىجاڭ بىلەن بىرلىشىپ شىڭ شىسەينى ئاغدۇ-
رۇپ، پۈتۈن شىنجاڭغا يالغۇز خوجايىن بولۇش خام خىيالىنى
قىلغان ۋە بۇ توغرىدا مەھمۇت سىجاڭ بىلەن ئالاقىلاشقان. لې-
كىن، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ قارا نىيىتىنى ئېسىدىن چىقار-
مىغان مەھمۇت سىجاڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق



بولمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ماخۇسەننىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلماي،
«ئۆلمەك بار، كۆنمەك يوق» دەپ، كەلگۈسىدە باشقا يول تې-
پىشقا پۇرسەت كۈتۈش ئۈچۈن، ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتكەن.
بۇنى بىلگەن ماخۇسەن سەنمۇجاڭى بەي زىلى بىلەن مەخپىي
مەسلىھەتلىشىپ، مەھمۇت سىجاڭ ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتكەندە
ئۇنىڭ ئورنىغا قېپقالغان ئابدۇنىياز ۋە كىچىك ئاخۇن تۈەن-
جاڭلار بىلەن بىرلىشىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش نىيىتىگە كەل-
گەن. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن شەن فۇخەي
ۋە مافۇيۈەنلەر باشچىلىقىدىكى بىرىگادىلىرى ۋە زەمبىرەك باتا-
لىئونلىرىنى قەشقەرگە ماڭدۇرۇپ، ئۆزى قاغىلىقتا
تۇرۇپ قوماندانلىق قىلغان؛ خوتەندە نەزەر بەنت قىلىپ قوي-
غان مايەنلياڭ، ماشىجىلارنى قاغىلىققا ئالدۇرۇپ، ئۇلارغا مەھ-
مۇت سىجاڭنىڭ قەشقەردىكى قالدۇق ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلى-
شىپ شىڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا،
ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ماجۇڭيىڭنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىش
ئېلىپ بېرىش پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالغان. ماخۇسەن ئۇلارنىڭ
پىكرىگە ۋە شىڭ شىسەينىڭ ھاۋادىن تاشلىغان تەشۋىقاتىغا
كۆنمەي، مەھمۇت سىجاڭنىڭ يەكەن ۋە قەشقەردىكى قالدۇق
ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، شىڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇش
باشلىۋەتكەن. ماخۇسەن ئەسكەرلىرى خوتەن تەۋەسىدىن ئۈچ
كېچە - كۈندۈزدە قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ، قەشقەر يېڭىشەھەردى-
كى ئايرودرومنى ئىگىلىۋېلىپ، قەشقەر كونىشەھەرنى بىر كېچى-
دىلا ئىشغال قىلغان، بۇ ئۇرۇش دەھشەتلىك بولغان. ماخۇسەن
ئەسكەرلىرى شىڭ شىسەينىڭ قەشقەر كونىشەھەردىكى بىر قىسىم
ئەسكەرلىرىنى ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قادىر ھاجى
(سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن) رەھبەرلىكىدە ۋاقىتلىق تەش-
كىللەنگەن قىرغىز، خۇيزۇ، خەنزۇ، ۋە ئۇيغۇر ساقچى قىسىملىرىنى
تارمار قىلىپ، ئاندىن قەشقەر يېڭى دەرۋازا (شىتەي يامۇل)

ئىچىگە كىرىۋالغانلارنى بىرەر ھەپتىدەك قورشاۋدا تۇتۇپ، ئاچ-
زارلىقتىن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىغان. بۇ ئۇرۇشتا، ساقچى
باشلىقى قادىر ھاجى بويىنغا ئوق تېگىپ ئەسىرگە چۈشكەن.
تەسلىم بولغان خەنزۇلار (دۇڭبېيدىن كەلگەن خۇڭخۇزىلار) قەش-
قەر يېڭىشەھەردىكى لىيۇبىڭنىڭ خۇڭخۇزىلىرىغا قوشۇۋېتىلىپ، ئومۇ-
يۈزلۈك نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنغان؛ قادىر ھاجى داۋالىتىپ سا-
قايتىلىپ، قەشقەر ئوردا بېشىدىكى بىر شەخسىينىڭ ھويلىسىغا
نەزەربەنت قىلىپ قويۇلغان، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سابىق ساق-
چىلار قەشقەر شەھىرىنىڭ تەرتىپىنى ساقلاشقا قويۇلغان.

بۇ يەردە ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئەھۋال
شۇكى، ماخۇسەن ئەسكەرلىرى قەشقەرگە باستۇرۇپ كېلىشتىن
بىر ئاي بۇرۇن، مەھمۇت سىجاڭ رەھبەرلىكىدە قەشقەر مائارى-
پىنى گۈللەندۈرگەن خەلقپەرۋەر مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە مۇئەل-
لىملەر ساقچى باشلىقى قادىر ھاجى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ،
قەشقەر يارباغ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى چىنىباغ ئەتراپىدا
بىر قورۇغا (ۋاقىتلىق تۈرمىگە) سولاپ قويۇلۇپ، ساقچىلار بىلەن
نەزەربەنت قىلىنغان. ماخۇسەن ئەسكەرلىرى قەشقەر شەھىرىگە
ھۇجۇم قىلغان كېچىسى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان قادىر ھاجى بۇ
مەھبۇسلارنى شۇ قورۇنىڭ بىغىغا بىر - بىرلەپ ئېلىپ چىقىپ
ئېتىپ تاشلاۋاتقاندا، ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان قارشى تەرەپ (مەھ-
مۇت سىجاڭنىڭ بۇ ئىشتىن بىخەۋەر قالدۇق ئەسكەرلىرى)
«دۈشمەن تەرەپ بىزگە ئوق چىقىرىۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويـ-
لاپ، ئوق ئاۋازى چىقىۋاتقان باغقا قول بومبىسى تاشلىغان. بومبا
جەسەتلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشكەچكە، بەزى جەسەتلەر كۆيۈپ
كۆل بولۇپ كەتكەن. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئوق ئاۋازى توختىغان.
مەھمۇت سىجاڭنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى باغقا ھۇجۇم قىلىپ كىرسە،
قادىر ھاجىنىڭ ساقچى ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆز ئادەملى-
رىنىڭ جەسەتلىرى بىلەن مەھبۇسلارنىڭ جەسەتلىرىنى ۋە ئارقا



سەپ يېمەكلىكلەر ئامبىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن. ئۆلگەن
مەھبۇسلارنىڭ ئارىسىدا ئاتۇشلۇق مەھەممەت ئېلى (توپىق) ئە-
پەندى، ئۇنىڭ ئاكىسى جۇمايىدىن، قەشقەر نوبېشى مەكتەپنىڭ
مۇدىرى تۇرغۇنجان ئەپەندى، قەشقەر كېپەكبازىرىدىكى نەمۇنە
مەكتەپنىڭ مۇدىرى يۈسۈپ زىيا ئەپەندىلەر بار ئىدى. ۋەقە
يۈز بېرىپ ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، نوبېشى مەك-
تەپنىڭ مۇئەللىمى ئابلىز ئەپەندى ۋە كامال ئەپەندىلەر ئۆل-
گۈچىلەرنىڭ كۆيمەي قالغان مەلۇم بەلگىلىرىنى تونۇۋېلىپ، بۇ
جەسەتلەرنى يۆتكەپ چىقىپ كەتكەن.

يەنە شۇ باستۇرۇلغان مەھبۇسلارنىڭ ئارىسىدا يىراقتىن ئې-
تىلغان ئوقنىڭ بەختكە يارىشا تەگمەي قېلىشى بىلەن ھايات
قالغانلاردىن بىرى — قەشقەر نوبېشى مەكتەپنىڭ رەسىم مۇئەل-
لىمى ھەسەن ئاخۇن (ئۈرۈمچىلىك سەرراپ قادىر ھاجىنىڭ كۈيـ-
ئوغلى). ئۇنىڭغا يىراقتا تۇرۇپ ئارقىدىن ئېتىلغان ئوق شالالدا
لەپىلدەپ تۇرغان كۆڭلىكىنىڭ يان تەرىپىدىن ئۆتۈپ كېتىپ
ئۇنىڭغا تەگمەي قالغان. ئەمما ئۇ ئۆلۈم خەۋپىدىن قورقۇپ
كەتكەچكە، ئوق ئاۋازى چىقىشى بىلەن تەڭ «ئەمدى ئۆلدۈمغۇ»
دەپ جەسەتلەرنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئېتىل-
غان مەھبۇسلارنىڭ ئارىسىدا كۆمۈلۈپ ياتقاندا، بىر ئوق ھەسەن
ئاخۇننىڭ تاپىنىغا تېگىپ توختاپ قالغان. مەھبۇسلار ئېتىلىپ
بولۇپ بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ھەسەن مۇئەللىم ئۆزى-
نىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى سېزىپ، جەسەتلەر ئارىسىدىن
مىڭبىر بالادا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، تامنىڭ تۈۋىدىكى شاپتۇللۇققا
يوشۇرۇنۇۋالغان؛ ئاندىن باغقا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ئۇيغۇر
ئەسكەرلەر تەرىپىدىن قۇتقۇزۇلۇپ، قەشقەر يارباغ سىرتىدىكى
دارىلشىپا مەكتىپىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە بىر كۈندىن كېيىن كې-
رەمباغ دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قويۇلغان. ھايات قالغانلاردىن
يەنە بىرى — 25 ياشلار چامىسىدىكى يەكەنلىك بىر سودىگەر.

ئۇ، ساقچى تەرىپىدىن «چەت ئەل ئىشپىيونى» دېگەن گۇمان بىلەن سولاپ قويۇلغان. شۇ كېچىسى ئۇمۇ ماھبۇسلار قاتارىدا ئېتىلغان بولسىمۇ بەختكە يارىشا ئۇنىڭغا ئېتىلغان ئوقمۇ تەگمەي قېلىپ، ئۇمۇ بىر مەھەل جەسەتلەر ئارىسىدا كۆمۈلۈپ يېتىپ قالغان.

ماخۇسەننىڭ قەشقەر شەھرىگە ھۇجۇم قىلغان ئەسكەرلىرى يەنە شۇ كېچىسى ئوقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن، يارباغ دەرۋازىسى سىرتىدىكى دارىلئېتامدا يېتىپ ئوقۇيدىغان يېتىم بالىلارنى «قادىر ھاجىنىڭ ساقچىلىرى ئوخشايدۇ» دەپ ئوققا تۇتۇشقا تاس قالغان (بىچارە يېتىم بالىلار بىر بالايىئاپەتتىن ساقلىنىپ قالغان). ئەنە شۇ ماخۇسەن قىرغىنچىلىق پەيدا قىلىشتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن، مەكتەپلەردە دەرس توختىغان، قەشقەر شەھرىدىكى، ھەتتا يېزا - كەنتلەردىكى نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىلار ئۇستازلىرىدىن ۋە ئوقۇشتىن مەھرۇم بولۇپ، يېتىم قوزا ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان؛ شەھەر ئاھالىسى ئارىسىدا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلۈپ، شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ كۈندۈزى بالدۇرلا تاقىلىپ قېلىشى بىلەن شەھەر ئىچىدە قورقۇنچلۇق بىر ۋەھىمە ھۆكۈم سۈرگەن؛ 1934 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا پەيدا بولغان ئۇرۇش يارىلىرى ئەمدىلا تۈگەپ، مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك تەدبىرلىرى بىلەن قايتا تەرەققىياتقا يۈزلىنىۋاتقان قەشقەر مەدەنىيىتى ۋە سودا - سانائىتى يەنە مىسلىسىز بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. قەشقەر شەھرى ئىشغال قىلىنىپ تۇرغان ئىككى ئۈچ كۈن ئىچىدە شەھەر ئىچىدىكى ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى، شەخسىيلەرنىڭ دۇكانلىرى ۋە ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئۆيلىرىنى تاشلاپ قاچقان بەزى شەخسىيلەرنىڭ ئۆي ۋارانلىرى تالان - تاراج قىلىنغان. بۇ ھال بەزى قىمارۋاز ئەسكەرلەر ۋە ئۇيياق - بۇياقتىن ئېقىپ كېلىپ قالغان سەرگەردانلارنىڭ ھارامدىن بېيىشقا ياخشى پۇرسەت بولۇپ بەرگەن.

ماخۇسەن 1937 - يىلى 7 - ئايلاردا، قەشقەرنى ئاساسىي



بازا قىلىش ئۈچۈن، قول ئاستىدىكى 1 - ۋە 2 - بىرىگادىلارنى يەنى جەدە ئاتلىقلار بىلەن تورۇق ئاتلىقلارنى قەشقەردە ئېلىپ قېلىپ، قەشقەر كونا شەھەر ۋە يېڭىشەھەرنى ئۆز نازارىتى ئاستىغا ئالغان؛ 3 - بىرىگادىدا بىلەن 4 - بىرىگادىنى يەنى ئاق ئاتلىقلار بىلەن قارا ئاتلىقلارنى شېڭ شىسەيگە قارشى شىمالىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشقا ماڭدۇرغان. بۇلار ئاقسۇ، كۇچا ۋە كورلىغىچە ئۇرۇشۇپ بېرىپ، ئۇ يەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ دىۋاملىق ئىلگىرىلىگەندە، شېڭ شىسەي ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ بالايىئاپەتتىن چۆچۈپ، ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى بارلىق ئەسكەرلىرىگە ھەربىي مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى قوشۇپ، ماخۇسەنگە قارشى يولغا سالغان. شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى كۆمۈش، ئايغىر بۇلاق، قارا شەھەر ئەتراپلىرىدا مۇداپىئەلەنگەن، ئىككى ئوتتۇرىدا قاتتىق قانلىق جەڭ بولغان. ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئالدىنئالا سەزگەن شېڭ شىسەي دەرھال سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ياردەم سوراپ مۇراجىئەت قىلغان. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىلگەن ئايروپىلان ۋە تانكىلىرى ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنى كورلىدا توسۇپ، قاتتىق زەربە بىلەن تارمار قىلىۋەتكەن. «سازلىقتا ھاكىرىغان ئېشەك جوۋۇدا ھاكىريالماپتۇ» دېگەندەك، ئايروپىلان ۋە تانكىلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ باقمىغان ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى قەشقەرگە، بىر قىسمى لوپنۇر، چاقىلىق ۋە چەرچەنلەرگە قاراپ تىكىۋەتكەن. ئەمما، بۇ قاچاقلار بارغانلا يېرىدە خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ، ئۆيلىرىگە ئوت قويغان. بولۇپمۇ قارا ئاتلىقلار قەشقەرگە چېكىنمەي، تەكلىماكانغا يوشۇرۇنۇش جەريانىدا، تارىم بويلىرىدىكى چارۋىچىلارنى راسا بۇلىغان. كۇچا ۋە ئاقسۇ تەرەپكە چېكىنگەنلەرمۇ يول بويى تالان - تاراج قىلىپ ماڭغان؛ خەلقنىڭ جاپا تارتىپ تېرىپ تېخى يىغىۋالمىغان ئاشلىقلىرى ئىگە - چاقىسىز قالغان چارۋا - ماللارغا ۋە ماخۇسەننىڭ ئات ئۇلاقلىرىغا

يەم - خەشەك بولغان. بۇ ئاپەتلىك ئۇرۇش تۈپەيلىدىن، ئۆي - ۋارانلارمۇ ئىگىسىز قالغان، قارا باسقانلار ئۆلگەن، قاچالىغانلار قاچقان. دېمەك، پۈتۈن ئالتە شەھەر قارا تۇمان، قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قالغان.

ماخۇسەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن قىزىل ئارمىيىگە تەڭ كېلەلمىگەندىن كېيىن، بىر كۈنى نامازدىگەر ۋاقتىدا، قەشقەردىكى ھەممە ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئوپال ئارقىلىق بىر كېچە يول يۈرۈپ، يېڭىسارغا بېرىۋالغان. ئۇ، يېڭىساردا ئىلگىرى ئاخىر ئۈچ كۈن مۇداپىئەلىنىپ تۇرغان. ئەمما، ماخۇسەننىڭ شىڭ شىسەيگە مايىل بىر قىسىم ئوفىتسېرلىرى ماخۇسەنگە ئەگەشمەي، ياپچان ئەتراپىدا قېپقالغان، ماخۇسەنگە ئەگەشكەنلەر ئارىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولغان. ئۇلار يېڭىساردا ۋاقتىدا يەنى 8 - ئاينىڭ بىر كۈنى كەچتە، قىزىل ئارمىيە ئايروپىلانلىرى يېڭىسار شەھىرىنىڭ ئاسمىنىدا پەيدا بولۇپ، شەھەر ئىچىگە بومبا تاشلىغان. ماخۇسەننىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى شەھەر ئەتراپىدىكى دەڭلەرگە ۋە زىراتگاھلىقلارغا تارقىلىپ مۇداپىئەلەنگەن. شەھەر ئەتراپىدا بولسا، برونېۋىك ۋە تانكىلاردىن ئېتىلغان ئوقلار يامغۇردەك ياغقان. ئىلاجسىز قالغان ماخۇسەن ئەسكەرلىرى بىر كاناي بىلەنلا ئاتلىنىپ، نامازشام ۋاقتىدا يەكەنگە قاراپ قاچقان. ماخۇسەن بىر تۈركۈم ئادەملىرى بىلەن ئالدىدا يول باشلاپ ماڭغان. ئۇلار بىر كېچە يول يۈرۈپ، يەكەنگە تەۋە كورۋاتقا بېرىۋالغان. ئەمما، شۇ كېچىسى ماخۇسەن بىر تۈركۈم ئادەملىرى بىلەن كۆزدىن غايىپ بولغان.

كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ماخۇسەن كورۋاتتىن چىققانچە زەرەپشان دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ، ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى لاداخ دېگەن يەرگە يېتىپ بارغان. ئۇ يەردە شىنجاڭدىن ئېلىپ ئۆتكەن قورال - ياراق ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى چېگرا باققۇچى ھىندىستانلىقلارغا تاپشۇرۇپ، ئاندىن ھىندىستاننىڭ مەركىزىي



شەھىرى دېھلىگە بېرىپ، ئۆزىنى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلغان. ئەمما، ماخۇسەن ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر مۇھاجىرلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تاپا - تەنىسىگە چىدىيالماي، بىر يىل ئۆتكەندە، چىڭخەيگە قايتىپ كەلمەكچى بولغان. بىراق، خىراجەتتىن قىسىلغانلىقتىن، ئاخىر ئۆز ۋاقتىدا ھىندىستانغا سودا ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتكەن ماجۇڭ ئارقىلىق ھىندىستاننىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزگەن خام ئەشيالارنىڭ پۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، نىپال - تىبەت يولى بىلەن چىڭخەيگە ئاران ئۇلىشىۋالغان (بۇنى شۇلار بىلەن چىڭخەيگە بىللە ئۆتكەن مەھمۇت چاقماق دېگەن ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانىدىم). ئاندىن ئۇ، چىڭخەيدىكى مىللەتارىست مابۇفاڭنىڭ يېنىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئاخىر ئۆز يۇرتى خېجۇغا كەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1949 - يىلى كۈزدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى خېجۇ ئارقىلىق چىڭخەيگە ئۆتۈش ۋاقتىدا، ماخۇسەن مابۇفاڭنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قارشىلىق كۆرسەتكەن. ئاخىر بولالمىغاندا، ئوغلى بىلەن بىر راۋاق ئۈستىگە چىقىۋېلىپ داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتكەن. يېنىدىكى ئوقلىرى تۈگەپ، ئىككى پاي ئوق قالغاندا، ئاۋۋال ئوغلىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئاخىرقى بىر پاي ئوقتا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالغان.

بۇ يەردە ئىزاھلاپ ئۆتىدىغان بىر مەسىلە شۇكى، ماخۇسەن ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭدىن ھىندىستانغا ئېلىپ ئۆتكەن نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشلەر توغرىسىدا، ئەڭ ئاۋۋال شىڭ شىسەي ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە دەۋا قىلىپ، ئۇنى شىنجاڭ ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان؛ كېيىن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەركىبىدە تەپتىش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ تۇرغان مەسئۇد ۋە قانۇن تۈزۈش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ تۇرغان ئەيسا بەگلەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئارقىلىق ھىندىستان ھۆكۈ-

مىتىگە ئەرز قىلىپ، مەزكۇر ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى شىنجاڭ ھۆكۈمىتى نامىدىن ئەمەس، شىنجاڭ خەلقى نامىدىن ئەنگلىيىنىڭ خانلىق بانكىسىدا ئامانەت ساقلاپ بېرىشكە ھاۋالە قىلغان. بۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنىڭ قانداق بولغانلىقى نامەلۇم.

## قالدۇق ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ گەنسۇغا قېچىشى

ماخۇسەندىن قەشقەر ياپچاندا ئايرىلىۋالغان ماسىڭكۈي باشچىلىقىدىكى بىرلۈي (بىرىگادا) ئەسكەر قەشقەر بىلەن يەكەن ئارىلىقىدىكى قىزىل دېگەن سايدا، قوراللىرىنى چېدىر شەكلىدە رەتلەپ تىزىپ قويۇپ، قەشقەردىن كېلىۋاتقان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئاتلىقلىرى قىرغىز ۋە ئۇيغۇرلاردىن، بىرونىۋىك ۋە تانكىلارغا چىقىۋالغان پىيادىلىرى رۇسلاردىن تەركىب تاپقان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بۇلارنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىستىپاقىدا تۇرۇۋاتقان ماجۇڭيىڭدىن ئېلىپ كەلگەن يوليورۇق بويىچە، ماسىڭكۈي ۋە بەي زىلىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ماخۇسەننىڭ كورۋاتتا قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنىمۇ ئەكەلدۈرۈپ، ھەممىسىنى يەكەنگە يىغىپ باشقىدىن تەشكىللەپ رەتكە سالغان. شۇ مەزگىلدە، ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان كېلىپ، ماسىڭكۈي قاتارلىق بىر قانچە بىرىگادا باشلىقلىرىنى ئۈرۈمچىگە كېلىشىم قىلىشقا ئېلىپ كەتكەن؛ ماخۇسەننىڭ كورلىغىچە ھۇجۇم قىلىپ بېرىپ، شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى ۋە ئايروپىلانلىرىنىڭ ھۇجۇمى بىلەن كۇچاغا چېكىنگەن مافۇيۈەن بىرىگادىسى بولسا، يۇرۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ جەنۇبقا مېڭىپ، 1937 - يىلى 9 - ئايدا خوتەن شەھىرىگە ئورۇنلاشقان. ئەمما، مافۇيۈەن كۆرۈنۈشتە بەي زىلىگە ۋە يەكەندىكى سوۋېت قىزىل ئارمىيە شتابىغا بويسۇنغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆز يېنىنى چىڭداشنىڭ غېمىنى قىلىپ، ھەر ئىككىسىگە بويسۇنماي تۇرۇۋال-



غان. ماخۇسەننىڭ تەۋەككۇل دېگەن يەردە قالدۇرۇپ كەتكەن بىر لىيەن ئەسكىرى ئۆز لىيەنجاڭىنى ئۆلتۈرۈپ ئىسيان كۆتۈرگەن. مۇشۇ ۋاقىتتا لوپ ناھىيىسىدە تۇرۇۋاتقان بەي زىلى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال تەۋەككۇلغا ئەسكەر ئەۋەتكەن. بۇ ئەسكەرلەر تەۋەككۇلغا بىر كېچىدىلا يېتىپ بارغان. ئەمما، بەي زىلىنىڭ ئەسكەرلىرى يېتىپ بارغىچە، ئىسيانچى ئەسكەرلەر تەۋەككۇل خەلقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، تەكلىماكانغا قېچىپ كىرىۋالغان. بەي زىلىنىڭ ئەسكەرلىرى ئەتىسى تەۋەككۇلدا چۈشلۈك ئوزۇقلىنىپ، شۇ كۈنى كېچىسى يەنە لوپقا قايتىپ كەلگەن. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، تەۋەككۇلدىن قېچىپ كەتكەن ئىسيانچى ئەسكەرلەر يولنى تەكلىماكانغا سېلىپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە چەرچەنگە ئۆتۈپ كەتكەن.

بۇ ئەھۋاللارنى بىلگەندىن كېيىن، بەي زىلىمۇ ئىككىلىنىپ، يەكەندىكى قىزىل ئارمىيە قوماندانلىق شتابىغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ، گەنسۇغا ئۆتۈپ كېتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلغان. لېكىن ئۇ، ئىككى ئىشتىن: بىرى — سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ھاۋادا ئايروپىلان بىلەن، يەردە بىرونىۋىك قىسىملىرى بىلەن كۈندە دېگۈدەك كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن، يەنە بىرى — چەرچەندىكى ئەشەددىي دۈشمىنى لاشۇ لى بىرىگادىسىنىڭ گەنسۇغا ئۆتىدىغان يولنى توسۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئەندىشىلەنگەن. شۇڭا ئۇ، خوتەن بىلەن لوپ ئارىلىقىدىكى سازلىقنى ئايروپىلان قونالغۇدەك قىلىپ ياساۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، بىرەر ھەپتىنى ئۆتكۈزگەن. بۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەينىڭ ئېغىر تىپتىكى قوراللار بىلەن قوراللانغان رازۋېتچىك ماشىنىلىرى ناھىيىلەرنى ئارىلاپ كېلىپ - كېتىپ تۇرغان. بەي زىلىنىڭ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى «ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ» دېگەن پوزىتسىيە بىلەن كېچە - كۈندۈز قىمارغا بېرىلىپ كەتكەن؛ خەنزۇ ۋە خۇيزۇ ئەسكەرلىرى ئۇزاقتىن بۇيانقى جەڭلەردە كۆپ ئولجىغا ئىگە

بولۇپ، يانلىرىنى چىگدىۋالغاچقا، پاتراق يۇرتىغا كېتىش كويىدا بولغان. بەي زىلى ئاخىر ھەممە ئەسكەرلىرىنى تارقاق ماڭدۇرۇپ، شەرققە قاراپ يول ئالغان. مافۇيۇەنمۇ ئەسكەرلىرىنى بەي زىلىنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوشماي، بەي زىلىنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ ماڭغان. ئۇلار چىرىيىگە بېرىپ، ئىككى - ئۈچ كۈن ئۇياق - بۇياققا رازۋېتچىك ماڭدۇرۇپ تىڭ - تىڭلاپ باققاندىن كېيىن، ئاندىن كىرىيىگە بارغان.

ماخۇسەننىڭ بۇ قالدۇق ۋە چېچىلاڭغۇ ئەسكەرلىرى ناھىيىدىن ناھىيىگە ئاتلاپ پاراكەندىچىلىك سېلىش جەريانىدا، خوتەن خەلقى يەنە مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇلاڭ - تالاڭغا ۋە دەپسەندە قىلىنىشقا ئۇچرىغان. بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ كىرىيىدە بەك ئەۋج ئالغان. بەي زىلى پۇقرالارنىڭ ئومۇميۈزلۈك كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، ئۆزىنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشىدىن چۆچۈپ، بۇلاڭچىلىق قىلغان ئىككى - ئۈچ ئەسكەرنى ئېتىپ، خەلقنىڭ غەزىپىنى باسقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، قېچىش تەييارلىقىنى قىلىۋەرگەن. قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ يوق ۋە تارىختىن بۇيان ئېزىلىپ كەلگەن خوتەن خەلقى زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھايات قالغان جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يەر - زېمىنلىرىنى ۋە تېخى يىغىلمىغان زىرائەتلىرىنى تاشلاپ، قاراڭغۇ تاغلارغا كۆچۈپ كەتكەن. پۈتۈن كىرىيە شەھىرى دەككە - دۈككە ئىچىدە تۇر-غان بەي زىلى ئەسكەرلىرىگە قالغان. قالدۇق ماخۇسەن ئەسكەر-لىرىنىڭ قەدەممۇ قەدەم شەرققە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن شىڭ شىسەي قىسىملىرى رازۋېتكا قىلىشنى كۈچەيتكەن. ئاخىر بەي زىلى بىلەن شىڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدا سوقۇش باشلانغان. بەي زىلىنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى شىڭ شىسەي تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن. كۈچىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى سەزگەن بەي زىلى 4 — 5 يۈزدەك خۇيزۇ، خەنزۇ ئەسكەرلىرى ۋە قاچماي قالغان قازاق، موڭغۇل ئەسكەر-



لىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر كېچىدىلا كىرىيىنىڭ ئويتوغراق كەنتىگە بېرىۋالغان. بۇلاڭچىلىققا ئادەتلىنىپ كەتكەن بەزى ئەبلەخلەر خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلىغاندىن تاشقىرى، ئۆز ئىچىدىكى بۇلاڭچىلىق بىلەن بېيىغان سەپداشلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇلارنىڭ يانلىرىنى قۇرۇقداپ قويغان. ئۇلار كىرىيىدە تۇرغان ۋاقىتتا كۆپرەك يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋال ئويتوغراققا كەلگەندە تېخىمۇ ئەۋج ئالغان. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ - تۆتلەردە، بەي زىلى ئەسكەرلىرى سەپ تارتىپ شەرققە قاراپ (كېچىچە نىيىگە بارماقچى بولغان) يول ئېلىشىغا، ھاۋادا ئۈچ ئايروپىلان پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى قېچىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا ئۆ-تۈپ، پەسلەپ ئۇچۇپ، بەزي بىلى ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ پىلىموتقا تۇتقان؛ يەنە بىر ئايروپىلان پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن سەپنىڭ بېشىدىن ئۇزۇپ، بومبارىمان قىلغان؛ يەنە بىرى بولسا، قېچىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ، يۈز مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ پىلىموتقا تۇتقان. ئەس ھوشىنى يوقاتقان بۇ ياۋۇز قاچ-قۇنلار ئاخىر زاۋال مەزگىلىدە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، كىرىيە بىلەن نىيە ئوتتۇرىسىدىكى بىپايان چۆلدە پىتراپ كەتكەن. ھاۋادىن چۈشكەن بومبىنىڭ زەربىسى ۋە قاچاقلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۆت تەرەپكە ھوركۈپ يۈگۈرۈشىدىن توزۇپ چىققان قۇم - توپ-راقنىڭ دەستىدىن پۈتۈن دالا زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان. ئۆلمەي قالغان قاچاق ئەسكەرلەر ئەتراپنى پەرق ئېتەل-مەي، باشلىرى گاڭگىراپ، ئايروپىلاننىڭ شەپىسى ئاخىرلاشقان ھامان چۆلدىكى قۇم دۆۋىلىرى ۋە چاتقاللار ئارىسىغا موكۇنىۋې-لىپ، تۈن بويى كىرپىك قاقماي ياتقان. تاڭ سۈزۈلگەندە، ئۇلار چولپان يۇلتۇزدىن شەرق تەرەپنى پەرق ئېتىپ، بەزىلىرى نىيە تەرەپكە، بەزىلىرى كىرىيە تەرەپكە قاراپ يول ئالغان. كى-رىيە تەرەپكە ماڭغانلار كىرىيىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان مافۇيۇەن ئەسكەرلىرىگە قوشۇلۇپ يەنە نىيە تەرەپكە قاچقان. شۇ مالىمانچىلىق

قتا ئايروپىلان زەربىسىدىن ئۆلگەن ئادەم ۋە ئات - ئۇلاقنىڭ، چۆلدە قالغان ئوق - ياراقنىڭ سانىنى ئېيتىپ بېرىش تەس. شۇنىڭدەك، بومبا پىلىموت زەربىسىدىن يارىدار بولۇپ، ئاتلىرىدىن ئايرىلىپ چۆلدە قېلىپ، قارغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولغانلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس.

ئۇلارنىڭ ئۆلۈمدىن ئېشىپ قېلىپ، مىڭبىر جاپادا نىيىگە كېلىۋاتقانلىرى بۇ ئۇچۇشسىز سەپىرىدە تارتقان زىيانلىرىنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، نىيە ناھىيىسىدىمۇ بۇلاڭچىلىق قىلىشقان. ئۇلار خەلقنىڭ چارۋىلىرىنى ھەتتا توخۇلىرىغا قەدەر تۇتۇۋېلىپ، تويماس نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، گۈلخان يېقىپ، شورپا سېلىپ ياكى كاۋاپ قىلىپ، ئەمدىلا يەيلى دەپ تۇرۇشىغا، نىيە ئاسمىنىدا ئۇشتۇمتۇت ئايروپىلان پەيدا بولۇپ، بۇ چىلبۆرىلەرنى تىنىم تاپتۇرماي بومباردىمان قىلىشقا باشلىغان. بۇ قاچاق بۆرىلەر يېمەك - ئىچمەكلىرىنى تاشلاپ، جېنىنى قويۇدىغان يەر تاپالماي، ئۆزلىرىنى ئاران دالدىغا ئالغان. ئۇلارنىڭ ئوتلاشقا قويۇۋەتكەن ئاتلىرى ئايروپىلاننىڭ ئاۋازىدىن ھۈركۈپ، بېشى قايغان تەرەپكە پىتراپ كەتكەن. بۇ مالىمانچىلىق ۋە بالايى - قازادىن چۆچۈگەن نىيە خەلقى ئۆي - ماكانلىرىنى تاشلاپ، نىيىنىڭ شىمالىدىكى توغراقلىققا كىرىۋالغان. نىيىنىڭ پۈتۈن بايلىقى شۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغان. ماخۇسەننىڭ بۇلاڭچى قاچقۇنلىرى نىيە ناھىيىسىنى قۇرۇقداپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاتلىق، بەزىلىرى تۆگىلىك، بەزىلىرى ئۆكۈز - ئېشەكلىك بولۇپ نىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى كۇئېنلۇنغا — قاراڭغۇ تاغقا كىرىپ كەتكەن. شۇ جەرياندا، نىيىنىڭ ئالتۇنلۇق دېگەن كىچىك بىر كەنتىدە بىر كۈن تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى ئالتۇن قازغۇچى مۇساپىرلارنى «ئالتۇن تاپشۇر» دەپ مەجبۇرلاپ، ئۇچرىغانلا ئەر - ئاياللارنى كانارى قىلىپ ئېسىپ، ئۇلارنىڭ بار - يوقىنى ئېلىپ،



ئاندىن تاغقا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەن. شۇ كۈنلەردىمۇ ئايروپىلانلار كۈندە دېگۈدەك ئىز بېسىپ قوغلاپ ئۇچۇپ پىلىموتقا تۇتقان. لېكىن، قاچقۇنلار تاغقا كىرىۋالغاندىن كېيىن، يول مېڭىشنى كۈندۈز ئەمەس، كېچىسى داۋام قىلدۇرغان. شۇنداقتىمۇ، تاغلىق چارۋىچىلارنى ئۇچراتقانلا يەردە قۇرۇقداپ ماڭغان. ئۇلار قورقۇنچ، ۋەسۋەسەلىك ۋە مۇشكۈللۈك ئىچىدە بىر ھەپتە ماڭغاندىن كېيىن، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان بىر كەنتكە كېلىپ ئورۇنلاشقان. ئېيتىلىشىچە، شۇ چاغدا بەي زىلىگە ئەگىشىپ ماڭغان قاچقۇنلارنىڭ سانى 3 — 4 يۈزگە چۈشۈپ قالغان، بەي زىلىنىڭ ئارقىسىدىن ئارىلىق تاشلاپ ماڭغان مافۇيۈەن قىسىملىرىنىڭ سانى 100 گە يەتمىگەن. بەي زىلى چىمەن يايلىقىنىڭ غەربىدىكى بىر كەنتكە يېتىپ كەلگەندە، ئۆزى ئېلىپ مېڭىشقا ئېغىر كەلگەن كۈمۈش تەڭگىدىن ھەر بىر ئەسكەرگە 5 — 10 سەردىن ئىنئام قىلىپ، ئۆزىنى ئوبدان قوغداشنى تاپىلىغان ۋە ئۇلارنى چەرچەن — چاقىلىق ئارقىلىق دۇڭخۇاڭغا ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا چاقىرغان. ئۇلار بېرىپ چۈشكەن كەنتنىڭ جەنۇبىي چەرچەن ناھىيىسىدىكى چارۋىچىلارنىڭ چارۋا يايلىتىدىغان يايلىقى بولۇپ، ئۇ يەردە چارۋا سانى ئىنتايىن كۆپ، جۈملىدىن تۆگىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ كەنتتىكى خەلق قاچقۇن ماخۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ تاغلارنىڭ ئارىسىغا مۆكۈنۈۋالغانىكەن. بۇ قاچقۇنلار ئۇ يەردىمۇ چارۋىچىلارغا ئارام بەرمەي، ئىز قوغلاپ يۈرۈپ، ئۇچرىغانلا ئاممىنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ، پۇلغا يارىغۇدەكلا نەرسە بولسا بۇلاپ ئېلىۋالغان. ئۇلارنىڭ قىشلىق كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋالغان؛ ئۇ يەردە ئىككى - ئۈچ كۈن قانات قۇيرۇقىنى تەڭشىۋالغاندىن كېيىن، شىمال تەرەپكە يەنى چەرچەن ناھىيىسىگە قاراپ يول ئالغان. بىراق، ماخۇسەن ۋە بەي زىلىلار تەرىپىدىن چەرچەنگە سۈرگۈن قىلىنغان

لاشۇكى بىلەن ماجۇڭ بەي زىلىنىڭ شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، دۇڭخۇاڭغا كېتىش ئۈچۈن چەرچەنگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالغان. بەي زىلىمۇ ئۇلارنىڭ تەييارلىنىپ پايلاپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ، يېرىم يولدىن يەنە ھېلىقى كەنتكە چېكىنگەن. ئۇ يەردە يەنە ئىككى - ئۈچ كۈن تىڭتىڭلاپ، ئاخىر بولمىغاندا، دۇڭخۇاڭغا بارىدىغان يولنى چىمەن تېغى بىلەن مىڭشىقا تۇغرىلاپ، دۇڭخۇاڭغا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان. لېكىن بۇ يول چاقىلىقتىن ماڭىدىغان يولغا قارىغاندا، بىرىنچىدىن يىراق؛ ئىككىنچىدىن ئۈچ - تۆت كۈنلۈك يول سۇسىز، قۇرغاق، تاغلىق؛ ئۈچىنچىدىن چەرچەن يايلىقىدا قوراللىق موڭغۇل، سىبىرىق ئۇيغۇر ۋە تىبەتلىك چارۋىچىلار بولغاچقا، بۇ يول قاچقۇنلار ئۈچۈن بەكمۇ قورقۇنچلۇق بىلىنگەن. بەي زىلى قاچقۇنلىرىنىڭ بېشى راسا قېتىۋاتقاندا، بەي زىلى ئەسكەرلىرىگە كۆپرەك ئوزۇقلۇق ئاشلىق تەييارلاشنى بۇيرۇغان. ئۇلار تۇرغان كەنت چىمەن تېغىنىڭ ئەڭ غەربىدىكى ئارپا تېرىلىدىغان كەنت ئىدى. قاچقۇنلار بۇيرۇققا بىنائەن، ئالدىراش ھالدا ھەدەپ تۆگە تۇتۇشقا ۋە ئاش ھازىرلاشقا كىرىشىپ، پۈتۈن كەنتنىڭ ئۆزلىرى گۇمان قىلغان يەرلىرىنى سوغۇردەك كولاپ، خەلقنىڭ قىشلىق ئوزۇق ئۈچۈن ھازىرلاپ كۆمۈپ قويغان ئارپا، بۇغداي ۋە قوناقلىرىنى تاغارلاغا قاچىلاپ ئېلىپ كەتكەن. ھەممە ھازىرلىق پۈتكەندىن كېيىن، چىمەن تېغى ئارقىلىق دۇڭخۇاڭغا يول ئالغان. بىراق، چەمەنگە بارىدىغان يولنىڭ ئىككى تەرىپى كۆز يەتكۈسىز ئېگىز تاغ، ئوتتۇرىسى ئىنتايىن ئۈچەيدەك تار جىلغا بولۇپ، ئالدىدا يول باشلاپ كېتىۋاتقانلار ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئەھۋالىدىن، ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلار ئالدىدا كېتىۋاتقانلارنىڭ ئەھۋالىدىن بىخەۋەر ئىدى. چەرچەندىكىلەر بەي زىلىنىڭ يولنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى بىلىپ، بارلىق كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، چەرچەن يولىنىڭ تازا تار بوغىزىنى تاللاپ توسقان. بىر قىسىم



ئەسكەرلىرىنى پىلموتلىق قىلىپ، تاغنىڭ قاپتىلىغا بۆكتۈرمە قىلىپ قويغان. بەي زىلىنىڭ سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان قاچقۇنلىرى ئۇلارنىڭ قىلتىقىغا بىر - بىرلەپ چۈشكەن. بۇ قىلتاقتا ئاۋۋال بەي زىلى ئۆزى ئۆي ئىچىدىكىلىرى بىلەن چۈشكەن دېمەك، لاشۇلى قىسىملىرى قاڭشالىق تاغنىڭ ئارقىسىغا قۇرغان بۆكتۈرمىسى بىلەن بەي زىلىنىڭ بىخوت كېلىۋاتقان باشباشتاق قاچقۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مىلتىقىنىڭ زاتورىنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئىككى كۈن ئىچىدە نەچچە يۈزلىگەن قاچقۇننى قورالسىزلاندۇرۇپ قويغان. ئەمما، بۇنداق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنى پەرەز قىلىپ كېلىۋاتقان مافۇيۈەن لاشۇلىنىڭ قىلتىقىغا چۈشمىگەن. ئۈچىنچى كۈنى بەي زىلى لاشۇلى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنىنى لاشۇلىنىڭ ئوفىتسېرلىرى ئىگىلىۋالغان (ئىككى خوتۇنىنىڭ بىرى ئەر جوەنزى، يەنە بىرى خەنزۇ ئىدى). ئالاقزادىلىكتە ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ بىر قىسمى تاغنىڭ باغرىنى قونالغۇ قىلىپ ياتقان. شۇ كۈنى كەچتىن باشلاپ راسا ياغقان قار كېچىسى تاغ چوققىسىدىن كۆچۈپ چۈشۈپ، تاغ باغرىدا ياتقان قاچقۇنلارنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان. ئۆلمەي قالغان 20 — 30 دەك ئادەممۇ چالا ئۆلۈك پېتى شۇ يەردە قېپقالغان.

لاشۇلى چىمەن يولىدا بەي زىلىنىڭ بارلىق قاچقۇنلىرىنى ئۆز ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇلارنى باشقىدىن بەن - لىيەنلەرگە بۆلۈپ، ئۇلاردىن سالدۇرۇۋالغان زاتورلارنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگەن. ئۇ يەر قوزۇق قاقتى جىلغىسىنىڭ ئاغزى بولۇپ، شامىلى قاتتىق، ئوتان دىدارى يوق، سوغۇقى يامان بولغاچقا، بەزى يولۇچىلار توڭلاپ، قوزۇقتەك قېتىپ قالغان. شۇڭا، ئۇ يەر «قوزۇق قاقتى» دەپ ئاتالغان. بۇ يەردە تۇرۇش مۇمكىن بولمىغاچقا، لاشۇلىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، بارلىق قاچقۇنلار قوزۇق قاقتى

جىلغىسىدىن يۇقىرى ئۆرلەپ، چىمەنگە يۈزلەنگەن. ئۇلار بىر
كۈن يول يۈرۈپ قوزۇق قاقتىنىڭ مەركىزىگە بارغاندىن كېيىن،
تۇمانىنىڭ ۋە قاردىن كېپەن كېيىگەن خادا تاشلارنىڭ كۆپلۈكى-
دىن يولنى پەرق ئېتەلمەي، سوغۇق بولسىمۇ شۇ يەردە قونۇشقا
مەجبۇر بولغان. ئاخىر چېدىر - بارگاھلىرىنى تىكىپ، ئات -
ئۇلاغلىرىنى بىر - بىرىگە چېتىپ، غەبلەتكە پېتىپ، بىر كېچىنى
كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزگەن. بەزىبىر ياردار ۋە كېسەللەر سو-
غۇقتىن قوزۇقتەك قېتىپ قالغان. بۇ جايدا ھەر كۈنى دېگۈدەك
قار يېغىپ تۇرغاچقا، يوللار قارغا كۆمۈلۈپ، شامال چىققان
كۈنلىرى ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. ئەگەر بۇ خادا مۇز تۇۋرۇكلىكتە
نەچچە ئون قېتىم قاتنىغان ئادەم بولمىسا، بۇ يەرنىڭ ئۇ بېشى-
دىن بۇ بېشىغا سالامەت چىقىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.
بۇ ئوغرى يولدا يول باشلىغۇچى بولغان ئەپيۇن ئەتكەسچىسى
بىر خۇيزۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يولدا پەقەت جىنىدىن تويغان
ئەتكەسچىلەرلا دۇڭخۇاڭدىن ئەپيۇن ئېلىپ شىنجاڭغا ئۆتىدىكەن.
قار - مۇز بىلەن قاپلانغان بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كۈنلۈك
بولۇپ، بۇ يولدا سوغۇققا چىداپ بىر كۈن قونماي، كېچىدە
مېڭىش بەكمۇ خەتەرلىك ئىكەن. «خوجامنىڭ خوجىسى بار،
چامغۇرنىڭ ئورىسى»، «ئەل قىساسى مىنەل ھەق» دېگەندەك،
شىنجاڭدا تۆت - بەش يىل ئۆز خان - ئۆزبەگ بولۇۋېلىپ،
شىنجاڭ خەلقىنى زار يىغلاتقان ماخۇسەن قاچقۇنلىرى قوزۇق
قاقتى رايونىغا بارغاندا، تەبىئەتنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ، سوغۇق
ئازابىدىن غال - غال تىترىشىپ، جانلىرىنى قويىدىغان يەر تا-
پالماي قالغان؛ ئاشۇ قار - مۇزلۇق رايوندا دوزاخ ئازابىنى تار-
تىپ، ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، ھايات قالغانلىرى ئاران دېگەندە ئاتلىق
ياكى پىيادە ھالىتىدە، چىمەن يايلىقىدىن بىر كۈنلۈك يېرىدىكى، تاغ
بېغىرلاپ ئېقىۋاتقان بىر دەريا بويىدىكى قاقشاللىققا يېتىۋالغان؛
شۇ قاقشاللىقتا ئىككى كۈندەك ئوتقا قاقلىنىپ ئارام ئېلىپ، كېيىم-



كېچەكلىرىنى قۇرۇتۇپ، ئۆلگەن ئات - ئۇلاغلىرىنىڭ گۆشىنى
كاۋاپ قىلىپ يەپ، جانلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. لېكىن، چىمەن
يايلىقىنىڭ شىمالىي تاغ باغرىنى بويلاپ ئاققان سۇ بويىدا
ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان قۇرۇق قاقشاللىقنىڭ ئەرەپ - تە-
رەپلىرىدە يالقۇنجاپ يانغان گۈلخانلاردىن چاچراپ چىققان ئوت ئۇچ-
قۇنلىرى ئەتراپتىكى قورايلىقلارغا تۇتىشىپ، قاقشاللىقنىڭ جە-
نۇبىدىكى ئارامگاھتا دەم ئېلىۋاتقان قاچقۇنلارغا تەھدىت سا-
لىدۇ. بۇ قاچقۇنلار ئاخىر ئۇ يەردىن يۆتكىلىپ، چىمەنگە قاراپ
يول ئالىدۇ. ئۇلار بىر كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، چىمەن
يايلىقىنىڭ كېنىدىكىدە ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان سازلىق بۇلاقنىڭ
ئەتراپىغا ئورۇنلىشىدۇ. چىمەن يايلىقى ھەقىقەتەن ئىسمى جىس-
مىغا لايىق بىپايان يايلاق بولۇپ، ئاتلىق ئادەم كىرسە كۆرۈن-
مىگۈدەك چىغلىق ئىكەن. بۇ يەرنىڭ 12 - ئايلاردىكى مەنزىرى-
سىمۇ كىشىگە خۇددى ئېكىنچىلىك قىلىنىدىغان يېزىلارنىڭ كەچ
كۈز پەسلىدىكى ئالتۇن رەڭلىك مەنزىرىسىنى ئەسلىتىدىكەن.
چىمەن يايلىقىنىڭ شىمالىي قاپتىلىدىن يېڭىلا قوزغىلىپ قېچىپ
كەتكەن چارۋىچىلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئېغىل ۋە قورۇلارنىڭ
ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ يەر چارۋىچىلارنىڭ قىشلاۋسى ئىكەن.
بەزى قارا قورساق قاچقۇنلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، ئەتراپتىكى
چىغلىقلارغا ئوت قويۇۋېتىشى بىلەن، بۇ چىغلىقلارغا ماكانلاشقان
ياۋا ئاتلار، ياۋا تۆگىلەر، تېكە - مارالار، سانسىزلىغان كېيىك-
جەرەن، بۆكەن، توشقان، قىرغاۋۇل ۋە باشقا قۇشلار ئۇۋىسىغا
سۇ كىرگەن چۈمۈلىدەك تەرەپ - تەرەپكە پېتىراپ كېتىدىكەن.
يول بويى قۇرال - ياراقلىرىنى تاشلىماي كەلگەن بەزى قاچ-
قۇنلار ئۇچرىغانلا ياۋايى ھايۋانلارنى ئاتقان. نىشانسىز ئېتىلغان
ئوقلار ئۆز ئادەملىرىگە ۋە ئوتلاشقا قويۇپ بېرىلگەن ئاتلارغا
تېگىپ، ئوتتۇرىدا جېدەل بولغان. قالايمىقان ئوق ئاتقانلارنىڭ
قوراللىرى يىغىۋېلىنىپ، ئەتىسىدىن باشلاپ تەشكىللىك ئوۋ ئوۋ-

لاش يولغا قويۇلغان. ئۇلار چىغلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇلاقنىڭ
ئەتراپىغا بۆكتۈرمە قويۇپ، سۇ ئىچىشكە كەلگەن جانىۋارلارنى
ئېتىپ، كېيىنكى سەپىرىگە گۆش هازىرلىغان. ئېيتىشلارغا قارىغانـ
دا، چىمەن يايلىقىدا سېرىق ئۇيغۇر، موڭغۇل چارۋىچىلار ياشايـ
دىكەن. ئۇلار خوتەندىن قېچىپ كېلىۋاتقان بۇ بالا ـ قازالارـ
دىن چۆچۈپ، چىمەننىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىققا كىرىپ پاناهلانـ
غان. يول بويى ئات ـ ئۇلاغلىرى ۋە يېمەك ـ ئىچمەكلىرىدىن
ئايرىلغان بۇ نىيىتى بۇزۇق، قارا قورساق قاچقۇنلار ئۈچ ـ
تۆت كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن ئاز تولا جان كىرىپ، تۇغما
ئادىتى بويىچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۈچۈن، هېلىقى چارۋىچىـ
لارنى ئارقىدىن قوغلاپ بارغان. بىراق، سەزگۈر ۋە مەرگەن
چارۋىچىلار دۈشمەننى ئېتىشقا ئەپلىك تاغ چوقىلىرىنى ئالدىنئالا
ئىگىلەپ، قوغلاپ كەلگەنلەرنى نىرىدىن ئېتىپ، ئۆزلىرىگە يېقىن
كەلتۈرمىگەن، كۆزگە ئىلىنغانلىرىنىڭ هەممىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرـ
گەن. ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغانلىرى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانـ
لىقىنى بىلىپ، ئاۋۋالقى ئورنىغا قايتىپ كەلگەن. ئۇلار سەپىرىنى
داۋاملاشتۇرۇپ ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزى
ئادەملىرى ۋە بەزى ئاتلىرى سوغۇق، ئاچلىق ۋە هارغىنلىقنىڭ
ئازابىدىن هالسىزلىنىپ، يول بويى بىر ـ بىرلەپ چۈشۈپ قالغان.
ئۇلار بىلەن هېچكىمنىڭ كارى بولمىغان، هەركىم ئۆز جېنىنىڭ
غېمىدە قالغان. هەممىدىن قىزىقى شۇكى، بۇ قاچقۇنلار يولدا
قېپقېلىۋاتقان ئاشۇ سەپداشلىرىنى يۆلەشتۈرۈپ بىللە ئېلىپ مېـ
ڭىش ئۇياقتا تۇرسۇن، قىلچە ئەيمەنمەستىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى
پارقىرىتىپ تۇرۇپ، يانچۇقلىرىدىكى پۇلغا يارىغۇدەكلا نەرسىلەرنى
ياكى خورجۇنىدىكى نان ـ تالقانلارنىڭ قالدۇقلىرىنى بەس ـ
بەس بىلەن ئېلىۋالغان. مۇنداق تاشلىنىپ قالغان ئادەم ۋە ئات ـ
ئۇلاغلارنىڭ ئۆلۈكلىرى، ئېغىر كېلىپ تاشلىۋېتىلگەن هەر خىل
قۇرال، ئىگەر ـ جابدۇق، خورجۇن ـ قاچا، قازان ـ چۆمۈچلەر



بولۇپمۇ چىمەن يايلىقى بىلەن خانئامبال يايلىقى ئارىسىدا هەدـ
دى ـ هېسابسىز. شۇنداق قىلىپ، ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغان 200
نەچچە قاچقۇن مىڭبىر جاپادا لەنئەرخۇەن ۋە لەنسىخۇەن چۆللىـ
رىدە ئون كۈندەك يول يۈرۈپ، دۇڭخۇاڭغا ئون كۈنلۈك كېلىـ
دىغان خانئامبال يايلىقىغا ئۇلىشىۋالغان.

خانئامبال يايلىقى ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان،
سۈيى مول، سوكسۇك ئوتۇنلۇق ۋە ئوت ـ چۆپلۈك يايلاق بوـ
لۇپ، كۆلىمى ئانچە چوڭ ئەمەس. ئەهۋالدىن قارىغاندا، بۇ يەر
دۇڭخۇاڭدىكى چارۋىچى خۇيزۇ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋا قىشلىتىـ
دىغان قىشلىقىدەك قىلاتتى. لېكىن، بۇ يەردىكى چارۋىچىلارمۇ،
غەربتىن كېلىۋاتقان بالا ـ قازا قاچقۇنلارنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ،
چارۋىلىرىنى هەيدەپ، خانئامبالغا يايلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغقا
يوشۇرۇنۇۋالغان. قاچقۇنلار خانئامبال بېرىپ ئۈچىنچى كۈنى ئۇلارـ
دىن ئون نەچچىسى قېچىپ كەتكەن چارۋىچىلارنىڭ ئىزىنى قوغـ
لاپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئەتىسى كۈن ئولتۇراي دېگەن مەزگىلدە،
ئىككى نەپەر ئۇيغۇر قويچىنىڭ ئۈچ يۈزدەك قويىنى ئىگىسى
بىلەن بىللە هەيدەپ كەپتۇ. ئۇزاقتىن بۇيان چىلبۆرىدەك ئاچ
قالغان قاچقۇنلار قويلارنى كۆرۈپلا ئۈششۈك هەرىدەك ئولىشىپ
كېلىپ، قوي ئىگىلىرىنىڭ زارلىشىغا قارىماي، بەزىلىرى بىردىن،
بەزىلىرى ئىككىدىن تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشتى. تۇغاي دەپ قالغان
ساغلىقلارنىڭ ئىچىدىن بىردىن ياكى ئىككىدىن قوزا چىقتى.
ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان قاچقۇنلار ساغلىقلارنى بالىسى
بىلەن قوشۇپ چالا ـ بۇلا پىشۇرۇپ يېيىشتى. قاچقۇنلار بۇ ئەهـ
ۋالدىن هەيران بولۇپ داڭ قېتىپ قالغان قويچىلارنى بىر كېچە
باغلاپ ئۇقۇپ، ئەتىسى ئۇلار ئارقىلىق يەنە باشقا قويچىلارنىڭ
قويلىرى ۋە مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ كەلمەكچى بولىدۇ. يەنە ئون نەچـ
چە قاچقۇن ئىككى قويچىنى ئالدىغا سېلىپ، تاغلاردىن هالقىپ
بىر تاغنىڭ ئىچىگە كىرگەندە كەچ كىرىپ كېتىدۇ. يول باشلاپ

ماگخان ئىككى قويچى قاچقۇنلارنى باشقا ئىشقا بەنت قىلىپ قويۇپ، تاغنىڭ تۇمشۇقىدىن بۇرۇلۇپلا كۆزدىن غايىب بولىدۇ. بولاگچىلار تاغ ئارىسىدا نىشانسىز گاڭگىراپ يۈرگەندە، غايىبتىن كەلگەن ئوق ئۇلارنى جېنىدىن جۇدا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قوراللىرى غايىب ئوقنىڭ ئىگىلىرىگە نېسىپ بولىدۇ. قوي بولاپ كېلىشكە كەتكەنلەر ئىككى كۈنگىچە كەلمىگەندىن كېيىن، باشقا بولاگچىلار يىراق ئەتراپقا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار گۆشنى خام – خوتۇلا يەۋەتكەچكە، ئىچى سۈرۈپ ھالسىزلىنىپ، يېتىپ قالىدۇ. ئارىدىن تۆت – بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، دۇڭخۇاڭ تەرەپتىن 20 – 30 تۆگىگە ئاش – ئوزۇق يۈكلىگەن تۆگىچىلەر بىلەن بىللە ئاز – تولا دورا ئېلىپ ئىككى دوختۇر يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار دۇڭخۇاڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت نامىدىن ماخۇسەننىڭ بۇ قالدۇق قاچقۇنلىرىدىن ھال سوراپ كەلگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن قاچقۇنلارغا جان كىرىپ، خانئامبال بايىلقىدىن يۆتكۈلىدۇ. ئەتىسى مەن ئەگىشىپ ماڭغان جاڭ ليەنجاڭ (خۇيزۇ) نىڭ داڭلىق ئېتى ھېرىپ قېلىپ چۆلدە قالغاندا، جاڭ ليەنجاڭ مېنىڭ يېمەي پېدۇرۇپ، يول بويى مىنىپ كېلىۋاتقان پاكار ۋە كۆرۈمسىز تورۇق ئېتىمنى ئىگىلىۋالدى. مېنىڭمۇ ئىچىم سۈرۈپ، جېنىم تۇمشۇقۇمغا كېلىپ قالغاچقا، گەنسۇغا يېقىنلاشقانسېرى ھالسىزلىنىپ، بىر كۈنلۈك يول يۈز كۈنلۈكتەك بىلىنىپ كەتكەنىدى. ئاخىر خانئامبالدىن دۇڭخۇاڭغىچە يەتتە كۈن يول يۈرۈپ، دۇڭخۇاڭنىڭ قارىسىنى ئالدۇق. ماخۇسەننىڭ بۇ قالدۇق قاچقۇنلىرى دۇڭخۇاڭ شەھىرىگە زاۋال ۋاقتىدا ناھايىتى ۋەيرانە ھالەتتە يەنى ساقال – بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، يۈزلىرى مەينەت، كىيىم – كېچەكلىرى جۇل – جۇل ھالەتتە كىرىپ باردى. بەزىلىرى ھەتتا كىرلىشىپ كەتكەن مىلتىقلارنىڭ ئاستىدا مۈكچىيىپ كەتكەن بولۇپ، مېڭىشتىن توختىسا دەرھال يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ھالەتتە ئىدى. گويا ئەسىر



چۈشكەن گۇناھكارلاردەك ئۆتۈۋاتقان بۇ قاچقۇنلارنى كۆرۈپ، شەھەر خەلقى ھەيران قالدى. بىز شۇ ھالىتىمىز بىلەن، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان دۇڭخۇاڭ ھەربىي گەزەرمىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدۇق. ھەربىي گەزەرمىدە ئون نەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، قاچقۇنلارغا باشقىدىن جان كىردى. ئۇلار بىكارچىلىقتا قىمار ئويناشقا باشلىدى. 1938 – يىللىرى گەنسۇ تەۋەسىدە قىمار ئويناش ئاشكارا ئىكەن. شۇڭا ھەربىي گەزەرمىدىمۇ ھەربىيلەر (بولۇپمۇ يەرلىك ھەربىيلەر) بىلەن يەرلىك قىمارۋازلار ئالاھىدە تاۋكا تۈزۈشۈپ، ئالتۇن – تىللا (تولاراق خوتەننىڭ كېپەك ئالتۇنى، ئاياللارنىڭ زىبۇ – زىننەتلىرىنى) تىكىشىپ ئويناشتى. لېكىن، شىنجاڭدىن بارغانلارنىڭ ئىچكى جەھەتتە پۇقراچە كىيىنگەن يەرلىك ھەربىيلەر تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىنغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن باشقا ئادەدىي ئەسكەرلىرىنىڭ سىرتقا چىقىشى مەنئى قىلىنغانىدى. ئارىدىن يېرىم ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، شىنجاڭدىن بارغان قاچقۇنلار يەرلىك بىر ليەن ھەربىينىڭ نازارىتى ئاستىدا جايۇگۈەن، سۇجۇ (ھازىرقى جۇچۈەن) لەرگە يولغا سېلىندى.

## جەسەتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇلغان ئالتۇننىڭ ئوغرىلىنىشى

1932 – يىللىرى دۇڭخۇاڭ ناھىيىسىنىڭ ئەنشى كەنتىدىن جاڭ مىن ئىسىملىك بىر خۇيزۇ ئىنىسى جاڭ ... (كېيىنكى جاڭ ليەنجاڭ) نى ئەگەشتۈرۈپ ماجۇڭيىڭغا ئەسكەر بولۇپ، شىنجاڭغا چىققاندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭنىڭ 36 – شىسىنىڭ مەلۇم ليەنىدە تا خوتەنگە كەلگەنگە قەدەر زاپخوز (سىۋۇجاڭ) بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ، 1935 – يىلى خوتەننىڭ قارىقاش ناھىيىسىدە زاپخوز بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا، بىر كۈنى بىر گراناتنىڭ ئىچىدىن

فونتان سۇيىدەك ئېتىلىپ چىققان ئوق دورىسىنىڭ ئوتى ئۇنىڭ يۈزىگە چاچراپ، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ. ماخۇسەن قىسىملىرى 1937 - يىلى خوتەندىن قەشقەرگە ماڭغاندا، ئۇ خوتەندە قېپقالغان ئىكەن. ماخۇسەن قىسىملىرى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ خوتەنگە چېكىنگەندىن كېيىن جاڭ ليەنجاڭ خوتەندىن دۆڭخۇاڭغا قاراپ يولغا چىققاندا، ئاكىسى جاڭ مىننى بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ ۋە 9 - بەندىنىڭ مۇئاۋىن بەنجاڭى گامازا (تۇرپانلىق خۇيزۇ) نىڭ يول بويى خەۋەر ئېلىپ مېڭىشىغا تاپشۇرىدۇ. ئۇ گامازا بىلەن جاڭ مىنگە ئىككى ئات، بىر تۆگە ۋە ئاش - ئوزۇق بېرىپ، يەنە ماشىمىن ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئەسكەر (ئەسلى ئىسمى ھاشىم) نى ئىككى ئات بىلەن قوشۇپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ئادەم تۆت ئات ۋە يۈك ئارتىلغان بىر تۆگە بىلەن يول بويى بىللە ماڭىدۇ. لېكىن، چەمەن يايلىقىغا بارغىچە ئۈچ ئات ھېرىپ ئۆلىدۇ، ئۈچ ئادەمگە بىر ئات، بىر تۆگە قالىدۇ. بۇ بىر ئاتمۇ لەنئەرخۇەندە يۈتۈپ كېتىدۇ، ئۈچ ئادەم بىر تۆگە بىلەن قالىدۇ. جاڭ ليەنجاڭ، ئۇنىڭ بىر كانۋويى ۋە بىر كاتىپى ئۈچ كىشىدە بەش ئات ۋە بىر تۆگە بار ئىدى. بۇ بەش ئاتنىڭ ئۈچى چەمەن يايلىقىدا يوقىلىپ كەتكەن، بىر تۆگىنىڭ تاپىنى تېشىلىپ ماڭالماس بولۇپ قالغاچقا لەنئەرخۇەندە تاشلىۋېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئالتە ئادەمگە ئىككى ئات، ئىككى تۆگە قالغان. ئىككى ئاتقا جاڭ ليەنجاڭ بىلەن ئاكىسى جاڭ مىن مىنگەن. جاڭ مىننى خەۋەر ئېلىشقا يەنىلا گامازا مەسئۇل بولغان. ئەمما، لەنئەرخۇەندىن لەنسىخۇەنگە كېتىۋاتقاندا، تار يولدا تاغ بويلاپ كېتىۋاتقان ئات جاڭ مىن بىلەن بىللە سول تەرەپتىكى ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەن. شۇ چاغدىكى يول ئازابىدىن ئېيتقاندا، جاڭ مىننىڭ ئۆلۈكىنى تاشلىۋېتىش پۈتۈنلەي يوللۇق ئىدى. چۈنكى، جاڭ ليەنجاڭنىڭ كاتىپى توڭلاپ ئۆلگەندىمۇ تاشلىۋېتىلگەن. ئەمما،



جاڭ ليەنجاڭ جاڭ مىننى تاشلىۋەتمىدى. ئۇ جاڭ مىننىڭ ئۆلۈكىنى ھاڭدىن ئالدۇرۇپ چىقىپ، تۆگىگە ئارتىۋالدى. ھاۋا قەھرىتان سوغۇق بولغاچقا، جاڭ مىننىڭ جەسىتى توڭلاپ قالىدۇ. ئىككى كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ لەنسىخۇەنگە كەلگەندە، جاڭ ليەنجاڭ جەسەتنىڭ ئىچ - قارنىنى ئالدۇرۇۋېتىپ، جەسەتنىڭ ئىچىگە شىنجاڭ خەلقىدىن بۇلىۋالغان ئالتۇن - تىللالارنى قاچىلاپ، جەسەتنى يەنە تۆگىگە ئارتىپ، خانئامبالغا قاراپ ماڭىدۇ (بۇ ئەھۋالنى جاڭ ليەنجاڭدىن قالسا پەقەت گامازىلا بىلەتتى). خانئامبالغا بېرىپ ئۈچىنچى كۈنى جاڭ مىننىڭ جەسىتى يوقىلىپ كېتىدۇ. مەن 1949 - يىلى ئۈرۈمچى ئىككىنچى سىفەن مەكتىپىنىڭ 3- ئوتتۇرا مەكتىپى نامىدىن تۇرپانغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغىلى بارغاندا، تۇرپان ئورمانچىلىق پونكىتىنىڭ كادىرى ئابدۇرېھىمجان (1951 - يىلى باستۇرۇلغان) بىلەن تۇرپان يېڭىشەھەر ئاشخانىسىغا تاماق يېگىلى كىرىپ، ئوشتۇمتۇت گامازا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. گامازىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، شۇ چاغدا دۆڭخۇاڭغا يېتىشكە بىر كۈنلۈك يول قالغان يەردە، جاڭ ليەنجاڭ گامازىغا شىنجاڭدىن ئېلىپ ماڭغان گەزمالدىن 100 مېتىردەك بېرىپ، ئۇنىڭ ۋاقتىنچە دۆڭخۇاڭ شەھىرىگە كىرمەي، شۇ يەردىكى كەنتتە جېنىنى بېقىپ تۇرۇپ، ماخۇسەن قىسىملىرى دۆڭخۇاڭدىن نېرىسىغا يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن دۆڭخۇاڭغا بېرىشنى تاپىلىغان. گامازا بىر ئايدىن كېيىن دۆڭخۇاڭ شەھىرىگە كىرىپ، بىر خۇيزۇ ئاشخانىسىدا تاڭجاڭلىق قىلغان. 1947 - يىلى مابۇفاڭنىڭ 5 - ئاتلىق شىسى شىنجاڭغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا، شۇلارغا ئەگىشىپ قۇمۇلغا كېلىپ، شۇ يەردە قېپقالغان ۋە 1948 - يىلى تۇرپانغا كېلىۋالغان. خان ئامبالدا يوقىلىپ كەتكەن جەسەت توغرۇلۇق، گامازا مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى: جاڭ مىننىڭ جەسىتىنى ئېلى تېكەستىن بارغان ئىككى موڭغۇل بىلەن بىر قازاق بىرلىكتە ئوغرىلاپ قېچىپ، جەسەتنىڭ

ئىچىدىكى ئالتۇن - تىللالارنى بۆلۈشۈۋالغان. ئاندىن ئۇلار چەرچەنلىك ئىسھاق ھاجىنىڭ خانئامبال ئەتراپىدىكى قويچىلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەن. ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار دۇڭخۇاڭغا پەيدا بولۇپ قالغان ۋە ھەر كۈنى دىگۇدەك قىمارخانىدا قىمار ئويناپ، خېلى ھالىلىق قىمارۋازلاردىن بولۇپ قالغان؛ ئىككى موڭغۇل بالا قازاق بالىغا تولا ئۇتتۇرۇپ، خېلى جىق قەرزدار بولۇپ قالغان. شۇ ئارىدا قازاق بالا جايۇگۇەننىڭ جەنۇبىدىكى تاغقا ئورۇنلاشقان قازاق قېرىنداشلىرىغا (بۇ قازاقلار 1935 - يىلى ئىلىياسخاننىڭ باشچىلىقىدا ئالتايدا شېڭ شىسەينىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاشۇ تاغقا بېرىپ ئورۇنلىشىپ قالغان) قوشۇلۇپ كەتمەكچى بولۇپ، ھېلىقى ئىككى موڭغۇل بالىدىن پۇل سورىسا، ئۇلار پۇل بەرمىگەن. بىر كۈنى بۇ قازاق بالا گامازا بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، خانئامبالدا بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا دەپ قويغان. گامازا بۇ ئەھۋالنى يەرلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، يەرلىك ھۆكۈمەت ئىككى موڭغۇل بالىنى قولغا ئالغان. بۇ موڭغۇل ۋە قازاق بالىلار جەسەتنىڭ ئىچىدە ئالتۇن بارلىقىنى جاڭ لىيەنجاڭنىڭ فۇگۇەنى (كانۋويى) دىن ئاڭلاپ قالغان. بۇ فۇگۇەن بالىمۇ دۇڭخۇاڭغا بىر كۈنلۈك يول قالغاندا قېچىپ كەتكەن.

## ماجۇڭيىڭ قالدۇقلىرىنىڭ ئاخىرقى ئاقىۋىتى

ماخۇسەننىڭ قالدۇق قاچقۇنلىرى دۇڭخۇاڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ماجۇڭيىڭ قوشۇنىغا 1930 - يىللىرى دۇڭخۇاڭ، ئەنشى، يۈمېن، جىيايۇگۇەن ۋە سۇجۇ ئەتراپلىرىدىن قوشۇلغانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ - كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنمىدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ قاچقۇنلار دۇڭخۇاڭدىن سۇجۇغا ماڭغاندا، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى دۇڭخۇاڭدىن سۇجۇغىچە بولغان يول ئۈستىدە قاچقۇنلار ئارىسىدىن تۇغقانلىرىنى ئىزدىدى. قاچقۇنلارمۇ يولنىڭ ئىككى چېتىدە كۈتۈپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدىن تۇغقانلىرىنى ئىزدىدى. تېپىشقان تۇغقانلار بىر - بىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈۋالدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئۇزاق سۆزلىشىشىگە يول قويمايتتى. قاچقۇنلار دۇڭخۇاڭدىن چىقىپ ئۈچىنچى كۈنى جىيايۇگۇەنگە يېتىپ باردى (بۇ شەھەر سەددىچىن سېپىلى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتىدىغان جايغا جايلاشقان) ۋە جىيايۇگۇەن قەلئەسى ئىچىدىكى چوڭ - كىچىك دەڭلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇ كۈنى دەل نامازدىگەر ۋاقتىدا، لاشۇلىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، بارلىق ئەسكەرلەر چوڭ بىر دەڭگە تىزىلدى. لاشۇلى دۇڭخۇاڭدىن جىيايۇگۇەنگىچە بولغان ئارىلىقتا قېچىپ كېتىپ تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن، بوغۇزلاپ ياكى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بەش - ئالتە جەسەتنى باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن چوڭ دەڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكەلدۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن كۆپچىلىككە: «ئەگەر يول ئۈستىدە كىمكى ھەربىي ئىنتىزامغا رىئايە قىلماي يەنە قاچىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ مۇشۇ ياتقانلارنىڭكىدەك بولىدۇ. بىز سۇجۇغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، 1930 - يىللىرى مۇشۇ تۆت ناھىيىدىن بىزگە قوشۇلۇپ بارغانلارنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ» دېدى. ئەتىسى جىيايۇگۇەندىن قوزغىلىپ سۇجۇغا يېتىپ بارغاندا، شەھەرنىڭ چوڭ رەستىسىدىن ئۆتۈۋاتقان قاچقۇن «قەھرىمانلار» نى كۆرۈپ، سۇجۇ خەلقى ھەيران قېلىشىپ، نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن قارىشىپ تۇردى. ئۆلمەي قالغان بۇ 200 نەچچە قالدۇق ئەسكەر ۋاقىتلىق ھەربىي گەزەرمە قىلىنغان تۆت چوڭ بۇتخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بىرەر ئايدەك دەم ئالدى. بۇ جەرياندا، بازارغا چىقىپ - كىرىشكە رۇخسەت قىلىنغان بەزىبىر «ئىشەنچلىك» كىشىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ

ئالتايدىن ئىلياسخان باشچىلىقىدا سۇجۇنىڭ جەنۇبىدىكى تاغقا
كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋە سۇجۇ شەھىرىگە كىرىپ - چىقىپ تۇرۇ-
دىغان قازاقلارغا ئوغرىلىقچە قورال - ياراق ساتقانىكەن (ھازىر
مەركىزى دىنىي ئىشلار ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتقان ئەخمەت ۋاجىـ
دىن شۇ چاغلاردا سۇجۇدا سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرەتتى. بۇ
ۋەقەدىن ئۇ كىشىنىڭمۇ خەۋىرى بولۇشى مۇمكىن)، بۇ ئەھۋال
يۇقىرى ئورۇنغا بىلىنىپ قېلىپ، بەزى كىشىلەرنىڭ بازارغا چىـ
قىپ - كىرىشىمۇ پۇتۇنلەي مەنئى قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن
ھەممە پائالىيەتلەر نازارەت ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى.
ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلارمۇ مابۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە
چوڭ ھەربىي مەيداندا، مابۇفاڭنىڭ ئەسكەر تەربىيىلەش تۈزۈ-
مى بويىچە، كۈنىگە ئىككى سائەتتىن ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇل-
دى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مابۇفاڭ شىنجاڭدىن قايتىپ
بارغان ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قارىغا ئېتىش ماھارىتىنى
سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئالاھىدە تەييارگەرلىكلەردىن كېيىن،
چوڭ ھەربىي مەيداندا ئۇلارنى 100 مېتىر يىراقلىقتىكى چەمبە-
رەككە قارىغا ئاتقۇزۇپ كۆرگەنىدى. بۇ قاچقۇنلار ئالتە - يەتتە
يىللىق ئەمەلىي ئۇرۇشنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە
قوراللىرى سوۋېتتە ۋە ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن يېڭى بەش ئاتار
ۋە ئون ئاتار مىلتىقلاردىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قارىغا ئېتىش
ماھارىتى يارامىلىق بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ قاچقۇنلاردا
چوڭچىلىق، مەغرۇرلۇق پەيدا بولۇپ، يەرلىك ئەسكەرلەرنى كۆز-
گە ئىلمايدىغان، يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن ئولتۇرۇش قىلغاندا
ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن بىر - بىرىگە قورال تەڭلەيدىغان ئەھـ
ۋاللار كۆرۈلدى. نەتىجىدە ئىككى ئوتتۇرىدا ئىتتىپاقسىزلىق
تۇغۇلدى. قاچقۇنلار ئارىسىدا يەنە، ئىسيان كۆتۈرۈپ سوقۇش
قىلىش، ماجۇڭيىڭنىڭ كونا يولىدا مېڭىشنى تەشەببۇس قىلىش
كەيپىياتى ئەۋج ئالدى. ھەتتا ئۇلار يەرلىك ھەربىيلەر نازارەت



قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، مابۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرىدەك شە-
ھەرگە ئەركىن كىرىپ - چىقىش، ئۆيى بارلارنىڭ ئۆيلىرىگە
بېرىپ - كېلىشىگە رۇخسەت قىلىش تەلەپلىرىنى قويىدى. مابۇ-
فاڭ تەرەپ بۇ تەلەپلەرنىڭ بەزىلىرىگە ماقۇل بولدى. لېكىن،
ئىچكى جەھەتتىن بولۇپمۇ كېچىلىرى نازارەتچىلىكنى كۈچەيت-
تى. ئاندىن ئۇلارنى شەھەردىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى
ئايرودرومنى ياساش ئەمگىكىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار ئەمگەك
ئورنىغا بەش كۈندەك قورالى بىلەن چىقىپ ھېرىپ كەتكەندىن
كېيىن، يەرلىك ھەربىيلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، قوراللىرىنى
گەزەرمىدە قويۇپ، ئۇنى ساقلاشقا مەلۇم ساندا ئادەم قالدۇرۇ-
لىدىغان بولدى. ئارىدىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن،
بىر كۈنى يەرلىك ھەربىيلەر ئۇلارنىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلى-
نىپ، ئۇلارنىڭ گەزەرمىسىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ھەممە قوراللى-
رىنى يىغىۋالدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەمگەككە چىقىشمۇ ئاخىرلىشى-
دۇ، قاچقۇنلار ھەتتا مەشقىمۇ چىقماي يېتىۋالدۇ. يەرلىك ھەر-
بىيلەر ئۇلارغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتىدۇ. 30 - يىللارنىڭ
باشلىرىدا مابۇفاڭنىڭ تاج - تەختىگە بىر مەھەل تەھدىت
سالغان 36 - شىنىڭ بۇ قالدۇقلىرى نازارەت ئاستىدا ئۆز كۆ-
شىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ تۇرغان پەيتتە، گومىنداڭ مەركىزى-
دىن ما بۇفاڭغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىش-
تۇرۇشقا ئەسكەر سېلىقى چۈشىدۇ. مابۇفاڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت
بىلىپ، يەرلىك ئەسكەرلەردىن بىرەر يۈزنى، قالغىنىغا ماجۇڭيىڭ-
نىڭ مۇشۇ قالدۇق قاچقۇنلىرىنى قوشۇپ، مەركەز ئارمىيىسىنىڭ
شىمالىي شەنشىدىكى يەن شىسەن قوماندانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرى-
دۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار تەيخۇاڭسەندە ئېلىپ بېرىلغان
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ تۈگىگەنمىش؛ بە-
زىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن 8 -
ئارمىيە ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردە ئۆلۈپ تۈگىگەن-

مىش. ماجۇڭيىڭ قالدۇقلىرىنىڭ ئاخىرقى ئىستىقبالى ئەنە شۇنداق بولغان.

**ئىزاھات:**

① ماجۇڭيىڭ «36 - شى» (36 - دىۋىزىيە دېگەن نامى جياڭ كەيشى قوماندانلىقىدىكى ھەربىي تەشكىلىي رەت سانى بويىچە جياڭ كەيشى تەرىپىدىن بېرىلگەن نام بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بايرىقى گومىنداڭ بايرىقىدىن ئىبارەت).

② 36 - شى دەسلەپىدە خۇيزۇلاردىن تەشكىللەنگەنىدى.



# ئۆلكىلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ھەققىدە ئەسلىمە

ئەنۋەر خانبابا

1933 - يىلى شىنجاڭدا ئاپرېل ئۆزگىرىشى (ئەينى ۋاقىتتا 12- ئاپرېل ئىنقىلابى دەپ ئاتالدى) بولدى. ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىنجاڭدا مەلۇم ئىلگىرىلەشلەر مەيدانغا كەلدى. يېڭى ھاكىمىيەتنى سوۋېت ھۆكۈمىتى قوللىدى ۋە ياردەم بەردى. ئىچكى ئۆلكىلەردىن كوممۇنىستلار، ئىلغار ئادەملەر كەلدى. ئۇلار خىزمەتلەرگە ياردەم بەردى. بىر قەدەر ئەمەلىي سىياسەتلەر بەلگىلىنىپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە باشقا ساھەلەردە يېڭى تەرەققىياتلار مەيدانغا كەلدى، شىنجاڭ جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن يېڭىلىقلارغا ئەگىشىپ ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن 1934 - يىلى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەر مىللەتنىڭ ئۆلكىلىك، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى مەدەنىيەت، مائارىپ، سەنئەت، تەشۋىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىللە، جەمئىيەتنىڭ باشقا ساھە پائالىيەتلىرىگىمۇ قاتنىشىش ئىدى.

1938 - يىلىغا كەلگەندە ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدەك ئۆزبېكلەر

كۆپ ئورۇنلاشقان ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىمۇ ۋىلايەتلىك ئۆزبېك ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى مەيدانغا كەلدى.

ئۆلكىلىك ئۆزبېك ئۇيۇشمىسى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم رەئىسلىككە مىرمەخمۇت مىر خەمىت ئوغلى سايلاندى. ھەيئەت رىياسەت تەسىس قىلىندى. ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا رەئىسنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەيئەت رىياسەت رەھبەرلىك قىلاتتى. بىرىنچى نۆۋەتلىك ھەيئەت رىياسەت ئەزالىرى بولۇپ مىر مەخمۇت مىر خەمىت ئوغلى (رەئىس)، رەشىت بابا (مۇئاۋىن رەئىس)، ئەنۋەر خانبابا، ۋەلى خان، ھاجى ئەكبەر، ئىلھامجان ئىسھاقجان ئوغلى، ھاجى ئەكبەر نەزەربايىۋ، فەتتاخ شەنجاڭ (باش كاتىپ)، مەنان قېيۇم قاتارلىق كىشىلەر سايلاندى. رەھبەرلىك بەنزىسى تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن تەشكىلىي خىزمەت باشلىنىپ كەتتى. ئالدى بىلەن ئۇيۇشمىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى قۇرۇلدى، مەسىلەن، كاتىبات بۆلۈمى، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى (بۇنىڭ قارمىقىدا سانايىنەپىسە بار)، خوجىلىق بۆلۈمى قاتارلىقلار. ھەم بۆلۈملەرگە مەسئۇل خادىملار تەيىنلەندى. نۇرغۇن ئۇيۇشما ئەزالىرى خىزمەتكە جەلپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن رەئىس باشلىق ھەم بۆلۈم باشلىقلىرى ۋە خىزمەتكە قاتناشقان باشقا خىزمەتچىلەرمۇ مائاشسىز خىزمەت قىلاتتى، خىزمەتنى ئالاھىدە قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەيتتى. پەقەت باش كاتىپ بىلەن تازىلىق خىزمەتچىسىگە مائاش بېرىلەتتى. تەشكىلىي ئاپپارات قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇيۇشمىنىڭ نىزامنامىسى، پىلانلىرى تۈزۈلدى ۋە تۈرلۈك تۈزۈملەر ئورنىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن خىزمەتلەر باشلىنىپ كەتتى. گەرچە ئۈرۈمچىنىڭ ئۆزبېك ئاھالىسى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئەزالار ئۇيۇشما خىزمەتلىرىگە نىسبەتەن ئاكتىپ ئىدى. مەسىلەن، خىزمەتتىن كېيىن كەچكى ۋاقىتلاردا كۆپلىگەن ئادەملەر پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. ئالدى



بىلەن بىز سانايىنەپىسە تەشكىل قىلدۇق. بىزدە فەتتاخجان، ئادىلجان، مىر ئەخمەت قاتارلىق يىرىك سازەندىلەرنى ئېتىبارغا ئالمىغاندا، سازەندىلەر بەك ئاز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياش سازەندىلەرنى يېتىشتۈرۈش مۇھىم ۋەزىپە قىلىندى. بىز ئۆزبېك ياشلىرىنى يىغىپ ساز ئۆگىنىش كورژوكى تەشكىل قىلدۇق. ئۇلار ھەر كۈنى كەچتە مەشغۇلات ئېلىپ باراتتى. شۇنداق قىلىپ قەدەممۇ قەدەم ياش سازەندىلەر كوللېكتىپى مەيدانغا كەلدى. سازەندىلىرىمىز ئىچىدە ئۇيغۇر ياشلىرىمۇ باردى. سەھنە ئەسەرلىرىنى ئويناش ئۈچۈن ئارتىسكىلار يوق ئىدى. ئورتا ياشلىق ئۆزبېك ئاياللىرى سەھنىگە چىقىشنى خالىمايتتى. پەقەت يىگانە سەنئەتكار، راققاسچى ساناۋەرخان باردى، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇسسۇلچىلار كورژوكى تەشكىل قىلدى. ياش ئۇسسۇلچىلارنى تەربىيىلەشتە ساناۋەرخان چوڭ ھەسسە قوشتى. خەنىپە، سەلىم مۇختەبەر، رەئىسە قاتارلىق ياش ھەۋەسكارلىرىمىز ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۇستازلىرىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كۆپ ئۆتمەي ئۆز ماھارەتلىرىنى نامايان قىلدى. بۇنىڭ سىرتىدا ئۇيغۇر سەنئەتچىلىرىنى تەكلىپ قىلدۇق. ئالتۇنخان، ئامىنىخان قاتارلىقلار بىزنىڭ داڭلىق ئۇسسۇلچىلىرىمىز ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك ھەسسىلىرىنى قوشتى.

ئەر ئارتىس ھەۋەسكارلىرىمىز ئاز ئەمەس ئىدى. چوڭلارمۇ، ئوتتۇرا ياشلىقلارمۇ، ياشلارمۇ تەكلىپ قىلساق قىزغىنلىق بىلەن قاتنىشاتتى. تىرىشچانلىق ۋە ئاكتىپلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە، كۆپ ئۆتمەي سازەندىلىرىمىز، ئۇسسۇلچىلىرىمىز، ناخشىچىلىرىمىز ۋە دراما ئارتىس ھەۋەسكارلىرىمىز تەدرىجىي مەيدانغا كەلدى. تېز - تېز كونسېرت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈش، سەھنە ئەسەرلىرىنى قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق. «نەسەپ قۇربانى»، «شاڭخەي كېچىسى»، «شارلاتان» قاتارلىق كۆپ

سەھنە ئەسەرلىرىنى قويدۇق. سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغۇچى ئابدۇشكۇر سېھزوم(تەخەللۇسى يالقۇن)غا ئوخشاش دراماتورگلارمۇ باردى.

ئويۇن قويۇش ئارقىلىق ئۆيۈشمىنىڭ بەزى ماددىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن بەزى سەنئەتچىلىرىمىزگە مەلۇم ئىش ھەققى ئاجرىتىپ بېرەتتۇق. ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۆيۈشمىسىنىڭ سەنئەت ئىشلىرى خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى.

بىز يەنە مائارىپ ئىشلىرى بىلەنمۇ شوغۇللاندۇق. ئۆيۈشمىمىز ئۆزى ئىقتىساد چىقىرىپ، پارتا، ئورۇندۇق، دوسكىلار ياسىتىپ ساۋات چىقىرىش مەكتىپى ئاچتۇق. بۇ مەكتەپ «جاھانگىرلىككە قارشى 28 - ساۋات چىقىرىش مەكتىپى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ مەكتەپتە ساۋات چىقىرىش، ئۆلكە، مەملىكەت ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتتىن خەۋەردار قىلىش، پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىتىش بىلەن شوغۇللاندۇق. ئۇ چاغلار سوۋېت ئۆزبېكستاندا ئۆزبېكلەر ئەرەب يېزىقىدىن سلاۋيان يېزىقىغا كۆچكەن ۋاقىت ئىدى. ئۆزبېكستاندىن سلاۋيان يېزىقىدا كىتاب، ژۇرناللار كېلىپ تۇراتتى. ئۆزبېكلەرنى سوۋېت ئۆزبېكستاندىن كېلىدىغان كىتاب، ژۇرناللارنى ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئەزالارنىڭ لاتىن يېزىقىدا ساۋاتىنى چىقىرىش بىلەنمۇ شوغۇللاندۇق. سلاۋيانچە ھەرپ بىلەن ساۋات چىقىرىشقا ئاياللارمۇ ھەۋەس بىلەن قاتناشتى، چۈنكى سلاۋيانچە يېزىقنى ئۆگەنگەندە ھەر خىل كىتاب، ژۇرناللارنى ئوقۇشتىن بەھرىمەن بولاتتى.

ئۆيۈشما بىناسىدا قىرائەتخانامۇ تەشكىل قىلغانىدۇق. قىرائەتخانىمىزدا شىنجاڭنىڭ، ئۆزبېكستاننىڭ ھەر خىل كىتاب، ژۇرنال ۋە گېزىتلىرى باردى. ئەزالىرىمىز بوش ۋا-



قىتلاردا قىرائەتخانىمىزدا بىلىم ئېلىش بىلەن شوغۇللىناتتى.

مەدەنىي ئاقارتىش ئۆيۈشمىلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى تەشۋىقات خىزمىتى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. تام گېزىتى، قارا تاختا گېزىتى، رەسىملىك سان، تەشۋىق ۋەرەقلىرى ئارقىلىق يەنە ئويۇن قويۇش ئالدىدا، جامائەت توپلانغان ئورۇنلاردا، مەسچىت ۋە كوچىلاردا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلاتتى. تەشۋىقات مەزمۇنى كۆپىرەك شىنجاڭدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر، ياپونغا قارشى مۇداپىئە ئۇرۇش ئەھۋالى ۋە قولغا كەلتۈرۈلگەن غەلىبىلەر، ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش، ساۋات چىقىرىش، سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى، جاھانگىرلىككە قارشى تەشۋىقاتلار ئېلىپ بېرىلاتتى.

تەشۋىقات - تەرغىبات جەھەتلەردە ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۆيۈشمىسى نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەر ئىشلىدى. بۇ ۋاقىتلار چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىسىز ئىلغار ئادەملەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرىپىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلىپ، شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىگە قاتنىشىۋاتقان، سوۋېت ياردەم بېرىۋاتقان، شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي نىقابى خەلق ئىچىدە تېخى پاش بولمىغان چاغلار ئىدى. كېيىن شېڭ شىسەي «ئىنقىلابىي» چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، جىياڭ جېيشى گومىنداڭغا تەسلىم بولدى. شىنجاڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى.

ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۆيۈشمىسى يېڭى تەشكىل قىلىنغان ۋاقىتتا ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. دەسلەپتە ياڭخاڭدا (ھازىرقى غالىبىيەت يولى) مەنسۇرجان باينىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىدە قۇرۇلۇپ ئىش باشلانغانىدى. ھۆكۈمەت ئۆيۈشمىلارغا بىر پۈڭمۇ ياردەم بەرمەس ئىدى. ئەزالارنىڭ قوللىشى ۋە قىزغىن ياردەم قىلىشى ئارقىسىدا ياڭخاڭدىن (ھا-

زىرقى غالىبىيەت يولىدىكى گولۇ زاۋۇتىنىڭ بىر قىسمى) چوڭ بىر قورا سېتىپ ئالدۇق. ئۇيۇشمىمىز شۇ جايدا ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

مەن ئۆلكىلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى تەسىس قىلغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدىم. ئۇيۇشما تەشكىل قىلىنغاندىن تارتىپ تاكى 1942 - يىلغىچە قوشۇمچە تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىدىم. 1942 - يىلى ئائىلەم بىلەن غۇلجىغا كۆچۈپ كەتتىم. 1946 - يىلى 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ مائارىپ نازارىتىدە خىزمەت قىلدىم. بۇ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان ۋاقىت ئىدى. مەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن مېنى ئۆزبېك ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە سايلاپ قويۇشتى. كۆپچىلىكنىڭ رايىغا قاراپ قوشۇمچە رەئىس بولۇشقا توغرا كەلدى. بىتىم ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى، بىر يىلدىن ئوشۇق داۋام قىلدى. 1946، 1947 - يىللىرى شىنجاڭدا كەسكىن سىياسىي كۈرەش توختىماي داۋام قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارلىرى بىلەن گومىنداڭ ئارىسىدا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن مەسئۇد، مەھەممەت ئىمىن (بوغرا)، ئەيسا قاتارلىق پانتۈركىست، پان ئىسلامىستلار ئوتتۇرىسىدا سىياسىي كۈرەش كەسكىن بولدى. بۇ كۈرەش 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش، دېموكراتىيىنى قوللاش بىلەن دېموكراتىيىگە قارشىلىق قىلىش، باراۋەرلىك- ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش بىلەن باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىكنى باستۇرۇش، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك، ھەق بىلەن ناھەقلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش كۈرىشى ئىدى.

بۇ يىللاردا ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى سىياسىي كۈرەش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆلكە دائىرىسىدە يۈز بەرگەن چوڭ



ۋەقەلەرگە نىسبەتەن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتە تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ھەققانىي، ئادىل، توغرا تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە 11 بىتىمنىڭ ئىجراسى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى.

گومىنداڭ دائىرىلىرى ئارقا- ئارقىدىن ۋەقە سادىر قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن بىتىمنى بۇزۇشقا ئۇرۇندى. گومىنداڭ تەرەپ پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا ئۆز قولى بىلەن ئۇيۇشتۇرغان 25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسى بۇنىڭ بىر مىسالى. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ئاساسىدا پۈتۈن ئۆلكىدىن سايلانغان كېڭەش ئەزالىرى ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ مەجلىسىنى ئېچىش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ قارارىغا ئاساسەن ئۈرۈمچىگە توپلانغانىدى. مەنمۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ كېڭەش ئەزاسى ئىدىم. ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى ئۈرۈمچىدە ھازىرقى شىنجاڭ داشۆنىڭ قىزىل بىناسىدا (ئۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە بىرەر مېھمانخانا يوقىدى) ئۆلكىلىك كېڭەش مەجلىسىنىڭ ئېچىلىشىنى بىر ئاي ساقلىدۇق. ئاخىرى مەجلىس ئېچىلماي تارقىلىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى ئۆلكىلىك كېڭەشكە قاتناشقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارلىرى ئىدى. ئايرىم مىللىي مۇناپىقلارنى ئېتىبارغا ئالمىغاندا، گومىنداڭ تەرەپ تۈرلۈك ھىيلە - مىكىرلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپمۇ، پۇل، ئەمەل بىلەن قىزىقتۇرۇپمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلالمىدى. كۆپچىلىكنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارى ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن گومىنداڭ دائىرىلىرى مەجلىس ئېچىشقا يول قويمىدى. مەجلىس ئېچىلغان بولسا، تەبىئىيكى، كۆپچىلىك كېڭەش ئەزالىرى ئالدى بىلەن گومىنداڭنىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى ۋە ئۆلكىنىڭ ھەر بىر جايلىرىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي قىلمىشلىرىنى پاش قىلاتتى. كۆپچىلىك ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ توغرا تەشەببۇسلىرىنى ياقلىغان بولاتتى. بۇ گومىنداڭ تەرەپ ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى. ئاخىرى مەجلىس ئېچىشقا ئىمكانىيەت

بولماي ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارلىرى بولغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى گومىنداڭ تەرەپنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ، ئوچۇق خەت ئارقىلىق شىنجاڭ گېزىتىدە ئاممىغا مۇراجىئەت چىقىرىپ، كېڭەشتىن تارقىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. بۇ، گومىنداڭچىلارنىڭ 11 ماددىلىق بىتىمنى بۇزۇشقا ھەرىكەت قىلغانلىقىنىڭ ئوچۇق ئىسپاتى ئىدى. ئوچۇق خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەرھۇم رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى «ياخشى يېزىلىپتۇ» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. 11 ماددىلىق بىتىم بۇزۇلۇشقا باشلانغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىن كەلگەن نۇرغۇن كېڭەش ئەزالىرى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سىدىق مۇسايوۋ، ئابدۇرېھىم لىتىپ، خەلپەت سوزۇك ھاجى، ئابدۇرېشىت ئەلەم، ئابدۇكېرىم ھاشىم، ئابلىز نىياز، قۇربان دۆلەت، سىدىقخان غوجام، سوپى سەلەي، ئابدۇراخمانقارى ھاجى، ئىسمايىل ئىبراھىم، يۈسۈپ قارى ھاجى، مەمەت ھەسەن، مەمەت تۇرسۇن، ئەسەت ياقۇپ، نىغمەت ئەشرەپ، ئوسمان داموللا قاتارلىقلار بار. بىتىم دەۋرىدە يۈز بەرگەن نۇرغۇنلىغان ئىنقىلابىي، سىياسىي ھەرىكەتلەردە مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۆزبېك ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رولى ئاز بولمىدى.

بۇ مەزگىلدە ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى سىياسىي كۈرەشنى ئۆز خىزمىتىنىڭ مەركىزى قىلىش بىلەن بىللە مەدەنىيەت، سەنئەت، تەشۋىقات ۋە باشقا ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەردە داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن 1947 - يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا (27 - ئاۋغۇست كۈنى) مەن غۇلجىغا قايتىپ كەتتىم.

ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۆز خىزمىتىنى ئازادلىقتىن كېيىن توختاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ تارىخى ئاخىرلاشتى.



ئىمە ئۈچۈن ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇرۇق قول بىلەن جەمئىيەت ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان پايدىلىق ئىشلارنى قىلالىدى؟ مۇھىمى، ئۇيۇشمىنى ئۆزبېك جامائەتچىلىكى قىزغىن قوللايتتى. ئۆزبېكلەر ئۆز ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشى ئۈچۈن كۆيۈنەتتى. تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى قىزغىنلىق بىلەن ئىجرا قىلاتتى. ھەممە ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشۇپ، ئۆلكىلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلكىلىك ئۆزبېك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى جەمئىيەت ئۈچۈن كۆپلىگەن پايدىلىق ئىشلارنى قىلالىغانىدى.

# ئامان قالغان جان

كېرىموۋ توختى

ئادەم ئۆمرىدە خىلمۇ - خىل ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ، خۇددى ھاياتلىق مۇساپىسى تەكشى، تۈز بولمىغىنىدەك، بۇ سەرگۈزەشتىلەرنىڭمۇ شىرىن، لەززەتلىكلىرى، ئاچچىق - چۈچۈكلىرى، قاباھەتلىك چۈشتەك ئېچىنىشلىق، پاجىئەلىك، قورقۇنچلۇقلىرى بولىدۇ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئەسلەش ئىقتىدارىمىزنىڭ بارا - بارا ئاجىزلىشىغا ئەگىشىپ ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، لېكىن، بەزىلىرى قەلبىمىزدە مەڭگۈ ئۆچمەس نەقەشتەك ئويۇلۇپ مەڭگۈلۈك بولۇپ قالىدۇ.

## بالىلىق دەۋرىم

مەن 1926 - يىل 12 - ئاينىڭ 30- كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كەلپىن ناھىيەسىدىكى قالمالدا كەنتىدە كېرەم قولى ئىسىملىك بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئائىلىمىزدە 13 جان بولۇپ، مەن بالىلارنىڭ سەككىزىنچىسى ئىدىم. ئائىلىمىز بەكمۇ نامرات ئىدى، دادام يوقسۇزلۇق تۈپەيلىدىن باي - پومېشچىكلارغا يىل بويى جاپالىق ئىشلەپ تۇرۇپمۇ ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىنچە بىر مۇنچە قەرزگە بوغۇلۇپ قالاتتى، شۇڭا قورساق تويغۇدەك تاماق، ئۇچىمىز ئىللىغىدەك كىيىم - كېچەككە ئېرىشەلمەيتتۇق. نامراتلىق ئازا-



بىدا ئانامنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايتتى. ئۇ ۋاقىتلاردىكى ئالۋان - ياساق، ھەر خىل ھاشار ۋە خىلمۇ خىل باجلار جاندىن ئۆتەتتى، قىشتىن ئاران چىقىپ ئەتىيازدىكى سېرىق تال مەزگىللىرىدە بىچارە كەمبەغەللەر بىر ۋاق تاماققا زار بولۇپ ئامالسىزلىقتىن باي، پومېشچىكلاردىن ئۇلارنىڭ تۈرلۈك نامۇۋاپىق شەرتلىرىنى ئورۇنداپ بېرىش شەرتى بىلەن ئاشلىق قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. باي، پومېشچىكلار قەرزگە بېرىدىغان قوناق، تېرىقلارنى كۈزدە بىر جىڭغا بىر جىڭدىن بۇغداي تۆلەش شەرتى بىلەن بېرەتتى، بۇنىڭ بىلەن يەنىلا زار - زار قاقشاپ خۇداغا نالە قىلىپلا قالاتتۇق. قىشلىق، يازلىق كىيىملىرىمىزنىڭ ئانچە پەرقى بولمىغاچقا، قاتمۇ - قات كونا كىيىملەر بىلەن شۇ قىش كۈنلىرى توڭلاپ تالا - تۈزگە چىقالمايتتۇق. ئاخشاملىرى بولسا ئائىلىدە بىردىن - بىر يېپىنچىمىز بولغان نەچچە ئون يېرىدىگە ياماق چۈشكەن بىر دانە يوتقاننى يېپىنچاقلايتتۇق، ئۆيىمىزگە يېقىنلا يەردە بىر مەكتەپ بار ئىدى. ئوقۇشنى ھەر قانچە ئارزۇ قىلساممۇ يوقسۇزلۇق تۈپەيلىدىن مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان ئىدىم، مانا بۇ يوقسۇزلۇق تۈپەيلىدىن يۇقىرىدا ئېيتقان 11 بالىنىڭ يەتتىسى ئارقا - ئارقىدىن كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئائىلىمىز كۈندىن كۈنگە قەرزگە بوغۇلۇپ، كۈن ئېلىشىمىز تېخىمۇ تەسكە چۈشكەنلىكتىن دادام مېنى قۇملۇق كەنتىدىكى چارۋىدار ئەيسا بەگنىڭ تاغدىكى مېلىنى بېقىپ بېرىدىغان يىللىقچى قىلىپ بېرىپتۇ. مەن يالغۇز ئۆزۈملا ئۇنىڭ بىر قوتان (200 ئەتراپىدا) مېلىنى باقاتتىم، دەسلەپتە يېشىمنىڭ كىچىكلىكى ۋە تەجرىبىسىزلىكىمدىن تاڭ ئاتقاندىن كۈن پاتقىچە بىر قوتان مالنىڭ كەينىدە يۈگۈرۈپ پۇتلىرۇم ئۇزۇلمەك قاپىرىپ كېتەتتى. يازنىڭ پىژ قىرىم ئاپتىپى، قىشنىڭ زىمىستان سوغۇقلىرىدا بىر قوتان مالنىڭ كەينىدىن ئەتىدىن - كەچكىچە يۈگۈرۈپ، شۇ چۆل

جەزىرلەردە ئاياق باسمىغان يېرىم قالمىغانىدى، كۈندۈزى چۆلدە مال بېقىش بىلەن ئاۋارە بولسام، ئاخشىمى قوتاندا مال بىلەن بىرگە ياتاتتىم. بەزىدە قورسىقىمنىڭ قاتتىق ئاچقانلىقىدىن كېچىلىرى ئىختىيارسىز ئويغىنىپ كېتەتتىم، چۈنكى ھەر كۈنى قويلارنى ئۆيگە ھەيدەپ كېلەر چاغدا جاڭگالدىن بىر ژۈدۈم ئوتۇن تېرىپ كېلىشىم شەرت ئىدى. ئەكەلگەن ئوتۇن ئاز ياكى ھۆل بولۇپ قالسا شۇ كۈنى ئەيسا بەگدىن تاياق يەپ ئاھانەت ئىشىتەتتىم. «گەپ ئاڭلىمىغان» لىقىم ئۈچۈن ئۇلار ماڭا تۈزۈككىنە تاماقمۇ بەرمەيتتى. كېيىن ئەيسا بەگ مېنى ئالداپ، بىر يىل ئاچ - توق يۈرۈپ مال باققىنىمغا بىر تىيىنمۇ پۇل بەرمەي، قىرغىز چارۋىدار ساتىلخانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا قىلىشقان يەك سودىسى بىلەن چوڭ چارۋىدار ساتىلخاننىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتىم، رەھمەتلىك دادام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن ساتىلخاننى ئىزدەپ كېلىپ ئەھۋال ئېيتسا، ئۇ زالىم دادامغا ئازار بېرىپ: مەن بالاڭنى ئەيسا بەگدىن سېتىۋالدىم، ھەق ئالماقچى بولساڭ ئەيسا بەگكە دېگىن، دەپ ھەيدىۋېتىپتۇ. ئامال بولمىغاچقا بىچارە دادام يەنە ئەيسا بەگنى ئىزدەپ مېنى قايتۇرۇپ ئەكەتمىگەنلىكىنى، ھېچ بولمىغاندا بىر يىللىق ئىش ھەققىمنى بېرىشنى سورىغاندا، ئۇ دادامغا خىرىس قىلىپ: «بالاڭ شۇنچە كىچىك تۇرسا ماڭا قانچىلىك ئىش قىلىپ بېرەلەيتتى، ئۇنىڭ قورسىقىنى باققىنىممۇ يېتىپ ئاشىدۇ، يەنە قايسى ئىش ھەققىنى ئالماقچى ئىدىڭ. ئۇ ھارام تامىقىڭ ماللارنى ئوبدان باقمىغاچقا نۇرغۇن قويلىرىم ئورۇقلاپ ئۆلدى. بىر مۇنچىلىرى بۆرىگە يەم بولدى. بۇلار پۇل ئەمەسمىكەن؟ ئەگەر مەن بىلەن ھېسابلىشىمەن دەيدىكەنسەن، ئۇنداقتا ھېسابنى ئىنچىكە قىلايلى، زىيانغا ئۇچرىغان ماللارنى تۆلىيەلەمسەنكىن. ئىنساپ قىلىپ بۇ زىياننى تۆلەتمىگىنىمگە خۇش بولۇپ كۆزۈمدىن



يوقال!» دەپ دادامنى قورقۇتۇپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپتۇ.

ئەسلىدە بىر يىللىق ئىش ھەققىم ئۈچۈن ئەيسا بەگ بىرگە ئىككى پاخلان، ئۈچ ئوغلاق بېرىدىغان بولۇپ دادام بىلەن پۈتۈشكەن ئىكەن، ئەمما بۇ مەككار زالىم ئىش ھەققىمنى بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك مالنى ياخشى باقمىدى، دېگەن باھانە بىلەن مېنى باشقا چارۋىدارغا بېرىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن دادام ھەر ئىككى چارۋىداردىن ئاھانەت ئاڭلاپ، ئىلاجسىز دەرت - ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۈچ كۈنلۈك يەردىن قۇرۇق قول قايتىپ كەتتى. گەرچە تارىخىمدىكى مۇشۇ سەرگۈزەشتىلەرنىڭ ئۆتكىنىگە بىر قانچە ئون يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدىكى بىچارە دادامنىڭ دەرت - ئەلەملىك چىرايى، غۇربەتچىلىكتىن يادەك ئېگىلگەن گەۋدىسى ھېلىمۇ يادىمدا. شۇ كۈنى دادامنىڭ كەينىدىن قارىسى يوقالغىچە قاراپ تۇرۇپ ئەيسا بەگنىڭ ئۆيىدىكى رىيازەتلىك تۇرمۇشۇم ۋە كېيىنكى كۆرىدىغان كۈنلىرىمنى ئويلاپ، خۇددى غايەت زور يىرتقۇچنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھەم قورقۇپ، ھەم دادامغا چىدىماي قەلبىم گويا قوقاستا پۇچۇلغاندەك بولۇپ، ئىختىيارسىز ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم.

«بۆرىدىن قۇتۇلۇپ، يولۋاسقا تۇتۇلۇپتۇ» دېگەندەك، كېيىنكى چارۋىدار ساتىلخان ئەيسا بەگدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ھىيلىگەر ئىدى. ئۇ كۆرۈنۈشكە ئانچە - مۇنچە خەيرىخاھلىق قىلغاندەك كۆرۈنەتتىيۇ ئەمەلىيەتتە «ئالدىغىلى بالا ياخشى» دېگەندەك مېنى گوللاپ يۈرۈپ، ئات - ئېشەكنىڭ ئورنىدا ئىشلەتتى. مېنى يىل بويى قوتاندىكى مال بىلەن بىللە ياتقۇزاتتى، ياز كۈنلىرى قوي پېتى، كۆكۈيۈنلەرنىڭ چېقىشى بىلەن بەدەنلىرىم ھۆرەك - ھۆرەك بولۇپ كېتەتتى، قىش كۈنلىرى بولسا

زىمىستان سوغۇق سۆڭەك - سۆڭەكلىرىمدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن كېچىدە تاڭغا تەلپۈنۈپ خۇداغا نالە قىلىپ، ئاھ ئۇرۇپ، يىغلاپ چىقاتتىم. شۇنداقتىمۇ مەن ئىش ھەققىمنى ئېلىپ، ئاتا - ئانام بىلەن كۆرۈشسەم دېگەن ئارزۇ بىلەن چىشىمنى چىشلەپ، ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكىچە، بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك ئۆزۈم كېزىك كېسىلى بىلەن يېتىپ قالدىم. كۆڭلى قارا پومېشچىك كېسىلىمنىڭ يۇقۇپ قېلىشىدىن ياكى ئۆيىدە ئۆلۈپ قېلىشىمدىن قورقتىمۇ ياكى تۆت يىللىق ئىش ھەققىمنى بېرىشتىن قاچتىمۇ، دادامنى ئۇشتۇمتۇت كەلپىندىن چاقىرتىپ كېلىپ مېنى تېزراق قايتۇرۇپ كېتىشنى ئېيتىپتۇ. بىچارە دادام مېنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىمنى ئاڭلاپ، ئۈچ كۈنلۈك يولنى ئىككى كۈندە بېسىپ، مېنىڭ بىر مۇشەققەتتە پومېشچىكنىڭ ئۆيىگە كېپتۇ. ساتىلخان دادامنى بىر كۈنمۇ دەم ئالغۇزماي ئاران بىر قوزا، بىر ئۇغلاق بېرىپ، قالغان ئىشنى بالاڭ ساقايغاندا ھېسابلىشىمىز دەپ، دادام بىلەن ئىككىمىزنى ئالداپ - سالداپ يولغا سېلىۋەتتى. رەھمەتلىك دادام نائىلاج مېنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، ئۆزى پىيادە يول يۈرۈپ يول ئازاۋىنى يەتكىچە تارتىپ، ئاقچى ناھىيىسىدىن كەلپىن ناھىيىسىگە ياندۇرۇپ كەلدى ۋە ئاز بولمىغان قەرزگە بوغۇلغان بولسىمۇ بىر ئامالىلارنى قىلىپ مېنى ساقايتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ ساتىلخان دېگەن مەككارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇم. لېكىن تۆت يىللىق ئىش ھەققىمنى دەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايتتۇق، چۈنكى ئۇ چاغلاردا يوقسۇللارنىڭ دوپپىسى چۈشسە بايلارنىڭ پېرىگە چۈشىدىغان بولغاچقا نەگىمۇ دەۋا قىلىمىز، بىزلەر قىلغان دەۋا ئاقمايتتى. باي - پومېشچىكلار، قازى - قۇزاتلارنىڭ ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى تۇرسا، نەدىمۇ دەۋانى ئادىل سورايدىغان ئەمەلدار بولسۇن؟



گەرچە كېزىك كېسىلىم ياخشى بولغان بولسىمۇ، لېكىن داۋالىنىش جەريانىدا كۆپ قەرزدار بولغانلىقىمىزدىن تۇرمۇشىمىز تېخىمۇ تەس كۈنگە قالدى. نەتىجىدە ئائىلىنىڭ يوقىلىقىدىن ناھىيىمىزدىكى ئارايىماق كەنتىدىكى ئىمىن دېگەن بايغا چاكار تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە يېرىم يىل ئىشلىدىم. كېيىن ئۇمۇ زومىگەر ئاكىسى مەھەممەت باۋجاڭغا مېنى ئۆتۈنۈپ بېرىۋەتتى. دۇنيادىكى قاغىلارنىڭ ھەممىسى قارا بولغىنىدەك، باي - پومېشچىكلارنىڭمۇ ھەممىسىنىڭ كۆڭلى قارا بولىدىكەن. ئۇلار مېنى ئات - ئېشەكنىڭ ئورنىدا ئىشلەتتى. ئىشنىڭ ئېغىرلىقىغا ئادەم چىداپ بولمايتتى. كۈندۈزى باينىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن چارۋا مېلىغا قارىسام، كېچىلەرنى ئات بېقىش ۋە ئېتىز - ئېرىقتا سۇ تۇتۇش ئىشلىرىغا سالاتتى، قىش كۈنلىرى بىر قانچە تۆگە بىلەن جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇتاتتى. قىسقىسى ئارام ئېلىش پۇرسىتى بەرمەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاخىرى زۇلۇمغا چىدىماي بىر كۈنى ئۆز ئۆيۈمگە قېچىپ كەتتىم. لېكىن زومىگەر مۇھەممەت باۋجاڭ ئەتىسىلا ئۆيىمىزگە باستۇرۇپ كەلدى. ئۇ دادام بىلەن ئاپامغا تەھدىت سېلىپ، مېنى ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ مەجبۇرى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. لېكىن ئۆيىگە ئاپىرىۋېلىپ، پۈتۈمدىكى ئەبجىغى چىقىپ كەتكەن كونا كۆن ئۆتۈك، ئۇچامدىكى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن ئىشتان - چاپىنىمنى سالدۇرۇپ ئېلىپ، ياماق چۈشكەن ماتا كۇسار بىلەنلا قالدۇردى - دە، ھە «نوچى بولساڭ ئەمدى قاچە، بىر كۆرۈپ باقاي» دەپ مېنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى. بۇ دەل 12 - ئاينىڭ ئاخىرى بولۇپ سوغۇقنىڭ تازا ئەۋجىگە چىققان چاغلىرى ئىدى. مەمەت باۋجاڭ كۆڭلىدە مېنى سوغۇقتىن قورقۇپ ماڭا يالۋۇرىدۇ ھەم قاچمايدۇ، بولمىسا قاتتىق سوغۇقتا قاچقاننىڭ جاجىسىنى كۆرىدۇ»، - دەپ ئويلىدى بولغاي، - دېمىسىمۇ بۇ قاتتىق شۇۋىرغاندا 12 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئۆيىگە

بىرىپ بولغىچە توڭلاپ قېتىپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. قانداق قىلاي؟ قاچماسلىققا ۋەدە بېرىپ يالۋۇراي دېسەم زۇلۇمغا بولغان قارشىلىقىم يول قويمايتتى، نەتىجىدە غەزەپ - نەپرىتىمنى ئىشقا سېلىپ خەير دېدىمدە - يىغامنى توختىتىپ ئۆز غەيرىتىمگە ئېلىپ خۇددى نەشتەردەك سانجىلىۋاتقان سوغۇققا قارىماي، جېنىمنىڭ بىرىچە يالاڭغاچ ھەم يالاڭ ئاياغ يۈگۈرگەن پېتىم 12 چاقىرىم مۇساپىنى بېسىپ ئۆيگە يېتىپ كەلدىم. مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرگەن ئاپام ھاڭ - تاڭ قېلىپ مېنى باغرىغا باستى، ئارقىدىنلا ھوشىدىن كەتتى. توڭلاپ ھەم قورقۇپ كەتكەنلىكىمدىن ئاپامغا ئۆزۈمنى ئېتىپ ھۆكۈرەپ قاتتىق يىغلاپ كەتتىم. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بىچارە دادام غەزەپ - نەپرەتكە تولدى. ئامال قانچە، دەرھال تەجرىبىلىك ئادەم تېپىپ كېلىپ، پۇت - قولۇمنى قارغا تىقىپ ئۇگىلاپ، پۇت - قول بارماقلىرىمنىڭ ئۈششۈپ ئىقىپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالدى. بۇ زومىگەرنىڭ ئۆيىدە گەرچە بىر يېرىم يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن بولسامۇ، ئاران بىر پاخلان بەرگەننى ئاز دەپ، قەھرىتان سوغۇقتا پۇت - قولۇمدىن ئايرىپ قويغىلى تاسلا قالدى. گەرچە مەن خۇددى باپكارنىڭ موكىسىدەك نەچچە قېتىملاپ بايلارنىڭ قولىدىن - قولىغا ئۆتۈپ، ئات، كالىدىن ئۆتەرخارلىنىپ ئىشلەپ، ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرگەن بولسامۇ، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا قىلچە ياخشىلىنىش بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، قەرزگە بوغۇلۇپ موردىن تۈتۈن چىقىرالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇق. ئاپام بىلەن دادام مېنىڭ چاكارلىقتا كۆرگەن كۈلپەتلىرىمنى كۆزدە تۇتۇپ، تىلەپ يېيىشكە رازى بولىدىكى، مېنى قايتا چاكارلىققا بەرمەسلىككە نىيەت قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مېنى بىر موزدوزغا شاگىرتلىققا بەرمەكچى بولدى. مەن بۇ مەسلىھەتنى ئاڭلاپ خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ، ھۈنەر ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلىدىم،



كۆڭلۈمدە ئاتا - ئانامغا يار - يۆلەكتە بولىدىغان چاغلىرىم كېلىپتۇ دەپ ئويلايتتىم. دەرۋەقە دادام مېنى قاش ئېرىق كەنتىدىكى ھاپىز ئۇستا دېگەن موزدوزغا شاگىرتلىققا بەردى.

بالىلىق چاغلىرىم ئۆتتى رىيازەتتە،
يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىدە، خىجالەتتە.
ئەلگە زۇلۇم سالغان ئەشۇ نائىنساپلار،
تارتقاي ئەل ئازاۋىنى ئول «قىيامەتتە».

## تۇتقۇن

1941 - يىلى 11 - ئايدا، جاللات شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ زوراۋانلىقى بىلەن ئادەم تۇتۇش باشلاندى. ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتلىرىدىن قارىغاندا، تۇتقان ئادەملەرنى ئالتايغا ئاپىرىپ «ئالتۇن كېنى» ئاچارمىش. بۇ ئەمەلىيەتتە «ئالتۇن كېنى» ئېچىش باناسى بىلەن ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇش ئىكەن، گەرچە ئۇلار بىر نەچچە كۈن «ئالتۇن كېنى ئاچقىلى ئادەم ئالىمىز» دەپ ناھىيىمىز تەۋەسىدە تەشۋىقات قىلغان بولسىمۇ پۈتۈن كەلپىن تەۋەسىدىن ئۆزلىكىدىن تىزىمغا ئالدۇرىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىغاچقا، ئۇلارنىڭ رەزىل پىلانى ئىشقا ئاشمىغان، بۇ چاغدا ئۇلار چۈمپەردىسىنى بىراقلا يىرتىپ تاشلاپ باشقىچە ئىش كۆرگەن. ئالتۇن كېنى ئاچقىلى ئادەم ئالغىلى كەلگەنلەر بىر بازار كۈنى «ناھىيە بويىچە يىغىن بار» دەپ بازارغا كەلگەن كىشىلەرنى كوچا - كوچىلاردا ئالدىنى توسۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەركىشىلەرنى شەنىيامۇلىنىڭ چوڭ قوراسىغا سولاپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ياش قورامىغا يەتكەن باللاردىن 200 گە يېقىن ياشنى ئېلىپ قېلىپ، قالغانلىرىنى قويۇۋېتىپتۇ. ئاخىرىدا يەنە تاللاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئەڭ كەمبەغەللەرنىڭ باللىرىدىن 73 نەپەرنى تاللاپ ئېلىپ، قالغانلىرىنى قويۇپ

بىرىپتۇ. ئاڭلىساق يىغىۋېلىنىپ قامالغانلارنىڭ ئىچىدە ئاكام
ئەكرەم باركەندۇق. بۇ 73 ياشنى ئۈچ كۈن قاماپ قويدى.
ئۇلار قامىلىپ ئەتىسىلا ئاكامنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سولاق-
خانىسىدىن قېچىپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق. پۈتۈن ئائىلىدىكى-
لەر ئىز دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئاكامنىڭ غېمىنى يەپ يۈر-
گەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شىڭ شىسەينىڭ ناھىيىمىزدىكى سادىق
چاپارمىنى ياقۇپ باۋجاڭ (ئۇزۇن ئۆتمەيلا ناھىيىگە ھاكىم
بولغان)، كەنت باشلىقى ئىبراھىم، مامۇت قاتارلىق ئۈچ ئات-
لىق ئادەم تۇيۇقسىز ئۆيىمىزگىلا باستۇرۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ
شۇملۇق يېغىپ تۇرغان ئەلپازىدىن ئائىلىمىزگە يەنە بىر بالا-
قازانىڭ كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار كېلىپلا دادام
بىلەن ئاپامغا تەھدىت سېلىپ، «بالاڭنى مەقسەتلىك قاچۇرۇۋې-
تىشتىڭ، ھازىر نەدىن بولسا تېپىپ بېرىسەن!» دەپ ۋارقىرىدى،
لېكىن ئاكامنىڭ قايەردە يۈرگەنلىكىنى ھېچقايسىمىز بىلمەيتتۇق.
ئەھۋال بۇنداق تۇرسا ئاكامنى نەدىن تاپىمىز؟ يوقالغان ئا-
كامنىڭ ئىز دېرىكىنى بىلەلمەي پەرىشانلىقتا تۇرغان دادام
دەرغەزەپكە كېلىپ ياقۇپ باۋجاڭغا گەپ ياندۇردى — بالامنى
ئۆزەڭلار قامىۋېلىپ، كۆرگىلى بارساق كۆرۈشتۈرمەي، ئەمدىلىك-
تە بالىنى مەندىن سورىشامتىڭ؟ ...... ئاغزىڭنى يۇم گاداي
تولا گەپ قىلماي بالاڭنى چىقىرىپ بەر!، - ياقۇپ باۋجاڭ ئات
ئۈستىدە تۇرۇپ، دادامغا ھومىيىپ، يالاقچىلىرىغا
كۆز ئىشارىتى قىلىۋىدى، ئۇلار خۇددى
قويغا تەگكەن بۆرىلەردەك ئۆيىمىزگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۆي-
دىكى نەرسىلىرىمىزنى ئۇياقتىن - بۇياققا ئېتىپ، ھەش- پەش
دېگىچە ئۆيىمىزدىن بوران چىقىرىۋەتتى. ياقۇپ باۋجاڭ ئات
ئۈستىدە تۇرۇپ، قامچىسىنى ئوينىتىپ ھەيۋە قىلماقتا ئىدى.
يالاقچىلار ئۆيىمىزنى ئاختۇرغان بىلەنمۇ ئاكامنى نەدىن تا-
پالايتتى؟ تۇرۇۋېرىپ تىت - تىت بولغان ياقۇپ باۋجاڭ قولىدىكى



قامچىسى بىلەن دادامنىڭ قولىغا كۈچەپ بىر نەچچىنى سېلى-
ۋىدى، بىچارە دادام تاياق زەربىسىدىن يىقىلىپ ئاغزى -
بۇرنىدىن قان كەتتى. باۋجاڭ دادامغا: بالاڭنى تېپىپ بېرەم-
سەن يوق، دېدى. دادام غەزەپلەنگەن ھالدا: — بالامنى سى-
لەر تۇتۇپ كەتكەن، تېپىش توغرا كەلسە سىلەر تېپىپ بېرىسى-
لەر، بالامنى سىلەردىن ئالىمەن! ....... دادامنىڭ غەزەپتىن
ئۈنلىرى بوغۇلۇپ پۈتۈن بەدىنى تىترەيتتى، دادامنىڭ ھەق-
قانىي سۆزىگە چىدىيالمىغان ياقۇپ باۋجاڭ، ئىبرايىم يۈزبېگى
ۋە مامۇت يۈز بېگى ئىتتەك ئېتىلىپ كېلىپ ئاپام بىلەن دا-
دامنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. تاياق، قام-
چىلار ئۇلارنىڭ باش كۆزىنى قانغا بويىۋەتتى. مەن تاياق زەر-
بىسىدىن ھۇشسىزلانغان دادام بىلەن ئاپامنى چۆگىلەپ خۇددى
پەرۋانىدەك ئۇلارغا ئۆزۈمنى ئېتىپ يىغلايتتىم. دادام بىلەن
ئاپامنىڭ ئەھۋالىغا چىدىيالماي، ئاخىرى ياقۇپ باۋجاڭنىڭ
ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ خۇدانى تىلغا ئېلىپ، دادام بىلەن
ئاپامنى ئۇرماسلىقنى تىلەپ يالۋۇردۇم. بۇنداق ئادەم سىيا-
قىدىكى قانخورلاردىن ياخشىلىق كۈتۈش نادانلىق ئىشى، ئەلۋەت-
تە. ئۇلار مېنىڭ نالەمگە پەرۋا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسى-
چە شۇكۈنلا ئاكامنىڭ ئورنىغا مىنى تۇتۇپ يامۇلغا ئاپىرىپ
سولاپ قويدى. مېنى ئېلىپ ماڭغاندا ئاپام - دادام زار - زار
يىغلاپ ھوشىدىن كېتىشتى، بۇنى كۆرگەن خولۇم- قوشنىلار
ماڭا ئامانلىق تىلەپ، ئاتا - ئانامغا تەسەللى بېرىپ قالدى.
مەن يامۇلغا سولىنىپ تۆتىنچى كۈنى مەندىن بۇرۇن سولاپ
قويۇلغان 72 ياش بىلەن بىللە ئۇرۇمچىگە ھايداپ مېڭىلدىم.
شۇنداق قىلىپ قەھرىتان قىشتا مېھرىبان ئاتا - ئانام-
دىن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەزىز يۇرتۇمدىن بىر كۆزۈم ياش،
بىر كۆزۈم قان ھالدا ئايرىلدىم. ئۆزۈمنى خۇددى ئاخىرەتكە
يول ئالغاندەك ھېس قىلىپ بارغانسېرى كەينىمىزدە قېلىۋاتقان

ئانا يۇرتۇمغا، تىرىك تۇرۇپ ئايرىلىۋاتقان ئاتا - ئانامغا چىدىماي، ئۆزۈمنى باسالماي يىغلاپ، يۇرتىمىزدىن خېلى ئۇزاپ كەتكەندىمۇ، ھامان شۇ تەرەپكە يېنىشلاپ قارايتتىم. ھاياتىمدىكى رىيازەت قايتىدىن باشلاندى. ئۇ چاغلاردا بىردىن - بىر قاتناش ۋاستىسى ئېشەك، كالا ۋە ئات ھارۋىسى ئىدى. بىزنى يالاپ ماڭغانلار دەسلەپتە كەلپىندىن چىلانغىچە بىر ئادەمگە بىردىن ئېشەك بەردى، چىلاندىن ئاقسۇغىچە 16 ئادەمگە بىردىن ئات ياكى كالا ھارۋىسى توغرا كەلدى. ئاقسۇدىن بايغىچە يەنە 16 ئادەمگە بىردىن ھارۋا، بايدىن كۇچاغىچە بىر ئادەمگە بىردىن ئېشەك، كۇچادىن قاراشەھەرگىچە 16 ئادەمگە بىردىن ئات ھارۋىسى، قاراشەھەردىن توقسۇن ناھىيىسىگىچە 40 ئادەمگە بىردىن ئات ھارۋىسى توغرا كەلدى. كۈندىلىك ئوزۇق - تۈلۈك، تالقانلىرىمىزنى ئېشەكلەرگە ئارتىپ ياكى ھارۋىغا بېسىپ، ئۆزىمىز ئاساسەن پىيادە ماڭاتتۇق، شۇنداق قىلىپ چۆل - باياۋانلارنى پىيادە بېسىپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە توقسۇنغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭدىن تۇتقۇن قىلىنغان پۈتۈن مۇساپىرلارنى ئۈچ خىلغا ئايرىدى، 1 - خىلدىكىلەر: قورامىغا يەتكەن، ئۇزۇن مۇددەتلىك پىيادە يۈرۈشتە سەپتىن چۈشۈپ قالمىغانلار، بۇلار ئانچە - مۇنچە ھەربىي تەلىم - تەربىيە بېرىپ ئۇرۇشقا سالسىلا كېرەككە كەلگۈدەكلەر ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا ھەربىيچە كىيىم تارقىتىپ بېرىپ، بىرىنچى قەدەمدە ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەتتى. 2 - خىلدىكىلەر: كېسەل، مېيىپ، ئاجىزلار ۋە يېشى چوڭلار بولۇپ، بۇلارنى تۇرپانغا ئەمگەككە سېلىش ئۈچۈن تۇرپانغا يولغا سالدى. 3 - خىلدىكىلەر: يېشى كىچىكلەر بولۇپ، ئۇلار ئەسكەرلىككە ياكى ئەمگەككە يارىمايدىغانلار بولۇپ، مېنى شۇ خىلدىكىلەرگە قوشۇۋەتتى. مەن دەل شۇ ۋاقىتتا ئۆزۈمنىڭ قاتتىق بىتەلەي، شۇمپېشانە



بالا ئىكەنلىكىمنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ ياراتقان ئاللاغا نالە - پەرياد قىلىپ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم. چۈنكى بىرىنچى تۈركۈمدىكىلەر ئۈرۈمچىدە كاپالەتكە ئىگە ئىدى. ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەرمۇ تۇرمۇشتا ئاساسىي جەھەتتىن ئەركىن ئىدى.

مەن بولسام 3 - تۈركۈمدىكىلەر بىلەن قالدىم. چۈنكى بىزنى ئەڭ ئاخىرىدا يەنە قوراللىق مۇھاپىزەت ئاستىدا ئۈرۈمچىگە پىيادە ھەيدەپ ئېلىپ ماڭدى. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ياڭزىجاڭ كوچىسى (قىزىل تاغ ئېتىكىدە) دىكى ھارۋىكەشلەر دېڭىدە ئۈچ كۈن سولاپ دەم ئالدۇردى. 3 - كۈنى تۈن نىسپى بولغاندا بىزنى تۇيۇقسىز ئويغىتىپ، سىتروي قىلىپ مۇنچىغا (ئېھتىمال ھازىرقى بوغدا مۇنچىسى بولسا كېرەك) ئەكىرىپ يۇيۇندۇردى. يۇيۇنۇپ چىققاندىن كېيىن ھەر بىرىمىزگە كۆك بوياق خامدىن (ماتادىن) تىكىلگەن بىر قۇر ئىشتان، چاپان ۋە پاختىلىق شەپكە، بىر جۈپتىن لاتا خەي تارقىتىپ بەردى. ئارقىدىنلا قوراللىق ساقچىلارنىڭ يالىشى بىلەن كېچىلەپ يولغا چىقىپ ھازىرقى سانجى ئوبلاستىغا يېتىپ باردۇق، ئۇلار بىزنى ئەترەتلەرگە ئايرىپ، بىر نەچچە كونا بۇتخانىلارغا سولىۋەتتى، بۇتخانىغا قامالغانلار 800 دىن كۆپرەك بولۇپ، ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەنىدى. شۇ قېتىمدا سانجىغا ئورۇنلاشقان قىسىمنى 3 - زوڭدۈي دەپ ئاتايتتى. بۇنىڭ قارمىقىدا ئۈچ جۇڭدۈي (لييەن دەرىجىلىك) بولۇپ، مەن تۇرغان دۈي 2 - جۇڭدۈي ئىدى. ئۇ يەردە بىز ئاساسلىقى ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىش، ساۋات چىقىرىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندۇق. بىزنى دەسلەپتە «شۆبىڭ» (学兵) دەپ، كېيىنچە «شۆسىڭ» (学生) دەپ ئاتايدىغان بولدى. بۇ ۋاقىتتا بىزگە ھەممىدىن ئېغىر چۈشكىنى ئاچارچىلىقنىڭ ئازابى بولدى. چۈنكى كونىگە كۆپ بولغاندا

بىر ئادەم 200 گرام چامىسىدىلا تاماق يەيمىز. بۇنىڭ بىلەن
ھەممىمىز جىسمانىي جەھەتلەردىن ئاجىزلاپ خىلمۇ خىل كې-
سەللەرگە مۇپتىلا بولدۇق. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يامان بولغىنى
ھەممىمىزنى پىت بېسىپ كېتىپ، گازارما، ھويلا ھەتتا بۇت-
خانىلارغىچە پىت يامراپ كەتتى (يوتقان، كۆپە يوق بول-
غاچقا پەقەت شال پاخالغىلا ئورىنىپ ياتاتتۇق). ئەتىگەن قو-
پۇپ سۇپۇرگە بىلەن بىر - بىرىمىزنىڭ ئۇستى - بېشىغا يامراپ
كەتكەن، ئاق قونىقتەك يوغۇناپ كەتكەن پىتلارنى ئۆز-
ئارا سۇپۇرەتتۇق. بۇ ئاز كېلىپ قالغاندەك، نۇرغۇنلىرىمىز
كېزىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، بىر مۇنچە ھەمراھلىرىم كې-
سەلدىن ئۆلۈپ كەتتى. بەزىلىرى ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى.
ئەس - ھۇشى بارلىرى جاننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قېچىپ كەت-
تى. قېچىپ تۇتىۋېلىنغانلارنىڭ بىر قىسمى تاياق زەربىسىدىن
ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭ ئارىسىدا مەنمۇ ئاچارچىلىق ئازابىدا
قېلىپ ئېغىر دەرىجىدە كېزىك كېسىلى بولۇپ، خېلى ئۇزۇن
داۋالانغاندىن كېيىن ساقايدىم. 1943 - يىلى 6 - ئايلاردا
ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغانلىرىمىزنى سانجىدىن ئۈرۈمچى لاۋمەن-
چىڭ (ھازىرقى 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنىڭ ئورنى)
غا يۆتكەپ كېلىپ، ئون نەچچە كۈندىن كېيىن قولىمىزغا قو-
رال تارقىتىپ بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ 1945 - يىل 5 - ئاي-
نىڭ 15 - كۈنىگىچە شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئارمىيىسىدە مەج-
بۇرىي ئەسكەر بولۇپ، ئۈرۈمچى، فۇكاڭ، تيەنچى (بوغدا كۆ-
لى)، ئالتاي، چىڭگىل، سارتوقاي، بورۇلتوقاي، دۆربىلجىن، تار-
تاش، تولى قاتارلىق جايلاردا يۈردۈم. بۇ جەريانىدا كىرمىگەن
نىم گۆر، يېمىگىنىم پوق بولدى دېسەم ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولماي-
دۇ. مەسىلەن: 1943 - يىل 6 - ئايدىن باشلاپ فۇكاڭ،
تيەنچى (بوغدا كۆلى)سۇ قورۇلۇشىدا ئىشلىدۇق. ھازىرقى
تيەنچى كۆلىنىڭ سۈيى ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ قورۇلۇشىنى



بىز ئىشلىگەن (تاغلارنى پارتلىتىپ تەشكەندۇق). شۇندىن كېيىن
فۇكاڭ ناھىيىسىگە قايتىپ كەلدۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي شۇ يىلى
11 - ئايلاردا، ئالتاي بىلەن گۈچۈڭ ئارىلىقىدىكى جىياڭجۈن
گوبى دېگەن قۇملۇققا 30 نەچچە قازاق باندىت پەيدا بولۇپ
قاپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن زوڭدۇي بىزنىڭ
قىسمىمىزنى ئاتلىق قىسىمغا ئۆزگەرتىپ «باندىتلارنى يوقىتى-
مىز» دەپ شۇ قۇملۇققا ئاپاردى. بۇ قۇملۇقتا بىر ئايدىن ئار-
تۇقراق «باندىت» لارنى ئىزدىگەن بولساقمۇ ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ
تاپالمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىزنى ئۇ يەردىن يۆتكەپ،
ئالتاي رايونىغا قاراشلىق تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىغا يېقىن
چىڭگىل دەرياسى بويىغا ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇ يەردە ئىل-
گىرى ئاخىر بولۇپ ئورۇنلاشقان قىسمىنىڭ ئادەم سانى يەتتە، سەككىز
مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ يەر تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىغا بەك-
مۇ يېقىن بولغاچقا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قىسىملىرى پات -
پات ئۆزئارا رازۋېت ئورۇشى قىلىپ تۇراتتى. 4 - ئايغا كەل-
گەندە، يەنى 1944 - يىل 4 - ئايدا ئوسمان تاشقى موڭغۇلىيە-
نىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بىزنى تۇيۇقسىز قورشىۋېلىپ،
ھاۋادىن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ قىرغۇچى ئايروپىلانلىرى، يەردىن
ئوسمان باندىتلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى ئۆز ئارا ماسلىشىپ
ھۇجۇم قىلدى. شۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ قورال-لىق كۈچىمىزنىڭ ئا-
دەم سانى يەتتە مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ جەڭ ئۇزۇلمەي بەش كې-
چە - كۈندۈز داۋام قىلغانلىقتىن ئادەملىرىمىز ھېرىپ - چار-
چاش بىلەنلا قالماي، ئۆلۈپ قىرىلىپ، ئاساسىي كۈچىمىز نابۇت
بولدى. يېمەك - ئىچمەك ۋە ئاساسلىق قاتناش ترانسپورت
كۈچىمىز بولغان ئات - تۆگىلەر ھاۋادىن تاشلانغان ۋە ئېتىل-
غان ھەر بىر بومبىلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ (كۆيۈپ) تۈگەش-
تى. نەتىجىدە بۇ قاتمۇ - قات مۇھاسىرە ۋە دەھشەتلىك زەر-
بىدىن بىرمۇ ئادەم ساق چىقالمايدىغاندەك ۋەزىيەت شەكىللەن-

دى. دەل مۇشۇ جىددىي پەيتتە بىزنىڭ قوماندانلىق
شتابىمىز 300 كىشىلىك زەربىدارلار قوشۇنى تەشكىللىدى.
جەڭنىڭ 5 - كېچىسى قارشى تەرەپنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ
ئۆتۈش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. شۇنىڭ بىلەن
دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ (دەريانى بويلاپ) بەلگىلەنگەن ۋاقىت-
تا مۇھاسىرىنى بۆسۈش جېڭىنى باشلىۋەتتۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي
دۈشمەنلەر بىزگە يول بېرىشكە مەجبۇر بولغاندەك قىلدىيۇ،
ئارقىسىدىنلا پۈتۈن سەپ بويىچە بىزگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇ-
جۇم (ئاتاكا) باشلىۋەتتى. نەتىجىدە دەھشەتلىك قېلىچۋازلىق،
نەيزىۋازلىق، قوچاقلاشما سوقۇش باشلىنىپ كەتتى. بۇ چاغدا
قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە قايسى دۈشمەن، قايسى ئۆز ئادەم
ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. مەن بۇ ئىس - تۈتەك
ۋە قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ، دەريانى بويلاپ تاڭ ئاتقىچە
بەلگىلەنگەن نىشانغا قاراپ ئاتلىق قاچتىم. تاڭ سۈزۈلگەندىن
كېيىن ئاندىن ئالدى ئارقامغا قارىسام جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ
چىققان يالغۇز مەنلا ئەمەسكەنمەن. قاچاق ئەسكەرلەر يول بو-
يى ئۇچراپ تۇردى. بىز 150 دەك ئادەم گۇچۇڭغا كېتىۋاتقان
بولۇپ كېلىشتۇق. بىز جەڭدىن قۇتۇلۇپ چىققىنىمىزغا خۇشال
بولۇپ شىرىن خىيالدا كېتىۋاتساق، تاڭ ئېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي
موڭغۇلىيىنىڭ ئىككى رازۋېتكا ئايروپىلانى (قىرغۇچى) ئارقىمىز-
دىن قوغلاپ كەلدى. ئايروپىلاننى كۆرۈپلا ئۆزىمىزنى دالدى-
غا ئالدۇق. ئايروپىلان ئۈستىمىزدە ئۈن مىنۇتتەك ئايلىنىپ ئا-
خىرى كەلگەن تەرەپكە قاراپ قايتىپ كەتتى. بىز بۇنى كۆر-
گەندىن كېيىن (تېخىمۇ كۆپ ئايروپىلان كېلىدىغان بولدى
دېگەن ئەندىشە بىلەن) قورقۇنچلۇقتا كەچ پىشىنغىچە يۈشۈ-
رۈنۈپ ياتقان بولساقمۇ، ئايروپىلان ئىككىنچىلاپ كەلمىدى،
خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن گۇچۇڭغا قاراپ كېچىلەپ ماڭاي-
لى دەپ تۇرساق، ئالدىنقى كۈنىدىكى جەڭگە قوماندانلىق



قىلغان شۇ زىخوي دېگەن مۇناپىق ئارىمىزدا پەيدا بولۇپ قال-
دى. ئۇ، ھېچقايسىمىزنى ئىختىيارىمىزغا قويماي ھەممىمىزنى
قايتىدىن تەشكىللەپ، ھازىرقى سار توقاي (چىڭگىل ناھىيىسىگە
قاراشلىق) دېگەن جايدىكى كونا خارابى سېپىل ئىچىگە قاماپ
ھېچقايسىمىزنى قويۇپ بەرمىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى شېرىن خى-
ياللىرىمىزمۇ يوققا چىقتى. بۇ چاغدا ھەممىدىن يامان بولغىنى
ئوزۇق - تۈلۈكمۇ تۈگەپ قالغاچقا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغىلى
تاسلا قالدۇق. بىز ئاتلىق قىسىم بولغاچقا، ئاتلار ئۈچۈن ساق-
لانغان گاۋلىياڭدىن ھەر قايسىمىزدا بىر ئازدىن بولۇپ ئۇ-
نىڭ ھەممىسىنى يېغدۇق. باشلىقىمىز ئۇنىڭدىن بىر بەن ئا-
دەمگە كۈنىگە ئىككى جىڭدىن شۇ گاۋلىياڭنى تارقىتىپ بەردى.
بىز ئۇنى چېلەكتە قايىنىتىپ يېيىش بىلەن بىللە سۈيىنىمۇ قوي-
ماي ئىچىپ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالماسلىققا تىرىشتۇق. بۇ ئەھ-
ۋال خېلى ئۇزۇن دادام قىلغاچقا، ئۆلمىگەن بولساقمۇ جىسمانىي
جەھەتتىن ئاجىزلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە گاۋلىياڭمۇ تۈگەپ، ئاچ-
لىقتىن ئۆلۈپ تۈگەش خەۋپى تۇغۇلدى. نەتىجىدە كېچىلىرى
بىر - بىرىمىزنىڭ ئاتلىرىنى ئوغرىلاپ كېلىپ سويۇپ (قاملاشتۇرال-
ساق) تاڭ ئاتقىچە ئاكوپنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ يەپ بىر قېتىم
تويۇۋالاتتۇق. بۇ ئەھۋال قىسىم ئىچىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان
بولۇپ، ئات ئىزدەپ يۈرگەن ئادەملەرنى ھەر كۈنى ئۇچرىتىپ
تۇراتتۇق. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يەر ئالتاي رايونى بو-
يىچە مۇھىم ھەربىي بازا قىلىندى، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭدىن كەل-
گەن قىسىملار بۇ يەرگە يىغىپ كەتتى. دەل شۇ كۈنلەردە مۇن-
داق بىر ۋەقە يۈز بەردى: بىزنىڭ لى پەيجاڭ (ئۇ ۋاقىتتا
بىزنىڭ قىسمىمىزنىڭ پەيدىن يۇقىرى كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى
خەنزۇ، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئىدى) ئىش مەيدانى-
دا (ئاكوپ قېزىۋاتاتتۇق) چۈشلۈك تاماق يېيىلىش ئۈچۈن
پەقەت يېرىم سائەتلا رۇخسەت بەردى. بۇ قىسقىغىنا ۋاقىت

ئىچىدە بىرگە تەييار تاماق ياكى تاماق ئىتىشنىڭ باشقا شەرت-شارائىتى يوق ئىدى. ئامال قانچە، ھەممىمىز ھەرىكەتكە كېلىپ بىرىمىز چېلەكتە سۇ ئەكېلىپ، يەنە بىرىمىز ئەتراپتىن ئوتۇن تېرىپ، مىڭ تەسلىكتە يەنە شۇ چېلەكتە قايناقسۇ قاينىتىپ، تاشتەك قېتىپ كەتكەن سۇخارى (قۇرۇتقان نان) نانلىرىمىزنى كورۇشكىلىرىمىزغا چىلاپ يەپ بولغىچە، ئۇ، ۋاقىت توشۇپ قالدى،— دەپ پوشتەك چېلىپ ئىشقا ھەيدەشكە باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا كۆپچىلىكىمىز تېخى چېيىمىزنى ئىچىپ بولالمىغان ئىدۇق. ئارىمىزدىن تۇردى پەيپۇ (تۇردى توختى) دېگەن بىرسى لى پەيجاڭغا: بۇلار تېخى چېيىنى ئىچىپ بولالمىدى، بىر ئاز تەخىر قىلسىڭىز دېيىش بىلەن تەڭ لى پەيجاڭ شاللىغىنى چېچىپ قەتئىي بولمايدۇ، ۋاقىت توشتى دەپ ۋارقىراپ، باللارنى ھەيدەشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن تۇردى پەيپۇ، مۇسا بەنجاڭ دېگەنلەر پەيجاڭنىڭ قىلغىنىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، چاي ئىچىۋالمىسا ئەمگەك قىلالمايدىغانلىقىنى، قانچە تېز تۇتۇش قىلغان بىلەنمۇ يېرىم سائەت ۋاقىت ئازلىق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە پىكىر قىلغانلىقى ئۈچۈن، لى پەيجاڭ سەنلەر ماڭا گەپ ياندۇرغىدەك بولدۇڭمۇ،— دەپ كېلىپ تۇردى پەيپۇنى تارتىپ ئىككى كاچات ئۇردى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تېپىشكە باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا تۇرسۇن بەنجاڭ، مەن يەنە ئىككى، ئۈچىمىز بېرىپ ئۇلارنى ئاجراتماقچى بولۇپ تۇرغاندا، تۇردى پەيپۇ لى پەيجاڭنىڭ مەيدىسىنى بىر تارتىش بىلەن پىدەي ئۈزۈلۈپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن جېدەل تېخىمۇ ئۇلغۇيۇپ كەتتى. لى پەيجاڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۈزۈلۈپ كەتكەن پىدىيىنى كۆتۈرۈپ ئۈيغۇر ئەسكەرلەر توپلىشىپ مېنى ئۇردى، ئۇلار ئىسيان كۆتەردى،— دەپ ئالا-تاغىل ۋارقىراپ ئەتراپنى بىر ئالدى. ئارقىدىنلا بىزنى يالغان-ياۋداق گەپلەر بىلەن قىسىم باشلىقىغا چېقىشتۇرۇپتۇ، بىردەم-



دىلا ئەتراپىمىزنى تولۇق قوراللانغان خەنزۇ ئەسكەرلەر قورشاپ بولدى. ئاندىن ئۇلار ئىش مەيدانىدىكى ئوق-قوراللىرىمىزنى يىغىۋېلىپ ھەممىمىزنى ئىستورويى قىلىپ تۇردى پەيپۇ، مۇسا بەنجاڭ، تۇرسۇن بەنجاڭ، ئايۇپ ھاجى، توختى كېرەمنى (مەن) ئالدىغا (ئىستورويىنىڭ دېمەكچى) چىق دەپ كاماندا بەردى. بىز بەشىمىز ئالدىغا چىققاندىن كېيىن يالاپ شتابقا ئېلىپ ماڭدى، بۇ ۋاقىتتا پۈتۈن پەيدىكى سەپداشلار بىزمۇ بارىمىز، نېمە بولساق تەڭ كۆرۈشىمىز، دەپ ۋارقىرىشىپ ئارقىمىزدىن بىزگە ماڭدى. بۇنى كۆرۈپ ئۇلار ھەممىمىزنى قوشۇپ يالاپ ئېلىپ ماڭدى. ھەممە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق پۈتۈن مىللىي ئەسكەرلەرنى يىغىپ ھەممىنى قوراللسىزلاندۇردى. بۇ ۋاقىتتا ئەتراپىمىزنى خەنزۇ ئەسكەرلەر قاتمۇقات قورشاپ بولغانىدى. ئۇلار قوراللىرىنى بىزگە قارىتىپ ئىنتايىن سۈرلۈك قىياپەتتە ئوق چىقىرىشقا بويرۇق كۈتۈپ تۇرغانىدى، بىر ھازادىن كېيىن قوماندانلىق شتابى تۇرۇشلۇق ئۆيدىن بىر قانچە كاتتىباش چىقتى. بۇ كاتتىباشلار ئەتراپنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى قىسىملارغا دىققەت كاماندا بېرىپ بولغاندىن كېيىن شتابنىڭ بىزنىڭ «جىنايەت» لىرىمىز ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكۈمنامىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ھۆكۈمنامىدە: بىزنىڭ پەيدىكىلەرنى ئىسيان كۆتەردى، ئۆزىنىڭ پەيجاڭىنى قاتتىق ئۇرۇپ، پىدىيىنى ئۈزۈپ تاشلىغان. بۇلارنىڭ باش جىنايەتچىلىرى مۇسا بەنجاڭ، تۇردى پەيپۇ، تۇرسۇن بەنجاڭ، ئايۇپ ھاجى، توختى كېرەملەردىن ئىبارەت. بۇ بەش جىنايەتچىنىڭ ئىچىدە مەسلىسى ئەڭ ئېغىر بولغان مۇسا بەنجاڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن، قالغان تۆت جىنايەتچىگە ئېغىر تەن جازاسى بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن ھەممىسى قاماققا ئېلىنسۇن، دېيىلگەنىدى. ھۆكۈمنامە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ھۆكۈم-

نى ئىجرا قىلغۇچى ئەسكەرلەر مۇسا بەنجاڭنى ئاتقىلى ئېلىپ
ماڭدى. بۇ ۋاقىتتا تۇۋەن دەرىجىلىك بىر باشلىق قوماندانىدىن
جازانى يەڭگىللىتىپ بېرىشنى، مۇسا بەنجاڭغا قاتتىق تەن جازاسى
بەرگەندىن كېيىن ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتىشنى،
باشقىلارغىمۇ يەڭگىلرەك جازا كۆرۈشنى ئۆزقىسى نامىدىن تىلە-
دى. باشقا قىسىملارمۇ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ تىلىدى. بۇ-
نىڭ بىلەن مۇسا بەنجاڭنى ئاتمايدىغان بولدى. ئەمما ھەم-
مىمىز ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىلدۇق، ھۆكۈمنى ئىجرا قىلغۇچىلار
بىزگە تەن جازاسى بېرىش ئۈچۈن قوللىرىغا كالتەكلەرنى
ئېلىشىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى. بۇيرۇق بېرىلىش بىلەن
ئۇلار بىزنى يىقىتىپ ئارىمىزدىكى تۆت ئادەمنى ھارغىچە كال-
تەكلەپ بىردەمدىلا چالا ئۆلۈك قىلىپ قويىدى. نۆۋەت ماڭا
كەلگەندە يەنە بىر باشلىق ئۆز قىسمىغا دىققەت قىلماندا بې-
رىپ، مېنىڭ ھەممىدىن كىچىك ئىكەنلىكىمنى، كەڭچىلىك قىلىپ
مېنى ئۇرماسلىقنى تىلىدى. ئاخىرىدا ئۇلار ماڭا رەھىم قىلىپ
مېنى ياتقۇزۇپ ئۇرۇشتىن قالدۇرۇپ قويىدى. تاياق يەپ چالا
ئۆلۈك بولۇپ قالغان تۆتەيلەننى بولسا خۇددى ئىتنىڭ
ئۆلۈكىنى سۆرىگەندەك سۆرەپ قىسىمنىڭ يەر ئاستى قاماقخا-
نىسىغا ئەكىرىپ كەتتى، مېنى قايتۇرۇپ ئىستورويغا قوشۇۋەتتى.
ئەينى ۋاقىتتا بۇ ۋەقە مىللىي ئەسكەرلەرنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇ-
ۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي بىزنىڭ قىسمىمىز ئارقا
سەپكە، يەنى چۆچەك ۋىلايىتىگە يۆتكەلدى. قىسىم دۆربىلجىنگە
بارغاندىن كېيىن بىزنىڭ باتاليون (يىلىك)نى دۆربىلجىندە قال-
دۇرۇپ، قالغانلار چۆچەككە كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي مەن تۇرغان
لېيەننى (بۇلېيەننىڭ 80% مىللىي ئىدى) ھازىرقى تولى ناھىيە-
سىگە قاراشلىق تارتاش دېگەن تاغ ئارىسىغا ئاپىرىپ ئورۇن-
لاشتۇردى.



ئايرىلىپ ئېزىز ئانا يۇرتۇمدىن كەتتىم ئۇزاپ،
ئاتا ـ ئانامنىڭ ھىجرانىدا چەكتىم پىراق.
سۆيۈنۈپ كېتەر خەلقىم يۈرمكى ئوينىاپ،
ئەگەر قىلساڭ ئەلنى جاھالەتتىن يىراق.

## ئىنقىلابقا قاتنىشىش

1945 ـ يىلنىڭ باشلىرى، مەن تۇرغان لېيەننى ھازىرقى
تولى ناھىيە (ئەينى ۋاقىتتا تولى دۆربىلجىنگە قاراشلىق بىر
رايون ئىدى) گە قاراشلىق تارتاش دېگەن جايغا ئالدىنقى
قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسى بىلەن يۆتكىدى. تارتاش مۇھىم ھەربىي
ئىستراتېگىيىلىك تاغ ئېغىزى بولغاچقا، بىزگە بۇ تاغ ئېغىزىنى قوغداش
ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى. ئۇ ۋاقىتتا بۇرايوندىكى گومىنداڭ-
نىڭ ئاساسىي دۈشمىنى ئوسمان بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا ئىلى
«ئالتە ئوغرى» لىرى ئىدى.
بىر كۈنى لېيەنجاڭ مېنى ئالتە نەپەر جەڭچى بىلەن مى-
يىرگۇ (يەرلىك ئىسمى ئوتا) دا ئالدىنقى قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى
ئوتەۋاتقان بىر پەي مىللىي ئەسكەرلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر
ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. بىز يەتتە ئادەم ئۇ يەرگە بېرىپ،
بىر كېچە قونۇپ ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كې-
يىن قايتىپ كېلىۋىتىپ جەنۇب تەرەپتىن شىمالغا قاراپ چوڭ
يولنى كېسىپ ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان تۆت
ئادەمنى كۆرۈپ قالدۇق. ئەمما ئۇلار ناھايىتى تېزلا كۆزدىن
غايىب بولدى. بىز ئۇلارغا چېقىلماي يولىمىزغا مېڭىۋەردۇق،
ئۇزۇن ماڭمايلا مەن ئۇلار توغرا كېسىپ ئۆتكەن يول بويىدىن
يوغان بىر قورام تاش ئۈستىدە تۇرغان بىر باغلام قەغەزنى
ئوچۇرتۇپ قالدىم. مەن ئۇنى ئېلىپ ئېچىپ قارىسام تەشۋىق
ۋەرەقچىلىرى ئىكەن، بۇنى باشقىلارغا سەزدۈرمىدىم. دەل شۇ كۈن-

لەردە هەر قايسى لېيەنلەردە ئالى «ئالتە ئوغرى» لىردىن پەخەس بولۇش توغرىلىق تەشۋىق ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. لېيەنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن هېلىقى تەشۋىق ۋەرەقىسىنى يوشۇرۇن ئوقۇپ كۆرسەم، بۇ تەشۋىق ۋەرەقلىرى دەل ئاشۇ «ئالتە ئوغرى» نىڭ بىزنى ئىچكى قىسىمدىن قوزغىلىشقا ئۈندىگەن تەشۋىق ۋەرەقلىرى ئىكەن. ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر مەندە بۇ لەنىتى تۇرمۇشتىن بالدۇرراق قوتۇلۇپ، «ئالتە ئوغرى» غا قوشۇلۇپ خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا ئۆزۈمنى بېغىشلاش ئارزۇسىنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ تەشۋىق ۋەرەقلىرىنىڭ ئىلهامى بىلەن جىددىي هەرىكەتلىنىپ، ئۆزۈم تۇرغان لېيەندىكى گومىنداڭدىن بىزار بولغان ئىلغار پىكىرلىك جەڭچىلەرنى بىر - بىرلەپ ئەتراپىمغا يىغىشقا باشلىدىم. ئۇلار بىلەن مەخپىي كېڭىش ئارقىلىق ئىچكى جەھەتتە ئىرادە بىرلىكى بولغان، مەيدانى مۇستەهكەم جەڭچى ۋە بەنجاڭلاردىن 16 كىشى ئىستىخپىيالىك هالدا بىر تەشكىلات بولۇپ ئۇيۇشتۇق. گەرچە ئادىمىمىز ئاز بولسىمۇ بۇلار هەر قايسى پەي ۋە بەنلەرگىچە بار ئىدى. لېيەنجاڭ جاڭيۇشەن (مۇڭغۇل بىلەن خەنزۇنىڭ پرۇۋىتكىسى، ئايلى ئۇيغۇر ئىدى) نىڭ ئات باققۇچىسى (كانۋېيى) ساتتار ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمىمىز ئىدى. بىز دەسلەپتە 16 ئادەم 18 ئات ۋە هەر قايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئوق، گىرانات، مىلتىق، پىلىموتلىرىمىزنى ئېلىپ بىر كېچىدە تۇيۇقسىز قوزغىلىپ گازارمىدىن قېچىپ چىقىپ «ئالتە ئوغرى» لارغا قوشۇلۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىش قارارىغا كېلىپ قەسەم ئىچىشتۇق. شۇ كۈنى 1945 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئۆز ئىشىمىزغا تولۇق ئىشەنچ قىلغان هالدا مەخپىي يوسۇندا جىددىي هەرىكەتلەندۇق. 18 ئات ۋە ئىگەرگە يولداش ساتتار مەسئۇل بولدى. قورال - ياراققا هەركىم ئۆ-



زىمىز مەسئۇل بولدۇق. ئەمما لېيەندىن 18 ئىگەر جابدۇقنى ئېلىپ چىقىش ئەڭ مۇهىم ئىش ئىدى. چۈنكى ئىگەر جابدۇقلارنى لېيەندىكى بىر تۇتاش باشقۇراتتى، بۇ شەرت هازىرلانمىغاندا بەلگىلەنگەن جايدىن، ۋاقىت بىرلىكى بويىچە بۆسۈپ چىقىپ كېتىش تەس ئىدى. ئەپسۇسكى، ئويلىمىغان يەردىن چاتاق چىقىپ، هەرىكىتىمىز بەكلا بالدۇر قارشى تەرەپنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويۇپتۇ. بۇنى پەقەت ئۆزۈم ئۇشتۇمتۇت سوراققا تارتىلغان كېچىسىلا بىلدىم.

بىر كۈنى كېچىدە لېيەنجاڭ مېنى ئۇخلاۋاتقان يېرىمدىن تۇيۇقسىزلا ئۆزىنىڭ چېدىرىغا چاقىرتتى.

— رۇخسەتمۇ؟

— هە رۇخسەت.

چېدىرغا كىرىپلا ئۇنىڭ سۈرلۈك تەلەتىنى كۆرۈپ، ئىشىمىزدىن چاتاق چىققانمۇ قانداق، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇنىڭ مۇئامىلىسى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىكىدەك ئەمەس ئىدى. ئۇ مېنى توغرىدىن توغرىلا سوراق قىلىشقا باشلىدى.

— تۇۋۇنسەي، بۈگۈن سېنى نېمىشقا چاقىرتقانلىقىمنى بىلەمسەن؟ (ئۇ چاغلاردا مىللىي جەڭچىلەرنىڭ ئىسمى خەنزۇچىگە مەجبۇرىي ئۆزگەرتىۋېتىلگەن بولۇپ، مېنىڭ ئىسمىم تۇۋۇنسەي ئىدى، لېيەنجاڭ ئۆزىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا راۋان سۆزلىيەلەيتتى).

— بىلمەيمەن.

— مىسىرگۇغا بارغاندا نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟

— تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپلا قايتىپ كەلدىم.

— يەنىچۇ؟

— ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن هاردۇق ئالغاچ بىردەم شىشىخال (دەنشاڭ) ئوينىدۇق.

— قايتىپ كېلىۋېتىپ يولدا نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟

— ھېچ ئىش قىلمىدىم، ئۇدۇل لېيەنگە قايتىپ كەلدۇق.
— يولدا نېمىلەرنى كۆردۇڭ؟
سوراق بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىشقا باشلىدى. پەرەز قىلـ
شىمچە مەن بىلەن بىرگە بارغانلارنىڭ ئىچىدىكى يالاقچىلاردىن
بىرسى، مېنىڭ مىيىرگۇدىن قايتىش يولىدا بىرەر نەرسە تېپىـ
ۋالغانلىقىمدىن باشقىچە گۇمانلىنىپ، لېيەنجاڭنى خەۋەرلەندۈرـ
گەن ئىكەن. چۈنكى كېلىۋېتىپ يول بويىدىن بىر نەرسە تېپىـ
ۋېلىپ قوينىمغا سېلىۋالغىنىمنى بىزنىڭ بىر ئەسكەر
(گومىنداڭنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى) كۆرۈپ قالغانىدى.
تۈنىڭمېنىڭ ئۇ يەردىن تېپىۋالغان نەرسە مېنىڭ نېمە ئىكەنلىكـ
نى بىلمەيدىغانلىقىنى دەرھال ئېسىمگە كەلتۈرۈپ، بىز لېيەنبوغا
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ لېيەنجاڭغا يولدىكى ئەھۋاللارـ
نى يەتكۈزۈپتۇ، دەپ ئويلىدىم. بۇنى ئويلىۋالغاندىن كېيىن
كۆڭلۈمدە جان كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ئەينى ئەھۋالنى ئېيتـ
ماسلىق قارارىغا كەلدىمدە، كۆڭلۈمنى توق تۇتۇپ، ئۇنىڭ
ئارقا - ئارقىدىن بەرگەن سوئاللىرىغا جاۋاب بەردىم.
يولدا قايتىپ كېلىۋاتساق يىراقتىن بىر نەچچە ئاتلىق
كىشىنىڭ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئۇلار
ھايت - ھۇيت دېگۈچە كۆزدىن غايىپ بولدى. كېيىن ئۇلارنى
قايتا ئۇچراتمىدۇق. لېيەنجاڭ كۆزۈمگە قادىلىپ قاراپ گۇمان
ئارىلاش يەنە سوئالىنى داۋاملاشتۇردى.
— «ئالتە ئوغرى» ياخشىمۇ - ئەسكىمۇ؟
— «ئالتە ئوغرى» ياخشىمۇ - ئەسكىمۇ مەن ئۇنى
بىلمەيمەن.
— يولدا كېتىۋېتىپ يەردىن نېمىنى تېپىۋالدىڭ؟
— بىر پارچە گېزىت پارچىسىنى تېپىۋالدىم.
— تېپىۋالغان گېزىت قېنى؟
— مەن ئۇنى شۇ چاغدىلا تاماكا چېكىدىغانلارغا بېرىـ



ۋەتكەن. ناۋادا لېيەنجاڭ «گېزىت پارچىسىنى» يەنىمۇ كوچىلاپ
سوراپ قالسا ئۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابنى ئالدىن ئالا كۆڭلۈمـ
گە پۈكۈپ قويغانىدىم. چۈنكى «گېزىت پارچىسى» توغرىسىـ
دا ئىسپاتلىق بېرىدىغان سەپداشلار بىلەن پىكىر بىرلىكىمىز
بار ئىدى.
لېيەنجاڭ سوئال - سوراقنى توختاتتى - دە، دەرغەزەپ
ئورنىدىن تۇرۇپ، كاچىتىمغا ئىككىدىن تۆت شاپىلاق سېلىۋىدى
كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ، قۇلاقلىرىم زىڭىلداپ كەتتى.
— ھۇ ئاناڭنى.
لېيەنجاڭنىڭ تەلۋىلەرچە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىشى بىلەن
تەڭلا ئاللا بۇرۇنلا غەزەپ - نەپرەتكە تولغانلىقىمدىن نە قورـ
قۇشنى، نە ئۆلۈشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىدىم بولغاي، ئاۋازىمـ
نىڭ بېرىچە سۆزلەپ، مېنىڭمۇ ئاغزىم ئېچىلىپ كەتتى. ئۆزىنى
چىقىلغىلى بولمايدىغان ئەۋلىيا دەپ كەلگەن بۇ ئەبلەخ تارىـ
خىدا بىرىنچى قېتىم قول ئاستىدىكى ئادىمىدىن تىل - ئاھانەت
ئىشىتكەنلىكى قاتتىق ھار كەلدى بولغاي، دەرھال ئادەم چاقىرـ
تىپ بۇيرۇق بېرىپ، مېنى چەمبەرچەس قىلىپ باغلىتىۋەتتى. ئۇـ
نىڭ چاپارمەنلىرى قامچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ ھايت - ھۇيت
دېگۈچە كېيىم - كېچەكلىرىمنى، يۈز - كۆزلىرىمنى قانغا بويىـ
ۋەتتى. ھەر بىر قېتىم ئۇرۇلغان قامچا ۋە تاياق ئۇلارغا بولـ
غان غەزەپ - نەپرىتىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. «ئالتە ئوغرى»
غا قوشۇلۇپ كېتىش ئىرادەمنى يەنىمۇ قەتئىيلەشتۈرۈۋەتتى.
مۇبادا مۇشۇ يول بىلەن ئېلىشىپ ئۆلۈپ كەتسەم، شۇ «قىيامەت»
لىك ئۇچۇن توگۇمەس «ساۋاب» ئالىدىغانلىقىم مېنىڭ روھىي
دۇنيارىمدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئىدى.
شۇ چاغدا بىز تۇرۇۋاتقان قىسىم گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا
تۇرۇشلۇق 7 - تۇەن، 3 - يىڭ 2 - لېيەنى بولۇپ، شۇ كۈنـ
دىكى ئەھۋال تۈپەيلىدىن پۈتۈن لېيەننىڭ ئەھۋالى

باشقىچە تۇس ئالدى. بىزنىڭ ئىستىخىيىلىك ھالدا ئويۇشقان سەپداشلىرىمىز مېنىڭ رەھبەرسىزلەرچە دۇمبالانغانلىقىمغا چىداپ تۇرالماي، كەڭ ئەسكەرلەر ئىچىدە قوزغىتىش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن لىيەن بويىچە تىزىلىپ، لىيەنجاڭ جاڭ يۇشەننىڭ چېدىرى ئالدىغا توپلىشىپ، مېنى ئازابتىن، باغلاقتىن بوشىتىش-نى قايتا - قايتا قاتتىق تەلەپ قىلدى. ئەمما بۇ ئەبلەخ بوشىتىۋېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ماڭا بولغان نەزەربەنتنى تېخى-مۇ چىڭىتىۋەتتى. ئەسكەرلەرنى بۇيرۇق بېرىپ مەجبۇرىي تار-قىتىۋەتتى. يولداشلارنىڭ ھېسداشلىقى، تىرىشچانلىقى ھېچقان-داق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن سەپداشلىرىم بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى، ئۇلار مېنى قانداق قىلىپ قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ۋە قانداق قىلىپ تېزراق ھەرىكەت باشلاش مەسىلىسى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز باش قاتۇرۇپ چارە - تەدبىر ئىزدىدى. شۇ ئەسنادا ئەبلەخ جاڭ يۇشەن لىيەننىڭ ۋەزىيىتى-دىن قاتتىق چۆچۈپ، تولىغا بېرىپ چۆچەككە تېلېفون بېرىپ كەپتۇ (شۇ چاغدا چۆچەكتىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قوماند-انلىق شتابى ھازىرقى چۆچەك شەھىرىدە بولۇپ، تولى رايونىدا تېلېفون بار ئىدى). مۇشۇنداق جىددىي ۋاقىتتا يول-داش ساتتار، لىيەنجاڭ نەگىلا بارسا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بول-غاچقا ئەھۋالدىن دائىم خەۋەر تېپىپ، ئۆزى ئىگى-لىگەن بارلىق ئەھۋاللاردىن مېنى ۋە يولداشلارنى ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىپ تۇراتتى. ئۇقۇشمىزچە، قوماندانلىق شتابىنىڭ بەرگەن بۇيرۇقىدا مېنى ئۈچ كۈنگىچە قاتتىق نەزەربەنت قىلىپ، سىرت بىلەن ئالاقەمنى ئۈزۈۋېتىشنى ھەمدە بىز تۇرغان لىيەننى يۆتكەپ كېتىپ بىزنىڭ ئورنىمىزغا باشقا لىيەن ئەۋەت-دىغانلىقىنى، شۇڭا كەلمەكچى بولغان لىيەن يېتىپ كەلگۈچە بىرەر ۋەقە چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتتىق تاپىلانغان ئىكەن. يول-داشلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لىيەننى يۆتكەپ كەتكۈچە



بولغان ئارىلىقتىكى ئۈچ كۈن ئىچىدە دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەسلىدىكى پىلاندا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن ئىش باشلاش، قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈش، پارتىزانلارنى ئىزدەپ تېپىش ھەمدە مېنى قۇتقۇزۇشقا ئايرىم - ئايرىم ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

بىز تۇرغان تارتاشتا ئۇزۇنسىغا سوزۇلغان، ئىككى تەرىپى تاغ بىلەن تەبىئىي توسالغان، كۈن چۈشمەيدىغان بىر چوڭ غار بولۇپ، لىيەن شتابى شۇ غارغا ئورۇنلاشقان ئىدى، ھەرقايسى پەيلەرنىڭ تۇرۇشلۇق جايى لىيەن شتابىدىن ئانچە يىراق بولمىغاچقا، ئۆزئارا ئالاقە باغلاش ئانچە تەس ئەمەس ئىدى. شۇڭا يولداشلار بۇ پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، تېزدىن سىرتقا يوشۇرۇن ئادەم چىقىرىپ پارتىزانلار بىلەن ئالاقە باغلاپتۇ. نەتىجىدە يولداشلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، تىرىشچانلىقى ۋە پارتىزانلارنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىپ، ماسلىشىشى ئارقىلىق دەسلەپكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەسىلەن: لىيەن بويىچە پەقەت بىر پەي خەنزۇ ئەسكەر بولۇپ (ئادىمى 20 گە يەت-مەيتتى)، بۇلار ئىستانكوۋي پىلىموت بىلەن قوراللانغاچقا بۇ لىيەننىڭ جان تومۇرى ئىدى. ئالدى بىلەن بۇلارنى يوقات-ماي تۇرۇپ ھەرقانداق ھەرىكەت قىلىش خەتەرلىك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پەيجاڭ، بەنجاڭلىرىنى قىمارغا مەلىكە قىلىپ قويۇپ، ئاكوپتىكى ھەر بىر پىلىموتقا بىز تەرەپتىن ئىككىدىن ئادەم بەلگىلىگەن، ئاندىن بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارغا بىر تال ئوق چىقارماي تۇيۇقسىزلا ھەممىسىنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، قوراللىسىزلاندۇرۇپ پارتىزانلارغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. مەن بۇ ۋاقىتتا جاڭ يۇشەننىڭ چېدىرىنىڭ سىرتىدا قاتتىق باغلاق-لىق بولۇپ، گەرچە يولداشلاردىن ئايرىۋېتىلگەن بولسامۇ،

بۇ ئىككى يېرىم كۈن ئىچىدە بولۇۋاتقان ئىچكى، تاشقى ئۆزگىرىش ۋە ھەرىكەتلىنىش ئەھۋاللىرىدىن ئاساسىي جەھەتتىن خەۋەردار بولۇپ تۇردۇم. چۈنكى تەشكىلاتتىكى يولداشلار مېنىڭ چېدىر سىرتىدا باغلاقتا بولۇش پۇرسىتىمدىن پايدىلىنىپ، ئۇياق - بۇياقتا ئۆتكەن ۋە تاماق، سۇ ئەكەلگەن بولۇپ بارلىق ئەھۋاللارنى ماڭا ئۇدۇللۇق يەتكۈزۈپ تۇرغانىدى.

شۇڭا پۈتۈن دىققىتىم يولداشلاردا ئىدى. مەن قولغا ئېلىنىپ ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن، تۇيۇقسىزلا شىمالىي تاغقا ئورۇنلاشقان بىر پەي ئەسكەر بار چوققىغا بىر ئاق بايراقنىڭ قادالغانلىقىنى كۆردۈم (سىرتقا باغلاقلىق بولغاچقا). دېمەك بىزنىڭ جەڭچىلەر بىلەن پارتىزانلار ئۆز - ئارا ئالاقىلىشىپ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئاللىبۇرۇن لېيەنبۇ ئەتراپىنى قورشاپ بولغانىكەن. ھەرىكەت پىلانىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنداش ۋە مېنى سالامەت قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلار گەرچە مەندىن ئانچە يىراقتا بولمىسىمۇ، لېكىن قاتتىق باغلاقتا بولغانلىقىم ئۈچۈن ئىچىم بەكمۇ تىتىلداپ كېتىۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە، ئەتراپنى قورشاپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان بىزنىڭ جەڭچىلەر بىلەن پارتىزانلارنى لېيەنبۇنى قوغداۋاتقان پوستتىن بىرسى كۆرۈپ قېلىپ، لېيەنجاڭ جاڭ يۈشەنگە جىددىي مەلۇم قىلىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان جاڭ يۈشەن چېدىردىن يۈگۈرۈپ چىقىپ لېيەن شىتابىنى قوغداشقا ۋە ماڭا قاراشقا قالدۇرغان ئەسكەرلەرگە، ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان جەڭچىلەرگە قارىتىپ «ئات، ئات» دەپ جىبنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ بۇيرۇق بەردى. بۇ چاغدا مەن ئورنۇمدا تىپىرلاپ تۇرالماي قالدىم. دەل شۇ ۋاقىتتا ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان يولداشلاردىن بىر نەچچىسى مېنى خەۋپتىن قۇتقۇلدۇرۇۋالىمىز دەپ يەر بېغىرلاپ مېڭىپ، بارغانسېرى چېدى-



رغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئىكەن. جاڭ يۈشەننىڭ ئادەملىرىدىن بىرسى مېنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يەر بېغىرلاپ كېلىۋاتقان سەپداشلىرىمغا قارىتىپ كەينى - كەينىدىن ئۈچ پاي ئوق چىقاردى.

مەن باغلاقتا تۇرۇپ «ئاتما!» دەپ غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدىم، بۇ چاغدا جاڭ يۈشەن يېنىدىن ماۋزىرىنى چىقاردى - دە، ماۋزۇرنىڭ كالبۇرىنى ماڭا قاراتتى، دەل شۇ دەقىقىدە «تاشلا قورالنى، قولۇڭنى كۆتەر!» دېگەن ئاۋازلار تەرەپ تەرەپتىن ئاڭلاندى. ئۆز تەقدىرىنىڭ بۇنداق بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان جاڭ يۈشەن سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك تىترەپ، قولىدىكى قورالنى (ماۋزۇرنى) چېدىرنىڭ ئارقىسىغا چۆرۈۋەتتى. قورشاپ كەلگەن ئادەملىرىمىز ۋە پارتىزانلار «چېدىر ئىچىدە ئادەم بارمۇ؟ ھەممىڭ بۇياققا چىق! ياۋاشلىق بىلەن قورالنى تاپشۇر» دەپ ۋارقىرىدى. بىرەيلەن توختى كېرەم دېگەن كىم؟ ھەي توختى كېرەم، قېنى سەن! دەپ ۋارقىرىدى. مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن مەن باغلاقتا، قۇرۇقىماي كېلىۋېرىڭلار، دەپ ئارقا - ئارقىدىن ۋارقىرىدىم. ئۇلار كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە مەن تۇرغان يەرگە يېتىپ كەلدى، ھەممىدە چارساقاللىق 50 ياشلار چامىسىدىكى يۈزدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر ئۇيغۇر كىشى باش، كۆزۈمنى سىلاپ، ئىككى كۈن باغلاقتا تۇرۇپ ئۇيۇشۇپ كەتكەن پۇت - قوللىرىمنى بوشاتتى. بۇ كۈنى پۈتۈن جەڭچى - پارتىزانلار ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، دەم ئالماستىن چۈشتىن كېيىن ياماتۇغا ھوجۇم قىلدۇق. بۇ يەرنى ئازاد قىلغۇچە مۇھىم ئادىمىمىز ساتتارغا ئوق تېگىپ، ئېغىر يارلاندى. شۇ كۈنى كەچتە ياماتۇ ئازاد قىلىندى. بىز ئەتىسى بىر كۈن ئارام ئالغاچ ئەتراپتىكى

يەرلىك قازاق، موڭغول، ئۇيغۇر چارۋىچىلارغا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى ئورتاق كۈرەش قىلىش توغرىسىدا تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ياردىمىنى قولغا كەلتۈردۇق. ئەتىسى پۈتۈن كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ، تولىغا ھۇجۇم قىلدۇق، ئەمما ئۇ يەردىكى ھەربىي ۋە ساقچىلارنىڭ ھەممىسى سېپىل ئىچىگە ئورۇنلىشىۋالغانلىقتىن، ئادەملىرىمىز خېلى كۆپ چىقىمغا ئۇچرىدى. شۇنداقتىمۇ شۇ كۈنى كەچتە ھەممىسىنى تەسلىم قىلىپ، ھازىرقى تولىنى ئازاد قىلدۇق (ئۇ ۋاقىتتا تولى دۆربىلجىننىڭ بىر رايونى ئىدى). ئاندىن تولى بازىرى ۋە ھەر قايسى يېزا - قىشلاقتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان تەشۋىق - تەربىيىنى كۈچەيتىپ، دەسلەپكى قەدەمدە بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتۇق ھەمدە يەرلىك ياشلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئەسكىرىي كۈچىمىزنى تولۇقلىدۇق. يۇقىرىنىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقى بىلەن يىڭ، لېيەن، پەي بەنلەرگە يۆلىنىپ بىر قەدەر مۇنتىزىملاشقان قىسىمغا ئايلاندۇق. بۇ جەرياندا ئارقا سەپتىنمۇ ئادەم، قورال ۋە ئوق - دورىلار ۋاقتى قەرەلىدە يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭنىڭ دۆربىلجىندە تۇرۇشلۇق قىسىملىرى بىلەن ئۈچ كېچە - كۈندۈز شىددەتلىك جەڭ قىلىپ ئاخىرى دۆربىلجىننى ئازاد قىلدۇق. بىز بۇ يەردە قىسىمىمىزنى تەرتىپكە سېلىپ ئىككى كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، چۆچەككە ھۇجۇم باشلاش ئالدىدا تۇرساق، چۆچەكتىكى گومىنداڭ قىسىملىرى شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ سوۋېت چېگراسىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. بۇنىڭ بىلەن چۆچەك، چاغانتوقاي، قوبۇقسار ناھىيىلىرى ئارقا - ئارقىدىن تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن كېسەل بولۇپ دۆربىلجىن دوختۇرخانىسىدا بىر ئايدەك يېتىپ داۋالاندىم. مەن دوختۇرخانىدىن ساقىيىپ چىققاندىن كېيىن، قىسىم زەھبەرلىكى مېنى ساقايغان ياردار ۋە كېسەل جەڭچىلەر بىلەن قوشۇپ دۆربىلجىن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئىختىيارىغا ۋاقىتلىق ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن 1946 - يىل 4 - ئايلارغىچە دۆربىلجىن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئىچكى قوغداش قاراۋۇللۇقىنى قىلدۇق. يىل ئاخىرىدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى جەمئىيەتتىن يەنە ئەسكەر قوبۇل قىلىش چاقىرىقىنى چىقاردى. بۇنى ئۇققاندىن كېيىن دۆربىلجىن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئىختىيارلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن 22 نەپەر كونا جەڭچى ئالدىنقى سەپكە بېرىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇندۇق، ئىلتىماس شۇ ھامان تەستىقلىنىپ 22 نەپەر جەڭچى يېڭىدىن ئالغان ئەسكەرلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ يىلى 5 - ئايدا دۆربىلجىندىن شىمالىي يۆلىنىش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن (شتاب شىخۇ ناھىيىسىدە ئىدى) يەنسىخەيدىكى غۇلجا پىيادە ئەسكەرلەر 4 - پولكىغا تەقسىم قىلىندۇق. ئۇلار 225 جەڭچىنى مېنىڭ مەسئۇللۇقۇمدا شىخۇدىن يەنسىخەيگە يولغا سېلىپ قويدى. مەن ئۇلارنى ساق - سالامەت ئاپىرىپ پولكقا تاپشۇردۇم. پولك ئەتىسى بىزنى قايتىدىن ھەر قايسى باتالىيون، روتىلارغا تەقسىم قىلدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن كەلگەن يىگىرمە ئىككىمىزنى 1 - باتالىيونغا تەقسىم قىلىپ، بىزنى باتالىيونغا بىۋاستە قاراشلىق ئىزۋوت قىلىپ تەشكىللەپ، مېنى شۇ بىۋاستە قاراشلىق ئىزۋورتقا كاماندىر ئىزۋوت (پەيجاڭ) قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ يەردە ئۈچ ئايغا يېقىن ھەربىي مەشىق ئېلىپ باردۇق. قىسىملار جىددىي ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۆرۈۋاتقان پەيتتە، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈلگەنلىكتىن ئالدىنقى سەپتىكى قوشۇنلار ئارقا سەپكە چېكىنىدۇرۇلۇشكە باشلىدى. بىزنىڭ 4 - پولكىمۇ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى غۇلجىغا قايتۇرۇلدى. قالغان بىر قىسىمىمىز يەنسىخەينىڭ

ئۆزىدىلا يېڭىدىن تارغاباتاي 3 - پىيادە ئەسكەرلەر پولكى قىلىپ تەشكىللەندۇق. مەن بار ئىززۆۋرتىمۇ شۇ 3 - پولك ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ چاغدا مەن 3 - پولك 1 - باتالىيون 4 - پىلىموت روتا 4 - ئىززۆۋرتقا كاماندىر ئىززۆۋرت بولدۇم. 8 - ئايلاردا يەنىسخەيدىن چۆچەككە قاراپ يولغا چىقىپ، پۈتۈن قىسىم پىيادە ماڭغانچە شىخودىن چۆچەككە يېتىپ كەلدۇق. مەن بار باتالىيون دەسلەپتە چۆچەك گىمنازىيە مەكتىپىگە ئورۇنلاشتى. 1946 - يىل 9 - ئايلاردا باتالىيون بويىچە خىللانغان 40 نەپەر جەڭچىگە مەن مەسئۇل بولۇپ، چۆچەككە قاراشلىق جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەت ئىشكى بولغان هازىرقى بەختى چېگرا پونكىتىغا باردۇق، هەمدە 1945 - يىلى تارباغاتاي رايونىدىن سوۋېتكە قېچىپ ئۆتكەن گومىنداڭنىڭ قاچاق هەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملىرىنى سوۋېتتىن ئۆتكۈزۈپ ئېلىشقا مەسئۇل بولدۇم. ئۇ يەردە 20 نەچچە كۈن تۇرۇپ سوۋېت تەرەپ تۈركۈمگە بۆلۈپ ئۆتكۈزۈپ بەرگەن گومىنداڭنىڭ هەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىدىن شۆي زىخەي (دىۋىزىيە باشلىقى) باشلىق 1400 نەپەر قاچاقلارنى بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ، تارباغاتاي پولك شتابىدىن بەلگىلەنگەن مەخسۇس كىشىلەرگە ساق - سالامەت ئۆتكۈزۈپ بەردىم (كېيىن ئاڭلىسام مەن ئۆتكۈزۈپ بەرگەن قاچاقلار چۆچەك، دۆربىلجىن، تولى يول بويلىرىدا ئەدىپىنى يەپتۇ، يەنى غەزەپلەنگەن خەلق ئاممىسى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي قوزغىلىپ ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ، بۇرۇن تونۇشلۇقى بولغان هەمىيەرلىك خەلققە ئېغىر ئازاپ - ئوقۇبەتلەرنى كەلتۈرگەن 30 نەپەردەك قاچاقلارنى تاياق توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئىنتىقامىنى ئاپتۇ). بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولۇپ، يەنە بۇرۇنقى خىزمەت ئورنۇمغا قايتىپ كەلدىم. شۇنداق قىلىپ 1946 - يىلدىن 1947 - يىل 9 - ئايلارغىچە چۆچەكتە تۇرۇپ، پولكقا بىۋاستە قاراشلىق مۇستەقىل



پىلىموتچىلار روتىسىدا 2 - ئىززۆۋرتىنىڭ كاماندىر ئىززۆۋرتلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدىم. 1847 - يىل 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئوسمان باندىتىنىڭ كونا كېسىلى يەنە قوزغىلىپ، ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ گومىنداڭ بىلەن ئىچكى جەھەتتىن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ ئالتاي شەهىرىدە تۇرۇشلۇق قىسىملىرىدىن ئالتاي ئاتلىق پولكىنىڭ هەممىسىنى ۋە قوبۇقسار ناهىيىسىدە تۇرۇشلۇق 3 - ئاتلىق پولكىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ (بۇ پولكلارنىڭ 90 پىرسەنتى قازاق ئىدى) هەش پەش دېگۈچە پۈتۈن ئالتاي رايونىنى تارتىۋالدى. بۇ ۋاقىتتا مىللىي ئارمىيە شىمالىي يۆنىلىش قوماندانى هەم ئالتاي 3 - ئاتلىق پولكىنىڭ قوشۇمچە باشلىقى گېنرال مايۇر دەلىلقان سۇگۇربايوۋ (قازاق) باشلىق بىر تۈركۈم هەربىي مەمۇرىي خادىملار ئامالسىزلىقتىن ئالتاي شەهىرىدىن چېكىنىپ چىقىپ، چېگرىدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق چۆچەككە قايتىپ كەلدى. ئۇلار كېلىپ 3 - كۈنى (25 - سىنتەبىر كۈنى) گېنرال دەلىلقانىنىڭ سەپەرۋەرلىكى بىلەن چۆچەكتىكى پۈتۈن قىسىم ئالتاي رايونىغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، دۆربىلجىنگە كېلىپ بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قالدۇق. دەل شۇ كۈنلەردە (9-ئۆكتەبىر) ئالتاينىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى تۈركىستان (قازاق) ئۈرۈمچىدىن سايلامغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ، ناهىيە كولۇبىدا كىنو قويۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋەرەقىلەرنى تارقاتقان، بۇنى كۆرگەن خەلق ئاممىسى تۈركىستان چۈشكەن ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بىر ۋەقە يۈز بەردى. شۇنداقتىمۇ بىز ئالتايغا قاراپ كېتىۋەردۇق. هازىرقى قوبۇقساردىن باشلاپ باندىتلار بىلەن شىددەتلىك ئېلىشىپ، ئاخىرى ئۇلارنى بىتچىت قىلىپ، پۈتۈن ئالتاي رايونىنى ئىككىنچى قېتىم يەنە ئازاد قىلدۇق،

47 - يىل 7 - نويابىردىن باشلاپ قىسىم بويىچە سار-
توقاي رايونىنى ئاساسىي بازا قىلىپ، تاكى 1949 - يىل 7 - نو-
يابىرغىچە ئۇ يەردە دەل ئىككى يىل تۇردۇق. بۇ يەردە ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئۇرۇش جەريانىدا مۇتلەق كۆرۈلۈپ باقمى-
غان پاجىئەلىك ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈردۇق. مەسىلەن، غۇل-
جا ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان ئارقا سەپ تەمىنات (ئادەم
ۋە ئاتلارنىڭ يېمەكلىكى)، كىيىم - كېچەك، قورال - ياراق ۋە
باشقا خەج - خىراجەتلەر ئۇزۇن ۋاقىت ئۈزۈلۈپ قالدى، بۇ-
نىڭدىكى تۆپ سەۋەب باندىتلار يولنى توساپ ھېچنەرسىنى بىز
تەرەپكە ئۆتكەزمىدى. بۇ ئەھۋال خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى.
بۇ جەرياندا ھەممىدىن پاجىئەلىك بولغىنى ئاچارچىلىق بولۇپ
يېمىگەن ئات، تۆگە، ئىت ۋە ئۇلارنىڭ تېرىلىرى قالمىدى.ھەتتا قاغا،
سېغىزخان ۋە باشقا نەرسىلەرنى تېرىپ كېلىپ قاينىتىپ ئۇنىڭ سۇ-
يىنى ئىچتۇق، ئاخىرى ئامالسىزلىقتىن ئۆزىمىزنىڭ جەڭگىۋار
ئاتلىرىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن يەپ
تۈگەتتۇق. بۇ جەرياندا قىسىم بويىچە 80 نەپەردىن ئارتۇق
جەڭچى- كوماندىرلىرىمىز ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. ھەر
خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ ياتقان، ئورنىدىن قوزغى-
لالماي جان تالىشىپ قالغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ ئەھۋال
يۇقىرىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىشنىڭ قانچە ئالدىراش ۋە
ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىكىگە قارىماي مەرھۇم ئەخمەتجان قاسى
1948 - يىل 18 - ئاۋغۇست كۈنى غۇلجىدىن قىسىمغا (سارتوقايغا)
يېتىپ كېلىپ قىسىمدىن ھال سوراپ، تىرىك قالغانلارنىڭ ھا-
ياتىنى ساقلاپ قالدى. چۈنكى ئەخمەتجان بىلەن بىرگە تەمى-
ناتمۇ يېتىپ كەلگەنىدى. ئەخمەتجان كېلىپلا دەم ئالماس-
تىن كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ، پۈتۈن قىسىم ۋە ئابوروۇنلارنى
بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈش بىلەن شۇ كېچىدە تىزۋوگو
(جىددىي يىغىلىش)قىلىپ قىسىمنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تەكشۈردى،



تاڭ ئاتقاندىن كېيىن كادىرلار چوڭ يىغىنى ئېچىپ گۇلدۇراس
ئالقىش سادالىرى ئىچىدە نۇتۇق سۆزلىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن
كېيىن ئۇ بىز بىلەن خوشلىشىپ غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. مەن
ئۇ ۋاقىتتا ئۈچىنچى لىيەنىنىڭ زىداۋيۈەنى ئىدىم. 1949 - يىل 7 - نو-
يابىر كۈنى مەن بۇيرۇققا بىنائەن لىيەنجاڭ ئەرشىدىن بىلەن
بىللە لىيەنىنى باشلاپ كۆكتوقاي ناھىيىسىنىڭ گارنىزونلۇق ۋە-
زىپىسىنى ئۆتىمىزگە ئېلىپ يولغا چىقتۇق، قارا تۆڭگىگە يې-
تىپ كەلگەندە ئارقىمىزدىن مۇئاۋىن پولك كوماندىرى شايى-
مەردان يېتىپ كېلىپ ئەخمەتجان قاسىملارنىڭ بېيجىڭگە كې-
تىۋېتىپ ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچۇرغانلىق شۇم خەۋىرىنى يەت-
كۈزدى (ئەرشىدىن بىلەن ئىككىمىزگىلا). 8 - نويابىر كۈنى
كۆكتوقايغا يېتىپ باردۇق، كۆكتوقايدا 1950 - يىل 4 - ئايغىچە
ئاشۇ مۇستەقىل لىيەندە زىداۋيۈەنلىك خىزمىتىنى ئىشلىدىم،
قىسقىسى 1945 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ 1949-
يىل 9 - ئايغىچە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىدە بولدۇم، 1949 -
يىل 27 - ئىيون كۈنى مەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق
شتابى تەرىپىدىن «پىدائىي» نامىلىق ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلان-
دىم. بۇ چاغدا ئوردېن بىللە بىلەن بىر گۇۋاھنامە بېرىلدى.
1949 - يىل 9 - ئايدىن باشلاپ پۈتۈن مىللىي ئارمىيىنىڭ نامى
خەلق ئازادلىق ئارمىيىگە ئۆزگەرتىلدى. 1950 - يىلى 4 - ئايلاردا-
مىللىي ئارمىيە كورپۇس قوماندانلىق شتابىنىڭ «ئۈچ ۋىلايەتتە
ئىشلەۋاتقان جەنۇبىي شىنجاڭلىق كادىرلارنىڭ كۆپ قىسمىنى شىم-
الىي شىنجاڭدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئالماشتۇرۇش» توغرىسىدىكى
ئۇقتۇرۇشقا ئاساسەن، ئالمىشىشقا تېگىشلىك بولغانلىرىمىز ئالتاي-
دىن يۆتكىلىپ چىقىپ، بەش ئايلاردا غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ
بەشىنچى كورپۇس شتابىغا ئۆزىمىزنى مەلۇم قىلدۇق، ئۇ يەردە
بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن ئايالىم شەمشىقەمەر بىلەن تۇر-
مۇش قۇردۇم. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا بەشىنچى كور-

پۇسنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن 27 نەپەر جەنۇبلۇق كادىرغا مەسئۇل
بولۇپ، مۇز داۋان ئارقىلىق قەشقەردە تۇرۇشلۇق بەشىنچى كورپۇس
13 - دىۋىزىيىسىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. 6 - ئايلاردا ئاقسۇ
37 - پولك (كونا شەھەردە تۇرۇشلۇق)قا چۈشتۇق، ئۇ يەردە
ئايرىلغانغا ئون يىل بولغان ئانا يۇرت مەھەللەمگە كېلىپ مېھـ
رىبان ئاتا - ئانام، ئۇرۇق - تۇغقان، قومى - قېرىنداشلىرىم
بىلەن ساق - سالامەت كۆرۈشتۈم، چۈنكى مېنى ئۆلۈپ كەتتى
دەپ ئاتا - ئانام، يۇرت - مەھەللە مەن ئۈچۈن ئاللىقاچان
بىر قانچە قېتىملىق نەزىر - چىراغلارنى بېرىپ بولغانىكەن،
ئۇلار مېنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ بەكمۇ ھەسرەت چەككەن بولـ
غاچقا، مەنمۇ يۇرت مېھرىگە، ئاتا - ئانا مېھرىگە بەكمۇ تەشنا
بولغانىدىم. گەرچە يۇرتتا بىر ھەپتە تۇرغان بولساممۇ يۇرتـ
تىن، ئاتا - ئانامدىن ئايرىلىشقا زادى رايىم بارمايتتى. ئۇـ
زۇن يىللىق ئايرىلىش، جۇدالىق، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمنىڭ
مېھرى قەشقەرگە مېڭىش مەسىلىسىدە مېنى ئارىسالدا قىلىپ
قويدى، نەتىجىدە دىۋىزىيىگە ئاقسۇدا قېلىپ خىزمەت ئىشلەش
توغرىسىدا ئىلتىماس يازدىم، ئېتىبار بېرىلىش يۈزىسىدىن 13- دىـ
ۋىزىيە شتابى مېنىڭ 37 - پولكتا قېلىپ خىزمەت ئىشلىشىمگە
رۇخسەت قىلدى. بىللە ئېلىپ كەلگەن 27 نەپەر كادىرنى
قەشقەرگە يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزۈم ئاقسۇدا 37 - پولكتا قالـ
دىم. 1950 - يىل 10- ئايدا ناسىرۇۋ ۋە ھەسەنوۋلارنىڭ تونۇشـ
تۇرۇشى بىلەن كاندىداتسىزلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىگە
رەسمىي ئەزا بولدۇم، كېيىن پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى،
پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، باتالىيون پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ
شۇجىسى، پولك پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىـ
لەرنى ئۆتىدىم. 1951 - يىلى كۆرۈشۈپ تېخى دىدار قېنىشماي
تۇرۇپلا دادام ئالەمدىن ئۆتتى، شۇ يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ،
ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىجارە كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى



تۇرۇش ھەرىكىتى داغدۇغا بىلەن باشلىنىپ كەتتى، دەل شۇ
مەزگىلدە يۇقىرىدىن ئازادلىق ئارمىيە بويىچە يەرلىككە ياردەم
بېرىپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي قىسىمدىن (مىلـ
لىي قىسىملارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) بىر تۈركۈم كادىر ئاجرىتىپ،
قاتناشتۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشتى. بۇيرۇققا ئاساسەن بىزـ
نىڭ 37 - پولك پارتكومى مېنى مەسئۇل قىلىپ، مەن بىلەن 22
كادىرنى ئاقسۇ يەرلىك پارتكومنىڭ ئىختىيارىغا ۋاقىتلىق ئۆتكۈـ
زۈپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن بىز يەرلىك كادىرلار بىلەن بىرلىكـ
تە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر
ئىسلاھاتىنى يۈرگۈزۈش ئىشى تۈگىگىچە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە كۈـ
چلۈك سىنىپىي ھېسسىيات بىلەن بۇ خىزمەتكە ئاكتىپ قاتناشتۇق. بۇ
جەريانىدا باشتىن ئاياغ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ
ئىشلىدىم، ئىككى قېتىم خىزمەت نەمۇنىچىسى، ئىككى قېتىم ئۆـ
گىنىش ئۈلگىسى بولۇپ مۇكاپاتلاندىم.

1952 - يىل 9 - ئايدا، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئارـ
مىيىدىن چىققان خەنزۇ ۋە مىللىي كادىرلار ھەممىمىز يەرلىككە
كەسىپ ئالمىشىپ كەتتۇق، مەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك جامائەت
خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا تەقسىم قىلىنىپ ئامانلىق بۆلۈمىنىڭ
باشلىقى بولدۇم. 1953 - يىلى 1 - ئايدا ۋىلايەت بويىچە
سىياسىي قانۇن كادىرلىرىدىن تەركىب تاپقان سىياسەتنى ئەمەـ
لىيلەشتۈرۈش خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى، مەن 47 كادىرنى
باشلاپ شەرقتىكى ئۈچ ناھىيىگە (كۇچا، شىڭخا، شايا ناھىيىلىرىگە)
بېرىپ خىزمەت ئىشلىدىم، مەن مەسئۇل بولغان خىزمەت گۇرۇپپىسى
شۇ چاغدا ۋىلايەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان سىياسەتنى ئەمەلىيـ
لەشتۈرۈش خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا ۋىـ
لايەت بويىچە بىرىنچى بولۇپ باھالاندى. مەن «نەمۇنىچى» بولۇپ
مۇكاپاتلاندىم ۋە ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىندىم.
1954 - يىل 4 - ئايدىن 1956 - يىل 6 - ئايغىچە جەنۇبىي

شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا يۆتكىلىپ، ئۈچىنچى بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى (فۇتۇەنجى)، ئىدارە پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش چوڭ ئەترىتىنىڭ قوشۇمچە ئەترەت باشلىقى، شۇنداقلا چوڭ ئەترەت پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدىم. 1956 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىگە يۆتكىلىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى خەلق قوراللىق ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندىم، 1957 - يىل 7 - ئايدا مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بېرىپ، 1959 - يىل 4 - ئايدا ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلدىم، بۇ چاغدا قوراللىق ساقچى باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ 1960 - يىل 5 - ئايغىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدە زاپاس ئىشلىدىم. 1960 - يىلى5 - ئايدائاپتونوم رايونلۇق بىرىنچى تۈرمەباشلىقلىقىغا تەيىنلەندىم ۋە تۈرمە پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولدۇم، 1962 - يىل 5 - ئاينىڭ 29- كۈنى يۈز بەرگەن ئىلى— چۆچەك ۋەقەسىنى بېسىقتۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بورتالا خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ سىياسىي قانۇن گۇرۇپپا باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، يىل ئاخىرىدا خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلدىم. 1962 - يىل ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسى قۇرۇلدى، شۇ يىلى مەن 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندىم، بۇ ۋاقىتتا ئىدارە پارتكومىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئورگان پارتكومىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولدۇم. 1963 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ 1966 - يىل 6 - ئايغىچە ئاپتونوم رايوندا ئېلىپ بېرىلغان تۆتنى ئېنىقلاش ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە (شېجاۋ) ھەرىكىتىگە باشتىن ئاياغ قاتنىشىپ،



ھەرىكەت ئاخىرلاشقانغا قەدەر خىزمەت گۇرۇپپا باشلىقى ۋە خىزمەت گۇرۇپپا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدىم. بۇ جەرياندا ئىككى قېتىم بەشتە ياخشى كادىر ھەم ئىككى قېتىم ئۆگىنىش ئاكتىپى بولۇپ مۇكاپاتلاندىم ۋە تەقدىرلەندىم. 1966 - يىل 6 - ئايدىن 1970 - يىلغىچە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ قايناممىدا ھوقۇقدارلىقنىڭ ئازابىنى تارتتىم.

1970 - يىلدىن 1974 - يىلغىچىلىك ئاپتونوم رايونلۇق بىرىنچى تۈرمە باشلىقى، تۈرمە پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدىم، 1974 - يىلى ئەمەلدىن قالغان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسى قايتىدىن قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئىدارىغا قايتىپ كېلىپ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، ئىدارە پارتكومىنىڭ ھەيئەت ئەزالىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدىم، 1981 - يىل 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ باش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى ھەم باش ئەترەت پارتكوم ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلەندىم. 1984 - يىل 9 - ئايدا مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارلىققا ئۆزگەرتىلدىم، 1987- يىل 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دىۋىزىيە دەرىجە بىلەن شەرەپلىك ھالدا دەم ئېلىشقا چىقىرىلىش ئېلان قىلىندى. 1988 - يىل 12- ئاينىڭ 30- كۈنى گوۋۇيۈەن ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى نەتىجىسىدە W0·473 نومۇرلۇق ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلاندىم، ھازىر خاتىرجەم دەم ئېلىپ ھاياتىمنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا قەدەم قويدۇم. ماڭا يېڭىچە تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشلەرنى ئېلىپ كېلىشى چوقۇم.

بۇلبۇلمۇ قىزىلگۈلسىز سايرىمايدۇ،
كۆڭلۈممۇ مۇھەببەتسىز يايرىمايدۇ.
بولسا ئارزۇ، ئىستەك، ۋىجدان، ئىنساندا،
ھەر قاچان ھەقىقەتتىن ئايرىلمايدۇ.

## خاتىمە

ئاقىللار «ئۆتمۈشنى ئەسلەش خەيرلىك بولىدۇ»، دېيىشىدۇ، ھەقىقەتەن توغۇلۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر بولغان ۋاقىت ھەر بىر ئىنسانغا نىسبەتەن بىر تارىخ ھېسابلىنىدۇ. بىز ئىنسانىيەت ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلىگەن ئىكەنمىز، بىزنىڭ تارىخىمىزدىن ئىز باسارلىرىمىزنىڭ خەۋەردار بولۇشى ھەمدە، پەرزەنتلىرىم ئۈچۈن نەسىھەتنامە ۋە پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن بۇ دەسلەپكى ئەسلىمەمنى يېزىپ چىقتىم.



# 1947 - يىلىدىكى تۇرپان ئەھۋالى ۋە ئەخمەتجان قاسىمنىڭ تۇرپانغا بېرىشى ھەققىدە ئەسلىمە

مەخمۇت زەيدى

بۇ يىل ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغانلىقىنىڭ 41 يىللىقى، شۇنداقلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى ۋاپات بولغانلىقىنىڭ 36 يىللىقى، ئۇ ۋاپات بولغاندا 35 ياشتا ئىدى.

1949 - يىلى جۇڭگو خەلق ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاتارلىقلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى نامىدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، بەختكە قارشى ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ قۇربان بولدى. («ئىنقىلابىي قۇربانلار ئەسلىمىسى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى. بۇ كىتاب غۇلجا شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن.)

بۇ توغرىدا «شىنجاڭ گېزىتى» 1979 - يىلى 1 - نويابىر كۈنى ئۆز سەھىپىسىدە: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يالقۇنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرىشىگە ئىلھام بەردى. بۇ ئىنقىلاب گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى چىرىك

ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتىۋەتتى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى، بولۇپمۇ غەربىي - شىمال رايونىدىكى ئازادلىق ئۇرۇشىغا ماسلاشتى. شۇڭا رەئىس ماۋزېدۇڭ بۇ ئىنقىلابقا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى — جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى، دەپ باھا بەردى» دېگەن بېغىشلىمىنى يەنە بىر قېتىم بېسىپ كۆرسەتكەنىدى.

× ×

لېنىن بىر ئىنقىلابچىنى خاتىرىلەش ۋاقتىدا: ماركسىزمچىلارنىڭ تارىختىكى ئىنقىلابچىلارنى خاتىرىلىشى ھەرگىز بەزى يامان غەرەزدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش يالغان - ياۋىداق سۆزلەر بىلەن ئادەم ئالداش ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى شەرھىلەش ئۈچۈندۇر، دېگەن①.

بۈگۈن بىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى، شۇنداقلا ئەخمەتجان ئەپەندىمنى خاتىرىلەۋاتىمىز. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا لېنىننىمۇ خاتىرىلەۋاتىمىز! چۈنكى، ئەخمەتجان قاسىمى ماركسىزم ۋە لېنىنىزمچى. ئۇ ۋەتىنىمىزدە لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلغانىدى. جۇڭگودىكى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىقات قىلغانىدى. ھالبۇكى، ئەخمەتجان قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدە ناھايىتى كۆپ ماقالە ۋە نۇتۇقلار ئېلان قىلىپ خەلق ئاممىسىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشقا، ئىچكىرىدىكى جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى بىلىشكە، كوممۇنىستلار بىلەن بىرلىشىشكە چاقىرىق قىلغانىدى.

مەن بۇ كۈنلەردە ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ئەست-

① «لېنىنىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى» 1965 - يىل، «قىزىل بايراق» ژۇرنىلىنىڭ لېنىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 95 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلغان باش ماقالىسى.



لەپ شۇ چاغلاردىكى ئۆلكە ۋەزىيىتىدە ئەخمەتجان قاسىمنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر - ئىككى پاكىتلىق ۋەقەنى بايان قىلماقچىمەن.

× ×

مەن ئەخمەتجان قاسىمنى تۇنجى قېتىم تۇرپاندا كۆرگەن. بۇ ئىش 1947 - يىل بولغان، شۇ يىلى تۇرپان خەلقى ئەخمەتجان قاسىمنىڭ تۇرپانغا كېلىشىنى تەلەپ قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئايرىم ئادەم چىقارغانىدى①. شۇ يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىپ كەتكەن 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، كەچقۇرۇن تۇرپان بازىرىنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقىدىن «M» بەلگىسى بار بىر پىكاپ بىلەن «3NC» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر كوزۇپلۇق ماشىنا بىلىرسىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرسى گۈرۈلدەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ چاغلاردا تۇرپانغا كېلىدىغان ماشىنا يولى تۇرپان شەھىرىنىڭ غەرب تەرىپىدە ئىدى. قىلىۋى قوۋۇقتىن چىقىپ يېڭى شەھەر ئۇيغۇر ئويۇشمىسى جايلاشقان ئىككى قەۋەتلىك بىنا ئالدىدا توختىدى. شۇ چاغدا دەرۋازا ئالدىدا مەن ۋە بىر قانچە مۇئەللىملەر پاراڭلىشىپ تۇرغانىدۇق. ماشىنىلاردىن بىر قانچە نەپەر مويسىپىتلار چۈشۈشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك، قارا قاشلىق، ۋە قاپ - قارا قىرقىم بۇرۇتلۇق، ئۇچىسىغا تۆمۈر كۆك چەكمەن چاپان كىيگەن، بېشىدا قارا قاما تۇمىقى بار ئەخمەتجان قاسىمى بار ئىدى. يەنە، رەھىمجان سابىر ھاجى، ئۇيغۇر سايرانى، جولۇدىنخۇا، باھاۋۇدۇن يۈسۈپ قاتارلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى. بۇ كىشىلەرگە بىز ئېھتىرام بىلدۈرگەندە ئۇلار ئىللىق ئېلىپ، بىز بىلەن كۆرۈشتى. كېيىن ساھىبجان تەرىپىدىن مەخسۇس خا-

① باھاۋۇدۇن يۈسۈپ قاتارلىقلار چىققان ئىدى.

ىنگە باشلاندى. بىز ئەخمەتجان قاسىمنى ئىلگىرى كۆرمىگەن بولساقمۇ، بۇ رەھبىرىمىزنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتىنى كۆپ قېتىم كۆرگەنلىكىمىز ئۈچۈن بۈگۈن بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشتىلا ئۇنى تونۇۋالدۇق. ئەتىراپىمىزدىكى مۇھىت خېلىلا مۇرەككەپ بولۇپ، ۋەقەلەر خېلى كۆپ ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئۈچ ۋىلايەت دەۋرىدىكى ئاجايىپ جەسۇر ۋە دانالىقىغا، تېتىك ـ ئىشچانلىقىغا، ھوشيار ھەم ھازىر جاۋابلىقىغا دائىر تەرىپلىرىنى چوڭلار ئاغزىدىن ئاڭلاپ بەكمۇ قايىل بولاردۇق. مانا ئەمدى بىز كۆرۈشۈشنى ئارمان قىلغان ئەشۇ دانا رەھبەرنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇنىڭ يېقىن سەپداشلىرى بىلەن ئۇچراشتۇق. ئۇلار ئۇيغۇر ئويۇشما رەھبەرلىرى بىلەن بىللە تۇرپان ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتىنىڭ ئائىلىسىدە قونۇپ قالدى. بىز ئۇلار تۇرغان قورودىن ئايرىلغىمىز كەلمىگەن ھالدا خېلى كەچ بولغاندىلا يارغا قايتىپ چىقتۇق.

مەن ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمنى يارىدىكى ئوقۇتقۇچىلارغا، خۇلۇم ـ خوشنىلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەكلا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردىم. ھەممىسى ئەخمەتجان قاسىمنىڭ نامىنى ئاڭلىغاندا جىم ـ جىت بولۇپ قۇلاق سالاتتى. بۇ رەھبىرىمىزنى كۆرۈشكە شۇنچە ئىنتىزار ئىكەنلىكى مەلۇم بولاتتى. ھەقىقەتەن، ئەخمەتجان قاسىمنىڭ تۇرپانغا كەلگەنلىكى پۈتۈن تۇرپانلىقلار ئۈچۈن خۇددى چوڭ بىر تەنتەنىلىك توي، بايرام بولغانىدى. تۇرپان شەھىرىنىڭ ئەڭ يىراقتىكى يېزىلىرىدىن يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە دېگۈدەك چوڭ ـ كىچىك، ياش ـ قېرى، ئەر ـ ئايال، ئوغۇل ـ قىزلىرى كېچىچە ئۇخلىماي تەييارلىق قىلىپ، ئات ـ ئېگەرلىرىنى جابدۇپ، سەپ تارتىپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىققانىدى. ئەتىسىگەندىلا بامدات ۋاقتى بىلەن نەچچە مىڭ ئات مىنگەن ۋە پىيادە يۈرگەن



كىشىلەر قاتارلىشىپ شەھەر ئىچىگە كىرىپ كەلگەنىدى. ھەيۋەتلىك شۇئار سادالىرى، رىتىملىق تەكبىر ئاۋازلىرى يەر ـ ئاسماننى تىترىتەتتى. شەھەر ئەتراپىدىكى ئۆگزىلەردە، يول ياقىسىدىكى تام ئۈستىلىرىدە قىزىل ـ قارا كىيىملىرى بىلەن چوڭ ـ كىچىك باللار ئۆرە تۇرغان ھالدا بويۇنلىرىنى سوزۇپ بۇ مەركىنى كۆرەتتى. گومىنداڭ ھەربىيلىرى بۇنداق ھەيۋەتلىك ئۇلۇغ تەنتەنىگە ھەيران قېلىپ، چۆچىگەنىدى. شۇڭا ھەممە ھەربىي كۈچلىرىنى ھەر قايسى سېپىل، دەرۋازىلارغا، كوچا دوقمۇشلىرىدىكى پوتەيلەرگە قوراللىق پوستا تۇرغۇزغانىدى. خەلق بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغان ھالدا: «ياشىسۇن ئەخمەت ئەپەندىم! خەلقچىل سىياسەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلسۇن! مۇستەبىت ـ ئىستىبداتلارغا يول قويۇلمىسۇن!» دېگەن شۇئارلارنى توۋلىشاتتى. بۇ سادالار ئاسمان ـ زېمىننى زىل ـ زىلىگە سالاتتى. ئون نەچچە مىڭ كىشىلىك قاتار سەپلەرنىڭ ئاياق تاۋۇشلىرى گۈسۈلدەپ يەرلەرنى تىترىتەتتى.

بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئەخمەت ئەپەندىم سەھەر ناشتىمۇ قىلماي، سىرتقا چىقىپ ئاممىغا ھۆرمەت بىلدۈرگەنىدى. خەلق ئاممىسى ئەخمەتجاننى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرگەنلىكىدىنمۇ، ئۇنى ھەممە كىشى تولۇقراق كۆرۈۋالسۇن دېگەنلىكتىنمۇ، ئەيتاۋۇر كىشىلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ بېشى ئۈستىگە ئۆرە تۇرغۇزدى. ئەخمەتجان ئەپەندىم ھەرگىز مۇنداق قىلماسلىقنى ئېيتسىمۇ، كىشىلەر: ئەخمەت ئەپەندىم ياشىسۇن، ياشىسۇن دەپ ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىپ، ئالقانلىرى ئۈستىدە ئېلىپ ماڭاتتى. مۇنداق ئىش ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغانىكەن. تۇرپان كوچىلىرىدا كىشىلەر خۇددى ئەزىم دەريادەك دولقۇنلىناتتى، ئادەملەر توپىنىڭ ئۈستىدە ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ تىك تۇرۇپ ئاممىغا رەھمەت، رەھمەت، مۇھتەرەم خالايىق... دېگەن تاۋۇشلىرى خېلى ئارقىدىكىلەرگىمۇ ئېنىق ئاڭلىناتتى.

كىشلەر تىلك تۇرغان ئەپەندىمنى كۆرگەنلىكىگە چاۋاكلار چالاتتى. بۇ نىمە دېگەن ئۇنتۇلغۇسىز ۋەقە-ھە! ھەر بىر كىشى ئەپەندىمنى كۆرۈشنى، ئۇنىڭ ئاياقلىرىغا بولسىمۇ قوللىرىنى قويۇپ بېرىشىنى ئۆمرىدە بىر بەختلىك ئىش دەپ ھېسابلايتتى.

................

20 - فېۋرال، چۈشكە يېقىنقى ۋاقىت. تۇرپان يېڭى شەھەرنىڭ سېپىل سىرتىدىكى كەڭرى مەيدانغا يىغىن ئورنى راسلاندى. شۇ كۈنكى يىغىن ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان، زىننەتلەنگەن سەھنىدە ئەخمەتجان قاسىمى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى رەھىمجان سابىرھاجى، شىنجاڭ گېزىت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۇيغۇر سايرانى ۋە جۇڭ دېخۇا، تۇرپان ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى قاتارلىقلار سەھنىگە چىققاندا خەلق ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئالقىش ياغدۇردى. تۇرپان ھاكىمى ئابدۇراخمان مۇھىتى يىغىن باشلانغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى سۆزگە چىققانىدى. ئەپەندىم سەھنە ئالدىدا تىك تۇرغاندا سەھنە ئالدىدىن خەلقلەر ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئالقىش سادالىرىنى ياڭراتقانىدى.

× ×

— ئەسسالامۇ ئەلەيكوم، قەدىرلىك قېرىنداشلىرىم — دەپ سۆز باشلىدى، ئەخمەتجان قاسىمى، — مەن 11 ماددىلىق بىتىمگە ئىمزا قويغان ئەخمەت ئەپەندى بولىمەن. خەلقنىڭ پەرزەنتى بولىمەن ...» بۇ ئەسنادا يىغىن مەيدانىدا ئالقىش سادالىرى ياڭرىغانىدى. ئەپەندىم ئۆزىنىڭ خەلقتىن ھېچبىر ئارتۇقچىلىقى يوقلۇقىنى، خەلق نىمنى



ئويلىغان بولسا، ئۆزىنىڭمۇ شۇنى ئويلىغانلىقىنى، خەلق نامىدىن مۇئاۋىن رەئىس بولغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى كىشلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېھتىرام بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى 11 ماددىلىق بىتىم قانداق قولغا كەلدى، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختالدى. سۆزىنىڭ ئاخىرىدا «11 ماددىلىق بىتىمدە خەلق ئەركىنلىكى ۋە سىياسەت خەلققە تاپشۇرۇلغاندۇر» دېگەن سۆزنى ئۇرغۇ بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. ئەپەندىم داۋام قىلىپ:

«— خەلق كىم؟ خەلق سىزلەر. ئەنە شۇ ئولتۇرغان دېھقان، ئۇ ئېتىزدا ئىشلەيدۇ. دېھقانچىلىقنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلىدۇ. ئۇ ئۆز ئەمەلىيىتىگە لايىق سىياسەت بەلگىلەپ بېرەلەيدۇ. ماۋۇ سودىگەر، سودىگەرچىلىكنىڭ قائىدىسىنى ياخشى بىلىدۇ. قايسى ئۇسۇلدا سودىگەرچىلىك قىلسا، پايدا ئېلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنىڭدەك ھەر قايسى كەسىپتىكىلەر ھەم ئۆز ئەمەلىيىتىگە لايىق سىياسەت بەلگىلەپ بېرەلەيدۇ. بۇ ئولتۇرغان ئۆلىمالىرىمىز بىزنىڭ دىنىي رەھبەرلىرىمىز بولغانلىقتىن بۇلار ھەم سىياسەت بەلگىلىيەلەيدۇ. دېمەك ھەر بىر خەلق ۋەكىللىرى ئۆزى كۆرۈپ، بەلگىلىگەن سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇنىڭدا خەلق سىياسىتىنى ئۆزى ئىدارە قىلغان بولىدۇ. بىتىمدە باراۋەرلىك كۆرسىتىلگەن. غۇلجىدا تۇغۇلغان بالا بىلەن نەنجىڭدە تۇغۇلغان بالا ئوخشاش بولۇپ، بۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ئوخشاش دېگەن سۆز — باراۋەرلىكتۇر. مانا بۇ تەلەپلەر قوبۇل قىلىنىپ ئېلان قىلىندى. نەنجىڭدە تۇغۇلغان بالا بىلەن تۇرپاندا تۇغۇلغان بالىنىڭ مېڭىسى ئوخشاش بولغانلىقتىن ئەمدى تۇرپانغا ھاكىمنى نەنجىڭدىن ئېلىپ كەلمەيمىز. يەرلىك خەلق ھاكىمنى ئۆز خەلقى

ئىچىدىن كۆتۈرۈپ سايلايدۇ. بۇ ھاكىم خەلقنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق خىزمەت قىلىپ بېرىدۇ. ئەگەر خەلق ھاكىمغا نارازى بولسا، ئېلىپ تاشلىيالايدۇ.

«بىزگە بىرلىك، ئىتتىپاقلىق كېرەك، سىلەرنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقلىقىڭىزلارنى كۆرۈپ كۆپ خۇرسەندە بولدۇم ۋە ئىلھاملاندىم. بىز قوراللىق كۈرەشنى توختىتىپ بىتىم تۈزگەندۇق، تىنچلاندۇق. ھازىر بىزدە باشقا دۆلەت قۇرۇش خىيالىمىزدا ھەم يوق. بىز باشقا بولساق، بۇ پوتەيلەر (تۇرپان شەھىرىنى ئوراپ ئالغان پوتەي ئىستىھكاملىرىنى كۆرسىتىدۇ) قۇرۇلغان بولسا، بولار ئىدى. بىز بىر دۆلەت بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ پوتەيلەر بىزگە كېرەك بولمايدۇ.»

شۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەتجان ئەپەندىم بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ئۈستىدە توختالدى. بىرلىكنىڭ ئىتتىپاقلىق ئاساسىدىلا قولغا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

«ھەممە ئىشنى بىرلىكتە، ئىتتىپاق بىلەن، مەسلىھەت بىلەن ئويلاپ قىلساق، ئۇ ئىش چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. يېقىندا بۇ يەردە بىر ۋەقە يۈز بېرىپتۇ. بۇ ئىش مەسلىھەتلەشمەي قىلىنغانلىقتىن بۇ ئىشنى سىلەر بېسىپسىلەر. سىزلەرگە مىڭ رەھمەت. ئەگەر سىلەر بۇ ئىشقا ئەگىشىپ كەتكەن بولسىڭىزلار خاتالىق سادىر بولغان بولار ئىدى.... سىزلەرنىڭ قوللانغانمۇ ئامېلىڭىزلەردىن سىزلەر بىرلىك نىشانىغا ئىگە ئىكەنلىكىڭىزلارنى كۆرسىتىدۇ. پۈتۈن ھۆكۈمەت ئەزالىرى نامىدىن رەھمەت ئېيتىمەن.»

ئەخمەتجان قاسىمنىڭ نۇتقى ئالقىش ۋە ھۇررا سادالىرى بىلەن ئۇزۇلۇپ تۇردى. ئۇ ئاخىرىدا: «ئەمدى بىز نېمە قىلىشىمىز كېرەك» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە توختالدى. ئەركىنلىك، باراۋەرلىك مەسىلىسىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن: «مۇساۋات دېمەك — باراۋەرلىك بولۇپ، باشقا دىنىدىكىلەرنى قىرىش مەنىسى چىقمايدۇ» دەپ تەكىتلىدى. سۆز ئارىسىدا بىر قانچە ئايەتلەرنى مىسال



كەلتۈرۈپ، ئىلىم مەرىپەت ئۆگىنىشنىڭ دىنىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم دەپ كۆرسىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈردى، ۋە «بىزگە ئەڭ مۇھىم كېرەك بولغىنى ئىلىم - پەن... كۈچىمىزنىڭ بارىچە مائارىپنى ھىمايە قىلىپ ئۇنى ئۈستۈرۈشىمىز زۆرۈر» دەپ تەكىتلىدى.

ئەخمەتجان قاسىمنىڭ تۇرپانغا كەلگەنلىكىنى بىلگەن قاراغوجا، ئاستانە، تۇيۇق، پىچانلاردىن خەلق ئۆز ۋەكىللىرىنى تۇرپانغا ئەۋەتكەنىدى. ئەخمەت ئەپەندىم بۇ ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشۈپ، خەلقنىڭ ياخشى تەلەپ - ئارزۇلىرىنى ئاڭلىدى. بەزى مەسىلىلەرگە جاۋاب بەردى. ئاستانە رايونىغا باردى. ئۇ يەردىكى خەلق بىلەن يۈزكۆرۈشۈپ بىراز سۆزلىدى. ئاندىن پىچان ناھىيىسىگە باردى. ئەخمەتجان قاسىمى پىچان ھاكىم ئىدارىسى ئالدىدىمۇ خەلقلەرگە نۇتۇق سۆزلىدى. ئەخمەتجاننىڭ ئەسلى پىلانىدا پىچانغا كېلىش مەقسىتى بولمىسىمۇ، خەلقنىڭ تەلىپىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئۆز سۆزىدە كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ ئۆز نۇتقىدا ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، كۆپرەك خەلق ھوقۇقى مەسىلىسى ئۈستىدە نۇقتىلىق توختالدى.

ئەخمەتجان قاسىمى مۇنداق دېدى:

«ھازىرقى كۈندە ناھىيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھاكىمىيەت ئورنى ناھىيىلىك كېڭەش مەجلىسى بولۇپ، بۇ مەجلىس ناھىيە خەلقىگە ۋەكالىتەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىجرائىيە ئورنى بولغان ھاكىم ئىدارىسى ئۈستىدىن نازارەت قىلىدۇ.»

ئەخمەتجان قاسىمى ۋالىيلارنىڭمۇ خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئىش بېجىرىشنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۆلكىدە ئەڭ يۇقىرى ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان پۈتۈن ئۆلكىلىك ۋەكىللەر مەجلىسىگىمۇ ۋەكىلنى خەلق ئۆزى سايلايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئاندىن: «پۈتۈن ئۆلكىلىك ۋەكىللەر مەجلىسى

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشىنى تەكشۈرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ، مانا بۇ ھوقۇق بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. بىتىمدا مانا شۇلار ئوچۇق كۆرسىتىلگەنىدى. «مەسىلە مۇشۇ ھوقۇقلاردىن تولۇق پايدىلىنىشنى بىلىشتە ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىشتا، بۇ ئىش ئۆزىمىزگە باغلىق. بىز بىرلىكتە، ئىتتىپاقلىقتا، تەرتىپ بىلەن ماڭساق، ئەنە شۇ ھوقۇقلىرىمىزنى ھىمايە قىلغان ۋە ساقلاپ قالغان بولىمىز» دېدى.

ئەخمەت ئەپەندىم مۇنداق كۆرسەتتى:

بىز بۈگۈنگە قەدەر ئىستىبداتچىلار تەرىپىدىن «ئىدارە قىلالمايدۇ» دېگەن ھاقارەت ئاستىدا كەلدۇق. بۈگۈن خەلقىمىز ھوقۇق ئىگىسى بولدى. خەلقىمىز مانا بۇ ھوقۇقى بىلەن ئىش يۈزىدە ئۇ ھاقارەت سۆزلىرىگە ئورۇن قالدۇرماسلىقى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىككى ئىغىز ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈستىدە سۆز سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. ھۆرلۈك — ئەركىنلىك دېگەن سۆز — بىراۋنىڭ ھەقىقىي كەمچىلىكىنى تەنقىد قىلىش، مېنىڭ ئىشىمغا باھا بېرىش دېگەن سۆز بولىدۇ، كوچىدا كۆرگەن بىرسىنى تۇتۇپ ئۇرۇش — ئۇ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك بولماستىن، بەلكى خەلققە دۈشمەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۆرلۈك، ئەركىنلىك بىلەن ئىنتىزامسىزلىق ۋە تەرتىپسىزلىكنىڭ پەرقىنى ياخشى بىلىش لازىم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتىزام، تەرتىپ دېگەن سۆزلەر بىلەن «ھوقۇق»، «ئەركىنلىك»، «ھۆرلۈك» دېگەن سۆزلەرنى ئاجرىتىپ ئىبلىش لازىم.

«خەلقچىللىق سىياسەت، ئىنتىزام، تەرتىپ ئورنىكى دېگەن سۆز بولىدۇ. خەلقچىللىق سىياسەت ۋاقتىدا ھاكىمىيەت مۇستەھكەم بولىدۇ. لېكىن بۇ ھاكىمىيەت بىر كىشىنىڭ ھاكىمىيىتى بولماستىن، خەلق ئۆزى بەلگىلىگەن خەلق ھاكىمىيىتى بولىدۇ.»

ئەخمەتجان قاسىم مۇنداق دېدى.

«ھاكىمىيەت خەلق مەنپەئەتىگە قارىمۇ قارشى بولغان



كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ ھاكىمىيەت خەلق ھىمايىسىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئۇنداق ھاكىمىيەت مۇستەھكەم بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىز بەلگىلەپ بەرگەن ھاكىمىيەتكە ئۆزىمىز ئىتائەت قىلىشىمىز لازىم بولىدۇ. ئەگەر خەلق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىدىغان كىشى بولسا، خەلق ئۇنى ئىلىپ تاشلايدۇ. دېمەك، خەلق ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزىدىغانلارنىڭ كۈنىنى خەلق ئۆزىلا بەلگىلەپ بېرىدۇ.

«بىتىمدە دېنىغا ئەركىنلىك دېگەن ماددا بار. دىنىي ئۆلىمالىرىمىز ئەنە شۇنى كەڭ تۈردە خەلققە چۈشەندۈرۈشى كېرەك. بۈگۈن ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلغۇچىلار بولسا، ئۇلارغا قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. لېكىن بىتىمدىن تاشقىرى يەنە «ئىسلام ئاچىمەن» دەپ يۈرگۈچى ئۇنسۇرلار بولسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىش ھەرگىز يارىمايدۇ. بۈگۈن ئۇ خەلقىمىزگە زىيانلىق ھەرىكەت بولىدۇ.»

ئەخمەت ئەپەندىم يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىز بازاردا بىر يامان كىشىنى ئۇلتۇرسە، ئۇ ھوقۇقنى ھىمايە قىلغان بولمايدۇ. ئەكسىچە خەلق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغان بولىدۇ. ئەگەر شۇ يامان كىشىنىڭ ئەيىبىنى، جىنايىتىنى ئىسپاتلاپ، ئۇنى سوتقا تارتىشنى ۋە ئوچۇق سوت قىلىشنى تەلەپ قىلسا، مانا بۇ ھوقۇق بولىدۇ. خەلقىمىز بۇنى ياخشى ئاجرىتىپ ئىبلىشى كېرەك. قېرىلىرىمىزنىڭ تەجرىبىسى بار. ياشلىرىمىزنىڭ ھىممىتى بار. مانا بۇ ئىككى كۈچنى قوشۇپ ھوقۇقنى ھىمايە قىلىشقا سەرپ قىلىش لازىم.»

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: بۇ يەردە ئىستىبدات ۋاقتىدا خەلقىمىزگە جەبرى قىلغانلارنى ئۇرۇش ئىشلىرى بار ئىكەن. ئەگەردە شۇنداق زالىملار بولسا، مەجلىس ئېچىپ قىلمىشىنى خەلق ئالدىدا ئىقرار قىلدۇرساڭلار بولىدۇ، بۇ ھوقۇق. ئەگەردە كوچىلاردىلا ئۇرساڭلار بۇ ھوقۇق بولماستىن، خورلىغانلىق بولىدۇ.»

ئەخمەتجان قاسىمنىڭ تۇرپاندا ۋە پىچاندا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى شۇ چاغنىڭ ۋەزىيىتىدە دەل ۋاقتىدا ياغقان باھار يامغۇرىدەك، كىشىلەر قەلبىنى ياشناتقانىدى. خەلقنىڭ 11 ماددىلىق بىتىمنى ئىجرا قىلىش ۋە قوغداش جەھەتلىرىدە ۋە ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، باراۋەرلىك دېموكراتىيە بىلەن خەلق ھوقۇقىنىڭ نېمىلەردىن ئىبارەتلىكىنى كونكرېت ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ شەرھلەپ بەرگەنىدى. ئاشۇ يىللاردا تۇرپاندا ۋەزىيەت جىددىي ئىدى. ئويغانغان خەلق ئامىمىسى كەچلىك كۇرسلاردا ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىدا ئۈچ ۋىلايەت ھەققىدىكى گېزىت-ژۇرناللارنى ئوقۇشاتتى. ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ياڭرىتىپ، گۈزەل ئىستىقبال ھەققىدە ھېكايىلەر ئېيتىشاتتى. 11 ماددىلىق بىتىمدىكى پرىنسىپلار بويىچە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن بىر قىسىم مەھبۇسلار ھاياجانلىرىنى باسالماي تۈرمە ھاياتىدىن بىزگە ئېچىنىشلىق ھېكايە سۆزلەپ بېرەتتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ گۇناھسىز كىشىلەرنى دەھشەتلىك قىيىن-قىستاقلارغا ئېلىپ، قىزىتىلغان تۆمۈرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ يۈرەك-باغرىنى داغلاپ، ئېغىز-بۇرۇنلىرىغا لازا سۇيى قۇيۇپ، چىچىدىن ئېسىپ قويىدىغان فاشىستلىك جازالىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلاتتى. تۇرپان دېھقانلىرى بۇ زۇلمەتلىك تۈنلەرنىڭ يورۇق كۈندۈز بىلەن ئالمىشىدىغان مەزگىللىرىدە ئۇلارنىڭ ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان مۇھەببەت ئوتىدەك يالقۇنلىنىپ بارغانسېرى ئۇلغىياتتى. باھار شاماللىرىدا يانىدۇرۇلغان گۈلخانىدەك يېلىنجار ئىدى. ئىنقىلابىي ياشلارنىڭ شوئار سادالىرى ھەيۋەتلىك بوراندىن دېرەك بېرەتتى. «شەرق ھەققىتى» نىزامىدىكى كىتاب، ماتېرىياللارنى، ماكسىم گوركى يازغان «بورانقۇش قوشىقى» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئوقۇتقۇچى ئۇستازلار ئوقۇپ بېرەتتى. مۇئەللىملەرنىڭ سۆزلىرىدىن كۆز ئالدىمىزدا پايانسىز ئېگىز ئاسماندا بورانقۇشلىرى



پەرۋاز قىلغانىدەك كۆرۈنەتتى. يەنە بىر تەرەپتە، قاراڭغۇ بولۇڭ-پۇشقاقلاردا، توڭگۇزنىڭ كۆچۈكلىرىدەك گومىنداڭنىڭ ئىشپىيون، غالچىلىرى ۋە باشقا ئېقىمدىكىلەر ئۆز مۇقاملىرىغا ئۇسسۇل ئويناپ يۈرەتتى. ئاھايىتى سول ئىبارىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىدىغان غەنى قاتارلىق ياشلاردىن بىر گۇرۇھى چىتچاڭغا چىقىۋېلىپ ئىسيان كۆتەرمەكچى بولغانىدى. بۇ خىل ھەرىكەتلەرگە قارىتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تەرەپدارلىرى ئادىل چارە-تەدبىرلەر ئېلىپ بارغانىدى. لېكىن گومىنداڭنىڭ قول-چوماقلىرى بىر قىسىم نادان كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇش كويىدا بولۇشتى. ھەتتا ئىنقىلابچىلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان، قاراپ تۇرۇپ يالغان جىنايەت ئويدۇرۇپ قولغا ئالىدىغان ئىشلارمۇ بار ىدى ۋەھاكازا.

مەن 1946 – 1947 – يىللارنى ئەسلىسەم ئەخمەتجان قاسىمنىڭ جەڭگىۋار سۆز نۇتۇقلىرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەققىدىكى كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ، بۇ ۋەقەلەر زەنجىرى يىللارنى بىر-بىرىگە ئۇلايدۇ، بىر پۈتۈن تارىخنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەن چوڭقۇر ئەسلىمىلەر دېڭىزىغا چۆكىمەن. ھامان كۆز ئالدىمدا ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئوبرازى ۋە ئۈنچە-مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇرغان يارقىن سۆزلىرى مېنى مەپتۇن قىلىدۇ. ھامان ئۇنىڭ ئۆچمەس ئاۋازى قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ: «باشقا مىللەتلەرنى ئەزگۈچى مىللەت، ئەركىن مىللەت بولالمايدۇ» دېگەن نەقىللىرى، خەلق كىم؟ ئەركىنلىك بىلەن ھۆرلۈك دېگەن نېمە؟ خەلق ھوقۇقى نېمە؟ ... قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئاددىي خەلق تىلى بىلەن شەرھلىگەن كۆرۈنۈشلىرى ھامان كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمەيدۇ. شۇ يىللاردا يۈز بەرگەن سىياسىي مۇنازىرىلەرگە قارىتا ئۇنىڭ سۆز-نۇتۇقلىرى جاۋاب تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ سۆز-نۇتۇقلىرىنى ھازىر ئوقۇساقمۇ،

يەنىلا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە، ھەمدە ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ھەقىقەت ئىدى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا سۇڭ شىلىيەنگە ئوخشاش بەزى كىشىلەر ئەخمەتجان قاسىمىنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇندى. ماركسىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتساق، ھەقىقەت خۇددى بىر چوڭ چاقماق تېشىغا ئوخشايدۇ. ئۇ قانچىكى قاتتىق ئۇرۇلسا، شۇنچە يورۇق نۇر چىقىرىدۇ. دەرۋەقە ئەخمەتجان قاسىمى خۇددى ماركس ئېيتقان ھەقىقەتكە سىمۋول قىلساق خاتا بولمايدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى دەۋرىمىزنىڭ تالانتلىق ئادىمى ئىدى. م. گوركى ئۆزىنىڭ «دەۋرىنىڭ ئاجايىپ ئادىمى» دېگەن ماقالىسىدا: «پرولېتارىيات دۇنياۋى ئىشى ئۈچۈن كۆرەشكۈچى ئادەم كېتىپ، ئۆز ئىشىنى توختاتقاندا ئۇنى: «ئۇ، ئۆلدى» دېگىلى كەلمەيدۇ» دېگەنىدى. دەرۋەقە ئەخمەتجان قاسىمى ئارىمىزدىن كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنى مەڭگۈ ھايات دېگىمىز كېلىدۇ. ئۇ بىزنىڭ قاتارىمىزدا....

ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ «يادنامە» سىدە «... ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئىنقىلابىي تارىخىمىزدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ روھىي مەڭگۈ ياشايدۇ» دېيىلگەن. دەرۋەقە ئۇلار بىزدىن جىسمانىي تەرەپتىن ئايرىلغان بولسىمۇ، مەنىۋى تەرەپتىن ھېچ ئايرىلغىنى يوق. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار غايە، ئۈمىدلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەمەلگە ئاشتى ۋە ئاشماقتا. ئۇلارنىڭ روھىي بۈگۈن بىز بىلەن بىللە. ئۇلارنىڭ ئوبرازى كۆرەش قايناملىرىدا، مۇنبەر ۋە ئېكرانلاردا نامايان بولماقتا.

ئاھ، ئەخمەتجان قاسىمى، سىز تۇغۇلغان ۋە ئۆسكەن ئانا زېمىن — قەدىمكى بۇ ۋەتەن ئاجايىپ چوڭ تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. سىز تۇرغان ئۈرۈمچى شەھىرىمۇ ناھايىتى چوڭ تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك يېڭى شەھەر بولۇپ قال-



دى. سىز كۆرگەن كونا تۇرپانمۇ، بۈگۈن يېڭى تۇرپانغا ئايلاندى. پۈتۈن تۇرپان خەلقى ھەقىقىي بەختىيار بولدۇق. سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىز تارىخ ئەمەلىيىتىدە نامايان بولدى، سىزنىڭ ھەقىقەتەن دانا، تەدبىرلىك، چوڭقۇر پىكىرلىك ۋە كۆپ بىلىمگە ئىگە رەھبەر بولۇشقا مۇناسىپلىقىڭىزنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

بىز سىزنىڭ جەڭگىۋار، ھېرىشنى بىلمەيدىغان روھىڭىزغا ۋارىسلىق قىلىمىز.

ئەسكەرتىش:

بۇ ماقالىنىڭ دەسلەپكى كۆپىيىسىنى ئۇيغۇر سايرانى تولۇق كۆرۈپ چىقىپ، بەزى پىكىرلەرنى بەردى. شۇ پىكىرلەر بويىچە يېزىپ چىقتىم. بۇ ئادەم ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن تۇرپانغا بىللە بارغان، بىللە بولغانىدى.

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى مىللىي ئارمىيە توغرىسىدىكى بەزى ئەھۋاللار

## رەھىم مۇقىت

مەن مىللىي ئارمىيىنىڭ كەڭساي پولكى، كەڭساي بىرىگادىسى، تارباغاتاي پولكى قاتارلىق قىسىملاردا ئىشلىگەن. تۆۋەندە مىللىي ئارمىيىنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتلىرى، تەشكىلىي ئىنتىزامى جەھەتتىكى بىر قىسىم ئەھۋاللار ۋە ئەينى ۋاقىتتا مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنغان بىر قىسىم ئەھۋاللارنى ئەسلەپ ئۆتىمەن.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسى — كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆتەرگەن قوراللىق كۈرەش قاينىمىلىرى ئىچىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ كىچىككلىكتىن زورىيىشقا، پارتىزانلىق ئۇرۇشتىن مۇنتىزىملىققا قاراپ تەرەققىي قىلىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈش نەتىجىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئارمىيىدۇر.

مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا ھەربىي تەلىم-تەربىيىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە سىياسىي ئىدىيىۋى تەلىم-تەربىيە، ھەربىي ئىنتىزام خىزمىتى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇلاتتى. يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەش سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ ئىسكادىرون (لىيەن)، ئىزۋوت (پەي) لەردىمۇ سىياسىي ئىنسپېكتور (زىداۋيۈەن) لەر باردى، ھەربىي ئىن-



تىزام جەھەتتە تۈزۈملەر بېكىتىلىپ، كادىر-جەڭچىلەرگە قاتتىق تەلەپلەر قويۇلدى. چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش، كىچىكلەرنى ئاسراش، خەلقلەرنى بوزەك قىلماسلىق، خەلقلەرنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىگە تەگمەسلىك، ئادەم ئۇرماسلىق-تىللىماسلىق، خوتۇن-قىزلارغا چاقچاق قىلماسلىق، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەسلىك-خارلىماسلىق، ئەسىرلەرنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى ئالماسلىق-تەگمەسلىك، باشقا يامان ئىشلارنى قىلماسلىق قاتارلىق مەزمۇنلارنى ھەربىي ئىنتىزام قىلىپ بېكىتىپ ياخشىلارنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش، ناچارلارنى تەنقىدلەش ۋە ئىنتىزامنى بۇزغانلارنى جازالاش مىللىي ئارمىيىنىڭ تۈزۈمىگە ئايلاندى. مەسىلە پەيدا بولغاندا دەرھال تەكشۈرۈپ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىناتتى. بۇ ھەقتە بىر نەچچە مىسالنى كۆرسىتىپ بېرەلەيمەن:

1) 1945-يىلى 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، 9-ئاينىڭ باشلىرىدا مىللىي ئارمىيە كەڭساي بىرىگادىسى ئالتايدىكى ۋاقتىدا 4-پولك جەڭچىلىرى ئىچىدە قىمار ئويناش ۋەقەسى كۆرۈلدى. بۇ ۋەقە تېزدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ بىرىگادا ۋاقىتلىق ھەربىي سوتى قىمار ئويناشقا باشچىلىق قىلغان ئىككى نەپەر جەڭچىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ دەرھال ئىجرا قىلغان (ئالتاي ناھىيىسىنىڭ ئاۋبىتەن دېگەن يېرىدە)، ئەينى ۋاقىتتا مەن بىرىگادا شتابىدا ئىدىم.

2) 1945-يىلى 9-ئاينىڭ ئاخىرى 10-ئاينىڭ باشلىرى، كەڭساي بىرىگادىسى كونا ساۋەن ناھىيىسىگە يېتىپ كېلىپ بىر قانچە كۈن ئۆتمەي، بىرىگادا كامىنداتى ئىسكادىرونىدىكى جەڭچى ھاشىم بىلەن يەنە بىر جەڭچىنىڭ ياسقۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن دېلوسى پاش قىلىنغان. ۋەقە پەيدا بولۇش بىلەن بىرىگادا شتابى بۇ مەسىلىنى دەرھال تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىققاندىن كېيىن، بىرىگادا ۋاقىتلىق ھەربىي سوتى بۇ ئىككىيلەنگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ

دەرھال ئىجرا قىلدى (كونا ساۋەن ناھىيىسىنىڭ قارا سۇ دېگەن جايىدا، شۇچاغدا مەن بىرىگادا شىتابىدا ئىدىم).

3) پولكوۋنىك ئابلاخاننىڭ جازالىنىشى. 1946 - يىلى 6 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبەرلىك ئورگىنى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تىنچلىق بىتىم ئىمزالىغاندىن كېيىن، 7 - ئايدا مىللىي ئارمىيىنى قايتىدىن رەتكە سېلىش جەريانىدا ساۋەن ناھىيىسىنىڭ يەنىسخەي دېگەن جايىدا تارباغاتاي پىيادە ئەسكەر 3 - پولكى قۇرۇلۇپ، ئابلاخان مەزكۇر پولكقا كوماندىر بولدى، مەزكۇر پولك ئۇزۇن ئۆتمەي چۆچەككە قايتتى. ئابلاخان چۆچەككە بارغاندىن كېيىن بارغانسېرى بيۇروكراتلىشىپ كەتتى، جۈملىدىن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىنتىزامىنى چەتكە قايرىپ قويۇپ ئىنتىزامغا خىلاپ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، يامان كۆرگەن ئادەملىرىگە زەربە بەردى، تۈرلۈك ئەيشە - ئىشرەتلەرگە بېرىلىپ، كەڭ ئوفىتسېر - جەڭچىلەر ئىچىدە ناچار تەسىراتلارنى پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئوفىتسېر - جەڭچىلەر يۇقىرىغا ئابلاخان ئۈستىدىن پاش قىلىش ئەرز خەتلىرىنى يازدى. يۇقىرىدىن ۋە ئوتتۇرا يۆنىلىشتىن ئادەم كېلىپ ئابلاخان ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئابلاخان ھەربىي ئىنتىزامنى بۇزۇپ ناچار ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئىسپاتلانغانلىقى ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە باش شىتابى 1947 - يىلى ئەتىيازدا ئابلاخاننى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ غۇلجىغا يۆتكەپ كەتتى (مەن ئەينى ۋاقىتتا تارباغاتاي پولكىدا ئىدىم).

4) 1946 - يىلى 10 - ئايدا، چۆچەك بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق مەلۇم بىر پۇقرانىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپ، ئۆي ئىگىسى بولغان ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننى ئۆلتۈرۈپ بىر قىسىم نەرسىلىرىنى بۇلاپ كېتىشتەك قاتىللىق دېلوسى يۈز بېرىپ، قاتىللارنىڭ ھەربىي ئىكەنلىكى ئىنكاس قىلىنىدى. قاتىل كىم؟ تارباغاتاي



پولكى بۇ دېلونى ئىنقىلاپ چىقىش ئۈچۈن ئادەم تەشكىللەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بىر ئاي تەكشۈرۈش - رازۋېتكا قىلىش ئارقىلىق ھەقىقىي ئەھۋال ئايدىڭلاشتى. قاتىل 3 - باتالىيوننىڭ ئەدىلكومى (بەنجاڭ) ئوبۇلقاسىم قاتارلىقلار ئىدى. ئوبۇلقاسىم كېچىسى بىر بەن ئادەم بىلەن سىرتقا خىزمەتكە چىقىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننى ئۆلتۈرۈپ، بىر قىسىم مال - مۈلۈكلەرنى بۇلاپ كەتكەن. بۇ دېلونى ئېنىقلاش خىزمىتىگە مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شىتابى ۋە ئوتتۇرا يۆنىلىش ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. بۇ دېلونى بىر تەرەپ قىلىشتىن بۇرۇن مىللىي ئارمىيە ھەربىي شىتاب ھەربىي سوت باشلىقى پولكوۋنىك ئابدۇغۇپۇر سابىر ھاجى چۆچەككە كەلدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا مىللىي ئارمىيە ھەربىي سوت چۆچەك گىمنازىيە چوڭ مەيدانىدا ھەربىي ۋە خەلقنىڭ قاتنىشىشىدا ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىپ، ئوبۇلقاسىم قاتارلىق بەش ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ، شۇ مەيدانىدا دەرھال ئىجرا قىلدى، باشقا قاتناشقۇچىلارغا قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى. سوت يىغىنىغا ئابدۇغۇپۇر سابىر ھاجىمۇ قاتناشتى. ئەينى ۋاقىتتا ئەخمەت ئەپەندىم، ئىسھاكبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق رەھبەرلەر چۆچەكتە خىزمەت تەكشۈرۈۋاتاتتى.

5) 1945 - يىلى 7 - ئايدا، مىللىي ئارمىيە چۆچەكنى ئازاد قىلىش ھارپىسىدا، گومىنداڭ تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى پىك دۇڭ، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياڭ خېتىڭ قاتارلىقلار گومىنداڭنىڭ چۆچەكتىكى مەمۇرىي، ھەربىي، ساقچى خادىملىرىنى باشلاپ پانا ئىزدەپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتتى (2600 دەك ئادەم). بۇلار سوۋېت يېرىدە بىر يىل تۇرغاندىن كېيىن، جۇڭگو - سوۋېت ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىشى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدىغان بولدى. 1946 - يىلى 8 - ئايدا ئۆتكۈزۈپ ئېلىندى.

بۇ گومىنداڭ خادىملىرىنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ، ماناسقا ئاپىرىپ گومىنداڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسى تارباغاتاي پولكىغا تاپشۇرۇلدى. ئۆتكۈزۈپ ئېلىشتىن بۇرۇن پولك شتابى بىر قاتار ئۆتكۈزۈپ ئېلىش تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى.

بۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆچى بار بىر قىسىم ئادەملەر باردى، شۇڭلاشقا ئۆچ ئېلىش ئىشلىرىنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مەزكۇر ئادەملەرنىڭ ھاياتىغا، مال - مۈلكىنىڭ دەخلىسىزلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قاتتىق تەرتىپ ئورنۇتۇش لازىم ئىكەنلىكى، مەسىلە چىقسا جاۋابكارلىق سۈرۈشتە قىلىنىدىغانلىقى تەكىتلەندى.

ئۆتكۈزۈپ ئېلىش كۈنى باختى چېگرىسىدىن مەزكۇر ئادەملەرنى قونالغۇ قىلىدىغان جايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يول ياقىسىغا ھەربىيلەرنى تۇرغۇزۇپ مۇھاپىزەت تورى شەكىللەندۈرۈلدى. مىڭلىغان شەھەر ئاھالىسى كۆك تۇمادىن شەھەر كوچىلىرىغىچە يول بويىدا تۇرۇپ ئۆتكۈزۈپ ئېلىنغان گومىنداڭ ئادەملىرىنى كۆردى. سوۋېتكە قېچىپ ئۆتۈپ كەتكەن گومىنداڭ خادىملىرى ئاساسەن خەنزۇلار بولۇپ، ئىچىدە ئاز ساندا مىللىيلارمۇ باردى. بۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە بۇرۇن چۆچەكتە ئىشلىگەن × × × ئىسىملىك گومىنداڭ ساقچى ئىشپىيونى (ئۇيغۇر) بولۇپ، بۇ ئادەمگە خەلق ئاممىسىنىڭ غەزىپى كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا كۆك تۇما دېگەن جايدىن مەزكۇر ئادەملەر ئۆتكەندە، بىر توپ ئادەملەر ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ سەپ ئىچىدىن × × × دېگەن ئادەمنى يۇلۇپ چىقىپ ئاتقا سۆرۈتۈپ ئاخىرى ئېتىپ تاشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقىلارغا ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتمىدى. بۇنىڭدىن سوۋېتكە قاچقان گومىنداڭ خادىملىرىنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ ماناسقا ئاپىرىپ تاپشۇرۇشتا تارباغاتاي پولكىنىڭ قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى، مىللىي ئارمىيىنىڭ كۈچلۈك ئىنتىزامچان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. ئەينى چاغدا مەن تارباغاتاي پولكى 1 - باتالىيون شتابىدا ئىدىم.



# قورغاس، سۇيدۇڭ ۋە كۆرەلەرنىڭ ئازاد قىلىنىشى

ئىمەنوۋ ئىبلاخۇن

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلمىغا چىداپ تۇرالمىغان ھەر مىللەت خەلقى، 1944 - يىلى كۈزدە نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي دېگەن تاغلىق رايونىدا كۈرەشنىڭ بىرىنچى پاي ئوقىنى ئاتتى.

نىلقا ناھىيىسىدە كۆتۈرۈلگەن بۇ قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تەسىرى پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتىگە، جۈملىدىن غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان قورغاس، سۇيدۇڭ ۋە كۆرە قاتارلىق جايلارغىمۇ تېزدىن كېڭەيدى.

1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، قوزغىلاڭچىلار غۇلجا شەھىرىنى ئىشغال قىلىش بىلەنلا يەرلىك مىللەتلەردىن تەشكىللەنگەن پارتىزانلار قوشۇنى شەكىللەندى.

قورغاس، سۇيدۇڭ ۋە كۆرەلەر غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، غۇلجا شەھىرىگە قورغاس 90 كىلومېتر، سۇيدۇڭ شەھىرىگە 40 كىلومېتر، كۆرە غۇلجا شەھىرىگە 30 كىلومېتر كېلىدۇ.

دۈشمەن ئەھۋالىغا كەلسەك، دۈشمەننىڭ تولۇق قوراللانغان 38 - تۈەنى كۆرەدە، ئۇنىڭدىن باشقا بىر لىيەندىن ئارتۇق قورچاق ساقچى ئەسكەرلىرى بولۇپ ئۇلارغا تۈەنجاڭ چېن يىلاڭ كۆرەدە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلاتتى.

سۇيدۇڭ، كۆرەدىكى دۈشمەنلەرنىڭ مەقسىتى: بىرىنچىدىن،
ئۆز ئىشغالىيىتىدىكى رايونلارنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ ساقلاش
بىلەن شۇ رايوندىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن،
ئۈرۈمچىگە قىلىنىدىغان ھۇجۇمنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى بولغان
تەلكە داۋىنىنى ساقلاش بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ سوۋېت ئىتـ
تىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چەكلەش؛ ئۈچىنچىدىن،
ئۈرۈمچىدىن ياردەمگە كېلىدىغان ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىشىپ
غۇلجا شەھىرى ھەرەمباغدا مۇھاسىرىدە قالغان ئەسكەرلەرگە
ياردەم بېرىپ ئىلى قوزغىلىڭىنى باستۇرۇپ تاشلاش ئىدى.

1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا، ئۈرۈمچىدە جۇڭ
ۋاۋلىياڭ (ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندـ
دانى) ھەربىي قوماندانلارنىڭ جىددىي يىغىنىنى ئاچىدۇ، بۇ يىـ
غىندا ئىلىغا بەش تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش بىلەن ھەرەمباغ ۋە
كۆرەدىكى مۇھاسىرىدە قالغان قىسىملىرىغا ياردەم كۆچى ئەـ
ۋەتىپ، ئىلى قوزغىلىڭىنى باستۇرۇپ تاشلاشنى قارار قىلىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش پىلانى تۈزۈپ چىقىلىپ، بۇيرۇق چۈشۈـ
رۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ پىلانى تۆۋەندىكىچە:

(1) كۆچەيتىلگەن بەش لىيەن پولكوۋنىك خۇنىڭ قوماـ
ندانلىقىدا ئۈرۈمچى — ئىلى تاشيولىنى بويلاپ، تەلكە داۋـ
نىدىن ئېشىپ چۈشۈپ، كەڭسايدا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇرۇش
قىلىۋاتقان ئىككى يىڭ ئەسكەر بىلەن قوشۇلۇپ ئۇرۇش قىلىش
بىلەن قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىپ، ئارقىدىن سۇيدۇڭ، كۆرەدىكى
قىسىملار بىلەن قوشۇلۇپ غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش.
(2) ئاچال داۋىنى ئارقىلىق كۆچەيتىلگەن بىر ئاتلىق يىڭنى
ئەۋەتىپ، ئاچال داۋىنىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان لىيەنلەر بىلەن
بىرلىشىپ غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىن چۈشۈش. (3) قارا
شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى داغوتۇ داۋىنى ئارقىلىق ئىككى
ئاتلىق لىيەننى ئارالتۆپىگە چۈشۈرۈپ، تۇققۇزتارا ئارقىلىق



غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش. (4) ئاقسۇدىن مۇز داۋان
ئارقىلىق كۆچەيتىلگەن بىر ئاتلىق يىڭنى ئەۋەتىپ مۇڭغۇلكۆـ
رەنى بېسىۋېلىپ جەنۇپ، تەرەپتىن غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم
قىلىش. (5) كۆچەيتىلگەن بىر يىڭ ئەسكىرى كۈچىنى بۆرتالا،
ئارشاڭ ئارقىلىق سايرام كۆلىنى بويلاپ ئاقسۇ داۋىنى (كەڭـ
ساي داۋىنىنىڭ شىمالىدىكى چوڭ تاغ) ئارقىلىق داشۇگۇر ۋە
قورغاستىكى قىسىملىرى بىلەن بىرلىشىپ غەربىي جەنۇب تەرىپىـ
دىن غۇلجىغا ھۇجۇم قىلىش. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بەش
تەرەپتىن قىلىنىغان ھۇجۇمنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئېشىشى
ئۈچۈن، ھەر بىر يوللاردىكى خەلقلەرنى سىياسىي جەھەتتىن
قولغا كەلتۈرۈش ياكى ھەربىي جەھەتتىن باستۇرۇشتىن ئىبارەت
رەزىل ئۇسۇللارنى ئېلىپ باردى.

مانا بۇ ۋاقىتتا ۋەزىيەت ناھايىتى جىددىي بولۇپ، تەلكە
داۋىنىدا دۈشمەنىنىڭ ئالدىنقى كۈچلىرى بىلەن پارتىزان ئەتـ
رەتلەر قاتتىق ئۇرۇشماقتا ئىدى. غۇلجا شەھەر ھەرەمباغدا
مۇھاسىرىدا قالغان دۈشمەنلەر بولسا كۈچلۈك ھالدا قارشىلىق
كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئەھۋال ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ ئىچـ
كى - تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ بىرلىشىۋېلىش ئېھتىمالى مەۋجۇت
ئىدى. شۇڭا ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ئىنتايىن
مۇھىم بولغان ستراتېگىيىلىك جەڭگىۋار ۋەزىپە تۇراتتى،
بولۇپمۇ قورغاس، سۇيدۇڭ ۋە كۆرە قاتارلىق ئۈچ ئورۇندىكى
دۈشمەنلەرنى تېزدىن، ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش، گومىنداڭنىڭ
بەش تەرەپتىن قورشاپ قىلغان ھوجۇمىنى تارمار قىلىپ ھەرەمـ
باغدىكى دۈشمەنلەرنى يېتىم قالدۇرۇش، تەلكە داۋىنىنى توـ
سۇپ تاشلاش بىلەن دۈشمەنىنىڭ ئارقاسىپىدە پارتىزانلىق ھەـ
رىكەتنى قانات يايدۇرۇش، دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايونلارغا
ھۇجۇم قىلىشتەك مۇھىم ۋەزىپىلەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلى
قوزغىلىڭىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە لوسىگوڭ، چىلپەنزە ۋە سۇيـ

دۇك، كۆرەلەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش بىلەن دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، خەلقنى ئازاد قىلىش، پارتىزانلار سېپىنى ئۇلغايتىشتەك جەڭگىۋار ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى.

## لوسىگۇڭ ساقچى ئىدارىسىنى ئېلىش

لوسىگۇڭ سۈيدۈڭ ناھىيىسىنىڭ بىر رايونى بولۇپ، ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تەلكە داۋىنىنىڭ ئاغزىغا جايلاشقان. بۇ يەر گومىنداڭنىڭ رايونلۇق ساقچى ئىدارىسى بولۇپ، ئۇن نەچچە قوراللىق ئادىمى بار ئىدى. پارتىزانلار دەسلەپكى ھۇجۇمنى دۈشمەننىڭ ئاجىز ئورنىغا خەنجەر ئۇرۇش تاكتىكىسى بويىچە ئېلىپ باردى. 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى لىسكىن، پالنۇپ باشچىلىقىدىكى يىگىرمىدىن ئارتۇق پارتىزان لوسىگۇڭ ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلىپ بىر نەچچە سائەت ئىچىدە دۈشمەننىڭ توققۇز نەپەر ئادىمىنى يوقىتىپ، نۇرغۇنلىغان ئوق - دورا ۋە باشقا مال - مۈلۈكلەرنى غەنىمەت ئالدى. شۇنىڭ بىلەن غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىدىكى دۈشمەنلەر تىزگىنلىنىپ، قورغاس، سۈيدۈڭ تەۋەسىدە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى كۈرەشنىڭ سىگنالى چېلىنىدۇ.

لوسىگۇڭدا پارتىزانلارنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان سۈيدۈڭ، چىلپەڭزە، ساربۇلاق، قارۋاغ قاتارلىق ئورۇنلاردىن بىر تۈركۈم ئىلغار كىشىلەر گومىنداڭ ئىشغالىيىتىدىكى ئورۇنلاردىن قېچىپ لوسىگۇڭغا كېلىپ پارتىزانلارغا قوشۇلۇشقا باشلايدۇ. سۈيدۈڭدىن: شاياخۇن، ياسىن خۇدابەردى، مەمەت نەزەر قاتارلىقلار، چىلپەڭزىدىن: ئوسمانقارى رەخىم شاكىيو، كىۋىر شاكىيو، نىزام مىجىت، ئابدىقادىر قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر كەينى - كەينىدىن كېلىپ پارتىزانلار سېپىگە قوشۇلۇپ، سەپنى كېڭەيتىدۇ.



تارقاق ھەرىكەتلىنىۋاتقان پارتىزانلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ دۈشمەنگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارنى تەشكىللەپ، تەرتىپكە سېلىپ، ئاتلىق چوڭ ئەترەتنى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ ئەترەتلەر موگۇپ ئەترىتى، پالنۇپ ئەترىتى، مەنسۇرلومىيۇپ ئەترىتى (كۆپىنچىسى خۇيزۇلار)، ئوسمان قالى، قاسىم قانلار ئەترەتلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەم سانى 400 دىن ئارتۇق ئىدى. بۇ پارتىزان ئەترەتلىرىدىن باشقا يەنە بىر تۈركۈم پارتىزانلار لىسكىن باشچىلىقىدا تەلكە داۋىنىنى توسۇش ئۈچۈن يۈرۈپ كېتىدۇ. لوسىگۇڭدىكى پارتىزان ئەترەتلەر 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگە قەدەر تەشكىلىي ئىنتىزام، ھەربىي ئىشلار، قورال، ئوق - دورا قاتارلىقلاردا ئوبدان تەييارلىق كۆرۈپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىدۇ.

## چىلپەڭزە (كونا قورغاس) نىڭ ئىشغال قىلىنىشى

قورغاس ناھىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېگرىداش ناھىيە بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا داشىگۇر، مازار، كىگەن، قارىباغ قاتارلىق يېزا - قىشلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 20 مىڭغا يېقىن ئىدى. گومىنداڭنىڭ ناھىيىلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسى چىلپەڭزە بازار ئىچىگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئىككى يۈزگە يېقىن ئەسكىرى باردى. ئۇلار 7 - نويابىر كۈنى پارتىزانلارنىڭ غۇلجا شەھىرىنى ئىشغال قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ سېپىل ئىچىگە كىرىۋېلىپ، سېپىل ئارقىلىق ئۆزلىرىنى مەھكەم مۇداپىئە قىلىدۇ. چىلپەڭزىدىكى دۈشمەنلەر غۇلجا، سۈيدۈڭ ۋە كۆرەلەردىن خېلى يىراقتا بولۇپ، ھەربىي كۈچ جەھەتتىمۇ ئاجىز بولغاچقا، پارتىزانلار ئالدى بىلەن دۈشمەننىڭ ئاجىز يېرىگە ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلىدۇ.

چىلپەڭزىنى ئىشغال قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغان موگۇت-

تۇپ پارتىزان ئەترىتى 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنۈ-
نى چىلپەگزىگە قاراپ يۈرۈش قىلدۇ. بۇ ۋاقىت كۈز ئېيىنىڭ
ئاخىرقى كۈنلىرى بولۇپ هاۋا خېلى سوغۇق ئىدى. پارتىزان-
لار هاۋانىڭ سوغۇقلۇقىغا قارىماي كېچىلەپ چىگىسخوزا ۋە قار
پاغىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى يولسىز يەرلەرنى بېسىپ يۈرۈش
قىلىش ئارقىلىق يېرىم كېچىدە چىلپەگزىگە يېتىپ كېلىپ، دا-
شىگۇر تەرەپ بىلەن دۆڭ مەهەللىنىڭ ئارقىسىدىن چۈشۈپ مە-
هەللىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئورۇنلىشىدۇ. خەلقلەر-
بىر نەچچە كۈندىن بۇرۇن پارتىزانلار بىلەن مەخپىي ئالاقە-
لىشىپ تەييارلىق قىلىپ، پارتىزانلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇر-
ۋاندى، شۇنىڭ بىلەن پارتىزانلار بىلەن خەلقلەر سېپىلگە
هۇجۇم قىلىش بۇيرۇغىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

چىلپەگزە سېپىلگە هۇجۇم قىلىدىغان چوڭ ئەترەت تۆت
شۆبە پارتىزان ئەترىتى بولۇپ، ئۇلار بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇل-
دۇ: تۆتىنچى ئەترەت بىلەن پىدائىيلارغا سېپىلنىڭ شەرقى
تەرىپىدىن، ئىككىنچى، ئۈچۈنچى ئەترەتكە سېپىلنىڭ غەربىي تەر-
پىدىن، بىرىنچى ئەترەتكە سېپىلنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن
هۇجۇمغا ئۆتۈش ئورۇنلاشتۇرۇلدۇ. بىرىنچى ئەترەت قوماندانلىق
شتابىنى مۇهاپىزەت قىلىش بىلەن زاپاس كۈچ بولۇپ تۇرىدۇ.

1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تاڭ سەهەردە،
ئۈچ قىزىل راكېتا ئاسمان بوشلۇقىدا كۆرۈنۈش بىلەن تەگلا
بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان پارتىزانلار ۋە پىدائىيلار ئۆي - ئۆي-
لەردىن يۈگرەپ چىقىپ هۇررا، ئالغا دېگەن جەڭ ساداسىنى
ياڭرىتىپ سېپىلگە هۇجۇم قىلىدۇ. دۈشمەنلەر سېپىل ئۈستىدە
تۇرۇپ مىلتىقلىرىدىن ئۈزۈلدۈرمەي ئوق ئۈزۈپ پارتىزانلارنى
چېكىندۈرمەكچى بولىدۇ. لېكىن گومىنداڭنىڭ مۇستەبىت هۆ-
كۈمرانلىقىدا قاتتىق زۇلۇم، ئېزىلىشكە ئۇچرىغان خەلق قوز-
غىلىپ بېرىشكە قارىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ سېپىلغا يېقىنلىشىپ



كېلىپ، شۇۋاقىت ئارقىلىق سېپىل ئۈستىگە چىقىشقا باشلايدۇ.
دۈشمەن جاهىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ پارتىزانلارنىڭ
ئالدىنى توسۇپ، سېپىل تۆۋىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان مەش-
گەل، ئوتۇنلارغا ئوت قويىدۇ. ئوت يالقۇنلىرى بىر دەمدىلا
ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ سېپىلنىڭ ئەتراپىنى ئىس - تۈتەك قاپ-
لاپ كېتىدۇ. سېپىلنىڭ شەهەر دەرۋازىسىدىكى دۈشمەنلەر قات-
تىق قارشىلىق كۆرسىتىپ پارتىزانلارنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرا-
تىدۇ. شۇنداقتىمۇ پارتىزانلار قەيسەرلىك بىلەن هۇجۇمنى
توختاتماي ئىلگىرىلەپ، سېپىل ئۈستىگە چىقىپ دۈشمەنگە زەر-
بە بېرىدۇ. دۈشمەنلەر سېپىلنى تاشلاپ شەهەرگە قېچىشقا
باشلايدۇ. پارتىزانلار شەهەر ئىچىگە كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئۇرۇش بىر مەزگىل شەهەر ئىچىدە داۋاملىشىدۇ.

پارتىزانلار قەيسەرلىك بىلەن بىر كۈن ئۇرۇش قىلىپ،
چىلپەگزىنى ئازاد قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا بىر قىسىم
دۈشمەنلەر يوقىتىلىپ، بىر قىسىملىرى ئەسىرگە ئېلىنىدۇ. بار-
لىق قوراللار غەنىمەت ئېلىنىدۇ. هەر مىللەت خەلقىنىڭ پىدا-
ئىي بولۇپ پارتىزان ئەترەتلىرىگە قاتنىشىشى ئارقىسىدا پار-
تىزانلار سېپى تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ. چىلپەگزىنى ئازاد قىلىشقا
قاتناشقان بۇ پارتىزانلار چىلپەگزىدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ سۈي-
دۈڭ - كۆرەلەرنى ئازاد قىلىشقا يۈرۈپ كېتىدۇ.

## سۈيدۈڭنىڭ ئىشغال قىلىنىشى

سۈيدۈڭ ناهىيىسى ئىلى ۋىلايىتى بويىچە چوڭ ناهىيە-
لەرنىڭ بىرى بولۇپ، نوپۇسى ئەينى ۋاقىتتا 40 مىڭدىن ئار-
تۇق ئىدى. بۇ ناهىيىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكى يېرىم دېهقان-
چىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بولۇپ، سودا - سانائەت، مەدەنىي-
مائارىپ ئىشلىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان ناهىيە هېسابلى-

ناتتى. سۈيدۈڭ سىپىلى خېلى بۇرۇن سوقۇلغان بولۇپ، شەرق جەنۇب ۋە غەربىي تەرەپلەردە چوڭ دەرۋازىسى بار، قوۋۇقلىرى مۇستەھكەم بولۇپ، مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن خېلى ئەپلىك ئىدى.

سۈيدۈڭدە دۈشمەننىڭ 1 - ئاتلىق تۈەنىنىڭ ئىككىلىيەنى، ئامانلىقنى ساقلاش تۆتىنچى پولكىنىڭ بىر لىيەنى ئەسكەر كۈچى ۋە ساقچىلىرى بولۇپ، ھەربىي قوغداش قوماندانلىق شتابىقا شىيەنجاڭ جۇجىنشاڭ، چېگرا قاراۋۇل دادۈينىڭ باشلىقى لىۋۇنجى مەسئۇل ئىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى غۇلجا شەھىرى ئىشغال قىلىنىشى بىلەن سۈيدۈڭ سىپىلىنى كۈچلۈك مۇداپىئە قورغانىغا ئايلاندۇرۇشقا كىرىشتى. سىپىل ئەتراپىدىكى ئۆيلەرنى چېقىپ ئوت - توچكىلىرىنىڭ ئالدىنى تۈزلىدى. بۇ غۇلجا ھەرەمباغدا، كەڭسايدا جىددىي جەڭ بولۇۋاتقان مەزگىل ئىدى، سۈيدۈڭ بىلەن كۆرەدىكى دۈشمەنلەر ئىشپىيونلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇدۇل كەلگەن ۋاستىلارنى قوللىنىپ سىپىل ئەتراپىدىكى ئۆيلەرگە ئوت قويىدى. سىپىلنىڭ سىرتىغا چىقىپ قوي، كالا، ئات، ئاشلىق قاتارلىق مال - مۈلۈكلەرنى بۇلاپ، سىپىل ئىچىگە ئەكىرىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن ماددىي ئوزۇقلارنى تولۇقلىدى. بىگۇنا خەلقلەرنى گۇمانلىق ئادەم دەپ تۇتۇپ قامىدى، ئېچىنىشلىق ھالدا قىيناپ ئۆلتۈرۈشتەك جىنايى ئىشلارنى ئېلىپ باردى. يەنە بىر تەرەپتىن دۈشمەنلەر ئاساسىي كۈچلىرىنى سىپىل ئىچىگە ئەكىرىپ شەنگەن يامۇلنى ئاساس قىلىپ ئورۇنلىشىپ، سىپىلنىڭ ھەممە دەرۋازىلىرىنى تاقاپ، سىپىل ئۈستىگە ھەر خىل قوراللارنى ئورنىتىپ ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۈچەيتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا دۈشمەن خەلققە ئېغىر زۇلۇم سالىدۇ. خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلىغاننىڭ سىرتىدا سىپىل ئۈستىدە تۇرۇپ بازار ئىچىگە ۋە مەھەللىدىكى ئائىلىلەرگە ئوق چىقىرىپ خەلقلەرنى ئەندىشىگە سالىدۇ.



سىپىلنىڭ سىرتىدا قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئادەم كۆرۈنسىلا ئوق چىقىرىپ، خەلقلەرنى بەك ۋەھىمىگە سالىدۇ. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇ ۋەھشى قىلمىشىنى بىلگەن قوزغىلاڭچىلار چىلپەڭزە ۋە كەڭ سايدىكى جەڭنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ، چاققانلىق بىلەن دۈشمەنگە تۈيدۈرماستىن سۈيدۈڭگە كېچىلەپ كىرىپ، 1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سىپىلنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. موگۇتىنۇن قاتارلىقلارنىڭ پارتىزان ئەترەتلىرى سۈيدۈڭ لەڭگەردىكى دوختۇرخانىغا ۋە خەلقلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئورۇنلىشىدۇ. مەنسۇرلۇمىۋۇپنىڭ ئەترىتى سۈيدۈڭنىڭ دۆڭگەن تەرەپ، سىپىلنىڭ شەرق تەرىپىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئورۇنلىشىدۇ.

پارتىزان ئەترىتى سۈيدۈڭگە كېلىش بىلەن يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن شاياخۇن ئاكا، موللا مەھەممەت ھاجى، ۋۇتېڭشى (خەنزۇ)، زىيالىلاردىن ياسىن خۇدا بەردى، ئابدۇرېھىم تۆلەنبايىۋ، ئابلىز خۇدابەردى، ئىسمائىلوۋ، مەمەت نەزەر، مەمەت توختى، باۋۇدۇن ناسىر قاتارلىقلار پارتىزانلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. ياسىن خۇدابەردى، ئابدۇرېھىم تۆلەنبايىۋ دەرھال سۈيدۈڭدىن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن تەركىب تاپقان بىر پارتىزان ئەترىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا ئابدۇرېھىم تۆلەنبايىۋ ئەترەت باشلىقى، ياسىن خۇدابەردى كومىسسار بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. سۈيدۈڭ سىپىلىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن قوماندانلىق شتاب تەشكىللىنىدۇ. بۇنىڭغا لىسكىن، موگوتنوپ، شاياخۇن ئاكا قاتارلىق كىشىلەر مەسئۇل بولىدۇ. پارتىزان باشلىقلىرى يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە زىيالىلار بىلەن بىۋاسىتە سۆھبەتلىشىپ، سىپىلنى ئېلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرىلىشىدۇ.

قوماندانلىق شتابىنىڭ رەھبەرلىكىدە، خەلققە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنىڭ شانلىق ئەھمىيىتى ھەق

قىدە تەشۋىقات ئېلىپ باردۇ. يەنە بىر تەرەپتىن تېزدىن
تەييارلىق كۆرۈدۇ. خەلقلەر پارتىزانلار بىلەن سېپىلغا ھۇجۇم
قىلىش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك جەڭ قوراللىرىنى تەييارلىغاندىن
باشقا، ھەر تۈرلۈك يەرلىك قوراللار - نەيزە، قىلىچ، كالتەك-
چوماق ۋە شوتا قاتارلىقلارنى تەييارلايدۇ. سۈيدۈڭ ناھىيىسى-
نىڭ باشلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ
پىدائىي بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، پارتىزان ئەترەتلىرىگە كېلىپ
تىزىمغا ئالدۇرىدۇ. ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى پارتىزان
ئەترەتلىرىگە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئەكېلىپ بېرىدۇ. مەنمۇ
شۇ ۋاقىتتا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئىنقىلابىي قوشۇنغا پىدائىي
بولۇپ قاتناشقانىدىم. بۇلارنىڭ ئۆلگىسى بولغان تاتار ئايال
جەڭگە ئانا (خەلقلەر ئۇنى جەڭگە ئانا دەپ ھۆرمەتلەيتتى)
ئوغلى رەھىمجاننى ئىنقىلابىي قوشۇنغا قاتناشتۇرغانىنىڭ سىرتى-
دا، 17 ياشلىق قىزى پاتىمەنىمۇ ئىنقىلابىي قوشۇنغا پىدائىي قى-
لىپ بېرىدۇ. خەلقلەر تاتار ئانىنىڭ بۇ ئالىيجاناپ پەزىلىتى-
دىن قاتتىق تەسىرلىنىدۇ (تاتار ئانىنىڭ ئوغلى رەھىمجان
كەڭسايدىكى ئۇرۇشتا قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ. قىزى
پاتىمە مەنسۇر لومىيوۋ پارتىزان ئەترىتى بىلەن ھەرەمباغنىڭ
شىياڭ ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ شەرەپ بىلەن قۇربان بولىدۇ). ھەر
مىللەت خەلقى پارتىزانلارغا ھەممە تەرەپتىن ياردەم بېرىپ
ماددىي بۇيۇملارنى تەقدىم قىلىدۇ. پارتىزانلارنىڭ سېپىلنى تېز-
راق ئىشغال قىلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈدۇ، سېپىل پارتى-
زانلار تەرىپىدىن قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىنىدۇ. سۈيدۈڭ بىلەن
كۆرەنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ تاشلىنىدۇ. بىر - بىرىگە ياردەم
بېرىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.
1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، پارتىزانلار قوماند-
دانلىق شتاب باشلىقلىرىدىن پەلنوۋ، ۋلادىمىر ستىپان ۋە
كازلوۋلار سۈيدۈڭگە كېلىپ پارتىزانلار باشلىقلىرىدىن لىست



كىن، موگۇتنوۋ ۋە مەنسۇر لومىيوۋ قاتارلىقلار ۋە يۇرت مو-
تىۋەرلىرى بىلەن سېپىلگە ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىنى بېكىتىدۇ.
پىلان بويىچە سېپىل ئاستىدىن لەخمە كولاپ، دورا كۆمۈپ
سېپىلنى پارتىلىتىش 26 - دېكابىر كېچىسى قىلىپ بەلگىلىنىدۇ.
سۈيدۈڭ سېپىلىنى ئىشغال قىلىشقا لىيسكىن مەسئۇل بولىدۇ. مو-
گۇتنوۋ، پەلنوۋ، ياسىن خۇداۋەردى، ئابدۇرېھىم تۆلەنبايوۋ
لار باشچىلىقىدىكى پارتىزان ئەترەتلىرى بازار - كوچىلىرى
ۋە غەربىي دەرۋازىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن، مەنسۇر لومىيوۋ
باشچىلىقىدىكى خويزۇ پارتىزان ئەترىتى شەرق تەرەپتىن،
مەغپىر تۆرە باشچىلىقىدىكى پارتىزان ئەترىتى جەنۇبىي دەر-
ۋازا ئالدىدىن ھوجوم قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.
مۇشۇ كۈنلەردە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تاشقورغاندىكى ئىس-
ھاقبېك، مەۋلانوۋ، نوغايبايوۋ رەھبەرلىكىدىكى ئىككى يۈزگە
يېقىن پارتىزان سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق سۈيدۈڭگە يېتىپ
كېلىپ، سۈيدۈڭنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ.
سۈيدۈڭ قوماندانلىق شتاب پارتىزانلارنى مەلۇم مىقدار-
دا مىلتىق، ئاپتومات ۋە يېتەرلىك ئوق دورىلار بىلەن تەمىن-
لەيدۇ. قارار بويىچە سۈيدۈڭ سېپىلىنىڭ غەربىي جەنۇب (با-
زار تەرەپ) تەرىپىدىكى سېپىلىنىڭ ئاستىدىن لەخمە كولاپ،
ئىككى تونىنا دورا كۆمۈپ سېپىلنى پارتىلىتىش ۋەزىپىسىنى
ئەترەت باشلىقى باۋۇدۇن ئابلا خوجابايوۋ قاتارلىق كىشىلەر-
گە تاپشۇرۇلىدۇ. بۇلار سېپىلنى پارتىلىتىش تەييارلىقىنى تاما-
ملاپ بولۇپ تاغلەڭزىدىن جەڭ باشلاش سىگنالىنى كۈتىدۇ. 12 -
ئاينىڭ 26 - كۈنى كېچىسى سائەت دەل 12 دە جەڭ باشلاش سىگنا-
لىنى تاغلەڭزىدىن (سۈيدۈڭنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى
ئېگىزلىك) بېرىدۇ. شۇ زاماتلا پارتىلىتىش پىلتىسىگە ئوت
ياقىدۇ. كۆمۈلگەن ئىككى تونىنا دورا قاتتىق گۈمبىرلىگەن
ئاۋاز بىلەن سېپىل كۆككۆم - تالقان بولىدۇ. پارتلاش ئاۋازى

بىلەن تەڭ پارتىزانلار ۋە پىدائىيلار سېپىلغا ھەممە تەرەپتىن ھۇررا بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ھەممە تەرەپتىن سېپىلغا ھوجۇمغا ئۆتكەن پارتىزانلار قەيسەرلىك بىلەن ئىلگىرىلەپ شەھەر ئىچىگە كىرىدۇ. جەڭ شەھەر ئىچىدە بولىدۇ. پارتىزانلارنىڭ بىرنەچچە سائەت شىددەت بىلەن قىلغان ھۇجۇمى ئارقىلىق شەھەر ئىچى دۈشمەندىن تازىلىنىدۇ. سېپىلنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن قاچقان بىر قىسىم دۈشمەنلەرنى ئاتلىق پارتىزانلار ئارقىدىن قوغلاپ بېرىپ يوقىتىدۇ. سۈيدۇڭ قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق قىرىقتىن ئارتۇق دۈشمەن قېچىپ چىقىپ كۆرە سېپىلىگە كىرىۋالغاندىن باشقا، بارلىق دۈشمەنلەر ئەسىرگە ئېلىندى، قارشىلىق قىلغان دۈشمەنلەر يوقىتىلدى.

## كۆرەنىڭ ئىشغال قىلىنىشى

كۆرە — سۈيدۇڭ ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق بىر رايونى بولۇپ، غۇلجا شەھىرى بىلەن سۈيدۇڭ شەھىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى جاي، كۆرە سېپىلى يېقىنقى زاماندا سوقۇلۇپ پۈتكەندىن كېيىن كۆرە (شىنچىڭ) قەلئەسى دەپ ئاتىلىپ، بۇ ئورۇندا جاڭجۇن مەھكىمىسى قايتىدىن تىكلەنگەن. كۆرە سېپىلى شىنجاڭ بويىچە يېڭى ھەم پۇختا سېپىل بولۇپ، مەنچىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىن تارتىپلا جاڭجۇنلەر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇق يۈرگۈزەتتى، كۆرەدە شىنخەي ئىنقىلابىغا قەدەر جاڭجۇن تۇرۇپ كەلگەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ گومىنداڭنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىكى ئاساسلىق ھەربىي قىسىملىرى كۆرەدە تۇراتتى، قوماندانلىق شتابىمۇ كۆرە سېپىلىنىڭ ئىچىدىكى (دوتۇڭ يامۇلىمۇ دەپ ئاتىلاتتى) نەچچە قەۋەت داتاڭدىن ئىبارەت چوڭ گازارمىنىڭ ئىچىدە تۇراتتى.



كۆرە سېپىلى مۇداپىئەلىنىشكە پۇختا ئورۇن بولغانلىقتىن، ئىلقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن، 1944 - يىلى 5 - ئايدا گومىنداڭنىڭ 38 - تۈەنى كۆرەگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ تۈەن كېلىپلا ئاتلىق قىسىمغا ئۆزگەرتىلدى.

ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گاۋۋى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئادەملەر، چاپچال، سۈيدۇڭ ناھىيىلىرىدىنمۇ كۆرە سېپىلىنى مۇستەھكەم ئورۇن دەپ قېچىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ سانى كۆپىيىپ، 1500 دىن ئارتۇق تولۇق قوراللانغان ئەسكىرىي كۈچكە يەتتى. بۇلارغا تۈەنجاڭ چىن پىلاڭ بىلەن ساقچى باشلىقى گاۋۋىلەر قوماندانلىق قىلاتتى.

كۆرە سېپىلىنىڭ شەرقى بازار بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان زىچ مەھەللىلەر ئىدى. سېپىل چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە سۈيدۇڭ كوچا، دەريا كوچىلىرى بولۇپ، بۇ كوچىلار بوك - باراخسان دەرەخلەر بىلەن قاپلانغانىدى. شۇڭا دۈشمەنلەر بۇلارنى ئوت توچكىسىغا توسالغۇ بولىدۇ دەپ كېسىپ تاشلايدۇ. يەنە بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماستىن سېپىلدىن چۈشۈپ خەلقنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويىدۇ. مەھەللە ئىچىگە قارىتىپ ئوق چىقىرىپ خەلقنى زور ئەندىشىگە سالىدۇ. گومىنداڭنىڭ بۇ زوراۋانلىقىدىن قورققان خەلقلەر ئۆيلىرىنى تاشلاپ يىراق جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدە 700 دەك ئۇيغۇر ئەسكەر بولۇپ، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى جەنۇبىي شىنجاڭدىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلار ئىدى. دۈشمەنلەر بۇ ئۇيغۇر ئەسكەرلەرگە ئىشەنمەيتتى. سىرتتا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەرىكىتى كۈچەيگەنسېرى سېپىل ئىچىدىكى دۈشمەنلەرمۇ جىددىيلىشىپ، ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ئىچىدىكى «گۇمانلىق» دەپ قارالغانلارنى كېچىلىرى ئايرىم ئېلىپ چىقىپ كېتىپ سېپىل تۈۋىدىگە

ئۆرەك كولاپ ياكى كونا قۇدۇقلارغا تاشلاپ پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرگەن.

خارلانغان ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ سېپىلدىن قېچىپ چىقىپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ كېتىش ئارزۇسى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا تۇرغانوۋ ئوسمان باشچىلىقىدىكى بىر بەن ئەسكەرگە سېپىل ئۈستىگە چىقىپ كېچىلىك پوس تۇرۇش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلىدۇ. ئۇلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ناھايىتى چاققانلىق بىلەن دۈشمەنگە سەزدۈرمەي ئاغامچا بىلەن سېپىلدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ قېچىپ، سۈيدۇڭ شەھىرىگە كېلىپ پارتىزانلار شتابىغا ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىدۇ. كۆرەدىكى دۈشمەن ئەھۋالىدىن تەپسىلىي مەلۇمات بېرىپ پارتىزانلارنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۇن نەپەر ئۇيغۇر ئەسكەر قاچقاندىن كېيىن، كۆرە سېپىلى ئىچىدىكى دۈشمەنلەر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى قورالسىزلاندۇرۇپ گازارمىلارغا نەزەربەنت قىلىدۇ. توپلىشىپ ئۆز ئارا سۆزلىشىشكە رۇخسەت قىلمايدۇ. تاماقتىن، داۋالىنىشتىن قىسىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ ھالى خارابلىشىپ ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرى يۈز بېرىدۇ، كېسەللەر كۆپىيىدۇ. كۆرە سېپىلى ئىچىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ مۇداپىئەسى مۇنداق بولغان: شەرقىي بازار تەرەپتىكى سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك ئىگىز قوۋۇقتىغا ئىككى دانە يېنىك پىلىموت بىلەن تولۇق قوراللانغان بىر پەي ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. سېپىلنى ئايلاندۇرۇپ ھەر بىر قوۋۇقتىغا بىردىن ئادەم قويۇلۇپ ئەتراپ كۈزۈتۈلگەن. سېپىل ھەر بىر ئۇچاستكىلارغا ئايرىلىپ مۇداپىئە رايونى قىلىپ بېرىلگەن، تۆت تەرەپتىكى دەرۋازا بولسا قۇم قاچىلانغان تاغار-خالتىلار بىلەن مەھكەم ئېتىلىپ توسۇلغان. ئۇيغۇر ئەسكەلەر ئاساسەن قورالسىزلاندۇرۇلغانىدى.

1944-يىل 12-ئاينىڭ 5-كۈنى، كۆرە سېپىلى پارتىزان-



لار تەرىپىدىن رەسمىي مۇھاسىرىگە ئېلىنىدۇ. كۆرە خەلقى پارتىزانلارغا ھەممە جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ. سېپىلنىڭ تۆت ئەتراپى مۇھاسىرىگە ئېلىنغاندىن كېيىن، دۈشمەن يا ھۇجۇم قىلالمايدىغان يا قاچالمايدىغان پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. يىگىرمە نەچچە كۈن مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان دۈشمەن ئوزۇق تۈلۈك ۋە باشقا يېمەكلىكلەردىن قىسىلىشقا باشلايدۇ. ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان ياردەم كېلەلمەيدۇ. سىرتتىن زەربە يەپ كۆرە سېپىلى ئىچىگە قېچىپ كېلىۋالغانلار، بولۇپمۇ سۈيدۇڭ ساقچى ئىدارىسى باشلىقى پارتىزانلار ۋە خەلقنىڭ كۈچىنىڭ ئالدىدا ئەمەس ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر ئىچىدە تەسلىم بولۇش-بولماسلىق توغرىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلۇپ ئەسكەرلەرنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى.

بىز تەشۋىقات ئارقىلىق دۈشمەنلەرنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدۇق. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئالدىنقى ئاچچىق تەجرىبە-ساۋىقىنى يەكۈنلەپ ئۇن ماددىلىق تەسلىمنامىگە ئىمزا قويۇپ، 1944-يىل 12-ئاينىڭ 31-كۈنى سائەت ئوندا قورال تاپشۇرۇشنى توختام قىلدى. تەسلىم بولۇش توختامى تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن پارتىزانلار ئىككى قوللۇق تەييارلىق كۆردى. ئەگەر دۈشمەن توختامنى بۇزۇپ، تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىپ، قارشىلىق قىلىدىغان بولسا قورال كۈچى بىلەن سېپىلغا ھۇجۇم قىلىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز سېپىلغا شوتا قويۇپ ھۇجۇم قىلىشقا تەييار تۇردۇق. ۋاقىت توشۇپ ئېشىپ كەتتى، لېكىن سېپىل ئىچىدىن خەۋەر يوق ئىدى. بۇ ۋاقىتتا دۈشمەنلەر ئىچىدە مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەن ئىكەن: تۈەنجاڭ چىن پىلاڭ، ساقچى باشلىقى گاۋ ۋېيلار تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن قوراللىرىنى دوتۇڭ يامۇلىنىڭ ئىككىنچى داتاڭ مەيدانىغا يىغىپ قويۇپ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۇۋالغانىكەن.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان دۈشمەنلەرنىڭ بەزىلىرى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ يىغىپ قويۇلغان قوراللىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ، سۇمبۇل (جەنۇب) دەرۋازىسىدىن ئات پاتقىدەك تۈشۈك ئېچىپ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئادەم چاپچال ناھىيىسىگە قاراپ قاچىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پارتىزانلار ۋاقىتنى كۈتۈپ تۇرماستىن سېپىلگە دەرھال شوتا قويۇپ شەھەر ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. قاچالمىغان دۈشمەنلەر تەسلىم بولىدۇ. چاپچالغا قاراپ قاچقانلىرى پارتىزانلار تەرىپىدىن ئىلى دەرياسى بويىدا يوقىتىلىدۇ.

كۆرە ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن دەرھال ساقچى ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، پارتىزان ئەترەتلەردىن پەلنۇۋ ئەترىتى كۆرە گارنىزۇنلىقىغا قالدۇرۇلىدۇ. پارتىزانلار ئاچال ۋە كەڭسايى ئالدىنقى سېپىگە ئاتلاندى.

قورغاس، سۈيدۈڭ ۋە كۆرەلەرنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىدا پارتىزانلاردىن 120 گە يېقىن كىشى قۇربان بولدى ۋە يارىلاندى. ئۇرۇش داۋامىدا ھەر مىللەت خەلقى پارتىزانلار بىلەن بىرگە بولدى. مەسىلەن، ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك قاتارلىق ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەپ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلدى. سار بۇلاق يېزىسى 50 دىن ئارتۇق كالا، 150 كە يېقىن قوي ياردەم قىلدى. شۇنىڭدەك ھەر قايسى يېزا - قىشلاقلاردىن پارتىزانلارغا ياردەم ئىئانىلىرى تەقدىم قىلىندى. خەلقلەر يېشىنىڭ چوڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، ئاتلىرى بارلار ئات بىلەن پارتىزانلار سېپىگە پىدائىي بولۇپ كىرىپ پارتىزانلار سېپىنى زورايتتى.

1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، يېڭىدىن قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە ۋەكالىتەن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل سۈپىتىدە سۈيدۈڭگە كېلىپ يېڭى ھاكىمىيەتنى تەشكىللەيدۇ، ئابدۇرېھىم ھاجىنى ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا،



شاياخۇن ئاكىنى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ناھىيىلىك ئىدارىلەرنىڭ ئاساسلىق باشلىقلىرىنىمۇ سايلاپ بېكىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈيدۈڭدە يېڭى ھاكىمىيەت مەيدانغا كېلىدۇ.

قورغاس، سۈيدۈڭ، كۆرەلەرنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھەر مىللەت پارتىزانلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سۈيدۈڭ بىرىنچى ئاتقۇچى پىيادە پولك بولۇپ قۇرۇلدى. بۇ پولك ئىككى باتالىيون بىر ئاتلىق دىۋىزىيوندىن تەركىب تېپىپ تەشكىللەندى. بۇ پولكنىڭ بىر تۈركۈم كۈچى تەلكە داۋىنىدىكى پارتىزانلارغا، يەنە بىر تۈركۈم كۈچى ئىلى شەھىرىدىكى ھەرەمباغ ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى.

شۇنداق قىلىپ قورغاس، سۈيدۈڭ ۋە كۆرە قاتارلىق ئۈچ ئورۇندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش نەتىجىسىدە، بۇ جايلاردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ غەلىبە بايرىقى تىكلەندى.

# «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي رولى ھەققىدە

ھاكىم جاپپار

مەن «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى بىر يەرلىك تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇلى بولغانىدىم، مانا ئارىدىن 43 - يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئىتتىپاق تەشكىلاتىنىڭ شۇ چاغدىكى ماڭا قالدۇرغان تەسىرى ھەم تەربىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئوينىغان تارىخىي رولىنى ئەسلەپ بۇ ماقالىنى يازدىم.

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋەخەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەسادىپىي قۇرۇلغان بىر ئاممىۋى سىياسىي تەشكىلات بولماستىن، بەلكى شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتى ۋە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ كونكرېت ئەھۋاللىرىنى ھېسابقا ئېلىپ ئەتراپلىق ئويلىنىشلار، مۇھاكىمىلەر ئارقىلىق، شۇنداقلا شۇ چاغدا داۋاملىشىۋاتقان خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى كۈتۈۋېلىش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش - ئاۋاز قوشۇش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ قۇرۇلغان.

شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق ۋە قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزگەنلىكىدىن، زۇلۇم چېكىدىن



ئېشىپ، خەلق ھايات كەچۈرەلمەس ھالغا كەلدى. نەدە زۇلۇم ئېزىش بولىدىكەن، شۇ يەردە ئۇنىڭغا قارشىلىق بولىدۇ. زۇلۇمغا قارشى ئازادلىقنى كۆزلەپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، جۈملىدىن ئالتاي، ئۈرۈمچى، غۇلجىدا يوشۇرۇن ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى 1940 - يىلىدىن كېيىن ئالتاي، كۆكتوقايدا، 1943 - يىلى موللا ئىسلام (شاڭزۇڭ) ئىسمايىلوۋ رەھبەرلىكىدە جىمىنەيدە ئىنقىلابىي پارتىزانلىق ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتتى. شۇ قاتاردا غۇلجىدا قۇرۇلغان «يەر ئاستى ئازادلىق جەمئىيىتى» مۇ كۈرەشنى باشلىۋەتتى. زۇلۇمنىڭ دەردىنى يەتكىدەك تارتىپ چىدىغۇچىلىكى قالمىغان خەلق، «ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ رەھبەرلىكىدە 1944 - يىلى 3 - سېنتەبىردە، نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي دېگەن تاغلىق رايونىدا غېنى، فاتىخ ۋە ئەكبەر باتۇرلارنىڭ باشلامچىلىقىدا، گومىنداڭنىڭ «ئات تەقدىم قىلىش» ھەرىكىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئىنقىلابنىڭ بىرىنچى پاي ئوقىنى ئاتتى. بۇ پارتىزانلىق خەلق ئازادلىق ھەرىكىتى تېزلا ئۇلغىيىپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ قوراللىق قانلىق باستۇرۇشلىرىنى بىت - چىت قىلىپ، 7 - نويابىردا غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلدى. 12 - نويابىر كۈنى غۇلجىدا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. 1945 - يىلى 8 - ئاپرېل كۈنى، غۇلجا شەھىرىدە تارقاق شەكىللەنگەن پارتىزانلىق ئەترەتلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، مىللىي ئارمىيە قۇرۇلدى. ئۇچقۇندىن چىققان يالقۇن كېڭىيىپ، 1945 - يىلى سېنتەبىر ئايلىرىغىچە ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى تولۇق ئازاد قىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئازاد رايونى شەكىللەندى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئارمىيىسىنى ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىغىچە قوغلاپ كەلدى. دەل شۇ مەزگىلدە جەنۇبىي شىنجاڭدا تاشقورغان، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا ئارقىمۇ ئارقا خەلق ئازاد-

لىق ھەرىكەتلىرى باشلىنىپ كەتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مۇ-
شۇنداق جىددىي تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ئەھۋالدا مەسىلىنى
تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ چاغدىكى
خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ئۈچ
ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋە-
كىللىرى بىلەن يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سۆھبەت قىلىش
ئارقىلىق ئوتتۇرىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ھاسىل قىلىندى.
بىتىم ئاساسىدا ئۆلكىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئىشقا
چۈشتى. لېكىن بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تىنچلىق
بىتىم بۇزۇلدى.

ھەممىگە مەلۇم، 1945 - يىلى 8 - ئايدا ياپون جاھان-
گىرلىكى تەسلىم بولدى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازان-
غاندىن كېيىن، جياڭجيېشى ھۆكۈمران گۇرۇھى «ئەمدى پۇرسەت
كەلدى» دەپ بىلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ياردىمىنى
ئېلىپ، ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسىنى يوق قىلىپ، ئازاد رايونلارنى يۇتۇۋې-
تىشنى پىلانلىدى. جياڭجيېشى جاللاتلىق قىلىچىنى كۆتۈرۈپ چې-
قىپ، 1947 - يىلىدىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىچكى
ئۇرۇشنى ئېلىپ باردى. ئازاد رايونلارغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك
ھۇجۇم باشلىدى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ستراتېگىيىلىك چېكىنىشى
ۋە بەزى جايلارنى تاشلاپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، گومىنداڭ
دائىرىلىرىنىڭ خورىكى ئۆسۈپ، جاھانغا پاتماي قالدى.
مۇشۇنداق ئەھۋالدا شىنجاڭدىكى گومىنداڭ جاھىللىرى مۇشىنجاڭ-
دىكى كىچىككىنە ئۈچ ۋىلايەت ئازاد رايونلىرىنى يوق قىلىپ تاشلاش
ئۈچۈن، تىنچلىق بىتىمىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۈچ ۋىلا-
يەتكە قارىتا ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش، يەتتە ۋىلايەتكە (يەنى
شۇ چاغدىكى قەشقەر، خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ، قاراشەھەر، قۇمۇل،



ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىرى) قارىتا قانلىق بېسقۇنچىلىقنى جىددىيلەش-
تۈردى. تىنچلىق بىتىمىنىڭ 1 - ماددىسىدا شىنجاڭدا مۇقىملىق
ئورنىتىلغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە ناھىيىلەردە كېڭەش
ئەزالىرىنى سايلاش بەلگىلەنگەنىدى. لېكىن گومىنىڭ جاھىل-
لىرى ئالدى بىلەن سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ئىلغار، دېموك-
راتىك زاتلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار باندىت
ئوسماننى سېتىۋېلىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارىتا ئاشكارە قوراللىق
ئاغدۇرمىچىلىق ئېلىپ باردى. 1947 - يىلى 25 - فېۋرالدا
ئۈرۈمچىدە گومىنداڭنىڭ ھەربىيلىرى كىيىم ئالماشتۇرۇپ
نامايىش ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ۋە ئىلغار
كىشىلەرگە قارىتا بېسىم ئىشلىتىپ، تەھدىت سالدى.
تۇرپان، توقسۇن، پىچان خەلقلىرىنى قانلىق باستۇردى.
بىتىمگە خىلاپ يۇسۇندا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ پىكرىنى
ئالماي، پانتوركىست مەسئۇد سابىرنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە
قورچاق رەئىسلىككە تەيىنلىدى. بۇ ھالدا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى
قورچاق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنى
رەت قىلدى.

دېمەك، مۇشۇنداق بىرقاتار پىلانلىق، مەقسەتلىك قىلىنغان
ھەرىكەتلەر تىنچلىق بىتىمىنى كېرەكسىز قەغەز قىلىپ تاشلىدى.
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پارچىلاندى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ بىر-
لەشمە ھۆكۈمەتتە خىزمەت ئىشلەش ئىمكانىيىتى قالمىدى. مۇشۇن-
داق ئەھۋالدا، 1947 - يىلى 8 - ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق
ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلدى. ئۈرۈمچىگە
ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىشقا كەلگەن زور تۆركۈمدىكى
يەتتە ۋىلايەت كېڭەش ئەزالىرى ۋە ئۈرۈمچى، تۇرپان قاتارلىق
جايلاردىكى نۇرغۇنلىغان ئىلغار زىيالىيلار ئۈچ ۋىلايەتنى قول-
لاش يۈزىسىدىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت

ۋەكىللىرى بىلەن غۇلجىغا كەتتى.

ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئىقتىسادىي ئىشلارنى ياخشىلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە تىغمۇ تىغ قارشى تۇرۇپ، تېز ئارىدا يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق غەلىبىسىنى كۈتىۋېلىشنىڭ تەييارلىقىنى كۆردى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئالدى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قول چوماقچى بولغان ئوسمان، قالىبەكلەرنىڭ قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىنى تارمار قىلدى. مەسئۇد، ئەيسا، مەمتىمىن قاتارلىقلارنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە زەربە بەردى. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى يەتتە ۋىلايەتتىن كەلگەن كېڭەش ئەزالىرى ۋە بىر تۈركۈم ئىلغار زىيالىيلار بىلەن بىرلىكتە سىياسىي ئۆگىنىش ئۇيۇشتۇردى. بۇ ئارقىلىق ۋەزىيەت تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى. كۈرەش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى.

تىنچلىق بىتىمى بۇزۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سالاھىيىتى بىلەن باشقۇردى. بۇ چاغدا ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىلا بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەينى ۋاقىتتا يەنە «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»، «شىنجاڭ خەلقچىلەر بىرلەشمىسى»، «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» قاتارلىق سىياسىي پارتىيە ـ تەشكىلاتلار بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىسى ئاشكارا، بەزىسى مەخپىي ئىش ئېلىپ باراتتى. بۇ پارتىيە ـ تەشكىلاتلار ئۆز ئالدىغا ئىش ئېلىپ بارغانلىقىدىن ئومۇمىي خىزمەتلەردە، قوماندانلىقتا، ھەرىكەتتە قەدەم بىرلىكى بولماي، بەزى ئۇقۇشماسلىقلار پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا غۇلجىغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقى-



لابىنى قوللاپ كەلگەن نۇرغۇنلىغان يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرى، ھەر مىللەت ئىلغار زىيالىيلىرى، تەرەققىي پەرۋەر زاتلار توپلاشقانىدى.

مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا نۆۋەتتىكى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كۈچنى يەنىمۇ بىرلەشتۈرۈپ، بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، قەدەم بىرلىكى بولغان ۋە يەتتە ۋىلايەتكىمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئۇيۇشقان، ئىتتىپاقلاشقان، بىرلىككە كەلگەن بىر رەھبەرلىك يادروسى تىكلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نى قۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇ ھەقتە ئەخمەتجان قاسىمى: «بىز نېمىشقا ئىتتىپاق تەشكىللىدۇق؟» دەپ كېلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «پۈتۈن دۇنيا مەزلۇم ئەللىرىنىڭ كۈرەش تەجرىبىسى شۇ ئەللەردە مۇستەھكەم بىرلىك سەپ بولمىغاندا، مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئۇتۇققا ئىگە بولالماسلىقنى كۆرسەتتى. مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇتۇققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن كۈرەشكە چۈشكەن تەرەپنىڭ پولاتتەك ئىنتىزامغا ئىگە بولغان بىر تەشكىلاتى بولۇش كېرەك ئىكەن».

«بىز بىتىم قىلدۇق، ئۈرۈمچىگە ۋەكىللىرىمىزنى ئەۋەتتۇق، ئۈرۈمچىدە بىزدە ئىنتىزام بىلەن باغلانغان تەشكىلات بولمىغاچقا، يالغۇز ئابرويى بىلەن ئىش ئېلىپ باردۇق، بۇ ئۈچ ۋىلايەت خەلقىمىزنىڭ ئابرويى ئىدى. بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز ئۈرۈمچىدىكى چاغدا بىتىم ئىلى تەرەپنىڭ يوشۇرۇن پىلانلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن پەردە ـــ دېگەن نەزەرىيىلەرمۇ چىقتى. ئەمما بىر ـ بىرى بىلەن باغلانغان، بىر جايدىن يوليورۇق ئالىدىغان بىر تەشكىلات بولمىغاچقا ئازادلىققا ئىنتىلگەن خەلق ۋەزىيەتكە توغرا باھا بېرەلمەستىن، چوڭلارنىڭ (رەھبەرلىكنىڭ) تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئېنىق بىلەلمەستىن ئايرىم جايلاردا ئەكسىيەتچى گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئېغ-

ۋالارغا ئىشىنىپ، يەتتە ۋىلايەتنىڭ بەزى جايلىرىدا ۋاقىتسىز قوراللىق قوزغىلاڭلارمۇ بولدى. ئىلى تەرەپ تىنچ تۇرغان خەلقنى ئومۇمىي قوزغىلاڭغا دەۋەت قىلمىغان ۋاقىتلاردا ئىلگىر-ئاخىر ئۆز-ئۆزىدىن پەيدا بولغان بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە بولالماسلىقى تەبىئىي ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەكسىيەتچىلەر ئۆزلىرى ئىغۋا بىلەن چىقارغان بۇ قوزغىلاڭلارنى ناھايىتى ئاسانلىق بىلەن رەھىمسىزلەرچە باستۇرالىدى. بۇ ۋەقەلەر ئىنتىزام بىلەن بىرلەشكەن تەشكىلات بولمىسا، يالغۇز ئابروي بىلەن ئۇنداق ئىشلارنى ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە لايىق ھەممىنىڭ ھەرىكىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، پىلانلىق، مەقسەتلىك باشقۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ھەممەيلەن شۇ پەردىلا (ئۇرۇمچىدىلا) بىر پىكىرگە كېلىپ قالغانىدى. ۋەكىللىرىمىز-«ئىلىغا بارغاندا بىر تەشكىلات قۇرايلى ۋە ئىنتىزامنى تەشكىلات بىلەن باغلايلى» دېگەنىدى. چۈنكى پىشىپ يېتىشمىگەن ئايرىم ھەرىكەتلەر پۈتۈن ئومۇمىي ھەرىكەتكە تەسىر قىلىپ قويىدىكەن، بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت ئىدى. ئازادلىققا تەشنا بولۇپ يۈرگەن خەلقىمىز زۇلۇمغا چىداشلىق ئەھۋالى قالمىغان چاغدا ئۇچۇق كۈرەش مەيدانىغا ئىنتىلىدۇ. خەلقىمىزنىڭ شۇ ئىنتىلىشىدىن دۈشمەن ئېغۋا تۇققۇشقا ئۇرۇنىدۇ، خەلقىمىزنىڭ سادىق پەرزەنتلىرىمۇ شۇلارنى توغرا يولغا باشلايمەن دەپ، كۈرەش قىلىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە بىر-بىرى بىلەن باغلانمىغان، گايى يېڭىلىش يولغا چۈشۈپ قالغان تەشكىلاتلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئەمدىكى بىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىمىز ئۆز-ئۆزىدىن ھەرىكەتلىنىپ يۈرگەن ئايرىم تەشكىلاتلارنى (مەيلى ئۇ ئاشكارە ياكى مەخپىي بولسۇن) ۋە ئومۇمىي خەلقىمىزنى، ئەركىن ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە قۇرۇلغان ئۇچۇق پروگراممىلىق ئاممىۋى تەشكىلات سېپىگە بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ ھەرىكەت بىرلىكىنى تە-



مىن قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ھەر بىر جايلاردا بولىدىغان ھەرىكەتلەر مۇشۇ ھەرىكەتكە باغلىق بولسىلا، ئۇتۇق قازىنىمىز.»①

مۇشۇنداق زۆرۈر ئېھتىياج ۋە ئەمەلىي كۈرەش تەجرىبىسى تۈپەيلىدىن ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجا شەھىرىدە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى تەرەققىي پەرۋەر زاتلار، ئىلغار زىيالىيلار، يەتتە ۋىلايەتتىن كەلگەن كېڭەش ئەزالىرى قاتناشقان مەسلىھەت يىغىنى چاقىردى. بۇ يىغىندا بىرلىككە كەلگەن ئاممىۋى خاراكتېرلىك بىر سىياسىي تەشكىلات قۇرۇش ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ نامىنى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» دەپ ئاتاشنىڭ زۆرۈر ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «ئەمدى قانداق تەشكىل قىلىشىمىز كېرەك؟ خەلقىمىز بىتىمنى قوبۇل قىلدى، ئۇنى ئاخىرىغىچە داۋام قىلدۇرۇش كېرەك ئىدى. بۇ مەقسەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئاتالمىنى خەلقچىللىق دەيدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن «خەلقچىللىق» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتتۇق، پۈتۈن دۇنيا خەلقى تىنچلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، بىزگىمۇ تىنچلىق لازىم. دۇنيا خەلقىنىڭ تىنچلىق دېگەن ئاۋازىغا ئۆز ئاۋازىمىزنى قوشقانلىقىمىزنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ «تىنچلىق» سۆزىنى ئالدۇق. شۇنداق قىلىپ خەلقنىڭ تەسىس يىغىنىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» دېگەن نامنى قوبۇل قىلدى.»②

يىغىنغا قاتناشقان ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى خەلق ۋەكىللىرىنىڭ بىردەك ھىمايە قىلىشى ۋە قوللىشى بىلەن 1948-يىلى 1-ئاۋغۇستا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» رەسمىي قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا قارار قو-

① ئە. قاسىمى. «تاللانما ئەسەرلەر» 232-بەت.
② ئە. قاسىمى. «تاللانما ئەسەرلەر» 236-بەت.

بوٴل قىلىندى. قاراردا ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئېغىر زۇلۇم ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ كەلگەن ئۆلكە خەلقى 1949 - يىلدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتتىن كېيىن خەلقچىللىق ۋە ئەركىنلىك ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ 1946 - يىلى 6 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرى بىلەن تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمنى بۇزۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قان - تەر بەدىلىگە قولغا كەلتۈرگەن ئازاد - ئەركىنلىكىنى يوق قىلىپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى ئالاھىدە تەكىتلىنىپ، ئازادلىققا تەشنا ئېزىلگەن خەلقنى توغرا كۈرەش يولىغا باشلاش ئۈچۈن ھەممە ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار كۈچلەر ۋە گۇرۇھلارنى يىگانە رەھبەرلىككە بىرلەشتۈرۈش مەقسىتىدە مەزكۇر «ئىتتىپاق» قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ بۇ تەسىس يىغىنىدا ئېلان قىلىنغان پۈتكۈل ئۆلكە خەلقىگە چىقارغان مۇراجىئەتنامىدە بۇ ئىتتىپاقنىڭ يولى ۋە ھەرىكەت پروگراممىسى كۆرسىتىپ بېرىلدى. مەزكۇر مۇراجىئەتنامىدا «ئىتتىپاق» ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا قويغان كۈرەش ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان: «ئۆلكىدىكى بارلىق مىللەت، سىنىپ، ئىلغار كىشىلەر بىر تەشكىلات سېپىگە ئۇيۇشۇپ، ئۇلارنى ئىنقىلابىي ئىنتىزام بىلەن باغلاپ، خەلقنىڭ تەشكىللىك بۈيۈك بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن ئۆلكىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە ۋە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى جاھانگىرلارغا، ئۇلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك قۇللۇق سىياسىتىگە، مىللىي ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇنسۇرلارغا قارشى رەھىمسىز كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ئۆلكە خەلقىنى زۇلۇمدىن ئازاد قىلىپ، ئەركىن، باراۋەر، ھوقۇقلۇق خەلقچىل ھاكىمىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت»- دەپ ھەرىكەت پروگراممىسى ئېنىق كۆرسە-



تىلگەن. يەنە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ئاممىۋى خەلق تەشكىلاتى بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ھەقىقىي خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. باراۋەرلىك، دوستلۇق ۋە تىنچلىق ئورنىتىش ئۈچۈن ۋە شۇنىڭ بىلەن باراۋەر ۋەتىنىمىزدە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ باي، مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈنمۇ كۈرەش قىلىدۇ»- دەپ ئىتتىپاقنىڭ خاراكتېرى بەلگىلەنگەن.

«ئىتتىپاق» قۇرۇلغان چاغدىكى 12 ماددىلىق مۇراجىئەتنامىدا يەنە: «خەلقنىڭ سۆز - مەتبۇئات، يىغىن ئۆتكۈزۈش، تەشكىللىي ئۇيۇشۇش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، خەلق ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان يەرلىك ۋەكىللەردىن مەمۇرلارنى سايلاش پرىنسىپىنى ئەمەلدە يۈرگۈزىدۇ، خەلققە ئۆز ئانا تىلىدا گېزىت - ژۇرنال ۋە دەرسلىكلەرنى نەشر قىلىش ھوقۇقىنى بېرىش، مەمۇرلار ئىش ئۈستىدە نازارەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن خەلق ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان كىشىلەردىن سايلانغان كېڭەش مەجلىسلىرىنى قۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئىش شارائىتىنى تەمىنلەش، ھەر مىللەتنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇلىدىغان مەكتەپلىرىنى كۆپەيتىش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىگە مۇتەخەسسىسلەر تەييارلىغۇچى ھۈنەر، مەخسۇس ئوتتۇرا ۋە ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىنى قۇرۇش، تىياتىر، رادىئو، كىنو ئىشلىرىنى ياخشىلاش، دوختۇرخانا، شىپاخانا ۋە باشقىمۇ داۋالاش مۇئەسسەلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ھەمدە كەمبەغەللەرگە ھەقسىز تېببىي ياردەملەرنى بېرىشكە ئوخشاش خەلقنىڭ قانۇنىي ھوقۇقلىرىنى تەمىنلىگۈچى كونكرېت مەسىلىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدى ۋە «ئىتتىپاق» نىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ، بۇ ئۇلۇغ نىشان، ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىشىنى تەكىتلىدى.

«ئىتتىپاق»نىڭ تەسىس يىغىنىدا، ئەخمەتجان قاسىمى رەئىسلىكىدە 35 نەپەر كىشى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت

ئەزالىقىغا، بەش نەپەر كىشى كاندىدات ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى. «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتىدا يەنە دائىمىي ئىجرائىي ھەيئەت ئەزا (پىرىزىدىئوم) قۇرۇش لازىم تېپىلىپ، دائىمىي ھەيئەت رەئىسلىكىگە ئەخمەتجان قاسىمى، دائىمىي ئىجرائىي ھەيئەتلىككە گېنېرال ئىسھاقبېك مۇنۇنوپ، گېنېرال دەلىلقان سوگورباييوۋ، سەيپىدىن ئەزىزى، قەييۇم بېك خوجا، ئابدۇراخمان مۇھىتى، ئىبراھىم تۇردى، ئەسئەت ئىسھاقوۋ، ئەنۋەر خانبابايوۋ، سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ، قاسىم ئەپەندى (قازاق)، لېسكىن (روس) قاتارلىق كىشىلەر سايلاندى.

«ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتى تەركىبىدە يەنە كاتىبات، تەشۋىقات - ئاخبارات، ياشلار، ئاممىۋى خىزمەت قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملەر (بۆلار) تەشكىل قىلىندى. بۇ ئورۇنلارغا: ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ تەشۋىقات، ئاخبارات ئىشلىرىغا؛ ئابدۇراخمان مۇھىتى ياشلار، ئاممىۋى خىزمەت ئىشلىرىغا؛ سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ تەشكىلات قاتارلىق ئىشلارغا؛ ئابدۇرېھىم ئەيسا كاتىبات قاتارلىق ئىشلارغا كونكرېت مەسئۇل بولدى.

ئىلگىرى نەشر قىلىنىپ كېلىۋاتقان «ئويغان» گېزىتىنى «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەشر ئەفكارى قىلىپ بېكىتتى. «ئىتتىپاق» نامى بىلەن ئايلىق ژۇرنال چىقىرىش قارار قىلىندى. بۇ ژۇرنال 1948 - يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدىن باشلاپ مۇنتىزىم رەۋىشتە 200 بەتلىك چوڭ ھەجىمدە نەشر قىلىنىپ تۇرۇلدى.

ئىتتىپاق قۇرۇلغاندىن كېيىن، «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» قاتارلىق پارتىيە، تەشكىلاتلار تارقىتىۋېتىلىپ، «ئىتتىپاق» تەشكىلىدىن ئىبارەت بىر مەركەز، بىر رەھبەرلىك يادروسى تىكلەندى. «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ تەنتەنە بىلەن تەشكىل قىلىنىشى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە



تۇرغان ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى.

«ئىتتىپاق» قۇرۇلغاندىن كېيىن بارلىق ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى، كەسپىي ئورۇنلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلار (ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى) ۋە مىللىي ئارمىيە قاتارلىق مەمۇرىي، ھەربىي ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىگە «ئىتتىپاق» بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى. ھەر قايسى ۋىلايەت ئورۇنلىرىدا، ئىدارە - جەمئىيەت ۋە مەكتەپلەردە، ئاساسىي قاتلام ئاھالە كومىتېتلىرى ۋە زاۋۇت كانلاردا، مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىدا تېزدىنلا «ئىتتىپاق» نىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش ئىشى باشلىنىپ كەتتى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئۈچ يەرلىك تەشكىلات، 29 ناھىيە دەرىجىلىك تەشكىلات، 759 يەرلىك ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. «ئىتتىپاق» سېپىگە ئەزا بولۇپ كىرىش دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى. ھەر مىللەت تەرەققىيپەرۋەر زاتلىرى، ئىلغار زاتلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، دېھقان - چارۋىچىلار، ئوفىتسېر - جەڭچىلەر بولۇپ، تۈركۈملەپ ئىلتىماس يېزىپ «ئىتتىپاق» قوينىغا كىردى.

1949 - يىلى ئۆلكە تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ئالدىدا، ئىتتىپاق ئەزالىرى 77،394 نەپەردىن ئېشىپ كەتتى. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە 500 مىڭ ئەتراپىدا ئاھالە نوپۇسى بار بولۇپ، بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ئىتتىپاق قوينىغا كىرگەنلەرنىڭ سانى ئاز ئەمەس ئىدى.

«ئىتتىپاق» سېپىگە كىرگەن 77 مىڭدىن كۆپرەك ئەزالارنىڭ 28 مىڭىنى دېھقانلار، 17 مىڭىنى ئىشچىلار، 11 مىڭغا يېقىن سانىنى چارۋىچىلار، ئالتە مىڭىنى خىزمەتچىلەر، ئۈچ مىڭىنى قول ھۈنەرۋەنلەر تەشكىل قىلدى. بارلىق ئەزالار ئىچىدە ئايال

گەزالار ئون پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى.

«ئىتتىپاق»قا شۇ چاغدىكى شىنجاڭدىكى 13 مىللەتنىڭ ھەممىسىدىن ئەزا بولغانلار بار ئىدى. شۇ چاغدىكى ئاھالەنوپۇسى گەڭ ئاز مىللەتلەردىن ئالغاندا، ئۆزبېكلەردىن 893 نەپەر، تاتارلاردىن 987 نەپەر، خەنزۇلاردىن 769 نەپەر، شىبەلەردىن 587 نەپەر، داغورلاردىن 312 نەپەر «ئىتتىپاق» ئەزاسى بار ئىدى.

بۇ سىياسىي تەشكىلاتنىڭ تەسىرى ئاستا ـ ئاستا كېڭىيىپ،گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدائۇتۇرىغۇاتقان يەتتە ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت تەرەققىيپەرۋەرلىرى ۋە ئىلغار زاتلارغىمۇ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇلار «ئىتتىپاق» تەشەببۇس قىلغان ۋە ئالغا سۈرگەن كۈرەش ھەرىكەتلىرىگە ئۆز ھەرىكەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. ئۇلار بىرلىككە كەلگەن ھەرىكەت پروگراممىسى بىلەن كەڭ خەلق ئىچىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئاممىۋى تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتتى. كەڭ خەلق ئاممىسىگە ئۈمىد ۋە ئىلھام بەخش ئەتتى. «ئىتتىپاق» قۇرۇلغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن سىياسىي ئۆگىنىش ۋە ۋەزىيەت ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ ئارقىلىق كادىرلار، جەڭچىلەر ۋە خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئىنقىلابىي تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتتى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىگە ئىشەنچ باغلاپ، بۇ غەلىبىنى كۈتىۋېلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگەۋەتەن بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسىگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. «ئىتتىپاق»قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى بىرىنچى قېتىم «ئىتتىپاق ئاكتىپلىرى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يىغىنىي» دا مىللىي مەسىلە، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى ئالاھىدە تېما قىلىپ



سۆزلىدى. ئۇنىڭ 1949 ـ يىلنىڭ باشلىرىدا يازغان «مىللىي مەسىلىدىكى بەزى بىر خاتالىقلىرىمىز» دېگەن ماقالىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى گۆيىندى.

«ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 30 ـ سانلىق ھەيئەتلەر يىغىنىدا، «مىللىي زىددىيەتچىلىك ئوتىنى ياققۇچى ئۇنسۇرلارنىڭ ھەرىكىتى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ئوتتۇقلىرىغا قارشى قارىتىلغان ۋە بىزنىڭ خەلقچىل يولىمىزدا پوتىلىكا شاڭ بولىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت دەپ تونۇلسۇن»، «مىللىي ھاقارەتلەش، مىللەتنى بوزەك قىلىش، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى مەسخىرە قىلىشقا ئوخشاش ھەرىكەتلەر قەبىھ جىنايەت دەپ تونۇلسۇن...... مىللىي زىددىيەتچىلىك ئۇرۇقلىرىنىڭ زەھەرلىك تۇخۇمىنى ئۇلارىدىن سىقىپ چىقىرىپ، خەلق ئېڭىنى مىللەتلەر ئارا دوستلۇق ۋە بىرلىك روھىدا تەربىيە قىلىش ئىشلىرىدا «ئىتتىپاق» تەشكىلاتلىرى زېرىكمەي ئىشلەشلىرى، تەلىم ـ تەربىيە ۋە تەشۋىقى ـ تەرغىبات خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنى داۋاملىق رەۋىشتە ئېلىپ بېرىش تاپشۇرۇلسۇن»، دەپ چىقارغان قارارنىڭ ئەھمىيىتىدىكى ئۇنۇمى ناھايىتى زور بولدى.

«ئىتتىپاق» كەڭ ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى بولغان باندىت ئوسمان، مەسئۇد، ئەيسا، مەتمىنلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئازاد رايونلىرىغا قارشى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان سىياسىي ـ ئىقتىسادىي جەھەتتىن بوغۇش، قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشقا ئوخشاش ھۇجۇملىرىغا ئۆز ۋاقتىدا تېگىشلىك زەربىنى بەردى. ئىشلەپچىقىرىش، ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى، مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىنى ياخشى ئېلىپ باردى. مالىيە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالدى، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى، ئىتتىپاق، تىنچ، خاتىر-

جەم تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئەخمەتجان قاسىمى رەھبەرلىكىدىكى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاق»ى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىك يادروسى بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە جۇشقۇن روھلۇق ۋە ئىنتىزامچانلىق بىلەن غەلىبىسىرى يۈكسەلدى ۋە كۈچەيدى.

«ئىتتىپاق» تەشكىلىنىڭ يېتەكلىشى ۋە بارلىق «ئىتتىپاق» ئەزالىرىنىڭ قوللىشى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىدە ھەر جەھەتتىن گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ روھىي قىياپىتىدىمۇ زور بۇرۇلۇش يۈز بەردى. ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىشىغا «ئىتتىپاق» ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىش ئارپىسىدا ۋە ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ۋە ئۇنىڭ ھەر دەرىجىلىك يەرلىك تەشكىلاتلىرى ئاجايىپ جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. «ئىتتىپاق» ئەزالىرى كۆكرەك كېرىپ ئامما ئارىسىغا بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىرىنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ مەغلۇپ قىلىنغانلىقىنى، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تولۇق ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىنى تەشۋىق قىلدى. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ساقلاش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلىكى، ئەھمىيىتى ئۈستىدە ئۆگىنىش ۋە كەڭ تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ قوللىشى ۋە ئىشەنچىسىنى چىڭىتتى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى بوران - چاپقۇنلۇق جىددىي پەيتلەردە، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى



ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرى باشلامچى بولۇپ، ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

راست، ئەمەلىي گەپنى قىلغاندا، جايلاردا كوممۇنىستىك پارتىيە تەشكىللىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ياچېيكىلىرى تېخى قۇرۇلمىغان، ياكى يىلتىز تارتىپ تېخى ئاساسىنى تىكلىمىگەن دەسلەپكى ئەھۋالدا «ئىتتىپاق» تەشكىلاتلىرى ۋە ئەزالىرى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەگىشىپ پارتىيىنىڭ ياردەمچىسى ۋە ھەمكارلاشقۇچىسى بولدى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ يېقىن قوللىغۇچىسى بولدى.

«ئىتتىپاق» نىڭ يەنە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى ئەڭ زور خىزمىتىنىڭ بىرى شۇ بولدىكى، ئۇ، ئۆز قوينىدا دەسلەپكى كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە بىر تۈركۈم ھەر مىللەت ئاۋانگارت ياشلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى، ئازادلىقتىن كېيىن مۇشۇ خىلدىكى زور تۈركۈمدىكى ھەر مىللەتتىن بولغان «ئىتتىپاق» ئاكتىپلىرى يەنىمۇ شەرت ھازىرلاپ، ئالدى بىلەن كومپارتىيىنىڭ قوينىغا كىردى، بىر مۇنچە ياشلار كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىردى. شۇنداقلا زور تۈركۈمدىكى ئىتتىپاقنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئورگانلىرىدا مۇھىم رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. جۈملىدىن «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋەخەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ئۆزىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى يادرولۇق رەھبەرلىك پائالىيىتىنى 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇستەقىل يۈرگۈزۈپ كەلدى.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ بيۇروسى ۋە ئۇنىڭ ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك كومىتېتلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ئىتتىپاق» نىڭ نامى ئۆلكىدە يېڭى دېموكراتىك تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەشكۈچى دېموكراتىك بىرلىك سەپ دېگەن ئاممىۋى تەشكىلاتقا ئۆزگەرتىلدى. 1950 - يىلى

ئىيون ئېيىدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ئەزالىرى ۋەكىللىرىنىڭ (يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرىمۇ قاتناشقان ھالدا) ئۆلكىلىك كونفىرېنسىيىسى ئۆتكۈزۈلدى. كونفىرېنسىيىدە يېڭى تارىخىي دەۋر شارائىتىغا لايىق قىلىنغان ھالدا، بۇرۇنقى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» دېگەن نام «شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» دەپ ئۆزگەرتىلدى. سەيپىدىن ئەزىزى رەئىس بولدى. 1933 - يىلقى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ھەرقايسى جايلاردا ۋۇجۇدقا كەلگەن ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى پۈتكۈل تەركىبى بىلەن يەنە شۇ «شىنجاڭ دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» غە قوشۇلۇپ كەتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، «ئىتتىپاق» ئۆز پائالىيىتىنى پۈتۈنلەي پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىپ، پارتىيە تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى غەلىبىلىك ئورۇندىدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى قايناملىق كۈرەشلىرىدە، جۇملىدىن ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، ئۈچكە ۋە بەشكە قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرى، دەسلەپكى دېموكراتىك ئاساسىي قاتلام سايلاملىرىدا «ئىتتىپاق» ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرى كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، بۇ پائالىيەتلەرگە قاتناشتى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش پائالىيىتىگىمۇ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، خەلق ئاممىسى ئىچىدە تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ باردى ۋە ماددىي ياردەملەرنى توپلىدى. ھەر يىلقى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋە كۈزلۈك يىغىم پەيتلىرىدە، ئەزالار ئاساسىي قاتلام مەھەللە - يېزىلارغىچە چۈشۈپ خىزمەت ئىشلىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك كومپارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ، ھەر مىللەتتىن بولغان يەرلىك پارتىيە ئەزالىرىمۇ يېتىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان، ئومۇمەن پارتىيىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكى تىكلىنىپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتى مۇقىملاشقان ئا-



ساستا، «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچى، شانلىق ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە، كومپارتىيىگە، جەمئىيەتكە نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىش بىلەن، 1954 - يىلى تارقىتىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. لېكىن، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرى تارىخىدا «ئىتتىپاق» ئۆزىنىڭ تەشكىلاتچىلىق ۋە كۈرەشچان روھى، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتى ۋە ئاممىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى، كەڭ ئاكتىپ پائالىيىتى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. «ئىتتىپاق» نىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ شانلىق غەلىبىلىرى بىلەن بىر قاتاردا شىنجاڭ تارىخىغا يېزىلىپ، خەلقىمىزنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدۇ.

# «يەتتە ۋىلايەت خەلقچىلەر بىرلەشمىسى» ھەققىدە ئەسلىمە

## مەھەممەت ھەسەن ئارسلانوۋ

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك مونونوۋ، مەرھۇم گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇرباييوۋ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ تەشەببۇسى ۋە بىۋاستە رەھبەرلىكىدە، ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن «يەتتە ۋىلايەت خەلقچىلەر بىرلەشمىسى» 1947 - يىلى 9 - ئايدا غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلغان ئىدى. مەزكۇر بىرلەشمىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن:

### بىرلەشمىنىڭ تەشكىلى توغرىسىدا

گومىنداڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك باستۇرۇشى ۋە رەھىمسىز ئېزىشىگە چىدىماي يەتتە ۋىلايەتتىن قېچىپ چىققان بىر بۆلۈم زىيالىيلار، ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، يەتتە ۋىلايەتتىن ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىغا كەلگەنلەر (قەشقەر ۋىلايىتىدىن 24 نەپەر، خوتەندىن بىزگە قوشۇلغان كېڭەش ئەزاسى ئوسمان تۇردى، ئاقسۇدىن قوشۇلغان كېڭەش ئەزاسى سەمەتخان، قارا شەھەردىن قوشۇلغان كېڭەش ئەزاسى ئوسمان يا-



قوپ، تۇرپاندىن قوشۇلغان كېڭەش ئەزاسى سىراجىدىن زەپەر، مەھەممەت زەيدىنلار) 1947 - يىلى 8 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن غۇلجا شەھىرىگە كەلدۇق.

يەتتە ۋىلايەت رايونىدىكى ئېزىلىشنىڭ دەھشەتلىكى، ئالۋاڭ - ياساقنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقى، باج - سېلىقنىڭ كۆپلۈكىدىن تۇرمۇشنىڭ چىقىش يولىنى تېپىش ئۈچۈن ئۆز يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلىپ، مۇساپىر بولۇپ، كەينى - كەينىدىن غۇلجىغا كەلگەنلەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى. بۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەم گومىنداڭنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى خەلقى - ئالەم ئالدىدا پاش قىلىش مەقسىتىدە بىرەر تەشكىلنىڭ قۇرۇلۇشى مۇھىم ئىدى. شۇڭلاشقا، بۇ ئېھتىياج تۈپەيلىدىن «يەتتە ۋىلايەت خەلقچىلەر بىرلەشمىسى» قۇرۇپ چىقىلغانىدى.

مەزكۇر بىرلەشمىنىڭ رەئىسلىكىگە ئىبراھىم تۇردى (سابىق ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى) سايلاندى، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە قاسىم ئەپەندى (سابىق ئۆلكىلىك قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى. بۇ كىشى 1948 - يىلى غۇلجىدا ۋاپات بولۇپ ئىنقىلابىي قۇربانلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىندى. ئايالى نۇرىمان ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ، 1983 - يىلى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى)، نىغمەت خەلپەت (تۇرپاندىن بولۇپ، ئاتاغلىق دېموكراتىك زات ئىدى، ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن تۇرپاندا ۋاپات بولدى)، خەلپەت سوزۇك ھاجىيوۋ (سابىق قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزاسى ئىدى، ھازىر ئۈرۈمچىدە) قاتارلىقلار، مەھەممەت ھەسەن ئارسلانوۋ (سابىق قەشقەر ۋىلايەتلىك قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان، ھازىر ئۈرۈمچىدە) باش كاتىپلىققا سايلاندى.

بىرلەشمەتەركىبىدە ئىشخانا، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات
بۆلۈمى قاتارلىقلار بولۇپ، ئورنى غۇلجا شەھىرى بەيتۇللا جامەسىنىڭ
ئۇدۇلىدىكى بىر چوڭ قورودا قۇرۇلدى.

## بىرلەشمىنىڭ ۋەزىپىسى

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى رائىرىلىرىنىڭ يەتتە ۋىلايەت رايونىدا
يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە ئىنسان قېلىپىدىن
چىققان كەمسىتىش، تېررورلۇق، بۇلاڭچىلىق، قاراقچىلىق، باستۇرۇش-
لارغا ئوخشاش ياۋۇز قىلمىشلىرىنى پاكىت بىلەن خەلقى ئالەمگە
مەتبۇئاتتا پاش قىلىش مەزكۇر بىرلەشمىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى
ھېسابلىناتتى.

1947 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى ئۈچ ۋى-
لايەت بىلەن تۈزگەن تىنچلىق بىتىمىنى يىرتىپ تاشلاپ، يەت-
تە ۋىلايەت دائىرىسىدە بولۇپمۇ تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردا
ۋە 1947 - يىل 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قەشقەر ۋىلايىتىدە
ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارلىرى بولغان «قىزىل پاچاقلار»نى تا-
زىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، بىر قېتىمدا بىر قانچە يۈز-
لىگەن زىيالىي ياشلارنى، ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى ۋە ئىلغار دېھ-
قان، چارۋىچىلارنى قولغا ئالغانىدى. شۇ قېتىم قولغا ئېلىن-
غانلار ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى-
نىڭ مۇئاۋىنى قاسىمجان قەمبىرى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ
ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلىز مۇھەممىدى؛ قەشقەر گېزىتخانى-
سىدىن ئالىم ئەخمەت؛ تاشقۇرغان ئىنقىلابىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى-
دىن مەھەممەت ئەيسا بەگ، خوجا بەگ قاتارلىقلار، زىيالىيلار-
دىن ئابلەق ئەزىزى، يازغۇچى تۇرغۇن ئالماس، قاسىم تاش،
ھەيدەر ئېلىبەگ، ياقۇپ ئاخۇن قاتارلىقلار بولۇپ، تا ئۆلكە
ئازاد بولۇش ھارپىسىغاقەدەرتۈرمىگەقامالغان ھەمدە ئېغىر ئازا-



بلارنى تارتقانىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يەتتە ۋىلايەت خەلقچىلەر
بىرلەشمىسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈستىدىن پاش قىلىش،
شىكايەت قىلىش ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، بارلىق سىياسىي
مەھبۇسلارنىڭ ھاياتىغا جاۋابكار بولۇش ھەققىدە گومىنداڭ
ئەكسىيەتچى دائىرىلىرىغا مەكتۇپ تاپشۇرغان. دېمەك مەزكۇر
بىرلەشمە يەتتە ۋىلايەت خەلقىگە نىسبەتەن قوللاپ - قۇۋۋەت-
لەش، ئارقا تېرەك بولۇش؛ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرىگە
نىسبەتەن غەزەپ نەپرىتىنى ياغدۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن
يەتتە ۋىلايەتتىن تۇرمۇشنىڭ چىقىش يولىنى ئىزدەپ
ئۆز يۇرت ماكانىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت-
تىن پاناھ تىلەپ قېچىپ چىققانلارنى مەكتەپكە، ھەربىي مەك-
تەپكە، دىنىي زاتلارنى دىنىي ئورۇنلارغا، خىزمەتكە لايىقلارنى
مۇناسىۋەتلىك ئىدارە جەمئىيەتلەرگە تونۇشتۇرغان. بىر بۆلۈم
دېھقان، چارۋىچىلارنى يىغىپ بوز يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق قى-
لىشقا ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

مەسىلەن: دېھقانلارنى غۇلجا شەھىرى بايانداي يېزىسىنىڭ تۆپە-
سىدىكى «دورىشاڭ» دېگەن يەردە بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىققا
ئورۇنلاشتۇرغان. دېھقانچىلىققا كېرەكلىك ئات - ئۇلاقلارنى گېنېرال
لېتىنانت ئىسھاقبېكنىڭ غەمخورلۇقىدا ئارمىيىدىن بوشىتىلغان
ئاتلار بىلەن، ئەخمەتجان ئەپەندىمنىڭ غەمخورلۇقىدا
ئاجرىتىلغان 50 ھارۋا، سوقا - سايمان، ئۇزۇقلۇق ئاش ۋە
بانكىدىن ئۆسۈمسىز نۇرغۇن قەرز پۇل ئېلىش بىلەن تەمىنلىگەن.
شۇڭا ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاۋات ناھىيىسىدىن بىز بىلەن بىللە كەلگەن
سەمەتخان دېگەن يولداشنىڭ باشچىلىقىدا دېھقانچىلىق قىلىپ
ياخشى ھوسۇل ئېلىنغانىدى.

مەزكۇر بىرلەشمە ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى شەرەپ
بىلەن ئادا قىلىپ، 1948 - يىلى 8 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ
بارلىق ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك ۋە قوماندانلىق قىلىدىغان شىن-

چاغدا «تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»غا قوشۇۋېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈملۈك چارىلەر بىلەن يەتتە ۋىلايەتتىن كەلگەنلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغان.

يەتتە ۋىلايەت خەلقچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلىگەن رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ ۋە باشقا خادىملارنى «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتى ئۆز قارمىقىدىكى تەشكىللەرگە ئورۇنلاشتۇرغان. جۈملىدىن مېنى ئىلى ۋىلايەتلىك ئىتتىپاقىغا باش كاتىپ قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان.

ھىممەت سەمەت تەرجىمىسى



# 25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى توغرىسىدا

خەمەت سۇلتان

«25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسى»— 1947 - يىلى 25 - فېۋرال ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن پاجىئەلىك قانلىق ۋەقە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن، شۇنداقلا مېنىڭ ئېسىمدىنمۇ تېخى چىقىپ كەتكىنى يوق. چۈنكى، مەن شۇ چاغدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىبات بۆلۈمىدە مۇدىر كاتىپ بولۇپ ئىشلەيتتىم. ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى ئويلىسام، گويا خۇددى بىر «پاجىئەلىك كارتىنا» كۆز ئالدىمدىن ئۆتكەندەك بولىدۇ. بۇ يىل ئەنە شۇ «25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسى»نىڭ 42 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن مۇشۇ ئەسلىمىنى يازدىم.)

1944 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابى گومىنداڭنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنى يوقىتىپ، ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە يەنە ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ، غەلىبە سىرى شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ، جىڭ بىلەن شىخونى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىچە ئىلگىرىلەپ كىردى. گومىنداڭ

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ماناس دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىگە ئوت قويۇۋەتتى.

1945 - يىل 8 - ئايدا دۇنيا ۋەزىيىتىدە، شۇنداقلا جۇڭگو ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بەردى. 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى تەسلىم بولىدىغانلىقى ھەققىدە نائىلاج 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جاۋخۇي (نوتا) تاپشۇردى ۋە 14 - كۈنى شەرتسىز تەسلىم بولىدىغانلىقىنى رەسمىي ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 1945 - يىل 8 - ئايدا 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى.

ياپون قاراقچىلىرىنىڭ تېز تەسلىم بولۇشى پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. جياڭ جېيشى 1945 - يىل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىا ئەۋەتىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋەكىللىرىنى چۇڭچىڭغا كېلىپ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى بارلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شۇنىڭدەك تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدا ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ۋە جياڭ جېيشىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، كەڭ خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئۆز ۋەكىللىرىنى چۇڭچىڭغا ئەۋەتىپ، گومىنداڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش قارارىغا كەلگەنىدى.

ئېنىقكى، تاشقى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى شىنجاڭ ۋەزىيىتىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بۇ چاغدا، گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ چۇڭچىڭغا قايتا - قايتا تېلېگرامما يوللاپ: ۋەزىيەت ئېغىر، كەلگۈسى قانداق بولىدۇ، مۆلچەرلەش قىيىن ... دەپ جىددىي مۇراجىئەت قىلىدۇ. جياڭ جېيشى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بەكمۇ تەشۋىشلىنىپ دەرھال جاڭ



جىجۇڭنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىدۇ.

1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. شۇ كۈنى جۇ شاۋلياڭ جاڭ جىجۇڭغا ئەھۋالدىن دوكلات بېرىدۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان جاڭ جىجۇڭ، ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن دىپلوماتىيە خادىمى ليۇ زېرۇڭغا سۆھبەتكە يول ئېچىش ئۈمىدىنى ئىزھار قىلىدۇ. 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئۆزى جياڭ جېيشىغا دوكلات قىلىش ئۈچۈن ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا قايتىدۇ. جاڭ جىجۇڭ چۇڭچىڭغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئارقىلىق تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە يول ئاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جاڭ جىجۇڭنى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ سۆھبەت ۋەكىلى قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىدۇ. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى: رەھىمجان سابىر ھاجى، ئەبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ كىشى بولۇپ، ئۇلار ئىككى كۈن ئاۋۋال (10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى) ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى باشلىنىدۇ.

ئىككى تەرەپ تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، «مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن ئۆزگىرىشنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھىسى» نى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ كۆرسەتمە لايىھە مىللىي باراۋەرلىك، سىياسىي دېموكراتىيە، يەرلىك ئاپتونومىيىدىن ئىبارەت ئاساسىي پرىنسىپ بويىچە تۈزۈلىدۇ.

مۇشۇ ئارىلىقتا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا بېرىپ كەلمەكچى

بولۇپ. ئۇلار ئاز بولغاندا ئون كۈن، كۆپ بولسا ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇ يىل 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۇلار ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. جاڭ جىجۇڭ 14 - كۈنى ئۇلارنى قوبۇل قىلىدۇ.

29 - كۈنى سۆھبەتنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىي بىلەن قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشتىن ئىبارەت ئىككى ماددىغا يىغىنچاقلىنىشىدۇ. ئاخىرى، 11 ماددىلىق رەسمىي ھۆججەت دەسلەپكى قەدەمدە مۇئەييەنلىشىدۇ، شۇنداق قىلىپ 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، رەسمىي ھۆججەت بىلەن (1) قوشۇمچە ھۆججەتكە رەسمىي ئىمزا قويۇلىدۇ. (2) قوشۇمچە ھۆججەتتىكى، قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش مەسىلىسى يەنە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قالدۇرۇلىدۇ.

1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، جاڭ جىجۇڭ چوڭچىڭغا قايتىپ كېتىدۇ. 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ مەركەزنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى يەرلىك ئورۇننىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي باشلىق سالاھىيىتى بىلەن كېلىدۇ. ئۇ 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، 5 - كۈنى ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، جاڭ جىجۇڭ ئۇلارنى 2 - قېتىم قوبۇل قىلىپ، قوشۇمچە (2) ھۆججەت ئۈستىدە مۇزاكىرەلىشىدۇ. ئالتە ماددىدىن ئىبارەت قوشۇمچە (2) ھۆججەتكە 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى رەسمىي ئىمزا قويۇلىدۇ.

دېمەك، بىر يىل سەككىز ئاي داۋام قىلغان غۇلجا ئۆزگىرىشىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر ئاخىرى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىدۇ.

تىنچلىق سۆھبىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشقاندىن كې-



يىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىي ئىسىملىكى نەنجىڭ مەمۇرىي ئىشلار پالاتاسى تەرىپىدىن 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئېلان قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق، خەلقچىللىق ئاساسىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەپتىش پالاتاسىنىڭ باشلىقى يۈيۇرېن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ قەسەمياد يىغىنىغا نازارەت قىلىشقا قاتنىشىدۇ.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى 25 كىشى بولۇپ، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئاساسلىق خادىملار تۆۋەندىكىچە:

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى: جاڭ جىجۇڭ
ئەزا، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىس: ئەخمەتجان قاسىمى
ئەزا، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىس: بۇرھان شەھىدى
ئەزا، قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى نازىرى: ۋاڭزېڭشەن
ئەزا، قوشۇمچە مۇئاۋىن نازىرى: رەھىمجان سابىر ھاجى
ئەزا، قوشۇمچە مالىيە نازىرى: ليۇ يۈۋېن
ئەزا، قوشۇمچە مۇئاۋىن نازىرى: ماتىڭشياڭ
ئەزا، قوشۇمچە مائارىپ نازىرى: سەيپىدىن ئەزىزى
ئەزا، قوشۇمچە مۇئاۋىن نازىرى: سەيزۇڭشيەن
ئەزا، قوشۇمچە تەمىرات نازىرى: مۇھەممەت ئىمىن
ئەزا، قوشۇمچە تەمىرات مۇئاۋىن نازىرى: گۇجيەنجى
ئەزا، قوشۇمچە باش كاتىپ: ليۇمېڭچۈن
ئەزا، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپ: ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ
ئەزا، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپ: سالىس
ئەزا، قوشۇمچە جەمئىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: جاۋجيەنفېڭ
ئەزا، قوشۇمچە جەمئىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى: ئېردەنى
ئەزا، قوشۇمچە سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: دەلىلقان

ئەزا، چۈي ۋۇ (ئۈرۈمچى شەھەر باشلىقى)
ئەزا، گۈەن زىلياڭ (تېخى يېتىپ كەلمىگەن)
ئەزا، ئىسھاقجان، ئېلىخان تۆرە، ئوسمان، ئەيسا بەگ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، جوڭ دىخۇا لاردىن ئىبارەت.

1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆلكىلىك يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچىدە ھەر مىللەت خەلقى تىنچلىقنى تەبرىكلەپ مەيداندا چوڭ يىغىن ئۆتكۈزۈلدۇ.

يىغىندا، رەئىس جاڭ جىجوڭ قىسقىچە نۇتۇق سۆزلەپ تىنچلىقنى تەكىتلەپ: ھازىر تىنچلىق قولغا كەلتۈرۈلدى، بىز ئۇنى ئوبدان ساقلىشىمىز، قەدىرلىشىمىز، يۈكسەلدۈرۈشىمىز، شۇ ئارقىلىق تېنچلىقنى ئومۇميۈزلۈك، مەڭگۈلۈك تىنچلىققا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. قانداق قىلغاندا ئومۇميۈزلۈك ۋە مەڭگۈلۈك تىنچلىقنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدا ئاساسەن مۇنداق تۆت جۈملە سۆزگە رىئايە قىلساق بولىدۇ — جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇقىنى ئالغا سۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، خەلقچىلىق سىياسەتنى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى ئاساس قىلىشىمىز كېرەك، دەيدۇ.

تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ 2 - باسقۇچىدىلا شىنجاڭ يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي پروگراممىسى كۆپ قېتىم مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 2 - قېتىملىق ئەزالار يىغىنىدا ماقۇللىنىدۇ (مىنگو 35 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى).

مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ھەقتە قىسقىچە نۇتۇق سۆزلەپ: «سىياسىي پروگراممىنى ئىجرا قىلىش، يەنى تىنچلىق بىتىمىنى ئەمەلدە ئىجرا قىلىش دېمەكتۇر. بۇنىڭدىكى مەقسەت: ئۆلكىمىزنى باغۇ-بوستانلىققا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.» دەيدۇ.

1946 - يىلى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى «گومينداخۇي»، («دۆلەت



مىللىي قۇرۇلتىيى») چاقىرماقچى بولىدۇ. بۇ ئاتالمىش «ئاساسىي قانۇن» تۈزۈش قۇرۇلتىيى بولۇپ، ئۇنى تېخى ئاساسىي قانۇنى يۈرگۈزۈش قۇرۇلتىيى دېگىلى بولمايتتى. چۈنكى، بۇ 1945 - يىلى 1 - ئايدا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى نامىدا چاقىرىلىپ، ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئاساسىي روھى ۋە پرىنسىپلىرىغا خىلاپ ئىدى. شۇڭا جۇڭگو كومپارتىيىسى ئۇنىڭغا قارشى چىقتى ۋە قۇرۇلتايغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى.

نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، جاڭ جىجوڭ بۇ ھەقتە مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ. ئۇ قاتنىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. جاڭ جىجوڭ بۇنىڭغا ماقۇل بولىدۇ. شىنجاڭدىن بېرىشقا تېگىشلىك ۋەكىل 18 نەپەر بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت يەتتە ساننى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار: مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى، مۇئاۋىن باش كاتىپ ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، كېرىم ھاجى، خەمىت سۇلتان، ئەنۋەر سالىجان، زىيا سەمەدى، ئابلەت مەخسۇم قاتارلىق يەتتە كىشىدىن ئىبارەت. قالغان 11 نەپەر ئادەم يەتتە ۋىلايەتتىن بولۇپ، ئۇلار: خادىۋاڭ، ئامىنخان، ئەيسا، مەقسۇت تېيىپ، مادەمبېك، ۋۇجىڭبىڭ، چاۋجاپ، مۇھەممەت ئىمىن، جاۋجيەنفېڭ، ماگوبى، مۇجىڭا قاتارلىق 11 كىشىدىن ئىبارەت.

1946 - يىل 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شىنجاڭ ۋەكىللىرى نەنجىڭدە چاقىرىلىدىغان قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، ئىچكىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. سەپەر ئۈستىدە جۇچۈەن، لەنجۇ، خەنكو، شاڭخەي، سۇجۇ قاتارلىق شەھەرلەرنى كۆرۈپ، ئاخىرى نەنجىڭگە يېتىپ كەلدۇق.

قۇرۇلتاي ئېچىلغاندا، بىز قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقاندىن سىرت، يەنە ئۇنىڭغا بايقۇت ئېلان قىلدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇلتايدا قوبۇل قىلىنغان «ئاساسىي قانۇن» نى ئىمـ

كارمۇ قىلمىدۇق، ئېتىراپمۇ قىلمىدۇق. (بۇ ھەقتە كېيىن ئايرىم ئەسلىمە يازارمەن، دېگەن ئوي بىلەن ئارتۇقچە توختالمىدىم.)

1947 - يىلى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بىز شىنجاڭ ۋەكىللىرى نەنجىڭدىن شىنجاڭغا قاراپ ئايروپىلان بىلەن يولغا چىقىپ 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. شىنجاڭ ۋەكىللىرى نەنجىڭدە ئىككى ئايدەك تۇردى.

شىنجاڭ ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدىن ئىچكىرىگە تېخى ماڭماي تۇرغان ۋاقىتتا، گومىنداڭ تەرەپ كۆرۈنۈشتە تىنچلىق بىتىمنى ئىجرا قىلىش تەرەپدارلىرى بولغاندەك بولسىمۇ، ئەمما ۋەكىللەر قايتىپ كەلگەندە، بىتىمنى ئۆزلىرىگە ئېغىر يۈك ھېسابلاپ، بىتىم دېگەن سۆز بىر ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ قالسىلا، ئۇلار بىر تاتىرىپ، بىرەر بۇزۇرۇپ قالىدىغان بوپقاپتۇ. ئۈرۈمچىدىكى زىيالىيلار، خەلقچىل ئېقىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەرەپدارلىرى، مۆتىۋەر زاتلار، تىنچلىق بىتىمىنىڭ بۇزۇلۇۋاتقانلىقىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلىدى.

ئەسلىمىنىڭ بېشىدا: گومىنداڭ ۋەكىلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش جەريانى، تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ مەزمۇنى (11 بىتىمنىڭ «1» قوشۇمچە ھۆججىتى، «2» قوشۇمچە ھۆججىتى قاتارلىقلارنىڭ مەزمۇنى)، ئۇنىڭ ئىمزالانغان يىل، ئاي، كۈنى ۋە بىتىم ئاساسىدا تەشكىل قىلىنغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبى ئەزالىرىنىڭ ئىسمىلىكى، ھۆكۈمەتنىڭ ئېلان قىلغان سىياسىي پروگراممىسى قاتارلىقلار توغرىسىدا قىسقىچە بايان قىلىنغانىدى. بۇنىڭدىن مەقسەت: تىنچلىق بىتىم ئەنە شۇنداق پرىنسىپلار ئاساسىدا، نۇرغۇن تالاش - تارتىشلار، ئەگرى - توقايلىقلارنى، ھەتتا كەسكىن كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىش ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى قەيت قىلىشتىن ئىبارەت.

تىنچلىق بىتىم ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىكەن، ئۇنىڭغا رىئايە



قىلىش، ئۇنى ئاسراش، ئۇنى ھىمايە قىلىش، قەدىرلەش ۋە ئۇنى ئەمەلدە ئىجرا قىلىش زۆرۈر ئىدى. چۈنكى تىنچلىق توغرىسىدىكى ماددىلار كېلىشىمگە يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تېخى ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرۇلغىنى يوق. بىتىم تۈزۈلگەندىن كېيىن بىزنىڭ ۋەزىپىمىز — بۇ كېلىشىمدە چىڭ تۇرۇش، گومىنداڭنى بۇ كېلىشىمگە ئەمەل قىلدۇرۇش، تىنچلىق ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىش بولدى. ۋەھالەنكى، تىنچلىق بىتىم رەسمىي ئىمزالىنىپ ئۇنىڭ ئاق قەغەزگە يېزىلغان قارا سىياھى تېخى قۇرۇماي تۇرۇپلا، گومىنداڭ تەرىپىدىن ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىدىغان ھەرىكەتلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭ تەرەپنىڭ تىنچلىق بىتىمگە قارىتا ئېلىپ بارغان تۆۋەندىكى بىر نەچچە ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتسەك كۇپايە قىلار:

بىرىنچى، 1946- يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىياكى 10 - ئاينىڭ باشلىرى، سۇڭ شىليەن نەنجىڭگە بېرىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملىرىغا ئەسكەرىي كۈچ ۋە قورال - ياراق تولۇقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەر تەلەپ قىلىنىدۇ:

(1) ئالدى بىلەن تۆت چېگرا ئەترىتى تەشكىل قىلىشقا رۇخسەت قىلىش؛

(2) ئەسكەرىي قىسىملار داۋاملىق تولۇقلىنىپ، 15 مىڭ ئادەم قىلىش؛

(3) شىنجاڭغا بىر ئاپتوماشىنا (بىڭتۇەنى تەخمىنەن 300 ئاپتوماشىنا بولۇشى كېرەك) ئەۋەتىش؛

(4) ئۈچ مىڭ ھەربىي ئات ئېلىشقا رۇخسەت قىلىش (ئات شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنماقچى)؛

(5) زەمبىرەكچى قىسىملارنى ئەۋەتىش، مۇمكىن بولمىغان تەقدىردە، بىر ئېغىر تىپتىكى زەمبىرەكچى روتا تەييارلاپ، ئاۋۋال بۇ روتىنى جۇڭچۈەندە تۇرغۇزۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا شىنجاڭغا ئەۋەتىش؛

كارمۇ قىلمىدۇق، ئېتىراپمۇ قىلمىدۇق. (بۇ ھەقتە كېيىن ئايرىم ئەسلىمە يازارمەن، دېگەن ئوي بىلەن ئارتۇقچە توختالمىدىم.)

1947 - يىل 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بىز شىنجاڭ ۋەكىللىرى نەنجىڭدىن شىنجاڭغا قاراپ ئايروپىلان بىلەن يولغا چىقىپ 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. شىنجاڭ ۋەكىللىرى نەنجىڭدە ئىككى ئايدەك تۇردى.

شىنجاڭ ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدىن ئېچكىرىگە تېخى ماڭماي تۇرغان ۋاقىتتا، گومىنداڭ تەرەپ كۆرۈنۈشتە تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىش تەرەپدارلىرى بولغاندەك بولسىمۇ، ئەمما ۋەكىللەر قايتىپ كەلگەندە، بىتىمنى ئۆزلىرىگە ئېغىر يۈك ھېسابلاپ، بىتىم دېگەن سۆز بىر ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ قالسىلا، ئۇلار بىر تاتىرىپ، بىرەر بۇزۇرۇپ قالىدىغان بوپقاپتۇ. ئۈرۈمچىدىكى زىيالىيلار، خەلقچىل ئېقىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەرەپدارلىرى، مۆتىۋەر زاتلار، تىنچلىق بىتىمىنىڭ بۇزۇلۇۋاتقانلىقىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلىدى.

ئەسلىمىنىڭ بېشىدا: گومىنداڭ ۋەكىلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش جەريانى، تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ مەزمۇنى (11 بىتىمنىڭ «1» قوشۇمچە ھۆججىتى، «2» قوشۇمچە ھۆججىتى قاتارلىقلارنىڭ مەزمۇنى)، ئۇنىڭ ئىمزالانغان يىل، ئاي، كۈنى ۋە بىتىم ئاساسىدا تەشكىل قىلىنغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبى ئەزالىرىنىڭ ئىسمىلىكى، ھۆكۈمەتنىڭ ئېلان قىلغان سىياسىي پروگراممىسى قاتارلىقلار توغرىسىدا قىسقىچە بايان قىلىنغانىدى. بۇنىڭدىن مەقسەت: تىنچلىق بىتىم ئەنە شۇنداق پرىنسىپلار ئاساسىدا، نۇرغۇن تالاش - تارتىشلار، ئەگرى - توقايلىقلارنى، ھەتتا كەسكىن كۆرەشلەرنى ئېلىپ بېرىش ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى قەيت قىلىشتىن ئىبارەت.

تىنچلىق بىتىم ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىكەن، ئۇنىڭغا رىئايە



قىلىش، ئۇنى ئاسراش، ئۇنى ھىمايە قىلىش، قەدىرلەش ۋە ئۇنى ئەمەلدە ئىجرا قىلىش زۆرۈر ئىدى. چۈنكى تىنچلىق توغرىسىدىكى ماددىلار كېلىشىمگە يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تېخى ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرۇلغىنى يوق. بىتىم تۈزۈلگەندىن كېيىن بىزنىڭ ۋەزىپىمىز — بۇ كېلىشىمدە چىڭ تۇرۇش، گومىنداڭنى بۇ كېلىشىمگە ئەمەل قىلدۇرۇش، تىنچلىق ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىش بولدى. ۋەھالەنكى، تىنچلىق بىتىم رەسمىي ئىمزالىنىپ ئۇنىڭ ئاق قەغەزگە يېزىلغان قارا سىيارى تېخى قۇرۇماي تۇرۇپلا، گومىنداڭ تەرىپىدىن ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىدىغان ھەرىكەتلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭ تەرەپنىڭ تىنچلىق بىتىمگە قارىتا ئېلىپ بارغان تۆۋەندىكى بىر نەچچە ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتسەك كۇپايە قىلار:

بىرىنچى، 1946- يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىياكى 10 - ئاينىڭ باشلىرى، سۇڭ شىليەن نەنجىڭگە بېرىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملىرىغا ئەسكەرىي كۈچ ۋە قورال - ياراق تولۇقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىلەر تەلەپ قىلىنىدۇ:

(1) ئالدى بىلەن تۆت چېگرا ئەترىتى تەشكىل قىلىشقا رۇخسەت قىلىش؛

(2) ئەسكەرىي قىسىملار داۋاملىق تولۇقلۇنۇپ، 15 مىڭ ئادەم قىلىش؛

(3) شىنجاڭغا بىر ئاپتوماشىنا (بېكىتۋەنى تەخمىنەن 300 ئاپتوماشىنا بولۇشى كېرەك) ئەۋەتىش؛

(4) ئۈچ مىڭ ھەربىي ئات ئېلىشقا رۇخسەت قىلىش (ئات شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنماقچى)؛

(5) زەمبىرەكچى قىسىملارنى ئەۋەتىش، مۇمكىن بولمىغان تەقدىردە، بىر ئېغىر تىپتىكى زەمبىرەكچى روتا تەييارلاپ، ئاۋۋال بۇ روتىنى جۇڭچۈەندە تۇرغۇزۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا شىنجاڭغا ئەۋەتىش؛

(6) بىر قىسىم ھەربىي قورال - ياراق، ئوق - دورا قاتارلىقلارنى تولۇقلاپ بېرىش، ۋەھاكازالار.

سوۋېت شىلىيەن 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە جاڭ جىجوڭغا ئۆزىنىڭ نەنجىڭغا قىلغان سەپىرىدىن دوكلات بېرىدۇ. ئارىدىن 5، 4 كۈن ئۆتكەندە، ئۇلار جياڭ جېيشىنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. تېلېگراممىدا: سوۋېت شىلىيەننىڭ شىنجاڭ ھەربىي گارنىزوننىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى، تاۋ سىيۆنىڭ غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن جۇرنلىقىغا يۆتكىلىپ، لەنجۇدا تۇرۇپ جاڭ جىجوڭغا ۋەكالىتەن غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ئىشلىرىنى ئىشلەيدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان.

11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، سوۋېت شىلىيەن يېڭى ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. سوۋېت شىلىيەن ئىلگىرى غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ سەنمۇجاڭى بولۇپ، ئەمدى بۇ ۋەزىپىنى مۇئاۋىن سەنمۇجاڭ لىيۇرىڭ ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى، 1946 - يىلى 12 - ئايدا، جاڭ جىجوڭ شىنىدالۇ (يېڭى بىنا — جاڭ جىجوڭ تۇرىدىغان ۋە ئىشخانىسى جايلاشقان بىنا) مەجلىسخانىسىدا يىغىن چاقىرىدۇ. يىغىنغا: گومىنداڭ فىرقىسى، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، جاسۇسلۇق (ئىشپىيونلۇق) ئورگىنى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتنىشىدۇ. يىغىنغا قاتناشقانلار: لىيۇرىڭ (غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ سەنمۇجاڭى)، لىيۇمىڭچۈن (غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى)، چېڭ شىخاۋ (گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك فىرقىسىنىڭ ھەيئەت مۇدىرى)، شى يۈگسۇن (گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك فىرقىسىنىڭ شۇجىجاڭى)، ياڭ ۋېي (گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك فىرقىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى). شى يۈگسۇن بىلەن ياڭ ۋېي بۇ ئىككىسى «جوڭ توڭ» («ئىشپىيونلۇق ئورگىنى») نىڭ غوللۇق



ئۇنسۇرلىرى، ۋاڭ زىڭشەن (خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى)، لىيۇياجې (ئۈرۈمچى شەھەرلىك باش ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)، سوۋېت شىلىيەن (شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانى)، شاڭ جىڭ (گارنىزون باش شتابىنىڭ سەنمۇجاڭى)، ماچېڭشياڭ (5 - ئاتلىق قىسىمنىڭ قوماندانى)، يېچېڭ (78 - ئارمىيە قوماندانى)، لودۇرىن (46 - دىۋىزىيە باشلىقى، قوشۇمچە ئۈرۈمچى شەھەر گارنىزون سىلىڭى)، لياڭ كېشۈن (شىنجاڭ گارنىزون باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ جۇرنى)، يۈي ۋەنشيەن ۋە ياۋتېشەن (ھەربىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقى) بولۇپ، بۇ ئىككىسى ھەربىي جاسۇسلۇق ئورگىنىنىڭ غوللۇق ئۇنسۇرى ئىدى. ئۇ چاغدىكى ھەربىي ئىشلار باشقارمىسى نامدا گەرچە شىنجاڭ گارنىزونىغا تەۋە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىگە تەۋە ئىدى.

يىغىن بىر نەچچە قېتىم ئېچىلىدۇ، ھەر خىل پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، ئاخىرى ھەممە بىردەك مۇنداق پىكىرگە كېلىشىدۇ: — ۋەزىيەت ئىنتايىن ئېغىر، ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىر قوللىنىپ، ئىلى تەرەپنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ راۋاجلىنىشىنى توسۇشىمىز كېرەك. يىغىندا بىرسى پىكىر قىلىپ: تەشكىللەشكە قارشى تەشكىللەش بىلەن، تەشۋىقاتقا قارشى تەشۋىقات بىلەن تاقابىل (مۇقابىل) تۇرۇپ، ئىلى تەرەپ بىلەن تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلىشىمىز لازىم - دەيدۇ.

بۇ پىكىرگە ھەممە قوشۇلىدۇ. ئاخىرىدا جاڭ جىجوڭمۇ شۇنداق قىلىشقا قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن لىيۇمىڭچۈن، لياڭ كېشۈن، شى يۈگسۇن، ياڭ ۋېي، يۈي ۋەنشيەن، ياۋتېشەن، لىيۇياجې، خۇۋاڭ شىگۇڭ (ھەربىي 9 - شۆبە مەكتەپ سىياسىي بۆلۈمىنىڭ جۇرنى) قاتارلىق كىشىلەردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلىپ، گۇرۇپپىنى چاقىرىشقا لىيۇمىڭچۈن مەسئۇل بولۇش بېكىتىلىدۇ.

ئۈچىنچى، 1947 - يىلى 1 - ئايدا جاڭ جىجۇڭ نەنجىڭگە بارماقچى بولىدۇ، ئۇ مېڭىش ئالدىدا يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ فاكتىنىنى ئاكتىپ يۈرگۈزۈشنى تاپىلايدۇ.

لىيۇمىڭچۇن جاڭ جىجۇڭنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، بىر نەچچە قېتىم يىغىن چاقىرتىپ، چارە - تەدبىرلەر ئۈستىدە مۇهاكىمە يۈرگۈزىدۇ، سۇڭ شىلىيەن بولسا ئۇنى قوللايدۇ.

ئۇنىڭ مۇهىم مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1) گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى فىرقىسى، شىنجاڭ گارنىزونى باش شىتابىنىڭ سىياسىي بۆلۈمى، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق ئورۇنلار كەڭ كۆلەملىك بىر تەشۋىقات هۇجۇمى قوزغاپ، ئىلى تەرەپكە هەر خىل ئەيىپلەش خاراكتېرىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش، شۇنداقلا 1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىدا ماقۇللانغان سىياسىي پروگراممىنى كۈچلۈك تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنى مەركىزىي هۆكۈمەتنىڭ رەهبەرلىكىدە تۇرغۇزۇش، پۈتۈن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تىنچلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، دېموكراتىك سىياسىنى يۈرگۈزۈش ۋە ئىلى تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاهىدە بولۇۋېلىشىغا قارشى تۇرۇش؛

2) خەنزۇ ئۇيۇشمىسىنى مەركىزىي نۇقتا قىلىپ، ئۈرۈمچى شەهىرىدىكى خەنزۇلارنى جىددىي تەشكىللەپ، بۇنىڭغا مەخسۇس ئادەمنى مەسئۇل قىلىش؛

خۇيزۇ ئۇيۇشمىسىنى مەركىزىي نۇقتا قىلىپ، ئۈرۈمچى شەهىرىدىكى خۇيزۇلارنى ئاكتىپ تەشكىللەش، بۇنىڭغىمۇ بىرەيلەن مەسئۇل بولۇش. خادىۋاڭ (ئۈرۈمچى ۋالىيسى)، سالىس (ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى) قاتارلىقلار كونتروللۇقىدىكى قازاق ئۇيۇشمىسىنى پارچىلاپ (بۆلۈپ)، بىر قىسىم قازاق ياشلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش، يەنە مۇڭغۇل ئۇيۇشمىسى، مانجۇ ئۇيۇش-



مىسى ئارقىلىق شۇ مىللەت خەلقلىرىگە تەشۋىق ئېلىپ بېرىش.

دېمەك، گومىنداڭ تەرەپ تىنچلىق بىتىمىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئاللىبۇرۇن تەييارلىق كۆرۈپ قويغان بولۇپ، پەقەت بىرەر بانا - سەۋەبنىلا كۈتۈپ تۇرغانىدى. فېۋرالغا يەتكەندە ئەهۋال جىددىيلىشىپ، كەسكىنلىشىشكە باشلىدى.

21 - فېۋرال كۈنى، ئۈرۈمچىدىكى زىيالىيلار، خەلقچىلىق ئېقىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەرەپدارلىرى، مۆتىۋەر زاتلار تىنچلىق بىتىمىنىڭ بۇزۇلۇۋاتقانلىقىدىن نارازى بولۇپ، «خەلق يىغىنى» ئۆتكۈزۈپ، يىغىن ئاخىرىدا «تىنچلىق بىتىم ئورۇندالسۇن!»، «تىنچلىق بىتىمىنى هىمايە قىلايلى!» دېگەن شوئارلارنى ۋارقىراپ، نامايىش قىلدى، نامايىش ناهايىتى تەرتىپلىك بولدى.

لېكىن، بۇ نامايىش ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىدىن ئويۇشتۇرۇلغان ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ نامايىشنىڭ بولۇشىدىن خەۋەرسىز ئىدى. بۇ نامايىش ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر تۇرپانغا كەتكەندە بولدى. ئابلەت مەخسۇم باشچىلىقىدا تەشكىللەنگەن بۇ نامايىشچىلار ئايلىنىپ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت بىناسىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەكلىپ ۋە تەلەپلىرىنى هۆكۈمەتكە سۇندى ۋە هۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ، تېگىشلىك جاۋابىنى بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى. هۆكۈمەت ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ ئۇلارغا: هۆكۈمەت، ئەزالار مەجلىسىدە تەلىپىڭلارنى مۇزاكىرە قىلىپ ئاندىن جاۋاب بېرىدۇ — دەپ قايتىشقا ئۈندىدى، ئۇلار شۇنىڭ بىلەن تارقاشتى.

22 - فېۋرال كۈنى ئۆلكىلىك هۆكۈمەت ئەزالىرى جىددىي يىغىن ئېچىپ، نامايىشچىلار ۋەكىلى هۆكۈمەتكە سۇنغان تەلەپلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇنىڭ ماقۇللانغانلىقى توغرىسىدا ئۇلارغا جاۋاب بېرىشنى ماقۇل كۆردى. نامايىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ

ۋەكىللىنى ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنىڭ ئىچىدە مۇۋاپىق
دەپ بىلگەنلىرىنى ھەل قىلغاندىن كېيىن، مەسىلەن: خوتەن
ۋالىيسى خې دىڭباڭ بىلەن يەكەن ۋالىيسى جۇفاڭگاڭ قاتارلىق-
لارنى ئورنىدىن قالدۇرۇشنى نامايىشچىلار تەلەپ قىلغان بول-
غاچقا، ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنى بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىپ
ماقۇللىغانىدى. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، باھانا تاپالماي
تۇرغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە 21 - فېۋرال ناماىيشى
باھانا بولدى، ئۇلار ئارقىمۇ - ئارقا ئىغۋا پەيدا قىلىشقا
ئۇرۇندى.

22 - فېۋرال كۈنى، ئۇلار شىندالۇ (يېڭى بىنا) دا بىر
جىددىي يىغىن ئاچىدۇ. يىغىنغا: سۇڭ شىلىيەن، لىيۇرىڭ،
چىڭشىخاۋ، شى يۈگسۇن، لىيۇمىڭچۇن، ۋاڭ زىڭشەن، لياڭ كېشۇن،
شىڭ زۇڭ (شىنجاڭ گارنىزونى باش شتابىنىڭ سەنمۇجاڭى)
قاتارلىقلار قاتنىشىدۇ. يىغىندا لىيۇمىڭچۇن شۇ كۈندىكى (22 -
فېۋرالدىكى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىنىڭ ئەھۋال-
نى يەتكۈزىدۇ. ئۇلار مۇزاكىرە قىلىپ تاقابىل تۇرۇشنى قارار
قىلىدۇ. ھەمدە ناماىيشقا «ناماىيش» ئارقىلىق قارشى تۇرۇش،
تەلەپ بىرىشكە «تەلەپ بېرىش» ئارقىلىق قارشى تۇرۇش ئۇ-
سۇلى بىلەن ئىلى تەرەپنىڭ تەسىر كۈچىگە زەربە بەرمەكچى
بولىدۇ. لىيۇمىڭچۇن، شى يۈگسۇن، لياڭ كېشۇن قاتارلىقلارنى
دەرھال بۇ ئىشنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل قىلىدۇ.

24 - فېۋرال كۈنى، ئۈرۈمچىدىكى خۇيزۇلار بىلەن قازاق-
لارنىڭ بىرلەشمە ناماىيشى دېگەن ناماىيش تەشكىل قىلىنىدۇ.
ئۇنىڭچە ئاتلىق قازاقلار ناماىيشنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭىدۇ.
لېكىن خۇيزۇلار ناماىيشى، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ كۈتكەن نەتىجى-
سىنى بەرمەيدۇ. خۇيزۇلار ناماىيشى، باشتا گومىنداڭ تەرىپىدىن
ئىغۋا تەشكىل قىلىش ئۈچۈن قوزغىتىلغان بولسىمۇ، ئاخىرى
ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قارشى بولۇپ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. خۇيزۇلار



ناماىيشنىڭ شۇئارى ۋە مەقسىتى: بىتىمنى ئىجرا قىلىش، سى-
ياسىي پروگراممىغا ئەمەل قىلىش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن
دوست بولۇش — دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بۇ تەلەپلەرنى گومىنداڭ تەرەپكە
ئىجرا قىلدۇرالماي تۇرغاندا، بۇنداق تەلەپلەرنىڭ قويۇلۇشى،
كۆلكىلىك ئىدى. ئۇلار بۇ ناماىيشتىن قانائەت ھاسىل قىلالماي
25 - فېۋرال ۋەقەسىنى ئۇيۇشتۇردى.

25 - فېۋرال كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ ھاۋاسى تۇمانلىق بولۇپ،
ئەتراپتىكى نەرسىلەر غۇۋا كۆرۈنەتتى. مەن ئادەتتىكى ئىش
ۋاقتى سائەت سەككىزدە ئىش ئورنىغا كەلدىم. شۇ كۈنى ھۆكۈمەت
ئەزالىرىنىڭ يىغىنى ئېچىلماقچى ئىدى. يىغىن زالىغا كىرىۋاتـ-
قاندا لى تاڭمىڭ ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن يىغىن
تەييارلىقى توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆزلەشتىمدە، مەجلىسخانىغا
يۈرۈپ كەتتىم. شۇ ئارىدا: بۈگۈن خەنزۇ ئۇيۇشمىسى ئالدىغا
نۇرغۇن خەنزۇلار توپلىنىپتۇ، گومىنداڭ فىرقىسىنىڭ
ئالدىغىمۇ بىرمۇنچە خەنزۇلار توپلىنىپتۇ، ئۇلار ناماىيش قى-
لىپ، ھۆكۈمەت بىناسىغا كېلىدىغان ئوخشايدۇ — دېگەندەك مىش-
مىش پاراڭ تارقالدى.

چارەك سائەتتىن كېيىنلا، لى تاڭمىڭ: ناماىيشنىڭ
شۇئارى بىتىمنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا يېزىلغانلىقى ۋە
توۋلانغان شۇئارلارغا قارىغاندا، ناماىيشنىڭ ئانچە يامان
ئەمەسلىكى توغرىسىدا خەۋەر يەتكۈزدى.

سائەت ئونلار چامىسىدا ناماىيشچىلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
قورۇسىغا تولدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسى — ھازىرقى ما-
لىيە نازارىتى بىلەن پىلان كومىتېتى جايلاشقان ئورۇن بولۇپ،
ئالدى دەرۋازىدىن كىرگەندە چوڭ قورو، ئۇنىڭدىن ئىچكىرىكە
قاراپ ماڭغاندا ئۇستى لاپاسلىق دەرۋازا، ئۇنىڭ شەرق تەرىپىگە
چۈەنداشى (ئالاقە بۆلۈمى) جايلاشقان. غەرب تەرىپىدىكى بوش-

لۇققا ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ ماشىنىلىرى توختايتتى. دەرۋازىدىن
كىرگەندە ئوتتۇرا قورو (ئىككىنچى قورو) بولۇپ، بۇ يەرگە
ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى ئىشخانىلىرى، بۆلۈملىرى جايلاشقان.
بۇنىڭدىن يەنە ئىچكىرىلەپ كىرگەندە ئىچكىرىكى قورو (ئۈچىنـ
چى قورو) بولۇپ، بۇ يەرگە ھۆكۈمەت رەئىسى، مۇئاۋىن رەـ
ئىسلىرىنىڭ كابىنىتى ۋە ئەزالار يىغىنى زالى (مەجلىسخانا)،
دەم ئېلىش ئۆيى قاتارلىقلار جايلاشقان.
نامايىشچىلار ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئۈچ قوروسىغا تولغان،
ماڭىدىغان يول يوق. سەيپىدىن ئەپەندىم بىلەن ئابباسوۋ
ئىككىسى نامايىشچىلارنى ئارىلاپ، شۇئارلىرىنى ئوقۇپ، ناھاـ
يىتى قىستا ـ قىستاڭدا ھۆكۈمەت ئەزالار مەجلىسخانىسىغا
كىردى.
ھۆكۈمەت ئەزالار مەجلىسخانىسىدا، ئەخمەت ئەپەندىم،
رەھىمجان ئەپەندىم، لىيۇ مىشۇجاڭدىن باشقا ھۆكۈمەت ئەزالىرى
بار ئىدى. سائەت 11 دىن ئاشتى، بۇرھان ئەپەندىم بىلەن
ئابباسوۋ ئىككىسى «نامايىشچىلار» نىڭ تەلەپ ـ تەكلىپىنى
ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. شۇ ئارىدا ئەخمەت ئەپەندىم، رەھىمجان
ئەپەندىم، داڭ بىگاڭلار كىرىپ كەلدى.
ئەخمەت ئەپەندىم كېلىشى بىلەن، «دا، سا (ئۇر، ئۆلـ
تۈر)» — دېگەن ئاۋازلار كۆككە ياڭرىدى. «نامايىشچىلار»
نىڭ ھەرىكىتى جىددىيلەشتى. بۇ چاغدا ھەممىمىز بۇرھان ئەـ
پەندىمنىڭ كابىنىتىغا چىقىپ ئولتۇردۇق. «نامايىشچىلار» ئەـ
شىكلەرنى بۇزغان، دېرىزىلەرنى چاققان ھالدا كابىنىتقا
بۆسۈپ كىرىشكە باشلىدى. ھەرىكەت ناھايىتى پاجىئەلىك،
ناھايىتى جالالاتلىق تۈس بىلەن بارماقتا. شۇ ئارىدا تاشقىـ
رىدا ئوق چىقىشقا باشلىدى. قورودا پاجىئە بولغانلىقى توغـ
رۇلۇق خەۋەرلەر تارقالدى. «نامايىشچىلار» نىڭ ئاكتىپلىرى:
بىرسىنىڭ پىشانىسىدىن ئازغىنە قان چىققان، لېكىن يالغانـ



دىن ھۇشسىزلانغان، يەنە بىرسىنىڭ پاقالچەك پۆلجۈڭ گۆشى
ئازراق سۈرۈلگەن، ئەمما بۇ ھەم يالغاندىن ئاقسىۋالغان ئىكـ
كى خەنزۇنى ئەكىرىپ: «بۇنى سىلەرنىڭ ئادەملار ئۇرۇپ
ھۇشسىزلاندۇردى، ئىنتىقام، قانغا قان ئالىمىز!» — دەپ ۋارـ
قىراشتى. بۇ ئارىلىقتا قايىاقتىندۇر لىيۇ مىشۇجاڭ، لىيۇ زېـ
رۇڭ (ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن دىپلوماتىيە خادىمى)، چۇي ۋۇ
(ئۈرۈمچى شەھەر باشلىقى) لار پەيدا بولدى. بايىقى «ناماـ
يىشچىلار» نىڭ ئاكتىپلىرى يەنە ئەزۋەيلەپ كەتتى.
بۇ چاغدا، ھۆكۈمەت ئەزالىرى سىرتتىكى (ھويلىدىكى)
ئەھۋالنىڭ زادى قانداقلىقىدىن، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىـ
دىن خەۋەرسىز ئىدى. بۇنى «نامايىشچىلار» نىڭ ئاكتىپلىرىـ
دىن سورىغاندا، ئۇلارمۇ دۇدۇقلاپ بىر نېمە دېيەلمىدى.
ئۇششۇقلۇق، يالغانچىلىق، مۇتىھەملىك، تۆھمەتخورلۇق —
بۇ تۆتى بىراقلا ئاشكارلاندى. بۇنداق ئەھۋالدا ھۆكۈمەت
ئەزالىرى سۈكۈت قىلىشقا بولمايتتى. شۇڭا ئۇلار سىرتقا (ھويلىغا)
ئادەم چىقىرىپ، ئەھۋالنى بىلىپ كىرىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى مۇزاـ
كىرىلەشتى، بىر ئازدىن كېيىن: خەمىت سۇلتان بىلەن مۇنىـ
«نامايىشچىلار» ئاكتىپى بىللە چىقىپ، سىرتتا زادى نېمە ئىش
بولغانلىقىنى بىلىپ كىرسۇن — دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن مەن
ھېلىقى 25 ياشلار چامىسىدىكى خەنزۇ بىلەن بىللە
ھويلىغا چىقتۇق. قىستا ـ قىستاڭدا ئاران يول ئېلىپ، چوڭ ئەنداـ
شى (ئالاقە بۆلۈمى) نىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق.
قارىساق چوڭ ئەنداشىنىڭ ئىشىكى ئۇلۇغ ئوچۇق، ئۆينىڭ
ئىچى بولسا ئىس ـ تۈتەك بىلەن تولغان، پورخ (مىلتىق دوـ
رىسى) نىڭ پۇرىقى ئەتراپقا تارقالغاچقا، گۈپپىدە پۇراپ تۇـ
رىدۇ. بۇنىڭدىن ئۆينىڭ ئىچىگە بىرسى ئاللىقاچان بومبا
تاشلاپ پارتلاتقانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.
«نامايىشچىلار» بولسا، گويا ھېلىقى ئۆزلىرى تەرىپىدىن

ئۆيگە تاشلاپ پارتلىتىلغان بومبىنىڭ «پارتلاپ» كېتىشىدىن قورققاندەك قىلىپ، ئۆيدىن تۆت-بەش مېتىر نېرىغا داجىپ (چېكىنىپ) قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار بىزنى كۆرۈپ «ئۆينىڭ ئىچىدە ئادەم بار» — دەپ ۋارقىراشتى. بۇنى ئاڭلىمىغاندىن كېيىن، بىز ئۆينىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئۆينىڭ ئىچىدە كىم بار، تاشقىرىغا چىق؟!» — دەپ خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە ۋارقىرىدىم. ئۆينىڭ ئىچىدە ھېچكىمنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولدى. مەن يېنىمدىكى «ھەمراھ» قا: «يۈر! بىز قايتىپ كىرىپ، ئەھۋالنى ئەزالارغا مەلۇم قىلايلى» — دېيىشىم بىلەنلا، بايىقى داجىپ تۇرغان «نامايىشچىلار» گۇررىدە ھۆرپىيىپ كېلىشىپ، بىزنى قورشىۋالدى-دە، مېنىڭ ئۈستى-بېشىمنى ئاختۇرۇپ، يانچۇقتىكى پۇلنى، بېلىكىمدىكى «REOmER» ماركىلىق قول سائەتنى، كاستيۇمنىڭ مەيدە يانچۇقىدىكى «PaRKER-51» ماركىلىق سىيا قەلەمنى بۇلاپ ئالدى.

ئەتراپقا كۆز سال! — دېگەندەك، كۆزۈم ھېلىقى ماشىنا توختايدىغان بوشلۇققا چۈشۈپ قالدى، قارىسام ئۇ يەردە بۇرھان ئەپەندىمنىڭ ماشىنىسى تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ شوپۇرى مۇنۇپ ئاخۇن كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى كىم بىلىدۇ؟! ماشىنىنىڭ سەل نېرىسىدىكى بۇلۇڭدىكى تام تۈۋىدە 3 — 4 ئادەمنىڭ يەردە ياتقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قىلىچ، توخماقلارنىڭ نۆۋەتلىشىپ ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ ئېچىنىشلىق، پاجىئەلىك ئەھۋالنى كۆرۈپ يۈرۈكۈم جىغ قىلدى-دە، تېنىم شۈركىنىپ كەتتى.

مەن دەرھال ھېلىقى يېنىمدىكىنىڭ قولىدىن تارتىپ: «يۈر، بىز كىرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلمىساق بولمايدۇ» — دەپ ئىچكىرىكى قورۇغا قاراپ ماڭدىم (يېنىمدىكىنىڭ قولۇدىن تۇتۇپ ئالمىغان بولسام، ئۇ قولۇمدىن چىقىپ كەتسىلا «نامايىشچىلار» توپىغا قوشۇلۇپ كېتىش ئېھتىمالى يىراق ئە-



مەستى)، بىز مېڭىش بىلەنلا «دا، سا (ئۇر، ئۆلتۈر)» دېگەن ئاۋاز تېخىمۇ كۈچەيدى. قىستا-قىستاڭ ئىچىدە، مۇشنىڭ ئىچىدە قالدىم. بىر توقماق كېلىپ پېشانەمگە تەگدى، پېشانەم يېرىلىپ، قان ئېقىشقا باشلىدى. بىرسى چېچىمدىن (كوكۇلامدىن) تۇتۇپ تارتىپ يەرگە يىقىتىشقا ئۇرۇنماقتا، مەن بولسام ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۈستىدىن خۇددى قىران بۈركۈتتەك قاتتىق قارماق سالدىم-دە، ئۇنىڭ قولىنى چېچىمدىن بوشۇتۇپ ئالدىم. قىستا-قىستاڭدا كابىنەت ئالدىغا كېلىپ قالدىم-دە، ئۆزۈمنى كابىنەت ئىچىگە ئالدىم. بىر ئاز دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، سىرتتىكى (ھويلىدىكى) كۆرگەن ئەھۋالنى ئەزالارغا مەلۇم قىلدىم.

سىرتتىكى ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغان ۋە مېنىڭ ئەھۋالىمنى كۆرگەن ھۆكۈمەت ئەزالىرى بىر ئاز غۇلغۇلا قىلىشتى. بۇ چاغدا ئەكسىيەتچىلەر ئەڭ رەزىل ۋاستىلارنى ئىشقا سېلىشقا، يەنى تېرورلۇق قىلىپ، باشقىلارنىڭ جېنى بىلەن ئوينىشىشقا ئۇرۇنماقچى بولۇشتى. لېكىن بۇ ھەم رەسۋالارچە بەربات بولدى.

ئەخمەت ئەپەندىم قەتئىيلىك بىلەن: بىز ئۆلۈمنى — خەلقىمىز يولىدىكى ئۆلۈمنى ئاللىقاچان ئۈستىمىزگە ئېلىپ قويغان، ئۆلسەك شەرەپلىك ئۆلىمىز، قالساق شەرەپلىك قالىمىز. ئەمما ئۆلۈم مەنىسىز بولۇشى كېرەك ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن كىچىككىنە جايدىمۇ خەلق دۈشمەنلىرى بىلەن ئاخىرقى جەڭ قىلىشقا تەييار بىز! ئۆلسەك ئۆلۈمگە مەرتلەرچە بارىمىز، قالساق مەرتلەرچە قالىمىز، ھەر ئىككى مومېنتتىمۇ ئاجىزلىق بىزگە خاس ئەمەس! — دېدى.

بىزدىكى بۇ روھىي قىياپەتنى كۆرگەن گومىنداڭ تەرەپ ئەمەلدارلىرى ھەيران قېلىشتى. «نامايىشچىلار» غا ۋە بۇلارغا يولباشچىلىق قىلىۋاتقان گومىنداڭ ۋە سەنمىنجۇيى، ياشلار

تەشكىلاتى ئەزالىرىغا، ھەربىي خىزمەتچىلەرگە تارقاش توغرۇلۇق ئىشارەت بېرىلدى. ناھايىتى ئاز ۋاقىتنىڭ ئىچىدە «نامايىشچىلار» كابىنىتنى بوشىتىپ تالاغا چىقىپ كەتتى. پەقەت بىر نەچچە ۋەكىللىرىلا قالدى. ئۇلار ئىلى تەرەپكە قارىتىپ بىر تەرەپلىمە قاتتىق تەلەپلەرنى قويدى. ئەخمەت ئەپەندىم ناھايىتى سالماقلىق بىلەن تەلەپلەرنىڭ توغرىسىنى توغرا، خاتاسىنى خاتا دەپ، كەسكىن جاۋاب بەردى.

چۈش ۋاقتى بولدى، ھۆكۈمەت ئەزالىرى دەم ئېلىش خانىسىدە غىزا تەييارلانغانىكەن، غىزاغا چىقتۇق. تېخى غىزادىن تۇرمىغانىدۇق، يەنە بىر توپ ئادەم ۋارقىرىشىپ ئىچكىرىكى ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئاڭغىچە داڭ بىگاڭ يەنە پەيدا بولدى-دە، خەۋەر يەتكۈزدى ۋە ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ چىقىپ بىر-ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشىنى تەكلىپ قىلدى. بىز «نامايىشچىلار ۋەكىللىرىنىڭ» كىرىشىنى تەكلىپ قىلدۇق. داڭ بىگاڭ چىقىپ: «ۋەكىل كىرگۈزۈشكە ئۇنىمىدى، ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ چىقىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىۋاتىدۇ» دەپ يېنىپ كىردى. داڭ بىگاڭ ۋە بىر نەچچە گومىنداڭ ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ چىقىشىنى ياقلىدى. ليۇ مىشۇجاڭ باشلىق بىر نەچچىسى، ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ چىقماسلىقىنى ياقلىدى. ئەخمەت ئەپەندىم چىقىشقا قارار قىلىپ يۈردى، بىز توسىدۇق — قارشىلىق قىلدۇق. شۇنداق قىلىپ، نەتىجىدە بىر پۇقرا خەنزۇ ۋەكىل بولۇپ كىردى. ئۇ كىرىشى بىلەنلا يىغلاپ تۇرۇپ: «مەن بۇ ‹نامايىش› نىڭ قانداق ئۇيۇشتۇرۇلغانلىقىنى بىلمەيمەن. ھازىر نەنگۈەندە (نەنمېنگە) پۈتۈن مۇسۇلمانلار توپلانغان، سىزلەر چىقىپ ئۇلارنى تارقاتمىساڭلار، ئۇلار بۈگۈن نەنگۈەندىكى چوڭ-كىچىك بىگۇناھ خەنزۇلارنى قىرىپ تاشلايدۇ. ھەتتا ھازىر قان تۆكۈشلەر بولغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بار. مېنىڭ ئۆيۈم نەنگۈەندە بولۇپ، كىچىك



بالىلىرىم بار ئىدى. سىز قانداق قىلىپ بولسىمۇ چىقىپ، نەنگۈەندە قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشىڭىزنى سورايمەن.» دېدى. ئۇنىڭغا نەنگۈەنگە چىقىش توغرىسىدا جاۋاب بەردۇق. خۇشال بولۇپ چىقىپ كەتتى...

داڭ بىگاڭ يەنە ئەخمەت ئەپەندىمگە: «نامايىشچىلار» كەتكىلى ئۇنىماي تۇرىدۇ، ئۆزىڭىز بىر چارە كۆرمىسىڭىز بولمايدىغان ئوخشايدۇ — دېدى. ئەخمەت ئەپەندىم بۇ ئەخمەقلەرگە سۆزنى بىلىگە تۆگۈپ قويمىغۇچە چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، سوغۇق قانلىق بىلەن خۇددى ھېچنەرسىلەرگە يولۇقمىغان ئادەمدەك، داڭ بىگاڭغا قاراپ: «سىزگە ھازىر ئىككى يول بار: بىرسى، چىقىپ ئەسكەرلىرىڭىزگە «كىروگوم شاگوم ئارىش!» دېسىڭىز، ئۇلار چىقىپ كېتىدۇ. بىز چىقىپ نەنگۈەندىكى خەلقنى تارقىتىمىز، تىنچلىق بولىدۇ. يەنە بىرسى، ئىشىكنى ئېچىپ ئەسكەرلىرىڭىزنى قويۇپ بېرىسىز، ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرىدۇ. بۈگۈن ئۈرۈمچىدە، ئەتىدىن باشلاپ پۈتۈن ئۆلكىدە قان تۆكۈلىدۇ، مانا شۇ. ئىككى يولنىڭ قايسىسىنى خالىسىڭىز بىرىنى تاللاپ ئېلىڭ ...»، «بىز ئۆلۈمدىن قورقمايمىز، بىز ئۆلۈمنى ئاللىقاچان ئۈستىمىزگە ئالغان ئادەملەرمىز، ھازىر بىز ھايات قالساق ھەم خەلققە پايدا، چۈنكى بىتىم بويىچە خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى تەمىن قىلىمىز. ئۆلسەك ئۇنىڭدىن ئارتۇق پايدا، چۈنكى بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلق قوزغىلىپ، بۇ قېتىم بىتىمدىن كۆرە ئارتۇقراق، يەنى تولۇق ئازادلىقنى ئالىدۇ. بىزنىڭ قېنىمىز خەلققە ئازادلىق كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئەلبەتتە بىز ئۈچۈن شەرەپلىك ئۆلۈم بولىدۇ» دېدى. بۇ سۆز بىزگە ئىنقىلابىي روھ بەردى، ئەكسىيەتچىلەرگە قاخشاتقۇچ زەربە بولدى.

..... سائەت بەش بولدى، نەنگۈەن دەرۋازىسى ئالدىدا توپلانغان ئۇيغۇرلار خەلق ۋەكىللىرىنى چىقىرىش توغرىسىدا

قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرماقتا. «نامايىشچىلار» تارقالدى. بىز نەنگۇەنگە چىقماقچى بولدۇق. لېكىن ليۇ مىشۇجاڭ مۇھاپىزەتچى كەلتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەنىدى. شۇلار كەلگەنگە قەدەر كۈتۈپ تۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. ...

سائەت بەش يېرىم بولدى، كۈن ئولتۇردى، بىز كېچىكمەي نەنگۇەنگە چىقىپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىشىمىز كېرەك. ئۈرۈمچى شەھىرىمۇ تەبىئىي ۋە سىياسىي تۇماندىن ئازاد بولدى. شەھەر ئىچى كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر تىزىلغان. كوچىدا يۈرۈش قىلغان ھېچكىم يوق. خەنزۇ پۇقرالار ئىشىكلىرىدىن مارىشىپ تۇرىدۇ. بىز ماشىنا بىلەن قاتار تىزىلىشىپ، نەنگۇەنگە چىقتۇق، مۇسۇلمانلار ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئالدىغا توپلانغان، قاتتىق ئالقىش ۋە ھۇررا ئاۋازى بىلەن قارشى ئالدى.

ئەخمەت ئەپەندىم ماشىنا ئۈستىگە چىقىپ: «مۆھتەرەم قېرىنداشلار! ئەندىشە قىلماڭلار! قورقماڭلار! بىزنىڭ يولىمىز توغرا، ئىستىقبال پارلاق! قورقماسلىق لازىم، تىنچلىق يولى بىلەن ھەقىقەتنى تەلەپ قىلىش كېرەك!» دېگەن مەزمۇندا سۆزلىدى. ئالقىش ئۈستىگە ئالقىش، ھۇررالار،... «رەھبىرىمىز ئەخمەت ئەپەندىم ياشىسۇن!» دېگەن شوئارلار كۆككە ياڭرىدى، ...

«25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» نى تەشكىللىگەن ئەكسىيەتچىلەر، خەلقى ئالەم ئالدىدا، ئەسەبىيلەشكەن ھالدا، كۈپ - كۈندۈزدە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا ئۇسسۇپ كىرىپ، تەھدىت سالغان بولسىمۇ، ئاقىۋەت ئۇلار: «ئۆزىنى چاغلىماي شىلتاڭ ئاتتى، ئۆزى قورقۇپ ھوشىدىن كەتتى». يەنى، «قاشنى چەللىسەڭ كۆزگە، كىشىنى كۆزلىسەڭ ئۆزگە» — دېگەندەك بولىدۇ.

«ئىشىكنىڭ كۆزى، تامنىڭ قۇلىقى بار» دېگەن تەمسىل



بار. «25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» دە، «نامايىشچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ ناھەق تۆكۈلگەن ئىسسىق قانلىرىغا ماددىي پاكىت تەرىقىسىدە ئەنە شۇ چاغدىكى ئىشىك، تاملار «مانا بىز گۇۋاھ!» دەپ تۇرۇپتۇ. پاكىت ھامان پاكىت!

«25 فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» نىڭ پۈتكۈل جەريانىدا نەق مەيداندا بولغان شاھىدلىق ۋە «غازى»① لىق سۈپىتىم بىلەن «25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» نىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە مۇشۇ ئەسلىمىنى يازدىم.

① «غازى» — كۈرەشلەردە ئۆلگەنلەرنى «شېھىد»، قالغانلارنى «غازى» دەيدۇ. مەن «25 - فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» دە، تاياق ۋە مۇشتنىڭ ئاستىدا قالغان بولسامۇ، بەختىمگە يارىشا ساق قالغان ئىدىم. مەرھۇم ئەخمەت ئەپەندىم، كېيىنمۇ مېنى كۆرگەندە ھە، بىزنىڭ «غازى» — دەپ تەرىپلەيتتى.

# «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى» نىڭ يەكەندە ئېلىپ بېرىلىش ئەھۋالى

ئىسمايىل ئەسقەرى

ۋەتىنىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىنى ئۇزاق مۇددەت بېسىپ ياتقان ياپون جاھانگىرلىكى 1937 - يىلى 7 - ئىيول كۈنى قەستەن «لۇگۇچاۋ ۋەقەسى» نى تۇغدۇرۇپ، ۋەتىنىمىز جۇڭگوغا كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى باشلىغاندىن كېيىن، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە قانات يايغان «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى» يەكەندە كەڭ دائىرىدە ۋە بارغانسېرى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ھەرىكەت يەكەندە 1938 - يىلى رەسمىي باشلىنىپ، 1943 - يىلغىچە ئالتە يىل داۋاملاشتى ۋە زور نەتىجىلەر قازاندى.

«ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى» نى ئېلىپ بېرىشتا يەكەندە ھەممە ئىدارە - جەمئىيەتلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە مەكتەپلەر ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىنغانىدى. بۇ ھەرىكەتنى كەڭ ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ئاۋۋال تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش زۆرۈر ئىدى. شۇڭا شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىلغان ئىسمى «ئۇيغۇر ئۇيۇشما») ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى مەكتەپلەر، ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپلەر بۇ ھەرىكەتنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىدا كۆزگە كۆ-



رۈنەرلىك رول ئوينىدى. شۇ ۋاقىتلاردا يەكەندە ھۆكۈمەت قارمىقىدا (شەنلى) ئىككى مەكتەپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدا (خۇيلى) 202 مەكتەپ بار ئىدى. ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپلەر شەھەر ئىچىگە، ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەر ئاساسەن يېزىلارغا جايلاشقان بولۇپ، «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى» توغرىسىدىكى تەشۋىقاتلارنى بۇ مەكتەپلەر ئۆز دائىرىسىدە داۋاملىق ۋە ناھايىتى جانلىق ئېلىپ باردى؛ ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپلەر ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەر ئۇيۇشما تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئېلىپ باردى؛ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشۋىقات باشقارمىسى شەھەر ئىچىدە ئۆزى بىۋاسىتە ئېلىپ بارغاندىن تاشقىرى، ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ بۇ تەشۋىقاتىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىشىغا داۋاملىق يېتەكچىلىك قىلىپ تۇردى. بولۇپمۇ تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ سانائىنەفىسە بۆلۈمى (ھازىرقى سەنئەت ئۆمىكىگە تەڭ) ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تۈرلۈك جىنايەتلىرىنى پاش قىلىدىغان كونسېرت ۋە كومېدىيىلىرىنى تۈزۈپ، ئۆزلىرى تىياتىر سەھنىلىرىدە ۋە شەھەر كوچىلىرىدا ئويناپ چىقىپ تەشۋىقات يۈرگۈزگەندىن تاشقىرى، بۇ سەھنە ئەسەرلىرىنى كۆپەيتىپ بېسىپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەرگە تارقىتىپ بېرەتتى؛ مەكتەپلەر بۇ كونسېرت ۋە كومېدىيىلەرنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئويناپ چىقىپ، ئۆز دائىرىسىدىكى ئاممىغا يەنى ئۆز يېزىسىدىكى دېھقانلارغا تەشۋىقات ئېلىپ باراتتى، بۇ كونسېرت ۋە كومېدىيىلەرنىڭ ئالاھىدە ياخشى تۈزۈلگەنلىرىنى ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپلەرمۇ ئويناپ چىقىپ، شەھەر ئىچىدە تەشۋىقات ئېلىپ باراتتى.

لېكىن، تەشۋىقاتنىڭ تۈرلىرى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇت-

تۈزۈش ھەرىكىتى» نى كەڭ قانات يايدۇرۇشتا تەشۋىقاتنىڭ تۈرلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ باردى. ئۇلار ئاساسەن: ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان تۈرلۈك رەڭدار رەسىملەرنى چوڭايتىپ سىزىپ ياكى ئادەملەر ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىۋاتقان خەلق ئارمىيىسىنىڭ شەكلىدە گىرىم قىلىپ، كوچىغا چىقىپ، شۇئار توۋلاپ تەشۋىق قىلىش؛ پۇلسىز بېلەت تارقىتىپ، سەھنە ئويۇنلىرى جۈملىدىن كونسېرت ۋە كومېدىيىلەرنى قويۇپ تەشۋىق قىلىش؛ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ جىنايەتلىرىنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، مەخسۇس تەشكىللەپ كوچىلاردا ئاممىغا دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىش ياكى شۇ ئەسەرلەر مەزمۇنىدا رەڭلىك رەسىملەر سىزىپ كۆرگەزمە قىلىش؛ ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىلگەن تۈرلۈك تەشۋىق ۋاراقلىرى ۋە شۇئارلارنى كۆپەيتىپ بېسىپ تارقىتىش ياكى كوچا تاملىرىغا چاپلاش؛ تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئىئانە توپلاپ، جۈملىدىن «لاتارى»① سېتىپ، پۇلنى يۇقىرى ئورۇنغا تاپشۇرۇش ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت بولدى. كوچىلارغا رەڭلىك رەسىم ئېچىپ قىپ كورگەزمە قىلىش ياكى چاپلاشتا ھەر بىر مەكتەپنىڭ رەسىم مۇئەللىملىرى ئالاھىدە رول ئوينىدى. مەسىلەن، ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى «شەنلى» 1-مەكتەپنىڭ شۇچاغدىكى رەسىم مۇئەللىمى مەھەممەت توختىنىياز ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم شۇ خىلدىكى رەسىملەرنى تولا سىزىپ ئۇستا بولۇپ كەتكەن.

① «لاتارى» — مەلۇم قىممەتكە ئىگە چەك بولۇپ، ھەممىسى ئوخشاش باھادا بولىدۇ. ئۇنى سېتىۋالغۇچىلار چەكنىڭ نومۇرىنى دەل شۇ نومۇردىكى تار قومۇش قاختىغا توغرىلايدۇ (بۇ تاختا پۇختا ۋە مەخپىي ساقلىنىدۇ). نومۇر تەگەر مۇكاپاتلىق بولۇپ چىقسا، ئۇنىڭغا بىر دانە كىلەم ياكى ساماۋەرگە ئوخشاش پۇللۇق نەرسە تالايدۇ؛ ئەگەر مۇكاپاتلىق بولۇپ چىقمىسا، ئۇنىڭغا ھېچ بولمىغاندا بىر قاپ سەرەڭگە چاغلىق ئەرزان نەرسە ئالىدۇ). ئۇنىڭ ئاشقان پۇلى قايتۇرۇلمايدۇ.



«ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى» بابىدىكى تەشۋىقاتلار خۇسۇسەن 1940 - يىلى 9 - ئايدا ئۈرۈمچىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا (جۈملىدىن يەكەنگە) «قىشلىق سەپەر ئۆمىكى» بېرىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغاندىن كېيىن تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى» نىڭ شىنجاڭ بويىچە ئالىي رەھبەرلىك ئورگىنى «فەندىخۇي» (جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما») بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردە شۆبىلىرى بار ئىدى. بۇ ئۇيۇشما «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى» نى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىن «جەنۇبىي شىنجاڭ قىشلىق سەپەر ئۆمىكى» ناملىق بىر ئۆمەك تەشكىللەپ، ئۇنىڭغا شۇچاغدىكى ئۆلكىلىك سىياسىي كادىرلار كۇرسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى بولغان لى يىئونى تۇەنجاڭ، قارىقاشنىڭ گۇكى زايىخان خوجىنى مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، سىياسىي كادىرلار كۇرسىدىن ھاجى ياقۇپنى تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى قىلىپ تەيىنلەپ، سىياسىي كادىرلار كۇرسىدىن 200 ئوقۇغۇچى، شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ تىل پاكولتېتىدىن 30 ئوقۇغۇچى ئاجرىتىپ، ئىشچى - خىزمەتچى، تەرجىمان، ئاشپەزلەر قوشۇلۇپ جەمئىي 250 ئادەمنى 25 ئاپتوموبىل بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭدۇرىدۇ. بۇ ئۆمەكنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: 1) ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ماھىيىتىنى تۈرلۈك تەشۋىقاتلار بىلەن خەلققە تونۇتۇپ، خەلقنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۆچكىنى ئۆستۈرۈش، غەزىپىنى قوزغاش؛ 2) «ئالتە سىياسەت»نى كەڭ تەشۋىق قىلىش؛ 3) خەلقنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان قوراللارنى يىغىۋېلىش؛ 4) جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت - مائارىپ، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، ھۈنەر - كەسىپ ۋە سىنىپىي ئەھۋالل

رىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ، بۇنىڭ
سىرتىدا، شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ تىل پاكولتىتىدىن ئاجرىتىلغان
30 ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى ئۆگىنى
ۋاتقان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بولغاچقا، بۇلارنىڭ جەنۇبىي شىنـ
جاڭدا تەشۋىقات ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغاچ ئۇيغۇر تىل - يېزىـ
قىنى پراكتىكا قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش، ھاجى ياقۇپقا
قوشۇمچە ۋەزىپە قىلىپ تاپشۇرۇلىدۇ. بۇ ئۆمەك تەشۋىقات پائا-
لىيەتلىرىنى ھەر بىر ناھىيىنىڭ شەھەر ۋە يېزىلىرىدىكى بازار-
لاردا كوچا ئويۇنلىرى قويۇش، شەھەرلەردىكى كۇلۇبـ
لاردا ئاممىۋى يىغىنلار ئېچىپ، يىغىندىن كېيىن ئويۇن ياكى
كىنو قويۇپ بېرىش (بۇ ئۆمەك كىنو ئاپاراتى ۋە مېخانىكلار-
نى بىللە ئېلىپ بارغان)؛ كوچىلارغا لوزۇنكا ۋە شۇئارلار
يېزىپ چاپلاش، تەشۋىق ۋاراقلىرى تارقىتىش شەكىللىرى بىـ
لەن ئېلىپ بارىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر قەشقەر ۋىلايىتىدىن رەسـ
مىي باشلىنىپ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يىراق ناھىيىلىرىگىچە، ئۆـ
مەك خوتەندىن قايتقاندىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن قارا شەـ
ھەر ۋىلايىتىگىچە ئېلىپ بېرىلىپ، 1940 - يىل 9 - ئايدىن
1941 - يىل 4 - ئايغىچە سەككىز ئاي داۋاملىشىدۇ. بۇ پائا-
لىيەتلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ (جۈملىدىن
يەكەننىڭ «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى
قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى» يولىدىكى تەشۋىقات پائالىيەتلىرى
تېخىمۇ جانلىنىپ، ئۇنىڭ تۈرلىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ، مەزمۇنى
يەنىمۇ بېيىپ، بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ ۋە تېخىمۇ
كەڭ ئەۋج ئالىدۇ.

ئەمما، 1943 - يىلىغا كەلگەندە، سىياسىي ئالدامچى شېڭ
شىسەي ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىنى جياڭجيېشى گومىنداڭىـ
نىڭ قوينىغا ئاتتى. شىنجاڭدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن
كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جياڭ جيېشىنىڭ «ياپون جاھانـ



گىرلىكىگە پاسسىپ قارشى تۇرۇش، كومپارتىيىگە ئاكتىپ قارشى
تۇرۇش» فاڭجېنى بويىچە ئىش كۆرگەنلىكتىن، «فەندىخۇي»
(«جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما») ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن، «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى
قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى» سۇسلىشىپ قالدى، جۈملىدىن يەكەنـ
دىمۇ سۇسلىشىپ، ئاخىرى بېرىپ توختاپ قالدى.

# جەنۇبىي شىنجاڭ قىرغىزلىرىنىڭ ياپون باس- قۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قىلغان ياردىمى توغرىسىدا ئەسلىمە

مەھەممەت ھەسەن ئارسلانوۋ

جەنۇبىي شىنجاڭ قىرغىزلىرى تيانشان، پامىر تاغلىرىنىڭ كەڭ يايلاق ساي - سالالىرىدا، خوتەندىن تارتىپ قىزىلسۇ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ تاغ باغرىلىرىدا ياشىغان، ئاساسلىقى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن خەلق. ئازادلىقنىڭ ئالدىدا تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، ئاز سانلىق چارۋىچىلارنىڭ ئۆز ئىگىلىكىدە چارۋا مىلى بولۇشىدىن تاشقىرى مۇتلەق كۆپ سانىدىكى قىرغىزلار باي چارۋىچى ۋە سودىگەرلەرنىڭ مىلىنى بېقىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، بۇلاردا مۇنبەت يەر، باغ، قورو جايمۇ بولمايتتى. تاغ ئارىسىدا ئازراق ئارپا، تېرىق تېرىپ شۇنى ئوزۇق قىلاتتى. بۇلارنىڭ ئومۇملاشقان داڭلىق ھۈنەر - سەنئىتى كەشتىچىلىك، ئويمىچىلىق، شىرداق، كىگىز، توشتوق (كىلەم ئورنىدا تامغا تارتىدىغان نەرسە)، كەشتىلەنگەن گۈللۈك چىغ، مەلەڭزە، گۈمرىشەي ياسالغان ھەرخىل نەپىس جابدۇقلار، چولپا (ئاياللارنىڭ چېچىغا ئاسىدىغان نەرسە)، سۆكە، بىلەيزۈك، ھالقا، ئۈزۈك، يۇڭدىن ياسالغان كەمەنتەي، تۆگە يۇڭىدىن توقۇلىدىغان تور چەكمەن، تۈرلۈك تېرىلەردىن ئىشلەنگەن جۇۋا تون، ئاق جۇۋا، ياغاق شىم، تۈرلۈك ئاياغ كىيىم، ئىگەر توقۇم، ياغاچتىن



ياسالغان تۈرلۈك ئىدىش ئاياغ، قىمىز پىشۇرۇش سايمانلاردىن ساۋا، چاناشى، كونەك (تېرىدىن ياسىلىدىغان چىلەك)، قاتارلىقلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تاۋار ئوبوروتى قىلىشنى بىلمەيتتى. قىسقىسى سودىگەرچىلىكمۇ قىلمايتتى. چىرىك ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئالۋاڭ - ياساقنىڭ كۆپىيىشى خەلق تۇرمۇشىنى ئىنتايىن ناچار ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، خەلقنىڭ ۋەتەن سۆيۈش روھى ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ - ئۆسكەن كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ماكانىدىن ئايرىلىپ باشقا ياقا يۇرتقا كېتىشكە ئۇنىمايتتى، ئۆز ۋەتىنى ۋە ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىش خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى. قانچىلىك جاپالىق بولسىمۇ ئانا يۇرتنى تاشلاشنى مۇتلەق خالىمايتتى. شۇڭا قىرغىزلاردا مۇنداق تەمسىل بار: «باشقا يۇرتتا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئولتان بول». ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېتتىن قېچىپ كەلگەن باسمىچىلار چىرىك ھاكىمىيەتنىڭ قانۇن، ئەمىر - پەرمانلىرىنى كۆزگە ئىلماي نۇرغۇن ئەللەرنى خالىغانچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، قىرغىنچىلىق قىلىشى ئۇلارنى تېخىمۇ يامان كۈنگە قويغانىدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىدا جىن تەنچيۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنىڭ شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىگە بىۋاسىتە قىلغان ياردىمى ئارقىسىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ قىرغىز خەلقىنىڭ قەددى بىر قەدەر كۆتۈرۈلدى. ۋاقىت ئاز بولسىمۇ، جۇملىدىن قەشقەردە قىرغىز ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، تاغلىق رايونلاردا ئۇيۇشما قارمىقىدا مەكتەپلەر ئېچىلىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتى يۈرگۈزۈلدى، كەڭ چارۋىچى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى بىر قەدەر ئۆسۈپ نەزەر دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ، مەدەنىي مائارىپقا بولغان قىزغىنلىقى كۈنسايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنىدى.

ئۇنىڭ نەتىجىسىدە ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلىش روھى بويىچە 1937 - يىلى ياپون باسقۇنچىلىرى كەڭ كۆلەمدە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى باشلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى كوممۇنىستلار جان پىدالىق بىلەن قۇرغان «فەندىخۇي» (جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما) نىڭ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق ئىشلىرى يۈرگۈزۈلۈپ، ھەر مىللەت ئۇيۇشمىلىرىنىڭ بىۋاستە تەشكىللىشى ئارقىسىدا ۋەتەن ئۈچۈن پۇلى بارلار پۇل، كۈچى بارلار كۈچ ياردەم قىلىش چاقىرىقى چىقىرىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ قىرغىزلىرى بەس-بەس بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى. مەسىلەن: مەرھۇم گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبېكنىڭ دادىسى موناھاجىم دېگەن كىشى ئۆز تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىكتە بىر ئايغىر ئاتنى باش قىلىپ 10 دانە ژىلقا، 20 دانە قوي، بىر دانە يامبۇ بەرگەن.

ۋىلايەتلىك قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى تەرەققىيپەرۋەر ئىيسەن كەلدى دېگەن كىشى (1945 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىيسەن كەلدى باشلىق شادەت، مارەسول ئومۇش قاتارلىق يەتتە كىشىنى جادى بىلەن تۇغراپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن) باشلىق يەتتە كىشى بىردىن ئات تەغدىم قىلغان. ۋىلايەتلىك ئۇيۇشمىنىڭ مائاۋىن رەئىسلىرىدىن تۇرغان غوجامباي، ئابدۇقادىر توختاروپلەر (بۇلار تاشكەندە ئوقۇپ چىققان قىرغىزلاردىن بىرىنچى ئەۋلاد زىيالىيلار ئىدى) ئۆزلىرىنىڭ كىيىملىرى، ئاياللىرىنىڭ بىلەيزۈك ۋە ئۈزۈكلىرىنى باشلامچىلىق بىلەن تەغدىم قىلغان.

خەلقپەرۋەر مېھمان دوست بەتەي ھاجى دېگەن كىشى 50 قوي، 2 يامبۇ بەرگەن.

يۇرت ئاقساقاللىرىدىن غوجام كەلدى (ھازىر دەم ئېلىشتا) قاتارلىقلار بىردىن ئات بەرگەندىن باشقا، ئۆز يۇرتىدىن 50 قوي، 5 قوتاز يىغىپ ئىئانە قىلغان.



ئۇلۇغچات ناھىيىلىك ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسى سايۋاي ئۆزى بىر دانە ئات بەرگەندىن باشقا، ئابدۇللا ئالىم قان، ئىسابەكلەر بىلەن بىرلىكتە 20 دانە قوي يىغىپ ئىئانە قىلغان.

ئەل ئاقساقىلىمىز ئىزاقباي 30 دانە قوي، سايدبەك بىر دانە ئات، شىرىپ بەگ، مەمەتخان بەگلەر بىر دانىدىن قوتاز، ئالى قول، مەمەت توختى، تۇرغان ئىبراي بىر دانىدىن ژىلقا، ماكىلەك، ئابدىرىم ھاجى بىردىن قوتاز، بەكتەنباي بىر دانە تۆگە، بازار باي بىر دانە قوتاز، مەمەت قۇربان ئۆمەرلەر بىر دانىدىن كالا بەرگەن. تۇرغان ئىبراھىم دېگەن كىشى ئۆز يۇرتىدىن 30 دانە قوي يىغىپ ئىئانە قىلغان.

قارا جول ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە تىگىرمەت مەكتىپىنىڭ مۇدىرى مەھەممەت تۇرسۇن (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىدا) بىر دانە ئات بەرگەندىن باشقا ئايدارالى، ئايىتى، سولتانالى، قولنەزەر، تۇردى مەمبەگ، قۇربان باي، جانىقۇل، قىرانلار بىرلىكتە 30 دانە قوي، ئۈچ دانە قوتاز، بىر دانە ئات بەرگەن.

يېكسار ناھىيىلىك قىرغىز ئۇيۇشمىسىنىڭ مائاۋىن رەئىسى ئىسلام قازى، يۇرت ئاقساقاللىرىدىن قارى ئەلەم قاتارلىقلار ئۆز يۇرتىدىن 15 دانە قوي، 3 دانە قوتاز يىغىپ تاپشۇرغان. مەزكۇر ياردەملەر قەشقەر ۋىلايەتلىك قازاق — قىرغىز ئۇيۇشمىسىغا توپلانغان. ئۇيۇشما يەنە ئۆزى 93 مىلليون قەغەز پۇل يىغىپ تاپشۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا ياردەم قىلغۇچى كىشى ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ياردەملىرى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقتىن تولۇق يازالمىدىم. ئىسمى ئاتالماي قالغان يولداشلارنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى، بەلكى ئەسلىمە يېزىپ تولۇقلاپ كېتىشىنى سورايمەن.

# كۇنەس ييزىلىرىدىكى مىللىي مائارىپنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى

ئابدۇسەمەت ئابدۇللام

كۇنەس ييزىلىرىدىكى مائارىپ ئىلى ۋىلايىتىدىكى باشقا ناھىيىلەردىن بۇرۇن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى تېگى – تەكتى دىنىي ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئىسلام دىنىدىكىلەر بار يەردە مەسچىت بار، مەسچىت بار يەردە مەكتەپ بار ئىدى. بۇ مەكتەپلەردە بالىلارغا دىنىي دەرس ئۆتۈلەتتى.

1882 – يىللاردىن باشلاپ قازاق خەلقى بۆرتالانىڭ توغتى، بارلىق قاتارلىق جايلىرىدىن ئىلى كۇنەسلەرگە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلىشىشقا باشلىدى. بۇ مەزگىللەردە كۈنەستىكى قازاق خەلقىنىڭ ئۆلۈم – يېتىم، نەزىر – چىراغ ئىشلىرى قىيىن بولۇپ، بىرەر ئادەم ئۆلسە غۇلجا ناھىيىسىنىڭ «سۇلتانۋەيس» مازىرىغا ئاتلىق ئادەم ئەۋەتىپ موللا ئېلىپ كېلىپ نامىزىنى چۈشۈرەتتى، نەزىر – چىراغ قىلاتتى ۋە قۇرئان ئوقۇتاتتى. خەلق ئىچىدىكى ئابرويلۇق كىشىلەر ئۆلسە مېيىتنى «سۇلتانۋەيس» مازىرىغا ئاپىرىپ قوياتتى.

مېيىتنى «سۇلتانۋەيس» مازىرىغا ئاپىرىپ قويۇش ۋە ئۇ يەرنى تاۋاپ قىلىپ ئۆتۈش كىشىلەرگە بەك كۆپ قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكتىن، بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سۇلتان كەلدىدىكى قوجابەك دېگەن كىشى ئەلنىڭ ئاقساقاللىرى ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرى ئۈچۈن ئەل ئىچىدە بالا تەربىيىلەش قارارىغا



كېلىدۇ. ئۇلار «سۇلتانۋەيس» مازىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ بالا ئوقۇتىدىغان قارى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، مازار شەيخى كەكسۇدىكى ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن ئىسمايىل دېگەن قارىنى ئىماملىققا تونۇشتۇرۇپ بېرىدۇ. قاپسان زەڭگى، مەھەممەتجان، بايدۆۋلەت باتۇرلار ئىسمايىل ئىمامنى كەكسۇنىڭ ئاشۇ تاش دېگەن يېرىگە باشلاپ بارغاندا، قازاقلار ئالاھىدە قارشى ئېلىپ، بارلىق چوڭلار يىغىلىپ كىگىز ئۆيدە ناماز ئوقۇپ، ئاندىن بۇ چوڭ ئاۋۇلدىكى ئاتاقلىق مويسپىتلارنىڭ بالىلىرىدىن توققۇز نەپەر بالىنى ئىسمايىل ئىمامنىڭ دىنىي ئوقۇتۇشىغا بېرىدۇ. 1900 – يىلى ئىسمايىل ئىمام ئۆز يۇرتى قەشقەرگە قايتقاندا، كەكسۇ ئاۋۇلدىكى قازاقلار تالاتۆپىدىكى ساغا ئۆتكۈلۈكچە ئۇزۇتۇپ قويغانىدى. 1920 – يىلى كەكسۇدىكى ئىستىمەس ئاق قۇلاقچىنىڭ بالىسى نوغايبەك، نىلقا ناھىيىسىنىڭ بوربولسۇن دېگەن قىشلىقىدا ئولتۇرۇشلۇق نۇسۇپ دېگەن تاتار كىشىدە ئوقۇيدۇ. كېيىن ئالمۇتاغا چىقىپ تۆت يىل ئوقۇپ، 1924 – يىلى ئۇ يەردىن قايتىپ كۇنەس كەكسۇدىكى دادىسى ئىستىمەسنىڭ جالچىدىكى ئۆيىگە كېلىپ قىشلىغانىدى. ئەتىيازغا چىققاندا ئاۋۇلدىكى بالىلارنى كىگىز ئۆيگە يىغىپ دىنىي دەرس ئوقۇتتى. 1928 – يىلىغا كەلگەندە نوغايبەك ئۇيغۇر ئۇستىلارنى باشلاپ كېلىپ قازاق خەلقى ئىچىدە تۇنجى تام ئۆي سالدۇرۇپ، بۇ ئۆيدە ئۆزى ئولتۇرۇپ، كىگىز ئۆيدە ئۆمۈربەك، ئايقان (قىز) قاتارلىق يىگىرمە نەپەر بالىغا دىنىي دەرس بەردى. شۇ يىلى كۈز كەلگەندە نوغايبەك يەنە ئىككى ئېغىز ياغاچ ئۆي سالدۇرۇپ ئوتتۇزغا يېقىن بالىنى ئوقۇتتى. بۇ قېتىم ئۇ دىنىي دەرس بىلەن پەننى دەرسنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇتتى. مولداغەلى ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بولدى. 1930 – يىلىغا كەلگەندە نوغايبەك يەنە بەش ئېغىز ئۆي ياسىتىپ، بىر ئېغىزدا ئۆزى ئولتۇرۇپ، بىر ئېغىزنى قازاق ئوقۇتقۇچى نوغاي-

غا بەردى. ئۈچ ئېغىز ئۆيدە 60 قا يېقىن بالا ئوقۇدى. 1930- يىللىرى نوغايبەك ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سەلەيغى سەئىدى (تاتار) بۇ مەكتەپكە مۇدىر بولدى. ئاۋۇلدىكى قازاقلار شۇنىڭدىن باشلاپ «تىرىك يەرگە كىرىدىمىزمۇ» دېگەن كۆز قاراشتىن قۇتۇلۇپ، تام ئۆيلەرنى سېلىپ ئولتۇرىدىغان بولدى. 1933 - يىللىرى تۆت ئېغىز ياغاچ ئۆيدە 110 غا يېقىن بالىنى ئوقۇتتى. سەلەفى سەئىدى يەنىلا مەكتەپ مۇدىرى بولدى. ئوقۇتقۇچىلاردىن قىدىربەك، ئايالى سەلىمە، ئىگەۋ بەك ۋە سوۋېتتىن كەلگەن ئابدۇۋاقىت (تاتار) لار بولۇپ ئۇلارنىڭ ئايلىقىنى ئۆشرە - زاكاتتىن يىغىش قىلىپ بەردى.

1924 - يىلى چاخما ئېغىزىدىكى بايان دېگەن ئەلنىڭ زەڭگىسى قۇۋان زەڭگى ئاقسۇدىن كەلگەن ماھمۇت قارىغە مەسچىت سېلىش ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قۇرۇلۇشقا بايان ئەل خەلقى ياغاچ ۋە باشقا لازىملىق ئىقتىسادىي نەرسىلەرنى بېرىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى يىغىش - توپلاش ۋە قۇرۇلۇش ئورنىغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشلىرىغا قۇربان زەڭگى ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. مەسچىت پۈتكەندىن كېيىن، ماخمۇت قارى مەسچىت نامىنى «قۇربان زەڭگى» نامىدا بولسۇن دەيدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ مەسچىت «قۇربان زەڭگى مەسچىتى» دەپ ئاتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەھەممەت قارى بۇ مەسچىتنى ھاك بىلەن ئاقارتىپ، ئەتراپىغا غۇلجا ناھىيە قارا باغدىن ئېشەك پىلەن ھەر تۈرلۈك كۆچەت ئېلىپ كېلىپ تىكىدۇ، گۈل تېرىپ، شىپاك ياسايدۇ. بۇ يېڭىلىقتىن خۇرسەن بولغان قۇربان زەڭگى مەھەممەت قارىنى ئىمام دەپ بەلگىلەپ، «بۇ ياخشى ئادەم ئىكەن، بىز بۇنىڭدىن پەرزەنت ئېلىپ قالىمىز» دەپ سىڭلىسى سەلىمىخاننى مەھەممەت قارىغا بېرىدۇ. سەلىمىخان بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى ئابلىز، قىزنىڭ ئىسمىنى مەرەمنىساخان دەپ قويىدۇ. مەھەممەت



قارىدا ئوقۇغان نەچچە تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار كېيىنچە پەننىي مەكتەپلەردىمۇ ئوقۇپ، ئازادلىق ھارپىسىدىكى كۈنەس ناھىيەسىنىڭ غوللۇق زىيالىيلىرىدىن بولۇپ قالدى.

1930 - يىلى مىڭباي موللا دىنىي دەرس بىلەن پەننىي دەرسنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆتكەن بولۇپ، مەسچىت ئەتراپىدىكى بايان ئەلنىڭ باللىرى يازدا يايلاقلارغا كۆچۈپ كەتسە، كۈزدە قايتىپ كېلىپ ئوقۇيتتى. شۇ مەزگىلدە يەنە تاتار ئوقۇتقۇچىلاردىن ئابدۇسالام، ئابدۇمىجىت قاتارلىقلار پەننىي دەرس ئۆتكەنىدى. 1933 - يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىي - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ناراتتا 1934 - يىلىدىن باشلاپ ھەرقايسى مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىمۇ قۇرۇلۇپ مائارىپ ئىشلىرى جانلاندى. 1934 - 1935 - يىللىرى تالدا «تۇران مەكتىپى» قۇرۇلۇپ، ئىككى سىنىپ ئېچىلدى. 1934 - يىلى كەڭسۇ جالجىدە قاناتبەك مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى باشلىۋەتتى. قاناتبەك سۇلتان كەلدى دېگەن ئەلنىڭ بېگى بولۇپ، بۇنىڭ قول ئاستىدا بەش زەڭگى (شاڭيۇ) بار ئىدى. بۇلار قۇرۇلۇش كومىسسىيىسى، ئاتا - ئانىلار كومىسسىيىسى قاتارلىق ئالتە كومىسسىيە تەسىس قىلدى. سۇلتان كەلدى مۇبارەكبەكنى قۇرۇلۇش كومىسسىيىسى، توردوغۇلدىن جۇراتقاننى ئاتا - ئانىلار كومىسسىيىسى قىلىپ سايلىدى. بۇلار ئۆشرە - زاكات يىغىش ئىشىنى ۋە مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى جىددىي تۇتقانلىقتىن 1935 - يىلى 14 ئېغىزلىق سىنىپ ۋە بىر زالدىن تەركىب تاپقان يېڭى مەكتەپ بارلىققا كەلدى. مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى ئۆمەر ئاخۇن دېگەن ئۇيغۇر ئۇستام غۇلجىدىن كەلگەن شاگىرتى بىلەن كېچە - كۈندۈز ئىشلىدى، ئەپسۇسكى ئۆمەرئاخۇن ئۇستام قازاق خەلقىنىڭ مەكتىپىنى ياخشى ياساش ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەۋاتقاندا، غايىپتىن ئوق تېگىپ ئۆلدى، ئورنىغا سىيىت ئاخۇن ئۇستام چىقىپ مەك-

تەپ قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرۈپ، قازاق خەلقىنىڭ رازىلىقىنى ئېـ
لىپ قايتتى.

بۇ مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يىغىلغان ئات، كالا، قويلار
ۋە ياغاچقا ئوخشاش ماتېرىياللار مەكتەپنىڭ پارتا، ئورۇندۇـ
غى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. مەكتەپ ئەتراپىغا، ياۋا ئالما، ئۆرۈك،
تېرەك قويدى. بۇ ئىشنى شارىپ ئاخۇن سودىگەر ئىشلىدى.

1935 - يىلى بۇ قازاق مەكتىپىدە 14 سىنىپ ئېچىلىپ
380 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئارالتۆپىدىكى سۇلتان كەلدى
ئېلىنىڭ ئۈچكەپتەردىكى قارىنباي دېگەن ئەلدىن چىققان مۇپـ
تىسى قاناباي 1937 - يىلى كىسەك بىلەن بەش ئېغىز زاللىق
مەكتەپ ياسىتىپ، تۆت سىنىپ ئېچىپ 30 دىن 120 گىچە ئوـ
قۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ئالتە ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتتى. ئوقۇتـ
قۇچىلارنىڭ مائاشىنى خەلقتىن يىغىش قىلىپ بەردى. مەكتەپ،
سىنىپ مۈلكىنى سابىراخۇن، نىيازئاخۇن ئىككى نەپەر ئۇيغۇر
ياغاچچى ياساپ بەردى.

قاناباي مەكتەپ باشقۇرۇش كومىسسىيىسى قۇردى. كومىسـ
سىيە توققۇز نەپەر ئادەمدىن تەركىب تاپتى. بۇلار: قاناباي
ئەخمەتبېك، تۇردىبېك، جاقىپ قاتارلىقلار بولۇپ ياغاچ - تاش،
ئۆشرە - زاكات يىغدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇمەكتەپ «ئۈچكەپتەر
قاناباي مەكتىپى» دەپ ئاتالدى.

1938 - يىلى قانابايىنىڭ بالىسى نۇردانقازى نىلقا مىس
مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولدى. 1939 - يىلى هازىرقى نارات
يېزىسىنىڭ ئىستال مەكتىپى قۇرۇلۇپ «سۇلتانقازى مەكتىپى»
دەپ ئاتالدى، كېيىن بىجان زەڭگى (بەگ) ئۇچان، ئايۇپ
ماڭپاڭلار (مۇئاۋىن بەگ) بىرلىشىپ قارا ئۆيدە چوڭ بىر
مەكتەپ سالدى. بۇ قارا ئۆي مەكتىپى دەپ ئاتالدى. بۇ مەكـ
تەپكە نىلقا ناھىيىسىدىن قانابايىنىڭ بالىسى نۇردانقازى مۇـ
دىرلىق ۋەزىپىسى بىلەن كەلدى.



1945 - يىلى يازدا غۇلجىدا قازاق ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئىكـ
كى ئايلىق كۇرس ئېچىلدى. كۇرس ئاياقلاشقاندىن كېيىن
نۇردانقازى ئۆز ئانا مەكتىپىگە مۇدىرلىق ۋەزىپىسى بىلەن كەلـ
دى. 1938 - 1939 - يىلى هازىرقى ياۋا توقاي يېزىسىنىڭ
ئۆرۈك تارالدىدىن ئابىت قاتارلىق كىشىلەر بىرلىشىپ بەش
ئېغىزلىق بىر مەكتەپ سېلىپ بالا ئوقۇتتى. بەشتۆبە يېزىسـ
دىكى ئۈچ بۇلاقتا هاشىم قارى قازاقلارنىڭ قوللىشى ۋە يارـ
دەم قىلىشى بىلەن مەسچىت سېلىپ ئەتراپىغا قارىياغاچ تىكـ
تى. هەم ئۆزى ئىمام بولۇپ يېڭى مەسچىتتە ناماز ئوـ
قۇپ، قازاق بالىلارغا دىنىي دەرس بىرىدۇ. كېيىن ئۈچبۇلاق
خەلقى مەكتەپ سېلىپ پەننىي ۋە دىنىي دەرسلەرنى بىرلەشتۈـ
رۈپ ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتتى.

1936 - يىلى ناراتتا ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىسى ئېچىلىپ بۇـ
نىڭغا ئىلى ۋىلايىتىدىن ئەخمەتبەك دېگەن (تاتار) ئادەم باشـ
چىلىق قىلدى، كۇرستا ئۆتۈلگەن دەرسلەر: هېساب، تىل،
جۇغراپىيە، تەبىئەت، تارىخ بولۇپ، دەرسنى ئۆتكەن ئوقۇتقۇـ
چىلار تۇرسىباي ئەلىم ئاقىن، قاجىباي، سابىتلاردىن ئىبارەت
ئىدى. بۇ كۇرسقا كۇنەستىن بېرىپ قاتناشقان كۇرسانتلار ئىـ
چىدە يېشى كىچىكرەكلىرىدىن نۇردانقازى قانابايىنى ئىلى
كۆرە شوتاڭغا بىر يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتتى.

كەڭسۇدىكى قازاق مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار 1939 - يىلى
6 - سىنىپنى پۈتتۈرۈپ چىقتى. 1940 - 1941 - يىللىرى يۇقىـ
رى سىنىپ ئاچىمىز دەپ 7 - سىنىپنى ئېچىپ بۇنىڭدا 20 ياشـ
تىن 40 ياشقىچە بولغان ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتقان بولسىمۇ، بىر
يىلدىن كېيىن توختىتىلىپ بۇرۇنقى 1 - سىنىپ بىلەن چەكلىـ
نىپ قالدى. بۇ مەكتەپتە ئوقۇ - ئوقۇتۇش، تەنتەربىيە پائاـ
لىيەتلىرى خېلىلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، 1939 - يىلى بۇ
مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ، «12 - ئاپرېل» كۈنى

كۇنەس ناھىيىسىنىڭ تالدى «تۇران» مەكتىپىگە ئاپىرىپ 100–
2500 مېتىرغىچە يۈگرەش مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇردى.

مۇسابىقىدە كەڭسۇ جالچى مەكتىپىدىن ئەمەتقازى 1 - دە-
رىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ بىر ساماۋەر ئالدى. ئەبۇ تالىپ
2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ پالاشۇپكا چاپان، ئاياغ
بىلەن مۇكاپاتلاندى. بۇ قېتىمقى مەكتەپلەرئارا مۇسابىقىدە
كەڭسۇ جالچى مەكتىپى 1 - دەرىجە، تالدى تۇران مەكتىپى
2 - دەرىجە بولۇپ باھالاندى. بەشتۆپە مەكتىپى نەتىجىگە
ئېرىشەلمىدى. 1940 - يىلى ئاپرېلدا 2 - قېتىملىق مەكتەپ-
لەرئارا مۇسابىقە يەنە تالدى تۇران مەكتىپىدە ئېلىپ بې-
رىلىپ، بۇنىڭدا كەڭسۇ جالچى مەكتىپىدىن يەنە ئەمەتقازى،
ئەبۇ تالىپ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، نىلقىدىن كەلگەن مە-
سۇم 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1934 - يىلى ئارال-
تۆپىدە رۇسلار يېڭى مەھەللە قۇرۇپ، ئۇنىڭ نامىنى پاسۇلكا
دەپ ئاتىدى. 1935 - يىلى رۇسلار 1 - كوچىغا رۇس مەكتى-
پىنى سېلىپ پۈتكۈزدى. 1939 - يىلى رۇس مەكتىپى ئالدىغا
ئۇيغۇرلار ئىككى ئېغىزلىق بىر مەكتەپ سېلىپ ئۆزبېك، ئۇيغۇر
ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ دەرس باشلىۋەتتى. ئوقۇتقۇچىلىقنى
رېھىم تومپاق قىلدى. 1940 - يىلىدىن 1944 - يىلغىچە ئارال-
تۆپە ھاكىم ئىدارىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ياغاچ ئۆينى
ئېلىپ مەكتەپ قىلىپ تۆت سىنىپ ئاچتى. بۇ مەكتەپ
ئوتتۇرىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزبېك، ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئوقۇغۇ-
چىلىرىدىن 110 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ دەرس ئۆتۈل-
دى. دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى رېھىم تومپاق، يۈسۈپجان، خەلچە
بانۇم، سۈيۈم بىكە (تاتار) بولۇپ مەكتەپ مۇدىرى سەلەفى
سەئىدى بولدى. ئوقۇتۇش ئىشلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك راۋاجلان-
دى. 1945 - يىلى كۈزدە ئۇيغۇرلار ئوقۇغان مەكتەپنى يۈلتۈز-
دىن كەلگەن موڭغۇل ئوقۇغۇچىلارغا بوشۇتۇپ بەردى. سەۋە-



بى يۈلتۈزنىڭ ھاكىمى ۋە لاماسى موڭغۇل جاڭ - زىت ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ماسلىشىپ يۈلتۈزدا ئىنقىلابىنى باشلاپ،
موڭغۇللارغا تەشۋىق قىلىپ يۈلتۈزدىن دالىن داۋان، سەرىم،
كۆكۆن، ئاقتاش قاتارلىق مۇھىم يەرلەرنى تەشۋىق بىلەن ئى-
لىغا ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا يېقىندىن ياردەملىشىپ،
ئىتتىپاقلىقنى قولغا كەلتۈرگەن. شۇڭا ئۈچ ۋىلايەت ئازات
بولغاندا بىر مەزگىل يۈلتۈز ئىلى ۋىلايىتىگە قارىغانىدى.
يۈلتۈزدىكى موڭغۇل ئوقۇغۇچىلار ئارالتۆپىگە كېلىپ ئۇيغۇرلار
بوشىتىپ قويغان مەكتەپتە ئوقىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى
50 ئەتراپىدا بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى داۋالاش ئۈچۈن دەڭزىل
دېگەن ئەمچى (تىۋىپ) يۈلتۈزدىن كېلىپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن
ياتاقتا بىرگە بولدى. بۇ مەكتەپتىكى موڭغۇل ئوقۇغۇچىلارغا
شۇ مەكتەپ يېنىدىكى قاسىماخۇن ئۇستام نان يېقىپ بىرەتتى.
موڭغۇل ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە بادەيمۇ (ھازىرقى ئاپتونوم رايون-
لۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى) بار بولۇپ، جۇمە كۈنلىرى
دادىسىنىڭ يېقىن ئاغىنىسى قابىلبەك (قازاق) ئۇنى ئۆيىگە
ئاپىرىپ قوندۇرۇپ، شەنبە كۈنى يەنە مەكتەپكە ئەكىلىپ قو-
ياتتى. ئارالتۆپىدە موڭغۇللار ئوقۇغان شۇ مەكتەپنى ھازىرمۇ
موڭغۇل مەكتىپى دەپ ئاتايدۇ.

1945 - يىلى ئارالتۆپىدىكى ئابدۇلجان دوختۇر (ئۆزبېك)
شۇ مەزگىلدىكى ئىلغار سودىگەر ۋە شەخسىيلەرنى يىغىپ تەشۋىق
قىلىپ، ھازىرقى سابىق ئۇيغۇر 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بۇ-
رۇنقى قۇرۇلۇشىنى پىلانلاپ تۆت ئېغىز، ئۇستى چېدىرچە، ئاس-
تى تاختايلىق، كەينى زال، كۈنگەي تەرىپىنى كارىدورلۇق قى-
لىپ مەكتەپ سالدۇردى. بۇنىڭ پۇلىنى ئاممىدىن يىغىپ، ئۇي-
غۇر مەكتەپنى مەھەللە ئوتتۇرىسىغا مۇقىملاشتۇرۇپ سالدى. كۈز-
دە ئوقۇغۇچىلار يېڭى مەكتەپتە - يورۇق، ئازادە سىنىپلاردا
دەرس ئوقىدى. 1946 - يىلىدىن 1947 - يىلغىچە ئىلى دارىل-

مۇئەللىمىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن كارمان (قازاق) مەكتەپ مۇدىرى، مەھەممەتجان ئەپەندى (ئۇيغۇر) ئىلمىي مۇدىرى بولدى. 1947 - يىلى كارمان ئۆچكەپتەردىكى قانابااي مەكتىپىگە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ يۆتكەلدى، ئورنىغا مەھەممەتجان ئەپەندى مەكتەپ مۇدىرى بولدى. دەرس ئوقۇتقۇچىلىققا ئابلىكىم (قازاق)، سۇلايمان (ئۇيغۇر) يېڭىدىن كەلدى. ئارالتۆپە مەسچىتىنىڭ سابىق ئىمامى ئىسمايىل ئىمام قوشۇمچە دىنىي دەرس مۇئەللىمى بولدى. 1946 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە بۇ ئۇيغۇر مەكتەپتە 1 - سىنىپتىن 4 - سىنىپقىچە تۆت سىنىپ ئېچىلىپ، 120 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى دەرس ئوقىدى، بۇ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە قازاق ئوقۇغۇچىلارمۇ بارىدى.

1947 - يىلى ئابدۇلجان (دوختۇر) بۇ ئۇيغۇر مەكتەپىنىڭ كارىدورىغا تۇغۇرلاپ 1 - چوڭ كوچىغا چىقىدىغان تۆت مېتىرلىق يول ياساتقۇزدى. ھەممە بازاردىكى ئۆزبېك، ئۇيغۇر سودىگەرلەر شارپىئاخۇنىكامنىڭ تېخنىك بولۇپ يول كۆرسىتىشى بىلەن ھازىرقى ئۇيغۇر مەكتەپ ئىچىدىكى ياۋا ئالما، قارىتېرەك، تاللارنى تىككۈزدى. 1947 - يىلى 8 - ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، دەلىلقان، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار ياماتۇ، توققۇزتارا ئارقىلىق كۈنەس ئالمالى بىلەن ئارالتۆپىگە كېلىپ، ئۇيغۇر مەكتەپ مەيدانىدا يىغىلغان كۆپچىلىككە مائارىپنى قوللاش ۋە كېلەچەك توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلىپ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا مەدەت بەردى. ئاندىن پولك گازارمىسىغا بېرىپ يىغىن ئېچىپ كوماندىر، جەڭچىلەردىن ھال سوراپ، ماددىي بۇيۇملارنى تارقىتىپ بەردى. 1947 - يىلى تېكەس ئاتلىق پولك ئەسكەرلىرى ئارالتۆپىگە ئورۇنلاشتى.

1951 - يىلى ئارالتۆپە ئۇيغۇر مەكتەپ ئاتا - ئانىلار كومىتېتى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىپ سىنىپ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ئارالتۆپە يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى ئابدۇللامغا (ئۆزبېك) ئىنكاس قىلغانىدى، يېزا باشلىقى ئابدۇللام ھەر مىللەت خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئاممىدىن پۇل ۋە خىراجەت يىغىپ، ئۇيغۇر مەكتەپنىڭ شەرقىي تەرىپىگە ئوتتۇرىسىدا زالى بار، ئىككى تەرىپىدە ئىككى ئېغىز سىنىپى بار تۆت ئېغىزلىق مەكتەپ سالدۇرۇپ، سىنىپ سانىنى سەككىزگە كۆپەيتىپ خەنزۇ، خۇيزۇ ئىككى سىنىپ قوبۇل قىلىپ، ھەر مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ بىرلىكتە، ئىتتىپاقلىشىپ بىلىم ئېلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى.

كۈنەس ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئەزىزباي (قازاق)، ئارالتۆپە سودا كوپىراتىپىنىڭ ھازىرقى جىڭلىسى ئابدۇۋەلىقان (قازاق)، ئارالتۆپە پوچتا تىجارەت پونكىت باشلىقى ئومايىزا (خۇيزۇ)، كۈنەس ناھىيە 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى شايمەردان (تاتار)، كۈنەس ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى مۇئاۋىن ھاكىمى روزاخۇن (ئۇيغۇر) 1951 - يىللاردىكى سابىق ئۇيغۇر مەكتىپىنىڭ كونا ئوقۇغۇچىلىرىدۇر.

(ماتېرىيال)

# شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زاماندىكى قىسقىچە ئىقتىسادىي ئەھۋالى

ئابلەت نۇردۇن

XVIII — XIX ئەسىرلەردە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلاتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى يەر مەيدانى 4 مىليون 491 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر، ھەقىقىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 7 مىليون 400 مىڭ مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ $\frac{1}{225}$ قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. 1759 - يىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 212 مىڭ 178 بولۇپ، تېرىلغۇ يەر ھەر بىر نوپۇسقا 30 نەچچە مودىن توغرا كېلەتتى. ھالبۇكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاز ساندىكى فېئودال بەگ - پومېشچىكلارنىڭ قولغا مەركەزلەشكەنىدى. كەڭ مېھنەتكەشلەر ئۇلارغا يالىنىپ ئىشلەشكە مەجبۇر ئىدى.

1905 - يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭدا 5 مىليون 792 مىڭ 744 مو تېرىلغۇ يەر، شىمالىي شىنجاڭدا ئاران 1 مىليون 612 مىڭ 462 مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆلىمى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تېرىلغۇيەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغىمۇ يەتمەيتتى. تېرىلغۇ يەرلەر تاغ سۈيى ۋە قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلاتتى.



1766 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «غەربىي رايوننىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 33 - جىلد «ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى» دىكى سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 66 مىڭ 871 تۈتۈن (ئائىلە)، 212 مىڭ 178 نوپۇس بولۇپ، ھەرقايسى جايلار ئىچىدە قەشقەر (14 مىڭ 56 تۈتۈن، 66 مىڭ 413 نوپۇس) بىلەن يەكەن (15 مىڭ 574 تۈتۈن، 65 مىڭ 495 نوپۇس) نىڭ نوپۇسى ئەڭ كۆپ ئىدى.

تېرىلغۇ يەرلەرگە ئاساسلىقى ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلغاندىن باشقا، يەنە كۆكتات تېرىلغان. باغۋەنچىلىكمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان. ئەينى چاغدا تېرىقچىلىق ئۇسۇلى قالاق بولغاچقا، ئاشلىقنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتىمۇ تۆۋەن ئىدى. شۇ چاغدا ھەرقايسى جايلاردىن ئېلىنغان سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1759 — 1777 - يىللىرى بۇغدايىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى بىر دادەن تۆت كۈرە ئىككى شىڭ؛ 1771 - 1777 - يىللىرى بىر دادەن ئۈچ كۈرە يەتتە شىڭ بولغان.

«غەربىي رايوندا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە» نىڭ 7 - جىلدىدا: «ئۇيغۇرلار قوغۇن تېرىشنى ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىش بىلەن تەڭ كۆرىدىكەن، ئۇلارنىڭ قوغۇنلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۇزۇن، بەزىلىرى يۇمىلاق، رەڭگى قىزىل، ئاق، سېرىق، يېشىل ھەر خىل ئىكەن. ياز، كۈز مەۋسۈمىدە ئۇيغۇر كەنتىگە بارغانلار قوغۇن بىلەن كۈتۈۋېلىنىدىكەن.

يازدا ئۈجمە، ...... شاپتۇل، ئۈزۈم، جىگدە پىشىدىكەن، ئۈزۈمدىن ئىشلىگەن مۇسەللەس ناھايىتى ياخشى بولىدىكەن دېيىلگەن.

شىنجاڭدا يەنە پاختىچىلىق ۋە پىلىچىلىك خېلى تەرەققىي تاپقان، بولۇپمۇ تۇرپان، قەشقەر، يەكەن، خوتەن تۆت جاينىڭ پاختىسى ۋە پىلىچىلىكى داڭ چىقارغان. XIX ئەسىرنىڭ 90 -

يىللىرى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، پىلەچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا خېلى ئەھمىيەت بەرگەن. خوتەن پىلە بېقىشتا، يىپەكچىلىكتە شۆھرەت قازانغان. «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» 8 - جىلدىدا: «خوتەن ئۇيغۇرلىرى پىلە بېقىشقا، پىلە غوزىكىدىن مەشۇت چىقىرىشقا ماھىر» دېيىلگەن. چيەن لۇڭنىڭ 28 - يىلى (مىلادى 1736 - يىلى) مەسلىھەت ئامبىلى ئىلتۇ: «ھەر يىلى يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن 15 مىڭ جىڭدىن پاختا يىغىپ ئىسكىلاتتا ساقلاش، ئىسكىلاتلارنى ئەسكەر مۇھاپىزەت قىلىش» توغرىسىدا كۆرسەتمە بەرگەن. شۇ چاغلاردا قەشقەر يىلىغا 13 مىڭ 600 نەچچە جىڭ پاختا تاپشۇرغان، يەكەن يىلىغا 26 مىڭ 700 نەچچە توپ ماتا تاپشۇرغان.

XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، شىنجاڭدا بىر مەھەل ئەمىنلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، مال - چارۋىلار خېلى كۆپەيدى. لېكىن چارۋىچىلىقتا دېھقانلارنىڭ قوشۇمچە چارۋىچىلىقى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيتتى.

بۇ دەۋرلەردە كانچىلىق ئىشلىرىمۇ خېلى روناق تاپتى. قەشقەر، ئىلىلاردا قوغۇشۇن كېنى بولۇپ، كانلاردىن چىققان قوغۇشۇن ھەربىي قوشۇننىڭ ئوق دورىسىغا ئىشلىتىلەتتى. يۇقىرىقى ئىككى جايدىن ھەر يىلى ئالتە يەتتە مىڭ جىڭ، كۆپ بولغاندا ئون نەچچە مىڭ جىڭ قوغۇشۇن ئېلىنغان. كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا گۈڭگۈرت كېنى بولۇپ، بۇ يەردىكىلەر بىر خىل باج ئورنىدا گۈڭگۈرت تاپشۇرغان. گۈڭگۈرتتىن سەرەڭگە ياسالغان. ئۇچتۇرپان، قەشقەر، قاراشەھەر، ئاقسۇ، باي، كۇچا، سايرام، شايار قاتارلىق جايلاردا مىس كېنى بار بولۇپ، بۇ جايلاردىن چىققان مىس ئىلى ۋە ئاقسۇلاردا قۇرۇلغان پۇل ئىدارىلىرى تەرىپىدىن مىس تەڭگە قۇيۇلغان. سانجى، ئىلى قاتارلىق جايلاردا تۆمۈر كېنى بولۇپ،



بۇ كانلاردىن چىققان تۆمۈرلەر بىلەن دېھقانچىلىق سايمانلىرى ياسالغان. قاشتېشى كانلىرى ئىچىدە يەكەندىكى مىرداي كېنى ئەڭ مەشھۇر بولۇپ، بۇ كاننى دەسلەپتە خۇسۇسىيلار ئاچقان بولسىمۇ، 1777 - يىلى ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغان.

XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ شىنجاڭدا تاشقى سودا ئىشلىرىمۇ خېلى روناق تاپتى. روسىيىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر سودا - سانائەتچىلەر ئىلى قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كېلىپ تىجارەت قىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپان؛ شىمالىي شىنجاڭدا ئۈرۈمچى بىلەن گۇچۇڭ سودا تۈگۈنىگە ئايلاندى. بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن باشقا، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلىقلار بىلەنمۇ سودا ئالاقىسى قىلغان.

# تالانتلىق تېۋىپ ـــ ئابلىمىت يۈسۈپھاجى

## شېرىپ خۇشتار

مەن ئۆتكەن يىلى 9 - ئايدا، خوتەن ۋىلايىتىگە ھەر تەرەپلىمە ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىش يۈزىسىدىن بارغانىدىم. خوتەن ۋىلايىتى ۋە شەھەرنىڭ سودا - سانائەت، ئەدەبىيات - سەنئەت، تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ئەھۋالى ھەم مەشھۇر شەخسلەر ئۈستىدە ئىزدەنگىنىمدە، كۆپلىگەن كىشىلەر، ئابلىمىت يۈسۈپ بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ - دېگەن سوئالنى قويۇشتى. شۇنداق قىلىپ مەن بۇ كىشىنى ئىزدىدىم. خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ قورۇسىغا كىرگىنىمدە، بۇ كىشى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن ئىككى نەپەر تېۋىپقا ئۇچراشتىم. ئۇلار مېنى ئۇزۇملۇك تال بارىڭى ئاستىدىن باشلاپ ئاددىيغىنا سېلىنغان بىر ئىمارەتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ كىشى بىلەن سۆھبەتتە بولۇۋاتقان كىشىلەر قايتقىچە ساقلاپ تۇردۇق.

بىز ئۆيگە قەدەم باسقاندا، ئابلىمىت داموللام ئالدىمىزغا چىقىپ قارشى ئالدى. مەن سۆھبەت نۆۋىتىنى ھېلىقى تېۋىپلارغا بەردىم - دە، كىتاب جازىسىنىڭ يېنىغا كەلدىم. مېنى قىزىقتۇرغىنى پارىس، ئەرەب، ئوردۇ، تۈرك، خەنزۇ تىللىرىدىكى كىتابلا ئەمەس، بەلكى ئېنگلىز تىلىدىكى كىتابلار ۋە لۇغەتلەر بولدى. بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى تىببىي كىتابلاردىن



باشقا تارىخ، ئەدەبىيات، تىل ساھەسىدىكى ھەرقايسى ئىلمىي ئەسەر لەرئىدى..

مەن ئابلىمىت يۈسۈپ بىلەن سۆھبەتلىشىۋېتىپ ئۇنىڭ ئاقىلانە پىكىر قىلىشى، كەمتەرلىكى، سۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە سۆزىدىكى ھەر بىر جۈملىنىڭ ۋەزنى - قىممىتىگە قاراپ ئاپىرىن ئوقۇدۇم ھەمدە، ئۇ كىشىنىڭ تەرجىمىھالىنى بىلگىم كەلدى.

ئابلىمىت يۈسۈپ 1925 - يىلى خوتەن ناھىيىسىدە تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە، بىر تەرەپتىن مەكتەپتە ئوقۇسا يەنە بىر تەرەپتىن دادىسىدىن تىببىي دورىلارنى ۋە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تونۇش، دورىگەرلىك ۋە دورىلارنىڭ شىپالىق رولى توغرىسىدا بىلىم ئالدۇ. كېيىن ئۇ، خوتەن، قەشقەردىكى دىنىي مەدرىسلەردە ئوقۇپ پارىس، ئەرەب تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىدۇ، ئۇنىڭ پارىس، ئەرەب تىللىرىنى ئۆگىنىشى ئۇنىڭ تىبابەتچىلىك كىتابلىرىدىن پايدىلىنىشىغا زور ياردەم بولىدۇ، ئۇ ئەمەلىي ئۆگىنىش بىلەن نەزەرىيىنى بىرلەشتۈرۈپ، 1945 - يىلىدىن باشلاپ مۇستەقىل كېسەل كۆرۈش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ھەم تىببىي كىتابلارنىۋە تارىخ، ئەدەبىياتقا ئائىت كىتابلارنى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ ماڭىدۇ. تىبابەتچىلىككە ئائىت ھەرقايسى ئاتالمىلارنى بىلىش ئۈچۈن خەنزۇچە - ئېنگلىزچە دورا ئىسىملىرى لۇغىتىدىن خەنزۇچە يېزىقنى ئۆگىنىپ ماڭىدۇ.

1955 - يىلىدىن كېيىن ئابلىمىت يۈسۈپ خوتەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ مۇشۇ جەرياندا يىگىرمە نەپەر ياشقا ئەرەب، پارىس تىلى ۋە تىبابەتچىلىك ئىلمىدىن دەرس ئۆتۈپ، تايانچى تېۋىپلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ. ئۇ، شاگىرت يېتىشتۈرۈش بىلەنلا قالماي يەنە ئىلمىي ئەمگەك بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ.

ئابلىمىت يۈسۈپ ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، پارىسچە، ئېنگلىزچە،

خەنزۇچە «تېببىي ئاتالغۇلار لۇغىتى»نى تۈزۈپ چىقىدۇ. بۇ لۇغەتنىڭ بىر قىسمى 1957 - يىلى «ساقلىق ساقلاش» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ.

تېنىم تاپماي ئۆگىنىپ، بالداقمۇ - بالداق ئۆرلەۋاتقان ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۆھپە قوشۇۋاتقان بۇ تالانت ئىگىسى 1958 - يىلى «سول» لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ساناقسىز رىيازەتلەرنى چېكىدۇ.

بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە ۋە ئۇنىڭ ئىلمىگە قىزغىن مۇھەببەت باغلىغان ئابلىمىت يۈسۈپ — ئەڭ قېيىن شارائىتتىمۇ تېببىي ئىلمىگە بولغان مۇھەببىتىنى قىلچە سۇسلاشتۇرمايدۇ. بەلكى بىر تەرەپتىن جاپالىق ئەمگەك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەنزۇچە ئۆگىنىش بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى تېببىي كىتابلاردىن تولۇق پايدىلىنالايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ يىللىق مول تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان مۇرەككەپ دورىلار رېتسېپى» ۋە «يۇنان تېبابەتچىلىكىدىن كىرگەن دورا رېتسېپى»نى توپلاپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمى توغرىسىدىكى قوللانمىنى يېزىپ چىقىدۇ. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئىلمىنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى بىر قەدەر مۇكەممەل بايان قىلىنغان بۇ قوللانما 1978 - يىلى سەھىيە نازارىتى تەرىپىدىن باشقا ماقالىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ نەشر قىلىنىپ، كەڭ تېببىي خادىملارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇلىدۇ.

1979 - يىلى ئابلىمىت يۈسۈپ خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە شۇ يىلى تەكلىپ بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەرجىمە قىلىشقا قاتنىشىدۇ.

ئابلىمىت يۈسۈپ 1981 - يىلدىن كېيىن ۋەتەن تېبابەتچىلىكى «تېببىي قامۇسى»نىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى تومىنى ۋە دەرسلىك ماتېرىياللارنى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ. 1980 - يىلدىن باشلاپ خوتەن ۋىلايەتلىك تېببىي تېخنىكوم مىللىي تېبابەتچىلىك سىنىپىغا دەرس ئۆتۈپ، ئۈچ قاراردا 120 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ چىقىدۇ.

ئابلىمىت يۈسۈپ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش بىلەن بىرگە، ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق، يۈرەك قان تومۇرلىرى قېتىشىش، قان سىيىش ۋە نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەللەرنى داۋالاشتا ئىجادىي رېتسېپلارنى تۈزۈپ چىقىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق جاپالىق ئەمگىكى بىلەن 1983 - يىلى «مۇدىر ۋىراچ» ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ.

ئابلىمىت يۈسۈپ ئىلمىي، تېببىي خادىم بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇ چوڭ ئابرويغا ئىگە جامائەت ئەربابلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ۋە مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەردە بولۇۋاتىدۇ.

# تۇردى ئۆلەك توغرىسىدا

## ئابدۇكېرىم مەخمۇتوۋ

تۇردى ئۆلەك ئۇيغۇر بولۇپ، 50 يىلدىن كۆپرەك ئۆمرىنى ئالتايدا ئۆتكۈزۈپ، قېرىنداش قازاق خەلقى ئىچىدە ئۆلەك ئېيتىپ، تۇردى ئۆلەك دېگەن نام بىلەن ئالتايدا شۆھرەت قازانغان، شۇنداقلا ئالتايدىكى قازاق خەلقىنىڭ ئەدەبىي - سەنئەت خەزىنىسىگە تۆھپە قوشقان ئادەم.

تۇردى ئۆلەك 1909 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بۇيامەت كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا شوخ، زېھنى ئۆتكۈر بالا بولۇپ ئۆسكەنىدى. تۇردى ئۆلەكنىڭ چوڭ دادىسى ساۋۇت چوڭ دېگەن كىشى ئۇستا خەلق قوشاقچىسى ھەم ناخشا خۇمار ئادەم بولۇپ، نەۋرىسى تۇردىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، ئۇنى كىچىكىدىنلا ئۆز يېنىدىن ئايرىماي، قوشاق قوشۇپ، ناخشا ئېيتىپ ئۇنىڭغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى. تۇردى ئۆلەكمۇ سەككىز ياشتىن باشلاپلا چوڭ دادىسى ساۋۇت چوڭنى دوراپ ناخشا ئېيتىپ، قوشاق قوشۇپ ئۆز مەھەللىسىدىكى ئادەملەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

تۇردىنىڭ ئانىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاخۇنكام يالغۇز ئوغلى تۇردىنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ 1922 - يىلى ئېشەكچىلەر بىلەن ئىلىغا چىقىدۇ، ئىلىغا چىققاندىن كېيىن ئاخۇنكام ئوغلى تۇردىنى بىرگە ئېلىپ ئېشەك ھەيدەپ بورتالا، چۆچەك، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، قومۇل قاتارلىق جايلارغا بارىدۇ، كېيىنرەك تۆگىچىلەرنىڭ تۆگىسىنى يېتىلەپ ئىلىدىن ئالمۇ-



تا، فرونزى ، تاشكەنتلەرگە بارىدۇ. ئۈرۈمچى، ماناس، شىخو، چۆچەك ئارقىلىق شەمەيگە، شەمەيدىن زايسانغا، زايساندىن جىمىنەيگە ئۆتۈپ، جىمىنەيدىن ئالتاي ۋە ئۈرۈمچىلەرگە بارىدۇ.

تۇردى كىچىك بولسىمۇ دادىسى ئاخۇنكامنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ نۇرغۇن يەرلەرنى كۆرۈپ، كۆپ ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. «كۆپنى كۆرگەن كۆپنى بىلىدۇ» دېگەندەك تالانتلىق، ئۆتكۈر تۇردىنىڭ سۆزمەنلىكى كۈچىيىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئۇيغۇرچە، قازاقچە، ئۆزبېكچە، موڭغۇلچە، رۇسچە ناخشىلارنى ئۆگىنىدۇ. كۆرگەن ئىشلارنى، بارغان يەرلەرنى قوشاققا قوشۇپ ناخشا ئېيتىدۇ. تۇرمۇشتا ئاچچىق - چۈچۈكنى تېتىپ پىشىپ يېتىلىدۇ. تالانتىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بارىدۇ.

1927 - يىللىرى، تۇردى ئۆلەكنىڭ دادىسى ئاخۇنكام تۆگە يېتىلەپ كېلىپ جىمىنەي ناھىيە بازىرىنى بىنا قىلغان بىر يۇرتلۇقى ساراجى (ئەسلى ئىسمى ئابدۇراخمان ھاجى بولۇپ، سېرىق چىراي ئادەم بولغاچقا قازاقلار ساراجى دەپ ئاتىغان) ئاخۇنكانى تېپىپ ئوغلىنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە بېرىدۇ ۋە ئۆزى ماناسقا كېتىدۇ. تۇردى ئۆلەك شۇ كۈنىدىن باشلاپ ساراجى قولىدا مويكا (تېرە، يۇڭ ۋە ئۈچەيلەرنى جاگۇڭ قىلىدىغان يەر) نى باشقۇرىدۇ. كېيىن ساراجىنىڭ سودا - تاۋارلىرىنى ئېلىپ چىقىپ بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، شۇنداقلا قازاق قېرىنداشلارنىڭ ئۆلەك - قوشاقلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. توي - تۆكۈن ۋە باشقا ئۆلەك ئېيتىش سورۇنلىرىغا بېرىپ ئاقىنلارنىڭ ئۆلەكلىرىنى ئاڭلايدۇ، ئۆگىنىدۇ. كېيىنرەك ئۆلەكچى قىز - يىگىتلەر بىلەن ئۆلەك ئېيتىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ قازاق قېرىنداشلار ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە قازاق قېرىنداشلار ئىچىدە ئۆلەكچى دەپ تونۇلىدۇ. ئۇنىڭ نامى پۈتۈن ئال-

تايغا پۇر كېتىدۇ. قازاق خەلقىنىڭ ئاتاقلىق پېشقەدەم زىيالىيلىرىدىن بولغان بايمولدا دېگەن ئادەم: «قازاق خەلقىنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى تۈزەپ چىقىشىدا تۇردى ئۆلەڭ ـ ئاقىنىنىڭ تىلىنى ئاساس قىلساق بولىدۇ، چۈنكى، بۇ ئادەمنىڭ تىلى ـــ ساپ، ھەقىقىي ئېغىز تىلى بولىدۇ» دېگەن ئىدى.

ھەقىقەتەنمۇ تۇردى ئۆلەڭ تىلىنىڭ ئۆتكۈرلىكى، ئېيتقان ئۆلەڭلىرىنىڭ قاپىيىداشلىقى، تىلىنىڭ ساپلىقى، ئېيتقان ئۆلەڭ ئاھاڭلىرىنىڭ يېقىملىقى بىلەن ھەر قانداق كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. شۇڭا تۇردى ئۆلەڭ بۈگۈن ياكى ئەتە پالانچىنىڭ تويىدا ئۆلەڭ ئېيتىشقا چۈشىدىكەن دېگەن گەپ تارالغان ھامان قازاق خەلقىنىڭ چوڭ ـ كىچىك، ياش ـ قېرىلىرى ئۆيىدە ئولتۇرماي، ئۆلەڭ ئاڭلاش ئۈچۈن يىراق ـ يىراق يەرلەردىن كېلىشىدۇ.

تۇردى ئۆلەڭنىڭ ئۆلەڭنى ئاڭلىغان ئاقساقال بوۋايلار «قىران ياشلىق» دەپ ئۆتكەن تۇرمۇشلىرىغا ھەسرەت چېكىپ تۇردى ئۆلەڭنى ھەقىقىي خەلق ئاقىنى دەپ ماختىشىدۇ.

تۇردى ئۆلەڭ 1930 يىلى ئەتراپىدا جېمىنەيدىكى سارىجىنىڭ خىزمىتىدىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ بەرگەن ئاز ـ تولا ئىش ھەققىگە سودا ماللىرىنى ئېلىپ بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىگە كېلىپ سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەل ئارىلاپ سودىگەرچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە توي ـ تۆكۈنلەرگە قاتنىشىپ، قازاق ياشلىرى ئىچىدىكى ئۆلەڭچى قىز ـ يىگىتلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلار بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ كېتىدۇ. شۇ كۈنلەر بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدە ئولتۇرۇشلۇق قىشلاۋ باي ئېلىنىڭ ئەلچى بايى قەبىلىسىدىكى شىكبايىنىڭ قىزى نۇر جامالنىڭ تازا نام چىقارغان ۋاقتى ئىكەن. ئۇ: «ئەگەر مېنى ئۆلەڭ ئېيتىشتا كىم يېڭەلىسە، ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇ ئادەمگە تۇرمۇشقا چىقىمەن» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغانىكەن. بۇ



قىز بىر قانچە قېتىملىق تويدا تۇردى ئۆلەڭنىڭ ئۆلەڭ ئېيتىشىنى ئاڭلاپتىكەن. كۆڭلىدە ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئۆتكۈرلىكى، ئالانتىلىقلىقى، ھەقىقىي خەلق ئاقىنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ ئەمما مەڭسىتمەيدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىشلاۋ باي ئېلىدىكى ئاقباي دېگەن ئادەمنىڭ قىزىنىڭ تويى بولىدۇ. بۇ تويغا تۇردى ئۆلەڭ، نۇر جامالمۇ كېلىدۇ. تويغا كەلگەن قىز ـ يىگىتلەر كۆككۆلمەيدانلىق كەڭ دالىدا سورۇن تۈزەپ ئۆلەڭ ئېيتىشىدۇ. نۇر جامال ئۆلەڭ ئېيتقان قىز ـ يىگىتلەرنى كۆزگە ئىلماي، تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ ئولتۇرىدۇ. بىر چەتتە تۇرۇپ قىزنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان تۇردى ئۆلەڭ قىزنى ئۆزى بىلەن ئۆلەڭ ئېيتىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۆلەڭ ئارقىلىق تەكلىپ قىلغاندا تويغا كەلگەن چوڭ ـ كىچىك، ياش ـ قېرى ھەممە ئادەم چاۋاك چېلىپ بۇ ئىككى ئاتاقلىق ئۆلەڭچىگە ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. تۇردى ئۆلەڭ، نۇر جامال ئىككىسى كۆككۆلمەيدانىغا سېلىنغان شىرداق كىگىز ئۈستىدە قىمىز، چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئۆلەڭ ئېيتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆلەڭ ئېيتىشىشى ئىككى ـ ئۈچ سائەتچە داۋام قىلىدۇ. نەتىجىدە تۇردى ئۆلەڭ شۇ مەيداندا نۇر جامالنى يېڭىۋالىدۇ. قىز تۇردى ئۆلەڭنىڭ ئۆلەڭچىلىكىگە قايىل بولۇپ ئۆزىنىڭ شەرتىگە ئاساسەن تۇردى ئۆلەڭگە تۇرمۇشلۇق بولۇشقا ماقۇل بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن تويدىكى كەڭ خەلق ئاممىسى، يۇرتنىڭ چوڭ ئاقساقال زەڭگى، زالىڭلىرى باشلامچىلىق قىلىپ شادخوراملىق ئىچىدە ئاقباي قىزىنىڭ تويىنى قوش تويغا ئايلاندۇرۇپ، توي ئۈستىگە توي قىلىپ تويىنى ئىككى كۈن ئۇزارتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھېچقانداق چىقىم قىلىنماي، تويلۇق مال سېلىنماي ھەم پۇل خەجلەنمەي خەلق ئاممىسىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئىككى ئاتاقلىق ئاقىننىڭ تويى ئۆتكۈزۈلىدۇ. تۇردى ئۆلەڭ

بىلەن نۇر جامال ئىككىسى تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن ئىناق، شاد - خوراملىق بىلەن ئۆمۈرلۈك يولداش بولۇپ دۇنيادىن ئۆتتىدۇ. بۇرۇلتوقاي، بۇرچىن ناھىيە خەلقلىرى ئىچىدە زور ھۆرمەتكە ئىگە بۇ ئىككىسى ئاقىن، توي - تۆكۈنلەردە ئۆلەڭ ئېيتىپ نۇرغۇن داستانلارنى ياراتقان ئىدى.

قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇش تارىخىدا ئاقىنلار ئۆلەڭ ئېيتىپ بىر - بىرىنى يېڭىپ نەق مەيداندا تۇردى ئۆلەڭ،نۇر جامالدەك ئۆز ئارا توي قىلىشقان ئىش كۆرۈلۈپ باقمىغان. لېكىن ئۆلەڭ ئېيتىپ، بىر - بىرىگە مۇھەببەت باغلاپ، قازاقلارنىڭ قائىدە - يوسۇنى بويىچە توي - ماللىرىنى بېرىپ توي قىلغان ئىشلار بولغان، ئەلۋەتتە.

تۇردى ئۆلەڭ ئالتايدىكى 50 يىللىق ئۆمۈر تارىخى جەريانىدا قازاق خەلقىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىدىن بولۇپ قالغان ھەمدە قازاق خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات - سەنئىتى خەزىنىسىگە شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان.

1944 - يىلى كۈزدە ئوسمان باندىت ارسۇمبە (ھازىرقى ئالتاي)، بۇرچىن، بۇرۇلتوقاي ناھىيە خەلقىنىڭ چارۋا ماللىرىنى بۇلاپ - تالاپ خەلقنى مەجبۇرى كۆكتوقايغا ھەيدەپ ماڭغاندا، تۇردى ئۆلەڭنىڭمۇ چارۋا ماللىرىنى بۇلىغان ھەم ئۆزىنىمۇ كۆكتوقايغا بىللە ئېلىپ كەتكەن. تۇردى ئۆلەڭ بۇلانغان ماللىرىنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن «ئوسمان باتۇر بىلەن كۆرۈشمەن» دەپ مىڭ تەسلىكتە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ سالام قىلغاندىن كېيىن، ئوسمان ئۇنىڭدىن «نېمە ھاجىتىڭ بار»- دەپ سورايدۇ. تۇردى ئۆلەڭ گەپ قىلماي كىگىز ئۆينىڭ كېرەسىگە قىستۇرۇپ قويغان دومبىرانى قولىغا ئېلىپ، قازاقلارنىڭ مۇڭلۇق ئاھاڭىغا چېلىپ ئۆلەڭ ئېيتىدۇ. ئۆلەڭنى ئاڭلىغان ئوسمان ئادەملىرىنى چاقىرىپ: «ماناۋ سارتنىڭ ماللىرىنى قايەردە بولسا شۇ يەردىن تېپىپ تېزلىك بىلەن قولىغا تاپشۇرۇڭلار» دەيدۇ.



تۇردى ئۆلەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ تازىم قىلىپ: «رەھمەت باتۇر، ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن»دەپ قازاقلارنىڭ قائىدىسى بويىچە كەينىچە مېڭىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ مال چارۋىلىرى بىر ئايدىن كېيىن قولىغا تېگىدۇ.

تۇردى ئۆلەڭ قازاقلار ئىچىدە شۆھرەت تاپقان ئاقىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەزلۇم خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆز ھەسسىسىنى قوشقان ئىنقىلابىي جەڭچى. ئۇ كۆپ قېتىم پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىغىمۇ قاتناشقان ئىدى.

## 113 ياشلىق سۇنايچى ــ ماڭسۇر شەيىخ

### (مەكىت ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش)

مول ھوسۇل كانى، ناخشا ئۇسسۇل ماكانى بولغان، گۈزەل
دولان دىيارىدا 100 يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەنلەر خېلى
كۆپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى تۇرمۇشتا ئاددىي ساد-
دىي بولۇپ، ئوزۇقلىنىش، كىيىنىش ۋە باشقا تۇرلۇك تۇرمۇش
ئادەتلىرىدە ئاساسەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

100 يىل سۇناي چېلىپ، مۇقام ئېيتىش بىلەن ئۆتكەن
113 ياشلىق ماڭسۇر ئاكا ئەنە شۇلارنىڭ بىر تىپىك
ناماينەندىسى.

ماڭسۇر ئاكا 1873 - يىلى قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيە-
سىنىڭ فىسەن دېگەن يېزىسىدا بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە
دۇنياغا كەلگەن، ئۇلار ئالتە بالا بولۇپ ئاتا - ئانىسى كى-
چىك چېغىدىلا ئالەمدىن ئۆتكەن. ماڭسۇر ئاكا 11 - يېشىدىلا
يۇرتىدىكى بىر بايغا يالىنىپ، ئۇنىڭ چارۋىلىرىنى باققان،
ئۇ كىچىكىدىنلا زېرەك، تىرىشچان بولغانلىقى ئۈچۈن سۇناي
چېلىشقا ئىشتىياق باغلاپ، ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا خېلى يېقىم-
لىق چالالايدىغان بولغان، كېيىنچە تۈرلۈك جامائەت سو-
رۇنلىرىدا سۇناي چېلىش بىلەن تۇرمۇشىنى قامدىغان،ئۇ يەنە بۇ-
نىڭ بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن بەلكى پىشقەدەملەرنى ئۇستاز
تۇتۇپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق مۇقاملىرىدىن-
مۇ بىر قانچىنى خېلى پىششىق ئۆگىنىۋېلىپ، پۈتۈن جەنۇبىي
شىنجاڭغا تونۇلىدۇ. ئەمما ھەسەتخورلۇق قاپلىغان كونا جەمئى-



يەتتە ئۇنىڭغا قىلتاق قۇرۇلۇپلا تۇرىدۇ. 1930 - يىللارغا كەل-
گەندە ماڭسۇر ئاكىنىڭ تازا يېتىشۋاتقان مەزگىلى بولۇپ، بۇ
چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭدا تۈرلۈك جىدەل - ماجرالار
كەينى - كەينىدىن يۈز بېرىپ، كەمبەغەللەر كۆپلەپ تۇتقۇنغا
بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچراپ، يۇرت ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ ۋەي-
ران بولىدۇ. ھاياتلىق سەھنىسى شۇنچە كەڭ بولسىمۇ كەم-
بەغەللەرگە پانالىق جاي تېپىلمايدۇ. شۇ ۋاقىتتىدىكى ھۆكۈم-
دارلار كەينى - كەينىدىن 10 نەچچە قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ
يۇمشاق ۋە قاتتىق ئۇسۇللارنى ئىشقا سېلىپ ئۇنى ئەسكەر بو-
لۇشقا ھەتتا ئەسكەرلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن سۇناي چېلىپ
بېرىشكە زورلايدۇ. ئەمما ئۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا رايى بار-
مىغان ماڭسۇر ئاكا ئامالسىزلىقتىن نىشانسىز ھالدا سەپەرگە
ئاتلىنىپ مەكىت ياھىيىسى (بۇ چاغدا مەكىت تېخى مۇكەممەل
ناھىيە خاراكتېرىدە بولمىغان) گەقاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ ئاخى-
رى مەكىتكە كېلىپ، ھازىرقى ناھىيە بازىرىغا ئۈچ كىلومېتىر
يىراقلىقتىكى بېلىقچى دېگەن جايدا بىر قانچە يىل بايلارغا
يالىنىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ھەم بۇ جايدا بىر
كەمبەغەل ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ بىر باللىق بولغان.
ماڭسۇر ئاكا ئەر خوتۇن ۋە بالىسى ناھايىتى ئىناق ئۆتكەن،
1945 - يىللىرى بازىدى ناھىيە ئىچىگە كۆچۈپ كىرىپ ھازىرغىچىلىك
بازاردا ئۆتمەكتە.

1949 - يىلى ئۇزۇندىن بۇيان قۇم بارخانلىرى قاپلاپ
چاڭقاپ كەتكەن تەكلىماكانغىمۇ باھار نۇرى يېتىپ كېلىپ،
دىلىنى ھەسرەت نادامەت قاپلىغان دولان خەلقى يېڭى ھاياتقا
ئېرىشىدۇ. خۇددى چۆلدىكى جانىۋار سۇغا ئۇچرىغاندەك، ماڭ-
سۇر ئاكىمۇ يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەنلىدىكى ئۈچۈن سۇناينى
يېڭى پەدىلەرگە ياڭرىتىپ، پارتىيەۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە يىقىدىن
ئەگىشىپ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ،

خەلقنىڭ تېخىمۇ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ ۋە شۇنداقلا
ناھىيىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ھەيئەتلىكىگە ساي-
لىنىپ ھازىرغىچە بۇ سىياسىي ئورۇننى مۇقىم ساقلاپ كەلگەن.
ئۇ سۇناي چېلىش، مۇقام ئېيتىش، تارىخ سۆزلەش قاتارلىق
ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خەلق ئىچىدىكى ئەدەبىي - سەنئەت خادىم-
لىرى سۈپىتىدە ئون قېتىمدىن ئارتۇق ناھىيىدە، بەش قېتىم
ۋىلايەتتە ئۇيۇشتۇرۇلغان پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپلا قالماستىن،
1964 - يىلى ئاپتونوم رايون ئۇيۇشتۇرغان ئەدەبىي - سەنئەت
كۆرىكىگە قاتنىشىپ، ئارقىدىنلا بېيجىڭغا بېرىپ مەملىكەتلىك
ئەدەبىي - سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان.
بۇ ۋاقىتتا گەرچە ئۇ 90 ياشلارغا بېرىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ
خۇشاللىقىنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ياشلار بىلەن
ئوخشاشلا تۆرلۈك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ پارتىيىنى، سوتسى-
يالىزمنى، ۋەتەننى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاق-
لىقىنى كۈيلەيدىغان مول مەزمۇنلۇق پەدىلەرگە سۇناي چېلىش،
مۇقام ئېيتىش ئارقىلىق شىنجاڭ خەلقىنىڭ يۈرەك قەلبىنى ئى-
پادىلەپ، پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرى، پايتەخت خەلقى ۋە
مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولغان، ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي
قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ بىۋاستە قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ،
ئۇلار بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشكەن. سۇناي چېلىش، يۇقىرى
جىسمانىي ۋە تېخنىكا كۈچ تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ ئېغىر
مەشغۇلاتى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى بىلىدىغانلار بولۇپمۇ ماكسۇر
ئاكىدەك ئۇزۇن مۇددەت ئۇزمەي شۇغۇللىنىپ پىششىپ يېتىل-
گەنلەر ناھايىتى كام. شۇڭلاشقا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە
ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ ئۇنىڭ
ماھارىتىنى ئۆگىنىشكە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى ئاجراتقان.
كېيىنچە مەركەز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە



قاتارلىق جايلاردىن بىر قانچە نۆۋەت ئادەم كېلىپ ماكسۇر
ئاكىنى مەخسۇس ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭ سۇناي چېلىش تەجى-
رىبىسىنى ئۆگەندى. بۇ يىل ماكسۇر ئاكىنىڭ ئۆمۈر تارىخى
113 يىلغا، سۇناي چېلىش تارىخى 100 يىلغا توشقان بولسىمۇ،
ئۇ يەنىلا يۇغان ھەم ئېگىز بولۇپ، ئۈچ كىلومېتىر ئەتراپتىكى
يوللارنى پىيادە باسالايدۇ. ئۇ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇل-
لىنىشنىڭ سىرتىدا شەھەر ئايلىنىپ كىشىلەر بىلەن نورمال
پاراڭلىشىپلا قالماستىن، توي نەزىرە ۋە تۈرلۈك سورۇنلاردا
سۇناي چېلىش، مۇقام ئېيتىش، تارىخ سۆزلەش ئارقىلىق ئۆزى-
نىڭ بۈگۈنكى يېڭى دەۋرگە بولغان خۇشاللىقىنى، مېھرى -
مۇھەببىتىنى ئىپادىلىمەكتە.

# دادام جېيەن بوزەن ھەققىدە ئەسلىمە

جېيەن سىپىك

دادام جېيەن بوزەن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ۋاپات بولغىنىغا 20 يىل بولدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1978 - يىلى دادامنى ئاقلاپ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، دادامنىڭ دوست - بۇرادەرلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنى خاتىرىلەپ ھەر قايسى جەھەتلەردىن نۇرغۇن ماقالىلارنى يازدى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دادام توغرىسىدا مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمۇ ئۆتكۈزدى ھەمدە «جېيەن بوزەننى خاتىرىلەشكە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»نى نەشر قىلدى. گەرچە يەنە يازغۇدەك نەرسە قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن دادامنىڭ نەچچە ئون يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش ھاياتىدا باشقىلارغا ئانچە ئايان بولمىغان، ئەمما ئۆزەم تولىمۇ ئەھمىيەتلىك دەپ قارىغان بەزى ماتېرىياللارنى تونۇشتۇرۇشنى لايىق كۆردۈم. كۆپچىلىك بۇ ماتېرىياللاردىن دادامنىڭ جۇڭگو تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىنى، جۈملىدىن ئاشۇنداق جاپالىق ھەم رەھىمسىز مۇھىتلاردىمۇ تەتقىقات خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشتا ئۇنىڭغا نېمىنىڭ تۈرتكە بولغانلىقىنى، شۇنداقلا دادامنىڭ زوراۋانلىققا باش ئەگمەي ئۆز ئېتىقادىغا سادىق بولۇپ، «دەۋرنىڭ قانداق جاپا - مۇشەققەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھامان ئۆز يولۇمدا ماڭىمەن» دېگەن ئەقىدىسىگە ئەمەل قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايدۇ.



## يۇرتىمىز ۋە ئائىلىمىز

بىزنىڭ ئەسلى يۇرتىمىز خۇنەن ئۆلكىسى تاۋيۈەن ناھىيىسىنىڭ زۇشى بازىرى فېڭشۇ يېزىسى بولىدۇ. بۇ يىگىرمە نەچچە چاقىرىم دائىرە ئىچىدە جېيەن فامىلىلىك كىشىلەردىن سىرت باشقا فامىلىلىك كىشىلەر يوق دېيەرلىك بولۇپ، شۇ ۋە ما فامىلىلىك كىشىلەردىن پەقەت بىر نەچچە ئائىلىكىلا بار. بىز جېيەن فامىلىلىكلەر ئۇيغۇر بولۇپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىمىز، نوپۇسىمىز 40 مىڭدىن ئاشىدۇ. ئىلگىرى يېقىن ئەتراپتا مۇسۇلمانلار بىر قەدەر ئاز بولغاچقا، نىكاھلىنىش ئىشى بىر چوڭ مەسىلە بولۇپ، بەزىدە باشقا ناھىيىلەردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن توپلىشىشقا مەجبۇر بولغان، تۇرمۇشتا نۇرغۇن قولايسىزلىقلار تۇغۇلغان، كېيىن بارا - بارا يېقىن ئەتراپتىكى خەنزۇلار بىلەن قۇدىلىشىدىغان بولۇپ، تۇرمۇش ئادىتىمىزدە ئۆزگىرىش پەيدا بولغان. يۇرتىمىزدا بىر مەسچىت، مەسچىتنىڭ يېقىن جايىدا بىر ئىبادەتخانا بار، ئۇنىڭ ئىشىكىگە «جېيەن جەمەتى ئىبادەتخانىسى» دېگەن چوڭ خەتلەر يېزىلغان. بۇ ئىبادەتخانىغا ئەمەلىيەتتە خەنزۇلار ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ھازا تاختىلىرىنى قويۇپ تاۋاپ قىلىدۇ، لېكىن بىزنىڭ ئىبادەتخانىمىزمۇ ھازا تاختىلىرى قويۇلغان بولۇپ، ھەر يىلى چوكانتال بايرىمى بولغاندا، بىر قىسىم كىشىلەر بۇ جايدا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ روھىغا دۇئا - تاۋاپ قىلىشىدۇ. بۇ جايدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپتە شىنجاڭدىن كەلگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرىنى خۇنەننىڭ غەربىي تاغلىق رايونلىرىدىكى مياۋزۇلارغا قارشى سالغان، ئاقىۋەتتە مياۋزۇلار خۇنەننىڭ غەربىدىكى يۈەنلىنىڭ تاغلىرىغا قوغلىۋې-

تىلگەن. كېيىن خۇنەننىڭ غەربىدىكى يۈەنشۈي دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئۇيغۇر قوراللىق كۈچلىرىنى تاۋيۈەن ناھىيىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، شىنجاڭغا قايتىشقا رۇخسەت قىلمىغان، ھەمدە ئۇلارغا «جيەن 翦» دېگەن فامىلىنى ئىنئام قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سۈيۈرغال قىلىنغان بۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. بۇيەردە ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ فامىلىسى جيەن بولغاچقا، نۇرغۇن يەر - جاي ناملىرىنىڭ ئاتىلىشى جيەن خېتى بىلەن باشلىنىدۇ، مەسىلەن، جيەنجياگاڭ، جيەنجياچاۋ، جيەنجيا چاۋمىن، ۋەھاكازا. ئىلگىرى جيەنچەيىڭ دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار بولۇپ، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى گازارما قىلغان جاي ئىكەن. جيەنجەگاڭدا ئىككى چوڭ كۆلچەك بار بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاتلىق ئەسكەرلەر ئاتلىرىنى سۇغىرىدىغان جاي ئىكەن. ئىلگىرى بىر كۆلچەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر راۋاق بار بولۇپ، راۋاققا ساۋۇت قويۇلغان ئىكەن، كېيىن بىر قېتىملىق كەلكۈندە راۋاق غەرق بولۇپ كېتىپ ساۋۇتمۇ يوقىلىپ كېتىپتۇ. دادام 1945 - يىلى «مېنىڭ فامىلەم ۋە يۇرتۇم» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە يازغان، ئۇنىڭ بۇ ماقالىنى يېزىشتىكى مەقسىتى جياڭ جېيشىنىڭ «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» دېگەن كىتابىدىكى ئەكسىيەتچىل ئىدىيىگە، بولۇپمۇ چوڭ خەنزۇچىلىق ئىدىيىسىگە رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. دادام بۇ ماقالىسىدا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ھەمدە «جۇڭگونىڭ تارىخ سەھنىسىدىكى رولىغا يالغۇز خەنزۇلارلا چىققان ئەمەس» لىكىنى كۆرسەتكەن. بۇ ماقالىدا، فامىلىمىزنىڭ كېلىش مەنبەسى تەپسىلىي دەلىللەپ بېرىلگەن.

بىزنىڭ بۇ مىللىتىمىز ئىلگىرى ئىزچىل كەمسىتىلىنىپ كەلگەنىدى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇلار ئىدى. بۇ ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدا بىر نەچچە قېتىم چوڭ ماجىرالارمۇ توغۇلغان



بولۇپ، بۇ ئىشلار دادامنىڭ ياش قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز جاراھەتلەرنى قالدۇرغان. دادام «شاپتۇللۇق خاتىرىسى» نى ئوقۇغان، ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان تاۋيۈەن (شاپتۇللۇق) ئۆڭكۈرى ئۆيىمىزگە 50 - 60 چاقىرىمچىلا كېلىدۇ. لېكىن دادام ئۇنداق رىئاللىقتىن چەتنىگەن ئىدىيىنى ياقتۇرمايتتى، بۇنىڭدىن باشقا بىرەر خىسلەتلىك تاۋيۈەن ئۆڭكۈرىنى تېپىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىمۇ ئۇنىڭغا ئايان ئىدى، شۇنداقلا ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى مىللىي زىددىيەت قاتارلىق بىر قاتار چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئويلاپ يېتەلمىگەن.

داداملار ئاكا - ئۇكا، ھەدە - سىڭىل بولۇپ ئالتە بالا ئىكەن دادام ئوغۇللارنىڭ چوڭى بولغاچقا، ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە ئۆگىنىشى بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا بوۋامنىڭ قاتتىق نازارەتچىلىكىدە بولغان ئىكەن. بوۋام گەرچە تالىپ بولىسىمۇ، لېكىن ماتېماتىكىنى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىۋالغان بولۇپ، خۇنەن ئۆلكىسى چاڭدې ناھىيىسىدىكى ئۆلكىگە قاراشلىق 3- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۇ 30 نەچچە يىل ماتېماتىكا دەرسى بەرگەن، ئۇ ئاددىي ماتېماتىكىدىن دەرس بېرىپلا قالماستىن، يەنە ئالگېبرا، ترىگونومېترىيە، پلانىمېترىيە، ستېرېئومېترىيە، ئانالىتىك گېئومېترىيە ۋە دىففېرېنسىئال - ئىنتېگراللاردىن دەرس بەرگەن، كىشىلەر بۇنى بىر مۆجىزە دەپ قارىغان، لېكىن بوۋام بۇ ھەيران قالغىدەك ئىش ئەمەس، پەقەت ئىزچىل بېرىلىپ ئۆگەنگەندىلا ھەر قانداق ئىشتىن نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ، دېگەن ھەم باشقىلارغىمۇ مۇشۇ روھ بويىچە تەلەپ قويغان. بوۋام شۇ چاغدىكى خونەندە ئۈچ يېرىم ماتېماتىك دەپ ئاتالغانلار ئىچىدىكى يېرىم ماتېماتىك ئىدى.

دادام يەتتە يېشىدىن باشلاپ بوۋامنىڭ يېتەكلىشىدە جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆگەنگەن، 12 يېشىدا «تارىخنامە» ۋە «ھاكىمىيەتچىلىك ئۆرنەكلىرى» نىڭ ھەممىسىنى

خەتمۇخەت ئوقۇپ چىققان. شۇ چاغدا بوۋام دادامنىڭ ئوقۇپ چىقىشىغا تاللاپ بەرگەن كىتاپلار جۈملە ئايرىلماي يېزىلغان بولۇپ، بۇھال بوۋامنىڭ دادامنىڭ ئوقۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشىغا قولايلىق ياراتقان. ئەگەر جۈملىلەر توغرا ئايرىلماي خاتا ئوقۇلسا، بوۋامنىڭ قاتتىق ئەيىپلىشىگە ئۇچرايدىكەن. كېيىن دادام يەنە «نەزمىنامە»، «مادارا»، «زوچىيۇمنىڭ يىلنامىسى»، «يىلنامىلارنىڭ ئوقۇشلۇق ئەستىلىكى» قاتارلىق نۇرغۇن تارىخى ئەسەرلەرنى ئوقۇغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بوۋام يەنە دادامغا يېزىقچىلىقنى مەشىق قىلدۇرغان، شېئىر ـ نەزمە يېزىشنى ئۆگەتكەن، لېكىن شېئىر ـ نەزمە يېزىشقا تەلەپنى ئانچە قاتتىق قويمىغانىكەن. دادام دائىم جۇڭگو ئەدەبىياتىدىن ئاساسىم بىر قەدەر ياخشى، بۇ جەھەتتە دادامنىڭ ماڭا قاتتىق تەلەپ قويغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن دەيتتى. بۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ جۇڭگو تارىخىنى تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن. دادام ئوقۇغۇچىلىرىغا دائىم تارىخ ئۆگەنگەندە بىرىنچىدىن جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىنى ياخشى ئۆگىنىش كېرەك، ئۇنداق قىلمىغاندا ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چۈشەنچە ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ، تەتقىق قىلىشتىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ماقالىنى ياخشى يېزىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا تەتقىقاتتىن ھاسىل قىلغان نەتىجىنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا يېزىقچىلىق ئەڭ ئەقەللى شەرت دەيتتى. دادام ياش چېغىدا تارىخىي روماللارنى كۆرۈشكە ناھايىتى ئامراق بولۇپ، ئارىيەت ئالغىلى بولىدىغانلىكى ھەر خىل تارىخىي قىسسەلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئوقۇپ چىققانىكەن. ئۇ يەنە ھەر قايسى سۇلالىلەرنىڭ غەيرىي رەسمىي تارىخلىرىنىمۇ ناھايىتى قىزىقىپ ئوقۇغان، بۇ كىتايلار ئۇنىڭ نۇرغۇن تارىخىي بىلىملىرىنى تولۇقلىغان ھەم بېيىتقان.



بوۋام كونىچە ئائىلە باشلىقى بولغاچقا، مىجەزى بەك چۇس ئىدى، خۇشچىراي ئاچچىقلىنىشنى ناھايىتى ئاز كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ قارارغا كەلگەن ئىشلار ئۈستىدە باشقىلارنىڭ مەسلىھەتلىشىش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. دادام دەسلەپتە تارىخ ئوقۇماي، ئىقتىساد ئۆگەنگەن. ئۇ ۋۇچاڭ سودا تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بوۋام ئۇنى چاقىرىپ كېلىپ، ئوقۇتقۇچىلىق قىل دېگەن. ئەمما دادامنىڭ ئويلىغىنى باشقىچە بولغاچقا، ئۆزى تاللىۋالغان يولغا ماڭماقچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى ناھايىتى چوڭ بىر زىددىيەتكە ئايلىنىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە ئۆزى تاللىغان يولغا قانداق مېڭىش ئۈستىدە دادامنىڭ ئېنىق بىر نىشانى بولمىغاچقا، ئامالسىز بوۋامنىڭ گېپى بويىچە يۇرتىمىز چاڭدېي ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ، ۋەزىيەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ جەمئىيەتتىكى ھەرخىل پىكىر ئېقىملارغا دىققەت قىلغان، ئاقىۋەت قەتئىي نىيەتكە كېلىپ يۇرتتىن ئايرىلىپ، كونا ئائىلىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزگەندە تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ياشىغان بولىدىغانلىقى ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىشكە ئاتلانغان.

## بېيجىڭدىكى يىللار

1926 ـ يىلى دادام بېيجىڭغا كېلىپ، چىيەنمېننىڭ سىرتىدىكى گاۋمىياۋ كوچىسىدىكى چاڭدې تاۋيۈەنلىكلەر ئۇيۇشمىسى سارىيىغا چۈشكەن. بۇ بىرنەچچە چاسا ھويلىدىن تەركىب تاپقان چوڭ قورو بولۇپ، بۇ يەرگە ئاساسەن خۇنەننىڭ چاڭدې ۋە تاۋيۈەن ناھىيىلىرىدىن كەلگەن تۇرمۇشتىن قىيىنچىلىقى بار، غۇربەتچىلىكتە قالغانلار ئولتۇراقلاشقان

بولۇپ، پۇلى بولمىسا ئۆي ئىجارىسى تاپشۇرمىسىمۇ بولىدى-
كەن. بۇ يەردىكىلەرنىڭ سالاھىيىتى ناھايىتى مۇدەككەپ بولۇپ،
ئۇلار ئىچىدە ئوقۇغۇچىلار، ئوقەتچىلەر، پۇلدا قىسىلىپ قېلىپ
يۇرتىغا كېتەلمەي يۈرگەنلەر، ئىش تاپالماي يۈرگەن پومېشچىك بەگ-
زادىلىرى ۋە بىر نەچچە ئادىدىي خىزمەتچى بار ئىكەن. يۇرتداشلار
دادامدىن بېيجىڭغا نېمە ئىش قىلغىلى كەلگەنلىكىنى سورىغاندا
دادام ئوقۇغۇلى كەلدىم، بوش ۋاقىتلاردا ئۇششاق چۆشەك
ئىش تېپىپ قىلارمەن، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى كۆچۈرۈشۈپ
بەرسەممۇ بولىدۇ دەپ جاۋاب بەرگەن. يۇرتداشلار دادامنى
كەمسىتىپ سودا تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن تۇرۇپ يەنە نىمە
ئوقۇش، باشقىلارغا كۆچۈرمىچى بولسا ئىناۋىتى چۈشۈپ
كەتمەمدۇ دەپ قارىغان. ئۇلار دادامنى ئىستىقبالى يوق دەپ
قاراپ، ئادەتتە ناھايىتى ئاز ئارىلىشىدىكەن، يۇرتداشلارنىڭ
بىر مۇنچىسى بېيجىڭدىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرنى
پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن،
ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىدىن ئىشسىزلار قوشۇنىغا قوشۇلۇپ، ئامال-
سىز مۇشۇ يەرگە كېلىپ تۇرۇپ، ئۆيلىرىدىن ئەۋەتكەن پۇل
بىلەن جان بېقىپ ئىش كۈتىدىكەن، ئايلاپ، يىللاپ تۇرۇپ
كىچىك ئىشلارنى ياراتماي، چوڭ ئىشلارنى تاپالماي، ئەتىدىن
كەچكىچە ئويۇشما سارىيىدا ماجاڭ ئويناپ كۈن ئۆتكۈزىدى-
كەن. بەزىلىرى يەتتە - سەككىز يىل تۇرۇپمۇ ھېچ بىر
ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي، ئاخىرى يۇرتىغا قايتىپ كېتىدى-
كەن؛ بەزىلىرى جاھاندىن نەپرەتلىنىپ ساراڭ بولۇپ قالسا،
ئاخىرى پۇت - قوللىرىنى باغلاپ يۇرتىغا ئاپىرىپ قويۇلىدى-
كەن. دادام ئەينى ۋاقىتتا ئەشۇنداق مۇھىتتا تۇرۇۋاتقان
بولسىمۇ ھەر كۈنى بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىغا بېرىپ ماركس،
لېنىننىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان، ئۇچاغدا بۇخىل كىتابلارنىڭ
خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرى ئاز بولۇپ بەزىلىرى



ياپونچە ۋە ئىنگلىزچە بولغاچقا، بىر قېتىم كۆرۈپ چۈشەنگى-
لى بولمىسا، ئىككىنچى قېتىم يەنە كۆرۈدىكەن. دادام بىر
شيۇسەي (بوۋامنى كۆرسىتىدۇ) ئۆزلىكىدىن ھازىرقى زامان
ماتېماتىكىنى ئۆگىنەلەيدىكەنيۇ، مەن نېمە ئۈچۈن ماركسىزمنى
ئۆزلىكىمدىن ئۆگىنىپ كېتەلمەيمەن دەپ ئويلاپ، ھەركۈنى
ئەتىگەن تۇرۇپ كەچ قايتىپ، كۈن بويى كۇتۇپخانىدا بولغان.
ئۇ رىكشىغا ئولتۇرماي كۈندە چيەنمېن سىرتىدىن پىيادە بېيخەي
كۇتۇپخانىسىغا بېرىپ كەچتە ھېرىپ چارچاپ
قاران قايتىپ كېلىدىكەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى
دەۋرلىرىدە بىز بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئەينى ۋاقىت-
تىكى تۇرمۇشىنى ئەسلەپ: شۇ چاغدا ئۇچامدا كۆك يەكتەك،
ياماق چۈشۈپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلىق شىمى بار ىدى، كۇ-
تۇپخانىدىن چىقىپ، بېيخەينىڭ ئالدىدىكى چوڭ كوچا بىلەن
جەنۇب تەرەپكە ماڭاتتىم، كوچا چىراغلىرى تۇخۇمەك دەرەخ-
لىرى ئارىسىدىن يولنى يورۇتۇپ تۇراتتى، كوچىدا يولۇچىلار
ناھايىتى ئاز ىدى. شۇتاپتا كۈندۈزى ئۆگەنگەن بىلىملەرنى
ئەسلىسەم، ئاجايىپ بىر خىل خۇشاللىق ھېس قىلاتتىم دەيت-
تى. ئۇيەنە يولدا رىكشىچىنىڭ ھاسىراپ - ھۆمىدەپ ئۆتۈپ
كېتىۋاتقانلىقىنى، گاز لامپىسى ئېسىلغان، سۇرتۇپ پاقىرىتى-
ۋەتكەن ئات ھارۋىلىرىنىڭ قاراڭغۇدا تېز كېتىۋاتقانلىقىنى،
يېنىغا ماۋزور ئېسىۋالغان كانىۋايلار بار كىچىك
ماشىنىلارنىڭ غاقىراپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى
ئاندا - ساندا ئۇچرىتىدىكەن. ئوخشاش بىر بېيجىڭ شەھىرى
ئوخشاش بىر كوچىدا ھەركىم ئۆز يولىدا ماڭىدىكەن، ھەركىم
ئۆز خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولىدىكەن، دادام بولسا
بىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇشنى ئەڭ زور خۇشاللىق
دەپ ھېسابلايدىكەن.

دادام چاڭدي - تاۋيۈەنلىكلەر ئويۇشمىسىدا تۇرغان

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ياز كۈنلىرىنى ئاسان ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن قىش كۈنلىرى كەچتە ئۆيۈشمىغا قايتىپ كەلگەندە ھەممە يەر مۇز سوغۇق بولۇپ، قورساقنى ئاچسا توڭلاپ قېتىپ قالغان قوناق مومىسىدىن باشقا نەرسە يوق ئىكەن، ئىسسىنىشقا ئوت، ئىچىشكە ئىسسىق سۇمۇ يوقكەن. مۇنداق ئەھۋالدا دادام نائىلاج ئىشىك باقىدىغان بوۋايدىن بىرەر ئىستاكان قايناقسۇ ئېلىپ ئىچىدىكەن، بەزىدە بوۋاي ئۇنىڭغا: «مەن ھازىر ئۇخلىمايمەن، سىز مۇشۇ يەردە ئولتۇ- رۇپ بىردەم ئىسسىنىۋېلىڭ، ئۆيگە كىرگەندە ئوت قالىماي يوتقانغا كىرىپلا ئۇخلىسىڭىز بولىدۇ» دەيدىكەن، بۇ بوۋاي ھەمىشە دادامغا: «يۇرتىڭغا قايتىپ كېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ، ئۆيگە كەتسىڭىز ئاچ - يالىڭاچ، ماكانسىز قالمايسىز، بۇ يەردە تۇرۇپ چاپا تارتىشنىڭ نېمە ھاجىتى، ئوقۇشنىڭ نېمە پايدىسى، پەقەت بولمىسا، بىرەر ئىش تېپىپ قىلسىڭىزمۇ بولىدۇغۇ» دەيدىكەن، دادام بوۋاينىڭ سۆزىگە جاۋابەن كۈلۈپلا قويىدىكەن.

بوۋام دادامنىڭ خۇنەنگە قايتىپ مۇئەللىم بولۇشى توغرىسىدا قايتا - قايتا خەت يازىدىكەن، بەزىدە خېتىدە ناھايىتى كەسكىن، تىللىغاندەك گەپلەرنىمۇ قىلىدىكەن، ئەمما گايىدا قايتىپ كەلگۈچە يول خىراجىتى قىل دەپ پۇلمۇ ئەۋەتىپ قويىدىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇ پۇل دادامنىڭ تۇرمۇشىغا قىلىنغان ياردەم بوپتۇ. مۇشۇنداق قىيىنچىلىق ئەھۋالدىمۇ دادام تەۋرىنىپ قالماي يەنىلا ماركسىزم ئەسەرلىرىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگونىڭ شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ھەمدە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىگە بىۋاسىتە قاتناشقان.



دادام بېيجىڭدىن بىر مەھەل ئايرىلىپ، شۇ چاغدىكى مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان. 1928 - يىلى ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن «سولچىللىق» جىنايىتى بىلەن تازىلانغان، ئۇ بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، داۋاملىق ھالدا ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ تۈنجى قىلىپ ئويلىغان ئەمەلىي مەسىلىسى جۇڭگودىكى دېھقانلار مەسىلىسىدىن ئىبارەت بولغان، ئۇ جۇڭگونىڭ يېزا ئىقتىسادىي مەسىلىسىگە دائىر بىر نەچچە پارچە ماقالە يازغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك كولخوزلىرىغا ئائىت بىر نەچچە پارچە ماقالىنى تەرجىمە قىلغان، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي مەسى- لىلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەن، يالغۇز يېزا ئىقتىسادىي مەسىلى- سىنىلا تەتقىق قىلىشنىڭ تولىمۇ يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى، دائىرىسىنىڭ بەك تار بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بارا - بارا ھېس قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇڭگونىڭ سىياسىي تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي خاراكتېرى مەسىلىسىنى ھەمدە جۇڭگونىڭ قايسى تەرەپكە ماڭىدىغانلىقىنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ نېمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكىنى جۇڭگونىڭ تارىخىدىن تەتقىق قىلىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ھەممە مەسىلىنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى تاپقىلى بولىدۇ دەپ قارىغان، شۇنىڭ بىلەن دادام تەدرىجىي ھالدا تەتقىقاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى جۇڭگو تارىخىغا قاراتقان. بېيجىڭدا تارىخشۇناس لۈي جېنيۈي، مائارىپچى تەن پىڭمۇلار بىلەن تونۇشقان، كېيىن ئۇ بۇئىككىيلەن بىلەن ئەڭ سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالغان.

1932 - يىلى ئاپام بىلەن بېيجىڭغا باردىم. دەسلەپتە

شىنجاڭ جىداۋدا ئولتۇردۇق، ئۇزۇن ئۆتمەي شۇەنۋۇمىن ئىچىدىكى تۇفا كوچىسى ئا 1 - نومۇرلۇق قورونىڭ ئارقا هويلىسىغا كۆچۈپ باردۇق. بۇ يەر ناهايىتى كەڭ كۇشادە ئىدى، هويلىسى ناهايىتى چوڭ بولۇپ، ئىچىدە بىر نەچچە تۈپ مېۋە دەرىخى بار ئىدى، ئەمما مېۋىسى ئۆيدە ئولتۇرغۇچىلارغا مەنسۇپ بولمايتتى، ئۇنى ئۆي خوجايىنى يىغىۋالاتتى. ئېيتىلىشىچە بۇ بېيجىڭنىڭ كونا قائىدىسىمىش، بىراق چىلان پىشقاندا ئۈزۈپ يەۋېرەتتۇق، ئۆي ئىگىسىمۇ بىر نېمە دەپ كەتمەيتتى، داداممۇ بوش ۋاقىتلاردا ئانچە - مۇنچە سامان غوللۇق گۈللەرنى تېرىيتتى. لېكىن ئۇ كۆپىنچە ۋاقتىنى يەنىلا كىتاب ئوقۇش ۋە يېزىقچىلىق قىلىشقا سەرىپ قىلاتتى.

1932 - يىلى دادام بىر يىلدىلا كاپىتالىزم تۈزۈمىنى سۆكىدىغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى مەدھىيىلەيدىغان ماقالىدىن توققۇز پارچىنى يازغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە لۇي جىنيۇ بىلەن بىرلىشىپ «يېقىنقى كاپىتالىستىك ئىگىلىك» دېگەن كىتابنى تۈزگەن، بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىنى لۇي جىنيۇ، ئىككىنچى قىسمىنى دادام تۈزگەن. شۇنداقلا ستالىننىڭ ئەسەرلىرىنى دادىللىق بىلەن تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان. مەسىلەن، «چوڭ ئۆزگىرىش بولغان بىر يىل»، «باي دېھقانلار سىنىپىنى يوقىتىش سىياسىتىگە دائىر مەسىلىلەر» ۋە «غەلىبىدىن ئېسەنكىرىمەك» دېگەن ماقالىلارنى توپلاپ، ئۇنى «سوۋېت كولخوزلىرى» دېگەن نام بىلەن نەشرگە بەرگەن. ئۇ 90 مىڭ خەتچە كېلىدىغان كىتاب بولۇپ، 1934 - يىلى شاڭخەي تىنچ ئوكيان كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىپ تارقىتىلغان.

بىز بېيجىڭدا ئىككى يىلغا يېقىن تۇردۇق، بۇمەزگىلدە تۇرمۇشىمىز ناهايىتى قىيىنچىلىقتا ئۆتتى، دائىم گۈرۈچ دۇكىنى ۋە كۆمۈر دۇكىنىغا قەرز بولۇپ قالاتتۇق، بەزىدە تۇرمۇشتا



تۈگىسىپ قالغان نەرسىلەرنى ئۆي بىساتلىرىمىزنى رەنىگە قويۇش ئارقىلىق تولۇقلايتتۇق، مەن ئاپام بىلەن بىللە شىددەن زىننەت دەرۋازىسىنىڭ شىمالىدىكى يولنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بىر گۆرۈخانىغا كىيىم - كېچەك ساتقىلى نەچچە قېتىم بارغانىدىم. گۆرۈخانىنىڭ پوكىيى ناهايىتى ئېگىز بولۇپ، كىچىك باللار پوكەينىڭ ئارقىدا تۇرغان ئادەمنى كۆرەلمەيتتى. گۆرۈخانىدىكىلەرنىڭ گېپى گەپ ئىدى، باھاتالاشقىلى بولمايتتى، ئۇلار قانچە دېسە شۇ ھېساب ئىدى. ئاپام بۇنداق قىيىنچىلىقتا ئانچە ئادەتلىنەلمىدى، لېكىن بۇھال دادام ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش ئىدى. 1933 - يىلى، سىياسىي سەۋەب تۈپەيلىدىن دادام بىزنى ئېلىپ بېيجىڭدىن ئايرىلىپ، تيەنجىن ئارقىلىق كېمىگە چۈشۈپ دېڭىز بىلەن شاڭخەيگە كەلدۇق، بىزنى خۇنەنگە ئاپىرىپ قويۇپ ئاندىن ئۆزى يالغۇز نەنجىڭغا كەتتى.

## نەنجىڭدا

1934 - يىلى دادام خۇنەندىن نەنجىڭغا قايتىپ كەلدى، شۇ چاغدا ئۇيەردىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كەتكەن، ئىشپىيونلار زورلۇق زومبۇلۇق قىلىپ يۈرگەن بولۇپ، سۆز ئەركىنلىكى يوق ئىدى، سىياسىي ھۇھەت كىشىنى تۇنجۇقتۇراتتى، لېكىن دادام يەنىلا ھېچنېمىگە قارىماي، داۋاملىق ئۆزىنىڭ بېيجىڭدا قىلغان ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئىلمىي تەتقىقات بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماستىن، يەنە ئىنقىلابىي كۈرەشكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، تروتسكىچىلار ۋە تاۋشىشىڭنىڭ ئەكسىيەتچىل سەپسەتىلىرىنى تەنقىد قىلىدىغان ماقالىلارنى يېزىپ، فاشىزمچىلارنىڭ ئەكسىيەتچىل نەزەرىيىسىنى ۋە تاجاۋۇزچىلىق جىنايى قىلمىشلىرىنى سۆككەن. شۇچاغدا شاڭخەي يەر ئاستى پارتىيە

تەشكىلاتىدىكى دۆك ۋېيجيەن دادامنىڭ دوستى ھەمدە تاۋيۈەنلىك يۇرتدىشى بولۇپ، ئۇ دادامدىن ئۆزىگە ماسلىشىپ تەن جىڭغا خىزمەت ئىشلەشنى تەلەپ قىلغان. تەن جىڭ كونا ئىنتىپاقداشلار ئويۇشمىسىنىڭ ئەزاسى، ۋە گومىنداڭنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بولۇپ، دادام ئۇنىڭ بىلەن 1929 - يىلى بېيجىڭدا تونۇشقان. تەن جىڭمۇ تاۋيۈەن ناھىيىسىدىن، يەنە كېلىپ بوۋام بىلەن ساۋاقداش ئىكەن. ئۇنىڭ جياڭ جېيشى بىلەن زىددىيىتى بولغاچقا، ئۇ جياڭ جېيشىغا قارشى تۇرۇش ھەركىتى ئويۇشتۇرغاندا، داداممۇ تەن جىڭ تەشكىللىگەن جياڭ جېيشىغا قارشى تۇرۇش ھەركىتىگە قاتناشقان، لېكىن بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولغان. شۇچاغدا، تەن جىڭ نەنجىڭدا ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئەمەلىي ھوقۇق بولمىغان قۇرۇق قالپاق بولۇپ قالغان، ئەمما ئۇ گومىنداڭ پارتىيىسى ئىچىدە مەلۇم تەسىرگە ئىگە ئىكەن. دادام شۇچاغدا قانۇنلۇق پائالىيەت سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، تەن جىڭغا شەخسى كاتىپ بولغان، بۇنامىدىكىلا ئىش بولۇپ، كۈندە ئىشخانىغا بېرىپ بىر - ئىككى سائەت ئولتۇرۇپ قويسىلا بولىدىكەن. مۇتلەق كۆپ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، كۈندە دېگۈدەك يېرىم كېچىگىچە ئىشلىگەن، كېيىن تەن جىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ جاڭ جېيشى ئىشغالىيىتىدىكى رايونلاردا قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان يولداشلىرىنى قۇتقۇزۇش جەھەتتە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاپام بىلەن ئىككىمىز نەنجىڭغا كېلىپ شىنجېكوغا يېقىن خۇاجياشاڭ 16 - نومۇرلۇق قورودا ئولتۇردۇق. بۇ قورو ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى، ئىچىدە ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنا بار بولۇپ، بىز ئاستى قەۋەتتىكى تۆت



ئېغىز ئۆيدە ئولتۇردۇق. ئۇنىڭدىن باشقا قورو ئىچىگە ئىككى ئېغىزلىق ئاشخانا سالدۇق. ئۈستى قەۋەتتە بىر تىجارەتچى ئائىلە ئولتۇراتتى، شۇڭا خېلى تىنچ ئىدى. ئۆيىمىزگە دائىم بىر مېھمان كېلەتتى، ئۇ لۇي جېنيۈي بولۇپ، پاكارغىنە كەلگەن، دائىم كۆزەينەك تاقايدىغان، كۆك ئۇزۇن چاپان كىيىۋالغان، ئايىغىنى ئەزەلدىن مايلىمايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ دادامنىڭ بېيجىڭدىكى ۋاقتىدىكى دوستى بولۇپ، بىللە كىتاب تۈزگەن، ھەر خىل ئىجتىمائىي - سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكەنىدى. نەنجىڭغا بارغاندىن كېيىنمۇ مەسىلىلەرنى داۋاملىق مۇزاكىرە قىلىشقانىدى، بەزىدە ئۇلار قاتتىق تالاش - تارتىش قىلىپ، بىر - بىرىگە يول قويۇشمايتتى. ئايرىم چاغلاردا بىر مەسىلىنى بىر نەچچە كۈن تالىشاتتى، بىر تەرەپتىن تالاش - تارتىش قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆز ئاساسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى، بەزى مەسىلىلەردە بىردەك قاراش ھاسىل قىلغاندەك بولسا، بەزى مەسىلىلەردە بىر - بىرسىنى قايىل قىلالماي، ئۆزپىكىرىدە قېلىشاتتى. نەنجىڭدا تۇرغان ئۈچ يىلدا، دادام ماتېرىيال توپلىغان، مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندىن باشقا، يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيىتى» ۋە «دۇنيا مەدەنىيىتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا 20 نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىدە قەدىمى جەمئىيەت تەتقىق قىلىنغان، بەزىلىرىدە «ئاسىيا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى» توغرىسىدا بەس - مۇنازىرە ئېلىپ بارغان، يەنە بەزىلىرىدە فاشىستلارنىڭ زوراۋانلىقىنى پاش قىلىنغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى تونۇشتۇرۇلغان، لېكىن كۆپ قىسمى تارىخقا دائىر نەزەرىيىۋى ماقالىلاردىن ئىبارەت ئىدى.

دادام شۇ مەزگىلدە تارىخىي پەلسەپە تەتقىقاتىنى ئۆز

تەتقىقاتىنىڭ مەركىزى قىلىنغانتى، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە ئېلان قىلغان ماقالىلىرى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن توپلىغان ماتېرىياللىرى ۋە تەتقىق قىلغان تېمىلىرى ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى مەقسىتى جۇڭگو تارىخىنى ماركسىزم ئارقىلىق تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىدى، ئەمما ئەينى ۋاقىتتا بۇخىل ئۇسۇلنىڭ تەييار ئۆرنىكى يوق ئىدى. تارىخى پەلسەپە جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش — دادامنىڭ تارىخ تەتقىقاتى يولىدا باسقان ئاچقۇچلۇق قەدىمى ھېسابلىنىدۇ. بىر نەچچە يىل جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈش ئارقىلىق، ئۇ جۇڭگو تارىخىنى قانداق قىلىپ ماركسىزم ئارقىلىق تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنى ئاساسى جەھەتتىن تېپىپ چىققان. ئۇ كۆپلەپ ماتېرىيال توپلاپ، جۇڭگو تارىخى پەلسەپىسىگە ئائىت كىتاب يازماقچى بولغان، لېكىن 1937 - يىلى جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشى پارتلاپ، نەنجىڭدىن ئايرىلىپ خۇنەنگە قايتىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ نەنجىڭدىن ئايرىلغاندا قاتناش قالايمىقان بولغاچقا، ھېچنېمە ئالماي پەقەت بىر نەچچە چامدان كىتاب ۋە تارىخى پەلسەپىگە ئائىت ماتېرىيال ۋە ئارگىناللارنى ئېلىپلا قايتقان، زور بىر تۈركۈم مۇھىم ھۆججەت ۋە ماتېرىياللار يوقىلىپ كەتكەن.

1937 - يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى، دادام نەنجىڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. بۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىر ماركسىزم تەشۋىقاتچىسى ۋە ئىلمى خادىمدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جەڭچىسىگە ئايلانغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دادام ئىلمى تەتقىقات ۋە ئىنقىلابى كۈرەشتىن ئىبارەت ئىككى سەپتە تەڭلا كۈرەش قىلىشتەك ھايات مۇساپىسىگە قەدەم قويغان.



# خۇنەنگە قايتىش

چاڭشادىكى دۈشمەنگە قارشى ئارقا سەپ ياردەم ئۇيۇشمىسى شۇ چاغدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولىدىكى ئاممىۋى تەشكىلات ئىدى. 1937 - يىلى دادام چاڭشاغا كېلىپلا لۈي جېنيۈي، تەن پىيمۇ، جاڭ تيەنيى قاتارلىقلار بىلەن خۇنەن مەدەنىيەت ساھەسى بويىچە دۈشمەنگە قارشى ئارقا سەپ ياردەم ئۇيۇشمىسىنى تەشكىللەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغۇن تەرەققىپەرۋەر زاتلارنى ياردەم بېرىشكە ۋە قاتنىشىشقا جەلىپ قىلغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغۇن تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، چاڭشادا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى داغدۇغىلىق دولقۇن قوزغىغان. بىراق بۇنداق قىلىشنى مۇرەسسە قىلىش يولى بىلەن تەسلىم بولۇش غەرىزىدە بولىۋاتقان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ياقتۇرماي، پەيدىنپەي بېسىم ئىشلەتكەن. ئۇلار ئاۋۋال باھانە تېپىپ ئۇيۇشمىنىڭ پائالىيەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلغان، ئارقىدىنلا دۈشمەنگە قارشى ئارقا سەپ ياردەم ئۇيۇشمىسىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ئاماق تەمىناتىنى توختىتىپ قويغان. ئۇيۇشمىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قولدىن كەتكەن رايونلاردىن چوڭ ئارقا سەپكە قېچىپ كېلىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى داۋاملىق كۈرەش قىلىۋاتقان ياشلار بولغاچقا، بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. ئاخىرى دۈشمەنگە قارشى ئارقا سەپ ياردەم ئۇيۇشمىسى تارقىتىۋېتىلگەن، دۈشمەنگە قارشى ئارقا سەپ ياردەم ئۇيۇشمىسىنىڭ تۇرغۇن مەسئۇللىرى كۆزىتىلىدىغانلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن. دادامنىمۇ ئەلۋەتتە كۆزىتىش ئوبيېكتى قىلىنغان. شۇ مۇناسىۋەت

بىلەن دادام 1938 - يىلى 8 - ئايدا «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشكىلاتلارنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىگە ئېتىراز» دېگەن ماقالىنى يېزىپ، ئۇنى ئۆزى چىقىرىۋاتقان «جۇڭگو - سوۋېت يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 12 - سانىدا ئېلان قىلىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سۇيىقەستىنى ئاشكارە پاش قىلغان.

دادام بۇ ۋاقىتتا خونەن مەدەنىيەت ساھەسى بويىچە دۈشمەنگە قارشى ئارقا سەپ ياردەم ئۇيۇشمىسىنى تەشكىللەش بىلەن بىرگە، يەنە جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتى خونەن شۆبىسىنى تەشكىللىگەن. ئۇ نەنجىڭدىن قايتىدىغان چاغدىلا چاڭشادا جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتى خونەن شۆبىسىنى قۇرۇش توغرىسىدا جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت باش جەمئىيىتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغان، باش جەمئىيەتنىڭ باشلىقلىقىنى سۇن كې، خونەن شۆبىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تەن جېن ئۆتىگەن، دادام دائىمىي مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ھەمدە ئورگان ژۇرنىلى «جۇڭگو - سوۋېت يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» غا مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ، ماركسىزمنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك كۈرەش ئېلىپ بېرىشنى تەشۋىق قىلغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرغان. جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتى خونەن شۆبىسىنىڭ ئورنى چاڭشانىڭ خېيخۋاچى دېگەن يېرىگە يېقىن بولۇپ، جەمئىيەت ئىچىدە كۇتۇپخانا ۋە سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن قىرائەتخانا بار ئىدى. كۇتۇپخانىدىكى كىتاب - ژۇرناللارنىڭ كۆپىنچىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە ئەسەرلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۇ چاغدىكى ئىچكى ئەھۋاللىرى



تونۇشتۇرۇلغان ژۇرنال - گېزىتلەر ئىدى. بۇ پائالىيەتلەر شۇ چاغدىكى چاڭشا ياشلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى ئاچقان بولغاچقا، قىرائەتخانىغا كېلىپ تۇرىدىغانلارنىڭ ئايىقى كۈن بويى ئۈزۈلمەيتتى. شۇڭا بۇيەر، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي قالمىدى. ئۇلار دائىم ئىشپىيونلارنى كىتابخان قىياپىتىدە ئەۋەتىپ ۋەقە تۇغدۇرۇپ، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. شۇ سەۋەپتىن، دادام بىۋاستە گومىنداڭنىڭ چاڭشا شەھەرلىك ئورگىنىغا بېرىپ، ئۇلارغا جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتى خونەن شۆبىسىنىڭ سۇن كېنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن قۇرۇلغانلىقىنى، ئەگەر چاڭشا تەرەپ يەنە شۇنداق توسقۇنلۇق قىلىۋەرسە، باش جەمئىيەتكە مەلۇم قىلماي بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. بۇنىڭ خېلى ئۈنۈمى بولۇپ، كېيىن جېدەل چىقىرىدىغان ئىشلار خېلى ئازايغان.

جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتى خونەن شۆبىسىنىڭ پائالىيەتلىرى تاكى ئۇرۇش ئوتى چاڭشاغا تۇتاشقىچە داۋاملىشىپ، ئاندىن خونەننىڭ غەربىدىكى يۈەنلىڭ ناھىيىسىگە چېكىنىپ كەتكەن ھەمدە ئۇ يەردە خىزمەتلەرنى داۋاملىق قانات يايدۇرغان. جەمئىيەتنىڭ چېكىنگەندىن كېيىنكى ئورنى يۈەنلىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي قۇۋۇقتىكى دەرۋازىسى غەربكە قارايدىغان بىر ھويلا ئىچىگە جايلاشقان. «جۇڭگو - سوۋېت يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ تەھرىرلىك ۋەزىپىسىنى يەنىلا ۋاڭ شىفاڭ بىلەن ۋاڭ رېندەن ئۆتىگەن، ئۇلاردىن باشقا يەنە دياۋمۇفۇ ئىسىملىك بىر ياردەمچى تەھرىر بار ئىدى. كېيىن ۋاڭ شىفاڭ بىلەن ۋاڭ رېندەن كەينى - كەينىدىن يۈەنلىڭدىن ئايرىلىپ كەتتى، ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىكىنى تيەن جېرىن ئۈستىگە ئالدى. ئەينى ۋاقىتتا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جۇڭگو - سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي

ئالاقىگە ئاشكارە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىغاچقا، «جۇڭگو - سوۋېت يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ نەشر قىلىنىشىغا ئاشكارا توسقۇنلۇق قىلمىغان، لېكىن ئۇلار ئىنتايىن رەزىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، باسما زاۋۇتى ۋە ئۆي ئىگىسىنى قورقۇتقان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ساقچىلارنى چىقىرىپ، «جۇڭگو - سوۋېت يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» ۋە شۆبە جەمئىيەتنىڭ خىزمەتچىلىرىگە ھەيۋە ئىشلەتكەن، بۇنىڭ بىلەن خىزمەتلەردە بەزى ئاۋارىچىلىكلەر تۇغۇلغان.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يۈەنلىڭ گارنىزونىنىڭ سۇن فامىلىلىك سىلىڭى دادام بىلەن سۆزلەشكەن، ئۇ دادامنى قورقۇتۇپ «جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتىڭلار نېمە ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنى تەشۋىق قىلىدۇ؟ شۆبە جەمئىيىتىڭلاردىكى خىزمەتچىلەر ئارىسىدا نۇرغۇن كوممۇنىستلار بار ئىكەن، كوممۇنىستلارنىڭ كاللىسى چېپىلىدىغانلىقىنى بىلسەن، كوممۇنىزم ھەر قانچە ياخشى بولغىنى بىلەن، بىر ئادەمنىڭ كاللىسى چېپىلسا، مىچىنىمىدىن لەز زەتلىنەلمەي كېتىدۇ، سەن ياخشى ئويلىنىپ كۆر ...» دېگەن. دادام غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ: «جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنى تەشۋىق قىلمىسا بولمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، ئۇنداق قىلمىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىمىزغا ياردەم بەرمەيدۇ، بۇ دۆلەت ئىشىغا پايدىسىز، سىلەر بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قوللىشىڭلار، بىزگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ بەرمەسلىكىڭلار كېرەك. مەن كوممۇنىست ئەمەس، مېنىڭ خىزمەتداشلىرىممۇ كوممۇنىست ئەمەس» دېگەن. ئاخىرىدا، دادام قەتئىي ھالدا: «گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ھەمكارلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى جىياڭ ۋېيۋەنجاڭ بەلگىلىگەن تەدبىر،



جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىگە مەھكىمە باشلىقى سۇن كې رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، سىلەر چويلىدا توختىمايدىغان ئىش قىلىپ ئىشنى بۇزۇپ قويساڭلار، كېيىن كىم جاۋابكار بولىدۇ؟ بۇ يەردىكى ئىشلارنى بىز باش جەمئىيەتتىكى مەھكىمە باشلىقى سۇن كېغا مەلۇم قىلىمىز، بۇ، سېنى چوڭ قالپاق بىلەن قورقۇتقانلىق ئەمەس، سەنمۇ ئەلۋەتتە قورقمايسەن، بۇ پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئىشى» دەپ ئۇنىڭ سەمىگە سېلىپ قويغان. سۇن فامىلىلىك بۇ سىلىڭ قايتا - قايتا ئوقۇشماسلىق بوپتۇ دېگەن ھەم جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتى خۇنەن شۆبىسىنىڭ خىزمىتىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتىنىڭ كەسكىنلىشىگە ئەگىشىپ، دادام ئۇزۇن ئۆتمەيلا تەشكىلىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن يۈەنلىڭدىن شۇپۇ ناھىيىسىدىكى مىنگو داشۆسىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ يۆتكىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا «جۇڭگو - سوۋېت يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىدە تۇرۇۋەردى، كونكرېت خىزمەتلەرنى تېيەن جېيرىن مەسئۇل بولۇپ بىر تەرەپ قىلدى، ئەمەلىيەتتە، بۇ چاغدا شۆبە جەمئىيەتنىڭ خىزمىتى «جۇڭگو - سوۋېت يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» نىلا چىقىرىش بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەشر قىلىش خىزمىتىدىكى قىيىنچىلىقمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتكەن. ژۇرنالنى بېسىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، بېسىشقا جۈرئەت قىلالمىغان باسمىخانا توختامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان، ئۆي ئىگىسىمۇ ئۆيىنى بوشىتىشنى تەلەپ قىلغانلىقتىن «جۇڭگو - سوۋېت يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» نائىلاج قەرەلسىز ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلگەن. دادام تيەن پېيمۇ، جاڭ - تيەنيى، ياڭ رۇڭگو قاتارلىقلارنى ماقالە يېزىپ بۇ ژۇرنالنى قوللاشقا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ،

لېكىن سىياسىي ۋەزىيەت كەسكىنلىشىپ كەتكەچكە، ھەر تەرەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ ژۇرنالنى چىقىرىشقا ئامال قىلالماي، ئاخىرى خىزمەتنى توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان.

«جۇڭگو ـ سوۋېت يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» 1938 ـ يىل 3 ـ ئايدا چاڭشادا تۇنجى سانى نەشر قىلىنغاندىن تارتىپ، 1940 ـ يىل 4 ـ ئايدا يۈەنلىڭدا ئاخىرقى بىر سان (4 ـ جىلد 1 ـ، 2 ـ قوشما سان) نەشر قىلىنغىچە، دادام 29 پارچا ماقالە يازغان، ماقالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى جۇڭگو ـ سوۋېت مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلىش، تەسلىمچىلىككە قارشى تۇرۇش، فاشىستلارنىڭ ئىستىبداتلىقىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ مەزگىلدە، دادام ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق تەتقىقات نەتىجىسى بولغان«تارىخىي پەلسەپە» نى نۇتۇق قىلىپ سۆزلىگەن ھەمدە ئاشكارە نەشر قىلدۇرغان. بۇكىتابنى نەشر قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا يازغان «تارىخىي پەلسەپە» گە ئائىت ئورىگىناللارنى بىر قېتىم سىستېمىلىق رەتلەپ چىققان ھەمدە يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن چاڭشا مىنگو داشۆسىدە ئاشكارە سۆزلەپ، ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. كېيىن يولداش شۈي تېلى كۆرۈپ چىقىپ، يۇقىرى باھا بېرىپ ئاشكارە نەشر قىلدۇرۇشقا ئىلھام بەرگەن. 1938 ـ يىل 8 ـ ئايدا «تارىخىي پەلسەپە دەرسلىكى» ئاخىرقى ھېسابتا چاڭشا يېڭى بىلىم كىتابخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، كىتابنىڭ خەت سانى 140 مىڭغا يېتىدۇ. بۇكىتاب تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى بىر قەدەر سىستېمىلىق تەشۋىق قىلىنغان مەخسۇس ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ماركسىزملىق تارىخىي نۇقتىئىنەزەر ۋە ئانداق قىلىپ جۇڭگو تارىخنى



ماركسىزم ئارقىلىق تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى شەرھلەنگەن. بۇ كىتابتا، دادام ئۆزىنىڭ جۇڭگونىڭ تارىخ سىستېمىسىغا بولغان ئاساسىي قارشىنى تۇنجى قېتىم بىر قەدەر مۇكەممەل، سىستېمىلىق شەرھلەپ، يىن (شاڭ) سۇلالىسى (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرى XIV ـ XI ئەسىر) قۇللۇق تۈزۈمى نۇقتىئىنەزەرى ۋە غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى فېئوداللىق تۈزۈمى نۇقتىئىنەزەرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان. شۇنىڭدەك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، شۇچاغدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ھەرخىل سىياسىي پىكىر ۋە تارىخشۇناسلىق ئېقىملىرىنى تەنقىد قىلغان. بۇكىتاب نەشر قىلىنىشى بىلەنلا ناھايىتى تېز سېتىلىپ كەتكەن. كىتابخانىلارنىڭ تەلىپى تۈپەيلىدىن 1636 ـ يىل 8 ـ ئايدا يېڭى بىلىم كىتابخانىسى گۈيلىندا قايتا نەشر قىلغان. قايتا نەشر قىلىنغاندا، دادام ئەسلى كىتابقا قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزگەن ھەمدە «ئامما، داھى ۋە تارىخ» دېگەن تېمىدا «قايتا نەشرىگە بېرىش كىرىش سۆزى» يازغان. ئۇنىڭدا ۋاڭ جىڭۋېي، چېن گۇڭبو قاتارلىق ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارنى قاتتىق ئەيىپلىگەن، ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇشۇۋالغان جياڭ جيېشىغا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن، يەنە «ئىلگىرى، ئامما مىڭ قېتىم سېتىلدى، يەنە بىرمىڭ بىر قېتىم ساتقىلى بولىدۇ. ئەمما، بۇنداق دەۋر ئەمدى ئۆتۈپ كەتتى» دەپ كۆرسەتكەن. شۇنداقلا جۇڭگونىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرىشىدە چىڭ تۇرغان قەھرىمانلارنى مەدھىيىلىگەن، ماۋزېدۇڭ، باش قوماندان جۇدې ۋە پېڭ دېخۋەيلەرنى «ئۇلۇغ تارىخىي شەخسلەر» دەپ تەرىپلىگەن. ئىنقىلاب ۋە كۈرەش قىزغىنلىقى بىلەن

تولغان بۇ كىتاب ئەينى ۋاقىتتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان ياشلار ياخشى كۆرىدىغان كىتاب ئىدى، ئەمما ئۇگومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن مەنئى قىلىنىپ، سېتىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىدا توپ توغرا سەككىز يىل پېچەتلەنگەندىن كېيىن، 1947 - يىلى شاڭخەيدە يېڭى بىلىم كىتابخانىسى تەرىپىدىن قايتا بېسىلىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. شەرقىي شىمال ئازات بولغاندىن كېيىن، 1949 - يىلى 5 - ئايدا چياڭچۇن يېڭى جۇڭگو كىتاب ئىدارىسى يەنە بىر قېتىم قايتا باستى.

## جۇڭگونىڭ ئىقتىساد تارىخى ئورىگىنالىنى يېزىش

«تارىخى پەلسەپە دەرسلىكى» چاڭشادا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، دادام ئۆزىنىڭ تەتقىقات پىلانىغا ئاساسەن، جۇڭگونىڭ ئىقتىساد تارىخى ماتېرىياللىرىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشقا ۋە رەتلەشكە تۇتۇش قىلدى. بۇ دادامنىڭ كېيىن جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخىنى يېڭىباشتىن يېزىپ چىقىشى ئۈچۈن ئاساس بولدى. دادام جۇڭگونىڭ ئىقتىساد تارىخى جۇڭگو تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئاساسى، جۇڭگو ئومۇمىي تارىخنىڭ گەۋدىلىنىشىنى ئىلمىي ئاساستا، سۆڭەكمۇ، گۆشىمۇ، قېنىمۇ ھەم روھىمۇ بار قىلىپ سۈرەتلەپ يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن جۇڭگونىڭ ئىقتىساد تارىخىنى چوڭقۇر، سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش كېرەك، دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا: «ئىقتىساد — تارىخنىڭ سۆڭىكى، سىياسىي — تارىخنىڭ قېنى ۋە گۆشى، مەدەنىيەت - سەنئەت — تارىخنىڭ روھى» دېگەنىدى. دادام ئۆز ئۆمرىنى مۇشۇ ئىددىيىسىنى بويلىغان ھالدا تارىخ تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى،

ئەينى ۋاقىتتا، چاڭشا بەكلا قالايمىقان بولۇپ، ياپون



باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش بىلەن تەسلىمچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل پىكىر ئېقىمى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ناھايىتى كەسكىن بولدى، دادام خېلى كۆپ ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ ۋەتەن قۇتقۇزۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، لېكىن يەنىلا ۋاقىت چىقىرىپ، جۇڭگونىڭ ئىقتىساد تارىخى ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە رەتلەش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ جۇڭگو ئىقتىساد تارىخى ئورىگىنالىنى يېزىشقا تۇتۇش قىلغان بولغاچقا، كۈندە دېگۈدەك يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيتتى. جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتىنىڭ خۇنەن شۆبىسى يۈەنلىڭگە يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن بۇ جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرى ئازايغان، لېكىن ئەكسىيەتچى ئىشپىيونلارنىڭ ئاۋارىگەرچىلىك سېلىشى ئۇلغىيىپ كەتكەن. دادام ئىشلار ناھايىتى ئالدىراش بولغان ئەھۋالدىمۇ تەتقىق قىلىش ۋە يېزىش ئىشىنى يەنىلا جىددىي داۋاملاشتۇرغان. شۇ چاغلاردا يۈەنلىڭ ياپون ئارمىيىسىنىڭ بومباردىمان قىلىش دائىرىسى ئىچىدە بولۇپ، بەزىدە كۈنىگە بىر نەچچە قېتىم ھاۋا مۇداپىئە سىگنالى بېرىلەتتى، ناھىيە بازىرى ئىچىدە خىزمەت ئىشلەشكە ئامال بولمىغاچقا، نائىلاج يۈەنلىڭ دەرياسىنىڭ نېرىقى قېتىدىن بىر دېھقاننىڭ ئۆيىنى ئارىيەت ئېلىپ، كۈندە يازىدىغان نەرسىلىرىنى شۇ تەرەپكە ئۆتۈپ يازغان. مۇشۇنداق تولىمۇ تىنچ بولمىغان مۇھىتتا، ئۇ «جۇڭگونىڭ ئىقتىساد تارىخى ئورىگىنالى» نىڭ دەسلەپكى كوپىيىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتۈرۈپ بولغان. كېيىن مىنگو داشۆسىدە جۇڭگونىڭ ئىقتىساد تارىخى دەرسىنى ئۆتكەندە ئاساسەن مۇشۇ ئورىگىنالنى ئىشلەتكەن. ئۇنىڭ بۇ ئورىگىنالنى يېزىشتىكى دەسلەپكى مەقسىتى، كەلگۈسىدە جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخىنى يېڭىباشتىن يېزىپ چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈش، مىنگو داشۆسىدە بۇ ئورىگىنالنى ئۆتۈشتىكى مەقسىتى ماركسىزم-

لىق تارىخىي نۇقتىئىنەزەرنى تەشۋىق قىلىش ئىدى. دادام ئەسلىدە بۇ ئورگىنالنى نەشىر قىلدۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەتنىڭ تۇراقسىزلىقى، ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ كۈندىن - كۈنگە غالجىرلىشىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، كىتاب نەشىر قىلدۇرۇش ئىشىنىمۇ تاشلاپ قويغان.

## داتەن مىنگو داشۆسىدە

داتەن، شۇپۇ ناھىيىسىگە ئالتە چاقىرىم كېلىدىغان بىر كىچىك بازار بولۇپ، مىنگو داشۆسى چاڭشادىن كۆچۈرۈلۈپ بېياڭ بازىرى ئارقىلىق زېشۈي ئېقىنىنى بويلاپ مۇشۇ بازارغا يۆتكەپ كېلىنگەن. دادام بۇ يەردە بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋە جىددىي خىزمەت قىلغان، بۇ ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان جاي.

داتەن كىچىك بازار بولۇپ،پۈتۈن بازاردا 200 - 300 ئائىلە، ئىككى چوڭ ئىبادەتخانا، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى كورپۇس پېگىچە بىنا بار، بۇ بىنالار شۇفامىلىلىك ئىككى چوڭ پومېشچىكنىڭ شەخسىي زېمىنى ئىدى. مىنگو داشۆسى ئىككى ئىبادەتخانىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۇنى سىنىپ، كۇتۇپخانا ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوللېكتىپ ياتىقى قىلغان، ھېلىقى ئىككى بىنانى بولسا مەكتەپنىڭ ئىشخانىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياتىقى قىلغان، بالا - چاقىسى بار ئوقۇتقۇچىلار ۋە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار بولسا ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە تارقىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانتى. داتەندىكى پۇقرالارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆيىگە دېگۈدەك مىنگو داشۆسىنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى ئورۇنلاشقان. داداممۇ يۈەنلىڭدىن داتەنگە كەلگەندىن كېيىن، پۇقرالارنىڭ ئۆيىگە جايلاشقان. دەسلەپتە پروفېسسور تەن پېيمۇ بىلەن بىر قورودا تۇرغان، كېيىن سىرتتا بۇقىزىل-



لار ھويلىسى دېگەنگە ئوخشاش بىنتە - ئېغۋالار تارقالغاچقا، دادام باشقا يەرگە كۆچۈپ چىقىپ كەتكەن. ئەينى ۋاقىتتا مىنگو داشۆسىدە دەرس ئۆتكەنلەر قاتارىدا ئەدەبىياتچى جاڭ تيەنيىڭ ئەپەندىمۇ بار ئىدى. بۇ يەردە ھەممەيلەننىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى جاپالىق بولۇپ، ئاددىي يېزا تۇرمۇشى كەچۈرگەن. بىراق ئەكسىيەتچىل يوشۇرۇن ئېقىم پەيدا بولغانلىقتىن كەسكىن كۆرەش كېلىپ چىقىشقا سەۋەبچى بولغان.

ئەينى ۋاقىتتا مىنگو داشۆسىنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، مەكتەپ باشلىقى گومىنداڭنىڭ پېشۋاسى جاڭ جى، مۇدىرى گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى لۇداڭپىڭ ئىدى، مەكتەپ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ئىلمىي مۇدىر ليۇيەن بولۇپ، ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە ئىگە دىپلوماتىيە تارىخ ئىلمىي مۇتەخەسسىسى ئىدى. باش خوجىدار سۇڭ لەنجى س س چىلەرنىڭ ئەسكىلىكتە ئۇچىغا چىققان ئىشپىيونى ئىدى. ليۇيەننىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش ئىستىلى قارقويۇقلا ھەممىنى سىغدۇرۇش بولغانلىقتىن، ئۇ تەكلىپ قىلغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدا ھەرخىل ئوخشاش بولمىغان سىياسىي ۋە ئىلمىي قاراشلاردىكى ئادەملەر، گومىنداڭ ئەزالىرى، تروتسكىيچىلار، پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ھەم ئاز ساندا كوممۇنىستلارمۇ بار ئىدى. شۇ چاغدا ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئۈچلا كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ، ئۇلار دادام، تەن پېيمۇ ۋە جاڭ تيەنيىڭلار ئىدى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىمۇ كومپارتىيە ئەزالىرى كۆپ ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇلار ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا تۇرغان ئەھۋالدىمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يولىدا بىر مۇنچە پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان.

دادام مىنگو داشۆسىنىڭ ئىقتىساد فاكۇلتېتىدا دەرس بېرىپ، جۇڭگو ئىقتىساد تارىخى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىنى

ئۆتكەن. ئۇ ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىدىن دەرس ئۆتكەندە، «ئادەمسىمان مايمۇندىن باشلاپ ئادەمگىچە» سۆزلىگەن؛ ئىقتىساد تارىخىدىن دەرس ئۆتكەندە، ئىقتىسادنى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي قىلغان ھەمدە شۇ چاغدىكى جۇڭگو ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ خاراكتېرىنى كونكرېت تەھلىل قىلغان شۇنداقلا جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەسلىدە بۇنداق سۆزلەش ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى، لېكىن بۇ بەزى ئەكسىيەتچىلەر ۋە تروتسكىيچىلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، ئۇلار دەرس ئۆتكەندە ھەمىشە دارىتمىلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دادامغا قارشى تۇرغان ۋە ھۇجۇم قىلغان. دادامۇ ئەلۋەتتە قىلچە تەكەللۇپ قىلماي، ماركسىزمغا قارشى بارلىق سۆزلەرگە قەتئىي زەربە بەرگەن. نەتىجىدە دەرسخانا بەزىدە تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر بىلەن ئەكسىيەتچىل كۈچلەر ئاشكارا جەڭ قىلىدىغان مۇنبەرگە ئايلىنىپ قالغان.

دادام دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە تۇرغاچقا، دېھقانلار بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك مېھرى - مۇھەببەت باغلىغانىدى. ئوقۇغۇچىلار ئايرىم مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن ئۆيىگە كەلسە، بەزىدە يېرىم كېچىگىچە سۆزلىيەتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم سىڭدۈرۈپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھايات قارىشىنى توغرىلاپ، سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈۋېلىشىغا ياردەم بېرەتتى. داتەندىكى مەزگىلدە، ئۇ شۇپۇ ناھىيىسىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر تەشكىللىگەن دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇپ ئارقا سەپتە ياردەم بېرىش يىغىنلىرىغا نەچچە قېتىم قاتناشقان ھەمدە يىغىندا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن نۇتۇق سۆزلىگەن، ئۇ سۆزلىگەندە، يىغىن مەيدانىغا سىغماي قالغان ئادەملەر كارىدورغا تۇشۇپ دېرىزىلەرگىمۇ چىقىۋېلىشقان. دادامنىڭ نۇتقىدا دوگمىلىق، چۈشەنگىلى بولمايدىغان سۆز



ئىبارىلەر يوق بولۇپ، نۇرغۇن ياشلارنىڭ دېمەكچى بولۇپ ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتقان گەپلىرىنى يۈرەكلىك قىلاتتى. ھەمىشە ياشلارنى ئالىيجاناب غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا سەممىيلىك بىلەن ئىلھاملاندۇراتتى. يىغىن تارقاپ ئۆيگە قايتىش يولىدا، دائىم بىر پاتمان ئوقۇغۇچىلار ئەگىشىۋېلىپ، ھەرخىل مەسىلىلەر توغرىسىدا گەپ ئاچاتتى، ئۇلار ئىچىگە بەزىدە «كەسپىي ئوقۇغۇچىلار» (ئىشپىيون ئوقۇغۇچىلار) ئارىلىشىۋېلىپ خەۋەر تىڭ - تىڭلايتتى، دادام بەزىدە ئۇلارنى گەپ بىلەن چوقۇپ، ئۇلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىپ، دۆلەت ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

دادام مىنگو داشۆسىدە پروفېسسور بولسىمۇ، كىرىمى ئانچەكۆپ ئەمەس ئىدى، ئۇچاغدا مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى كىشىنى چۆچۈتەتتى، شۇڭا ئائىلىق كىرىم بىلەن پەقەت ناھايىتى تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيىسىنى قامدىغىلى بولاتتى، ئۇ لازىغا ئامراقئىدى، خۇنەننىڭ يېزىلىرىدا ئىشلىتىدىغان قۇم قازانىدا تاماق ئېتىپ يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى، بىراق ئۇنىڭ قازىنىدا ھېلىق، گۆش ئەمەس، دائىم بەسەي ۋە تۇرۇپ پىشۇرۇلاتتى. شۇنداق ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ پۇل ئىقتىساد قىلىپ، قولدىن كەتكەن رايونلاردىن كەلگەن تەرەققىيپەرۋەر ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قولىنى سونۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرەتتى. ئۇ ياشلارنى قىزغىن سۆيەتتى، ياشلارمۇ ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنى ئۆزلىرىگە سىرداش ۋە ئادەم بولۇشقا ئۈلگە بولىدىغان ياخشى ئوقۇتقۇچى دەپ بىلەتتى.

دادام دەرس سۆزلەشتە ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەرنى ئاشكارا تەشۋىق قىلاتتى، ئەمما بۇنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ياقتۇرمايتتى. ئۇلار مەكتەپ دائىرىلىرىنى دادامدىن كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇغان، دادام مەكتەپنىڭ تەلىپىنى قىلچە تەكەللۇپ قىلماي رەت قىلغان. بۇنداق

سۆھبەتنىڭ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدا قانچە قېتىم بولغانلىقى نامەلۇم بولسىمۇ، لېكىن ھەرقېتىمقىسى كۆڭۈلسىزلىك بىلەن تارقىغان. ئاخىرى گومىنداڭ شۇپۇ ناھىيىلىك ئورگىنىنىڭ باش سېكرېتارى ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆيگە بىرىپ «يوقلاش» ئويۇنى ئويناپ سۆھبەتنىڭ بېشىدا ئالداپ نەسھەت بەرگەن بولسا، ئارقىدىنلا ھەيۋە ئىشلەتكەن ۋە تەھدىت سالغان، ئاخىرى گەپنى ئۇزۇپلا: «سەن نېمە ئۈچۈن ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىسەن؟ سەن كوممۇنىستمۇ ئەمەسمۇ؟ بەزىلەر سېنى كوممۇنىست دەۋاتىدۇ» دېگەن. بۇ، يەنىلا ئىلگىركى گارنىزون سىلىڭنىڭ گېپى بىلەن بىر مۇقامدىكى سۆزلەر ئىدى. دادام بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى غەزەپلەنگەن بولسىمۇ ئەمما ئېغىر بېسىقلىق بىلەن: «بۇ يەر داشۆ، دەرس سۆزلەيدىغان يەر، ھەر خىل ئىلىمنى سۆزلەشكە بولىدۇ، مېنىڭ سۆزلىگىنىم ماركسىزم، بۇنى ھەممەيلەن بىلىدۇ، مەن بۇ قاراشتا چىڭ تۇرغىلى 20 يىل بولاي دېدى، مەن يازغان ماقالە ۋە كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ قاراش بار. ماركسىزم بىر ئىلىم، ماركسىزمنى سۆزلىگەنلىك بىلەنلا خائىن، كوممۇنىست دېمەسلىك كېرەك. كىم كوممۇنىست دېگەندە، مېنىڭچە ماۋزېدۇڭ، جۇدېلار كوممۇنىست، مەن تېخى كوممۇنىست بولۇشقا لايىق ئەمەس» دېگەن. ھېلىقى باش سېكرېتارىيا يىغلاشنى، ياكۇلۇشنى بىلەلمەي قېلىپ، ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ خوش ئېيتىپ كەتكەن. بىراق شۇنىڭدىن كېيىن، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سىياسىي بېسىمى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ، مۇھىت ئۈزلۈكسىز يامانلاشقانلىقتىن تەشكىل يېڭى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، دادامنى خۇنەن شۇپۇدىن چۇڭچىڭغا يۆتكىدى.

دادام كېتىپ بىر يىل بولماي، مەملىكەت بويىچە بىرىنچى قېتىملىق كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش دولقۇنى كۆتۈرۈل-



-ىدى، خۇنەننى ئاق تېررورلۇق قاپلىدى، سىڭلىم ئىككىمىز ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئىدىيىۋى جىنايەت» بىلەن مەكتەپتىن قوغلاندۇق. دادام چۇڭچىڭدا تۇرۇپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەكمۇ ئەندىشە قىلىپ كەتمەپتۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ ئاللىبۇرۇنلا شۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە كۆزى يەتكەن ئىكەن.

## چۇڭچىڭ شىماچاڭدا

1940 - يىلى دادام خۇنەندىن چۇڭچىڭغا كەلگەندىن كېيىن، چۇڭچىڭغا 150 چاقىرىم كېلىدىغان باشەن ناھىيىسىدىكى شىماچاڭ دېگەن يەردە بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە تۇرغان. بۇ ھويلا ليۇ فامىلىلىكلەرنىڭ ھويلىسى دەپ ئاتىلاتتى، ئۇنى دەسلەپتە جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتى مەسئۇل بولۇپ ئىجارىگە ئالغان. دادام چوڭ - كىچىك بولۇپ ئۈچ ئېغىز ئۆيدە ئولتۇرغان، يەنەبىر ئېغىزى ئاشخانا ئۆي بولۇپ، ياغاچ ئۆي ئىدى، ئۆي ئىچىدە بىر ياغاچ كارىۋات، بىر ئۈستەل، ئىككى ئورۇندۇق، كىتاب ۋە ماتېرىياللارنى دۆۋىلەپ قويىدىغان بىر ئۇزۇنچاق ئۈستەلدىن باشقا ھېچنىمە يوق ئىدى. ئۇ ھويلىدا يەنە جىن بوچى ئىسىملىك بىر ئەر بولۇپ، ئۇلار ئىككىسى ھەركۈنى دېگۈدەك كەچلىك تاماقتىن كېيىن باش قوشۇپ، ئالدى ھويلىدا سەيلە قىلغاچ پاراڭلىشىپ، كۆپچىلىك كۆڭۈل بۆلىۋاتقان سىياسىي ۋەزىيەت ئۈستىدە توختىلاتتى، بۇ ئۆينىڭ ئالدىدا نەچچە ئادەمنىڭ غولچى ئاران يېتىدىغان بىر تۈپ مېۋە دەرىخى بار ئىدى. كەينىدە بامبۇكزارلىق بولۇپ، بامبۇكزارلىقتا ھەر خىل ئۇچار قاناتلار توپ - توپ بولۇپ ئۇچۇشاتتى. ئۆينىڭ ئۇدۇلىدا چۇڭچىڭدىن يىبىنغا بارىدىغان تاشيول، ئارىلىقى ئېتىزلىقتى. تاشيولنىڭ

ىرىقى قېتى شىماچاڭنىڭ كوچىسى بولۇپ، بىر بىنكەت ۋە
ھەرخىل دۇكان يايىمچىلار بارئىدى، بىراق ماگىزىنلاردا
نەرسە كېرەك ناھايىتى ئازئىدى، ھېلىمۇ ياخشى ئۇ چاغدا
ھەممەيلەن نامرات بولغاچقا، يەيدىغان نەرسىدىن باشقا ھېچ
نەرسىگە قۇربىتى يەتمەيتتى، لىۇفامىلىكلەرنىڭ ھويلىسىنىڭ كەي-
نىدىكى ئۈچ چاقىرىمچە كېلىدىغان يەردە بەيخېلىن دەيدىغان
بىركىچىك بىنا بار بولۇپ، خۇۋەيلۇ ئەپەندى بىلەن ۋاڭ
كۇيلۇن ئەر - خوتۇن شۇ يەردە تۇراتتى، شۇ چاغدىكى
ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تەنجىيىنىڭ ئائىلە
تەۋەلىرىمۇ شۇيەردە تۇراتتى. بەيخېلىندىن ئىككى چاقىرىمچە
ئالدىغا ماڭغاندا، چۇڭچىڭنىڭ گاۋتەنيەن دېگەن داڭلىق
شارقىراتمىسى بار، ئۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل،
لېكىن ئۇچاغدا ساياھەتچىلەر ناھايىتى ئازئىدى. ئەمما، مەن
ھەر قېتىم ئۈيگە قايتىپ كەلگەندە، دادام بىلەن ئاپام دائىم
خىزمىتىنى توختىتىپ بىللە بۇ يەرگە كېلەتتى، ئۆتەر يولدا
بەيخېلىنغا كىرىپ پاراڭلىشىپ قايتاتتى.

دادام شىماچاڭدا ئالتە يىلدىن ئارتۇق تۇردى، ئۇ يەردە
توك يوق ئىدى. شۇڭا، يىللاپ - ئايلاپ پەنەركە يورۇقىدا
ئىشلەيتتى، بەزىدە كىرسىن تېپىلمىسا، قىچا يېغى ئىشلىتىدى-
غان قەدىمكى جىن چىراغ ئىشلىتىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ خىل
جىن چىراغ ئانچە يورۇق بولمىغاچقا، دادامنىڭ كۆزى ناھاي-
تى زور دەرىجىدە زەئىپلەنگەن. شۇنداق شارائىتتىمۇ، ئۇ
موي قەلەم بىلەن ئىنتايىن ناچار قەغەزدە 70 پارچە ماقالە
يازغان ھەمدە «جۇڭگو تارىخى پروگراممىسى»نىڭ بىرىنچى تومىنى
(290 مىڭ خەتلىك) نەشر قىلدۇرغان؛ يەنە 470 مىڭ خەتلىك
«جۇڭگو تارىخى پروگراممىسى» نىڭ ئىككىنچى تومىنى پۈتتۈرگەن.
دادامنىڭ چۇڭچىڭدا يازغان 70 پارچە ماقالىسى ئاساسلىقى چۇڭچىڭدا
نەشر قىلىنىدىغان «شىنخۇا گېزىتى»، «ئانامە» ژۇرنىلىدا ئېلان



قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسمى ئىقتىم مەسىلىلىرى توغرىسى-
دا، بىر قىسمى تارىخ توغرىسىدا يېزىلغان. دادام مەيلى قاند-
داق ماقالە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىدە ياپون باس-
قۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشنى، مۇرەسسەچىلىك، تەسلىم-
چىلىككە قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلىش كېرەك، بۇ پۈتۈن
مەملىكەت خەلقىنىڭ ئارزۇسى، تارىخ توغرىسىدىكى ماقالىلەردە
بولسىمۇ تارىخىي ۋەقە،پاكىتلار ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ ئەكسى-
يەتچىل سۈيىقەستىنى پاش قىلىش كېرەك، دەيتتى. ئۇ ۋەتەنپەر-
ۋەر ياشلارنىڭ ئىلغار پائالىيەتلىرىنى قوللايدىغان ماقالىلەرنى،
دېھقانلار قوزغىلىڭىنى، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ تەرجىمالى
توغرىسىدىكى ماقالىلەرنى يازغانتى. يەنە قاچقۇنلارنى تەنقىد
قىلىپمۇ ماقالە يازغان، بۇ ماقالىلەردە تارىخىي بايان
ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چىرىكلىكىنى ۋە
مۇرەسسەچىلىكىنى شەپقەتسىز پاش قىلغان ۋە تەنقىد قىلغان،
گومىنداڭنىڭ «شاپتۇل چېچەكلىك يەلپۈگۈچ» ئويۇنىدىن —
جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىغا نەزەر» دېگەن ماقالىسىدە، چۇڭچىڭ
ھۆكۈمىتى ئالدىنقى سەپتىكىلەر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن
كېيىن غەربكە كۆچمەكچى بولغانلىقىنى مازاق قىلىپ: «قاراڭ-
غۇلار، قىزىل بىنا سېلىندى قاراڭغۇلار، زىياپەت بېرىلدى؛ قاراڭغۇلار
بىنا گۇمران بولدى، قاراڭغۇلار باشقا سىياسىي قاراشتىكىلەر
قاماققا تاشلاندى، قاراڭغۇلار، ئىچكى نىزا يۈز بەردى، قاراڭغۇلار،
قېچىپ كەتتى» دەپ يازغان. بىراق بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغاندا،
باشقا نۇرغۇن ماقالىلەرگە ئوخشاش، گومىنداڭ تەكشۈرۈش
ئورگانلىرى تەرىپىدىن پىششاقلىقتا ئۇچرىغان، بەزىدە نەشرى-
يات ئورۇنلىرى «بوش ئورۇن قالدۇرۇش» ئۇسۇلى ئارقىلىق
ئېلان قىلىپ، كىتابخانلارغا قەيەردىن، قانچىلىك خەت قىس-
قارتىلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويغان. كېيىن دادام بۇ ماقالىلەرنى
«تارىخىي بايانلار توپلىمى» غا كىرگۈزگەندە، كىرىش سۆز

قىسمىدا ئاتىلاج مۇنداق ئەسكەرتىش بېرىلگەن: بۇ كىتاب بەك ئۇزاق تۇرۇپ قالغاچقا، «قۇرت - - چاشقانلارغا يەم بولۇپ كەتكەنلىكتىن تولۇق بولمىغان، باش - ئايىغى ئۇلاشمىغان جايلىرى بولۇشى تەبىئىي ... كىتابخانلارنىڭ ئۆزلىرى پىكىر يۈرگۈزۈپ ھەزىم قىلىشىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز».

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، 1946 - يىلى ئەتىيازلاردا، دادام شىماچاڭدىن ئايرىلىپ، چۇڭچىڭنىڭ جالىڭ يېڭى كەنتى جايلاشقان تاغدىكى بەنشەن يېڭى كەنتى تۆتىنچى نومۇرلۇق قوروغا كۆچۈپ بارغان. بەنشەن يېڭى كەنتىدە تۆتلا ئائىلە بار ئىدى.

بىرىنچى نومۇرلۇقتا گومىنداڭنىڭ بىر ئوفىتسېرى، ئىككىنچى نومۇرلۇقتىن تۆتىنچى نومۇرلۇققىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا دىڭ چۈمىن، جاڭ بوجۈك ۋە دادام لار تۇراتتى. ئەينى ۋاقىتتا، دىڭ چۈمىن دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتچى ئەربابى، جاڭ بوجۈك ئىشچى — دېھقانلار دېموكراتىك پارتىيىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى بولۇپ، ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. دادام ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرماي چۇڭچىڭدىكى سەككىزىنچى ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنىنى كۆچۈرىدىغان ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ شاڭخەيگە كەتكەنىدى.

يېقىندا، بەزىلەر چۇڭچىڭغا بارغاندا ئۆتمۈشنى ئەسلەپ شىماچاڭغا بېرىپ، دادام ئەينى ۋاقىتتا ياشىغان جاينى خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە ئالماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى ئۇ ئۆيلەر قالمىغان، بىر نەچچە ئادەمنىڭ غۇلىچى ئاران يېتىدىغان ھېلىقى مېۋە دەرىخى تېخىچىلا بولۇپ، يەنە شۇ جايدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بەنشەن يېڭى كەنتىدىكى ئۆيلەرمۇ قالماپتۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە دېموكراتىك زاتلار دائىم شۇ يەردە يىغىلىش قىلىپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە تالاش -



تارتىش قىلىشاتتى، ئەپسۇسكى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئىزناسىمۇ قالماپتۇ.

## چۇڭچىڭدىكى كۈنلەر

دادام دەسلەپتە چۇڭچىڭغا كەلگەندە، سىرتقا نىسبەتەن قانۇنلۇق سالاھىيىتى «جۇڭگو سوۋېت مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ كاندىدات مەسئۇل مۇھەررىرى ئىدى. پارتىيە ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ۋەزىپە يولداش جۇئېنلەينىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بىرلىكسەپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھەمدە دېموكراتىك زاتلار ۋە گومىنداڭنىڭ فېڭ يۈشاڭ، تەن چېنلارغا ئوخشاش بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا قارىتا بىرلىكسەپ خىزمىتى ئىشلەشتىن ئىبارەت ئىدى. «جۇڭگو سوۋېت مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئىككى كاندىدات مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ، يەنە بىرى فۇۋەيلۇ ئەپەندى ئىدى. ئۇلار ژۇرنالنى تەھرىرلەش ۋە نەشىر قىلىش خىزمىتىگە بىرلىكتە مەسئۇل ئىدى. باش جەمئىيەتنىڭ ئورنى بىر قەدەر ئازادە بولۇپ، ئۇنىڭدا خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشخانىسى، قىرائەتخانىسى، كۆرگەزمىخانىسى، بويتاقلار ياتىقى بار ئىدى، كېيىن يەنە مەدەنىيەت ئىگىلىرى سالۇنى (چايخانىسى) دىن بىرى قۇرۇلۇپ، خىزمەتلەر ناھايىتى جانلىق قانات يايدۇرۇلغان. دادام بۇ خىزمەتكە ئانچە كۆپ ۋاقىتنى سەرپ قىلماي، مۇتلەق كۆپ ۋاقىتتا ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە بىرلىكسەپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر ئاز ۋاقىت چىقىرىپ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، جۇڭگونىڭ يېڭى ئومۇمىي تارىخى بولغان «جۇڭگو تارىخى پروگراممىسى» نى يېزىشقا كىرىشكەن.

دادام چۇڭچىڭغا كەلگەندە، تەن جىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چېكىنىشىگە ئەگىشىپ چۇڭچىڭغا ئاۋۋال كەلگەن. دادام

چۇڭچىڭغا كەلگەندىن كېيىن، دائىم ئۇنى يوقلاپ بىرىپ تۇرغان، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. بىللە بولسىلا ۋەزىيەتكە بولغان قارىشىنى ئالماشتۇرۇشاتتى. تەنجىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىغا قارشى تۇراتتى، بەزىدە ئۆيىدە گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ بىشەملىك قىلغانلىقىنى تازا تىللايتتى، دادام بەزىدە ئۇنىڭدىن پېشكەللىككە ئۇچرىغان يولداشلارنى قۇتقۇزۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ ھەرگىز ياق دېمىگەندى. مەسىلەن، 1941 - يىلى، دەي ياۋتيەن ئىسىملىك بىر يولداش خۇنەننىڭ تاۋيۇەن ناھىيىسىدە قولغا ئېلىنىپ، دەھشەتلىك قىيىن قىستاق قىلىنىپ ھەمدە توك بىلەن جازالىنىپ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان، شۇ چاغدىكى يەر ئاستى پارتىيە تەشكىلى دەي ياۋتيەننىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە دادامغا ئۇنى ئامال قىلىپ قۇتقۇزۇۋېلىش توغرىسىدا خەت يېزىشنى تاپشۇرغان. دادام دەرھال بۇ ئىشنى تەن جىنغا ئۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭغا دەي ياۋتيەننىڭ كوممۇنىست ئەمەسلىكىنى، پەقەت بەزى ئارتۇقچە سۆزلەپ قويغانلىقىنىلا ئېيتىپ، ئۇنىڭ قۇتقۇزۇپ قويۇشنى ئۆتۈنگەندە، تەن جىن قىلچە ئىككىلەنمەي گومىنداڭنىڭ تاۋيۇەن ناھىيىلىك ئورگىنىغا خەت يازغان، نەتىجىدە دەي ياۋتيەن ناھايىتى تېزلا قويۇپ بېرىلگەن.

دادام ئەينى چاغدا يەنە فىڭ يۇشاڭ ئەپەندىگە تارىخ سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا بىرلىكسەپ خىزمىتى ئىشلىگەن، فىڭ يۇشاڭ ئەپەندى شۇ چاغدا گومىنداڭ ئىچكى قىسمىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەر تەرەپدارى بولۇپ، تەسلىمچىلىككە قارشى تۇراتتى، دادام ئۇنىڭغا جۇڭگو تارىخىنى سۆزلەپ، ھەر خىل تارىخىي ۋەقە - ئىسپاتلار ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنىڭ بىر ئەزاسى بولۇشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان، دادام ئۇنىڭ بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرغان بىر يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە، فىڭ يۇشاڭ ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا پايدىلىق بولغان، ئۇ چاغدا فىڭ يۇشاڭ ئەپەندىنىڭ غەربىي شىمال ئارمىيىسىدە ئىلگىرى قول ئاستىدا ئىشلىگەن نۇرغۇن كىشىلەر چۇڭچىڭدا بىكار قالغان، جاڭ جېيشى ئۇلارنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرمىغان، كېيىن ئاندىن شۆدىكېينىنى مەملىكەتلىك سۇ ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، لۇ جۇڭلىننى ھەربىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. فىڭ يۇشاڭ بىلەن لۇ جۇڭلىن بىر قەدەر تەرەققىيپەرۋەر زاتلاردىن بولۇپ، ئۇلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى قۇۋۋەتلەيتتى، ئۇلار دائىم دېموكراتىك زاتلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىشاتتى، ئىلغارراق بەزى گەپلەرنىمۇ قوبۇل قىلالايتتى. كېيىن بىلىشىمىزچە فىڭ يۇشاڭ ئەپەندىنىڭ كاتىپى ۋاڭ جۇۋرۇ بىلەن لۇ جۇڭلىننىڭ كاتىپى لىياڭ ئەيرەنلەر كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ يەر ئاستى خىزمەتچىلىرى ئىكەن. دادام يېزىدىن شەھەرگە كەلگەندە، كۆپ ۋاقىتلاردا لۇ جۇڭلىننىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بىر - قەدەر قويۇقتى. لۇ جۇڭلىننىڭ ئۆيى چۇڭچىڭدىكى شاگجىڭ مەسچىتىنىڭ يېنىدىراق ئىدى. كېيىن فىڭ يۇشاڭ ئەپەندىمۇ شۇ يەرگە يېقىن جايغا كۆچۈپ بارغان. دادام بىلەن فىڭ يۇشاڭ ئەپەندى ئىنچىكە قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنتى، ھەتتا فىڭ يۇشاڭ ئەپەندى ئامېرىكىغا كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ چۇڭچىڭدىكى بۇ تارىخ ئوقۇتقۇچىسىنى ئۇنتۇپ قالماي، خەت ئاللاقە قىلىشىپ تۇردى.

دادام چۇڭچىڭغا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، جاڭ جىجۇڭ ئۇنى گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ پەخرىي ئەزاسى بولۇشقا تەكلىپ قىلغان، لېكىن ئاق تېررورلۇقنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنى «جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ كاندىدات مەسئۇل مۇھەررىرلىك ۋەزى-

پىسى بىلەن بىللە ئېلىپ تاشلىدى. بەزى داشۆلەر دادامنى دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلماقچى بولسىمۇ، لېكىن مائارىپ مىنىستىرلىكى تەستىقلىمىدى، قىسقىسى، دادامنى بارلىق قانۇنلۇق سالاھىيەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېسىم ئىشلىتىپ، مۇقىم كىرىمنى يوق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چۇڭچىڭلىك ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش ئورگىنى دادامنىڭ ماقالىلىرىدىن قەستەن قۇسۇر چىقىرىپ، بەزىدە بىر ماقالىنىڭ بىر نەچچە ئابزاسىنى چىقىرىۋېتىپ، ئېلان قىلغىلى بولمايدىغان قىلىپ بەردى. بەزى ماقالىلەرنى ئېلان قىلىشقا زادى رۇخسەت قىلمىدى، بىراق ھەر - خىل بېسىملارمۇ دادامنى تىز پۈكتۈرەلمىدى. دەرس ئۆتۈشكە ۋە ماقالىسىنى ئېلان قىلىشقا يول قويمىسا ھەر يانغا بېرىپ نۇتۇق سۆزلىگەن، چۈنكى نۇتۇق سۆزلەشمۇ بىر خىل كۈرەش. ئۇ گومورو رەھبەرلىكىدىكى مەدەنىيەت خىزمىتى كومىتېتى، سەككىزىنچى ئارمىيىنىڭ چۇڭچىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى، فۇدەن داشۆسى، چاۋياڭ داشۆسى قاتارلىق ئورۇنلارغا بېرىپ نۇتۇق سۆزلىگەن، يەنە قەرەللىك ھالدا تاۋشىڭچى ئەپەندى ئاچقان ئىختىساسلىقلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپىگە بېرىپ نۇتۇق سۆزلىگەن.

ئۇ ھەر قېتىم نۇتۇق سۆزلىگەندە ياخشى باھا، گۈلدۈراس ئالقىشقا ئېرىشكەن. گومورو شۇ چاغدا لەيجا چاۋدا ئولتۇراتتى، ئۇ يەرنىڭ شېماچاڭ بىلەن بولغان ئارىلىقى 60 - 70 چاقىرىم كېلەتتى. بۇ ئىككى پېشقەدەم مەدەنىيەت جەڭچىسى ئەينى ۋاقىتتا خېلى كۆپ خەت - ئالاقە قىلىشاتتى، ھازىر بېيجىڭ داشۆسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا گومورو ئاقساقالنىڭ چۇڭچىڭدىكى چاغدا دادامغا ئۆز قولى بىلەن يازغان نەچچە ئون پارچە خېتى ساقلانماقتا، ئۇلار ئىچىدە دادامنى نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىپ، ماتېرىيال ئارىيەت بېرىشنى سوراپ، ئەسىرىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەپ شەھەرگە (چۇڭچىڭغا) كىرىپ



ئويۇن كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىپ يازغان خەتلەر بار.

دادام چۇڭچىڭدا پارتىيە - گۇرۇھسىز زات سالاھىيىتى بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، دېموكراتىك زاتلار بىلەن نۇرغۇن يىل بىللە كۈرەش قىلغان، 1946 - يىلى 1 - ئايدا ئۇ دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن، دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ۋەكىللىرى ئۆمىكىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا چۇڭچىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىغمۇ - تىغ كۈرەش قىلغان. يېڭى سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكلىپنامىسىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، كېيىن دادام دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپنامىسىگە ئۇنىڭ كونا سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكلىپنامىسى ئىكەنلىكىنى ئۆز قولى بىلەن ئىزاھلاپ قويغان.

دادام چۇڭچىڭدا تۇرغاندا، ئۇنىڭ تاۋشىڭجى دېگەن يېقىن بىر دوستى بار ئىدى. تاۋشىڭجى ئەپەندى چۇڭچىڭغا يېقىن جايدىكى بېبېي دېگەن يەردە بىر ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى ئاچقانىدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپى يېتىم باللار ئىدى. ئەينى چاغدا خەقلەر دادامدىن نېمە ئۈچۈن قىممەتلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، باللارغا دەرس سۆزلەيدىغانلىقىنى سورىغاندا، دادام: «گومىنداڭ ياشلارغا دەرس سۆزلىشىمگە رۇخسەت قىلمىسا گۆدەك باللارغا دەرس سۆزلەيمەن، مەن ماركسىزمنى تەشۋىق قىلغۇچى، مېنىڭ دەرس سۆزلىشىمگە يول قويۇلماسلىق ئاقمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن، شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپىدە قەرەللىك ھالدا باللارغا خالىسانە دەرس ئۆتكەن.

1945 - يىلى رەئىس ماۋزېدۇڭ چۇڭچىڭغا كېلىپ جياڭ جېيشى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقان مەزگىلدە، دادام، گومورو، ليۇياۋزىلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشكەن. ماۋجۇشى چۇڭچىڭدىكى چاغدا، دادام گومىنداڭ ئەدلىيە

مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تەن جىننى ماۋجۇشىنى تاماقتا تەكلىپ قىلىشقا دەۋەت قىلىپ، جەمئىيەتتە مۇئەييەن تەسىر پەيدا قىلغانىدى. ئىسىمدە قېلىشىچە، ماۋجۇشى چۇڭچىڭدىكى كۈنلەردە، دادام ئىزچىل ئۇدا چۇڭچىڭدا تۇردى، بەزىدە چۈشلۈكى ياتىقىمغا كېلىپ بىر ئاز ئارام ئېلىۋالاتتى، ئۇ كارىۋاتقا چىقىپلا خورۇلداپ ئۇخلاپ كېتەتتى، ئەھۋالدىن قارىغاندا بەكلا چارچاپ كېتىدىكەن. شۇ چاغدا دادام ئەمدىلا 50 تىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى چېكىسى ئاقىرىپ بولغانىدى. بىر كۈنى چۈشتە دادام ئۇخلاۋاتقاندا، ئايىغىنىڭ سۆكۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قېلىپ سىرتقا ئېلىپ چىقىپ ياماتتىپ قويدۇم، كېيىن بۇ ئىشنى دەپ بەرسەم، ئۇ پىخىلداپ كۈلۈپ، «يېقىندىن بۇيان خىزمىتىم بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ياماتتىشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدىم» دېگەنىدى.

1946 - يىلى 2 - ئايدا، دادام چۇڭچىڭنىڭ شاۋچاڭكۇدا دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھتىكى زاتلار ئاشقان سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشقان، يىغىندا گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلىرى چوماقچىلىق قىلىپ، رەئىس سەھنىسىگە ھۇجۇم قىلغان بىر زوراۋان دادامنى تېپىپ پۇتىنى يارىلاندۇرغان، ئىسمى نامەلۇم ئىككى ياش دادامنى قوغداپ يىغىن مەيدانىدىن چىقىرىپ قويغان.

## «جۇڭگو تارىخىي پروگراممىسى» نىڭ نەشر قىلىنىشى

«جۇڭگو تارىخىي پروگراممىسى» نى يېزىش دادامنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇسى ئىدى، ئۇ بۇمۇ بىر سىياسىي ۋەزىپە، جۇملىدىن ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىش ۋەزىپىسى دېگەنىدى. «جۇڭگو تارىخىي پروگراممىسى» نىڭ 1 -، 2 - تومىلىرى چۇڭ-



چىڭغا يېقىن باشەن ناھىيىسىنىڭ شىماچاڭ دېگەن يېرىدە يېزىلغان. بۇ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايوندا ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە مېتود ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، جۇڭگونىڭ قەدىمكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان تارىخىي كىتاب، «جۇڭگو تارىخىي پروگراممىسى» نىڭ بىرىنچى تومىدا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگىچە بولغان جەريان يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 290 مىڭ خەتلىك. ئىككىنچى تومىدا چىن، خەن سۇلالىلىرى تارىخىي يېزىلغان، جەمئىي 470 مىڭ خەتلىك. بۇ كىتابنىڭ 1 - تومى 1943 - يىلى 10 - ئايدا «چۇڭچىڭ 50 - يىللار نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدى. ئەسلىدە ئىككىنچى تومىمۇ ئارقىدىنلا نەشر قىلىنىش كېرەك ئىدى. لېكىن بىرىنچى تومى نەشر قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، چەكلىنىدىغان كىتابلار قاتارىدا سېتىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىككىنچى تومىنى نەشر قىلىش مۇمكىن بولمىدى. ئېسىمدە تۇرۇپتىكى: «جۇڭگو تارىخىي پروگراممىسى» نىڭ بىرىنچى تومى چەكلەنگەندىن كېيىن مەن كىتابخانىدىن ئۇ كىتابتىن بەشنى دادامغا ئالغاچ كەلدىم. ئۇ ئىنتايىن غەزەپلىنىپ ئۆي ئىچىدە ئۇيان - بۇيان ماڭدى، لېكىن ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ چۇڭچىڭدا ماركسىزمنى تەشۋىق قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقى ئۆزىنىڭ پەرىزىدىكى ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي كىتابخانا دادامغا نۇرغۇن كىتابخانلار ئەۋەتكەن: «ئىككىنچى تومى يېزىلامدۇ، يوق؟ نەشر قىلىنامدۇ يوق؟» دېگەن مەزمۇنلاردا ۋە 1 - تومىدىكى نۇقتىئىنەزەر بويىچە داۋاملىق يېزىشنى ئۈمىد قىلىش مەزمۇنىدا، يەنە بەزىلەرنىڭ «جۇڭگو تارىخىي پروگراممىسى» نىڭ كېيىنكى قىسمىنىڭ نەشر قىلىنماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىش مەزمۇنلىرىدا يازغان خەتلىرىنى ئەۋەتىپ بەردى. ياشلار دادامغا خەت يېزىپ بۇ كىتابنى داۋاملىق يېزىشقا ئىلھام بېرىپ، كۆپ-

چىلىكىنىڭ مۇشۇنداق كىتابقا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلـ
غان. بىراق ئاق تېررورلۇق كۈندىن - كۈنگە ئەۋجى ئېلىۋاتـ
قان چوڭچىڭدا «جۇڭگو تارىخي پىراگراممىسى» نىڭ 2 - تو
منى نەشر قىلدۇرۇشتىن ئېغىز ئېچىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
دادام كىتابخانىلارنىڭ خېتىگە ئاشكارە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن،
1944 - يىلى 7 - ئايدا ئاتايىن «جۇڭگو تارىخي پروگراممـ
سى» 2 - تومىنىڭ كىرىش سۆزىنى يېزىپ، ئاۋۋال گېزىت -
ژورنالـلاردا ئېلان قىلىشنى پىلانلىغان. ئۇ كىرىش سۆزىنىڭ
ئاخىرىدا مۇنداق دەپ يازغان: «بىر يىلدىن بۇيان 400 نەچـ
چە يىللىق تارىخي مۇساپە ئارقىلىق، ئاخىرقى ھېسابتا چىن
خەن سۇلالىسىنىڭ تارىخىنى پۈتتۈردۈم، لېكىن مېنىڭ مۇساپەم
يەنىلا ناھايىتى يىراق. بەزى كىتابخانىلار بۇ كىتابنىڭ پۈـ
تۈنلەي يېزىلىپ بولۇشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ، مەنمۇ شۇنـ
داق ھېسسىياتتا، لېكىن مەن كىتابخانىلارغا شۇنى ئۇقتۇرۇپ
قويماقچىمەنكى، دەۋرنىڭ قانچىلىك مۇشەققەت بولۇشىدىن قەتـ
ئىينەزەر، مەن ھامان ئۆزۈمنىڭ يولىدا ماڭىمەن». لېكىن ئۆزـ
نىڭ مەيدانىنىلا بىلدۈرىدىغان مۇشۇنداق كىرىش سۆزمۇ گومىنـ
داڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ تەكشۈرۈش ئورگىنىنىڭ توسقۇنلۇقىغا
ئۇچراپ، ئېلان قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى.
1946 - يىلى 3 - ئايدا ئاندىن پارتىيىمىزنىڭ چوڭچىڭدا
نەشر قىلىنغان «ئامما» ھەپتىلىك ژورنىلىنىڭ 11 - جىلد
3 -، 4 - قوشما سانىدا ئېلان قىلىندى. 1946 - يىلى 7 - ئايـ
دا شاڭخەيدە چىقىدىغان «ۋېنخۇي گېزىتى» دە «چىن - خەن
سۇلالىسى تارىخي توغرىسىدىكى يېڭى مۇھاكىمە» دېگەن
سەرلەۋھىدە قايتا ئېلان قىلىندى. «جۇڭگو تارىخي پروگراممىسى»
نىڭ 2 - تومى قايتا - قايتا كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرى
1947 - يىلى 3 - ئايدا شاڭخەي دافۇ نەشرىيات شىركىتى
تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.



«جۇڭگو تارىخي پروگراممىسى» جۇڭگونىڭ يېڭى ئومۇـ
مي تارىخي، ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە يېزىلغان ھەم
نەشر قىلىنغان بىرىنچى چوڭ تىپتىكى تارىخنامە. بۇ كىتاب
نەشر قىلىنىش ئالدىدا، گومورو تېزلىكتە تەبرىك خېتى يېزىپ،
بۇ ھەقتە 1942 - يىلدىكى بىر چوڭ ئىش، مەن سىزنى
ھەم كەسپداشلارنى تەبرىكلەيمەن دېگەن.

## شاڭخەيدىن ـ شاڭگاڭ، شىجاجۇاڭلارغا بېرىش

1946 - يىلى دادام چوڭچىڭدىن شاڭخەيگە بارغاندىن كېيىن،
يەنىلا يولداش جۇئېنلەينىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، بىرلىكسەپ
ۋە نەزەرىيە تەشۋىقاتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ چاغـ
دا شاڭخەيدە ئىشپىيونلار زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، ۋەزىـ
يەت جىددىي بولغاچقا، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ناھايىتى
قىيىن ئىدى، لېكىن دادام قاتمۇ - قات قىيىنچىلىقلارنى يېـ
ڭىپ، شاڭخەيدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلار بىلەن بىرلىكتە
«شاڭخەي داشۆ پروفېسسورلىرى بىرلەشمە دوستلۇق ئۇيۇشمىسى»
تەشكىللىگەن ھەمدە دىڭ چۇمىن قاتارلىق زاتلار بىلەن بىللە
مەسئۇل بولۇپ، «داشۆ ئايلىق ژورنىلى»نى نەشر قىلغان، يەنە
بەزى ئاممىۋى يىغىلىشلاردا نۇتۇق سۆزلىگەن. شاڭخەيدە تۇرـ
غان بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ
يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، سىياسىي كۈـ
رەش بىلەن ئىلمىي يېزىقچىلىقنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرـ
گەن. دادام ئاشۇنداق قالايمىقان مۇھىتتا يەنە «جۇڭگو تارىـ
خي پروگراممىسى» نىڭ 3 - تومىنى يەنى ۋېي، جىن، جەنۇـ
بى - شىمالىي سۇلالىلار تارىخىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ دەسلەپـ
كى ئورىگىنالىنى يېزىپ چىققان، ۋەزىيەت تېز ئۆزگىرىپ گومىنـ
داڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ سۆھبىتى بۇزۇلغاچقا، دادام پارتىـ

پىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن شاڭخەيدىن شاڭگاڭغا يۆتكەلگەن ھەمدە شاڭگاڭدا داۋاملىق دېموكراتىك ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغان.

1948 - يىلى 11 - ئايدا، دادام پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تېلېگراممىسا ئارقىلىق چاقىرتىشى بىلەن گومورو، ماشۇلۇن قاتارلىق 20 نەچچە كىشى بىلەن بىللە شاڭگاڭدىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ شىمالغا يولروپ، دالىيەنگە يېقىن يەردە قىرغاققا چىققان، ئارقىدىنلا دادام ۋە خۇشىڭ قاتارلىقلار يەنە چاقىرىققا بىنائەن شىجاجۇاڭغا بېرىپ، يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى تەشكىللەش خىزمىتىگە قاتناشقان. ئەينى چاغدا بېيجىڭ، تيەنجىنلار تېخى ئازاد بولمىغانىدى. دالىيەندىن شىجاجۇاڭغا بېرىش ئۈچۈن بوخەي دېڭىزى ئارقىلىق گومىنداڭ دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قامال لىنىيىسىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇلار قاش قارايغاندا يولغا چىقىپ، قوراللىق ماتورلۇق كېمىگە ئولتۇرۇپ، قامال لېنىيىسىدىن يوشۇرۇن ئۆتكەن. ئەتىسى ئەمدىلا تاڭ يورىغاندا، ئۇلار يەنتەيگە يېقىن يەردىكى بىر كىچىك پورتقا تىنچ - ئامان يېتىپ بارغان، ئۇلار ئەسلىدە قىرغاققا چىققاندىن كېيىن دەم ئېلىۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن قىرغاققا چىقىشى بىلەن ئۇلارنى ئالغىلى كەلگەن ھەربىي ئاپتوموبىل تېزدىنلا ئۇلارنى ئېلىپ كەتكەن، ئالغىلى كەلگەن كىشى ئۇ يەردە دائىم زەمبىرەك ئېتىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، پورتتىن 30 چاقىرىم يىراقلىغاندىن كېيىن ئاندىن ئارام ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۈچىنچى كۈنى ئۇلار جىنەنگە كېلىپ تۆت - بەش كۈن تۇرۇپ، ئۇ يەردىن پويىزغا ئولتۇرۇپ شىجاجۇاڭغا ماڭغان. داداملار پويىزغا چىققاندا، ۋاگوننىڭ ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى بىلەن توشقانلىقىنى، ئوتتۇرىدا ئۆزلىرىگە ئىككى رەت ئورۇن تەييارلاپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئون نەچچە يىل ئىزچىل



تۇردە گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىشى، نەزەر - بەنت قىلىشى، زىيانكەشلىك قىلىشى ئاستىدا ياشاپ كەلگەن دادامنىڭ قەلبى بۇ خىل يېڭى مۇھىتتا يايراپ كەتكەن، ئۇ جەڭچىلەر بىلەن بىللە ئىختىيارسىز ھالدا «ئازاد رايون زېمىنى يورۇق زېمىن» دېگەن ناخشىنى دېمەقسىدا ئېيتقان، دادام ئۆز كەچۈرمىشلىرى بىلەن بۇ ناخشا تېكىستىنىڭ مەزمۇنىنى بەكمۇ چوڭقۇر چۈشىنەتتى.

ئۇلار شىجاجۇاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئۇدۇل پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۇرۇشلۇق جاي — شىبەيپوغا بارغان، ئەمەلدا كېلىپ ئورۇنلىشىپ تۇرۇشىغا، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى ۋېيخەن دادامنى يوقلاپ كەلگەن ھەمدە «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نى سوۋغا قىلغان. جۇئېنلەي بىلەن رەئىس ماۋ زېدۇڭ قوبۇل قىلغان ھەمدە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دادام، بۇيەردىكى يېڭى خىزمەت، يېڭى ھاياتنى باشلىۋەتكەن.

## بېيجىڭ شەھىرىگە قايتىدىن بېرىش

20 يىللىق جاپا - مۇشەققەتلىك كۈرەش مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، دادام قايتىدىن بېيجىڭگە قايتىپ كەلدى. بۇقېتىم كەلگەندە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئورگىنىنىڭ شەھەرگە كىرگەن قوشۇنىغا ئەگىشىپ، شىجياجۇاڭدىن بېيجىڭغا كەلگەن. نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بېيجىڭنىڭ كوچىلىرى، ئۆيلىرىدە ئانچە ئۆزگىرىش بولمىغان، لېكىن كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىدا ئۆزگىرىش بولغان، كوچىلاردا تەبەسسۇم چىرايلار كۆپەيگەن. دادام شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى تەشكىللەشكە توغرا كەلگەچكە، بېيجىڭ مېھمانخانىسىنىڭ ئۈچىنچى

قەۋىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇ چۈشكەن ياتاقنىڭ دېرىزىسىدىن بېيخەيدىكى ئاق مۇنارنى كۆرگىلى بولاتتى، ئۇ ئاق مۇنارنىڭ يېنىدىكى دەرەخلىقتە كۈتۈپخانا بار دەپ پەرەز قىلغانلىقتىن، بۇ مۇندىن 20 يىل بۇرۇنقى مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن. ئەپسۇسكى، ئۇيەردىن «چىيەنمېن» نى، گاۋمىياۋ كوچىسىدىكى چاڭدى — تاۋ يۈەنلىكلەر ئۇيۇشمىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. لېكىن ئۇ خىزمەتنىڭ بوش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ يەنىلا گاۋمىياۋ كوچىسىغا بىر قېتىم بارغان، ئۇيۇشما ئورنى بۇرۇنقىدەكلا بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇنقى ئاھالىلەر ئورنىغا يېڭى بىر تۈركۈم كىشىلەر ئالماشقان، بۇرۇنقى دەرۋازىۋەن بوۋاي ئاللىبۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوغلى يەنىلا شۇيەردە تۇرۇپ رىكشا سۆرەپ جان باقىدىكەن.

يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى پۈتكەندىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېتتىكى رەھبەرلەر دادامنى بۇنىڭدىن كېيىن نېمە خىزمەت ئىشلىمەكچى بولۇۋاتىدىغانلىقىنى سورىغاندا، دادام: «پارتىيىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، لېكىن مەن مەمۇرىي خىزمەت ئىشلىسەم بولمايدۇ، يەنىلا ئوقۇتقۇچى بولغىنىم تۈزۈك. «جۇڭگو تارىخىي پراوگراممىسى»نى تېخى يېزىپ بولمىدىم، داۋاملىق يېزىش ئويۇمبار» دەپ جاۋاب بەرگەن. كېيىن يەنجىڭ داشۆسىدە ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. ئۈچ مەكتەپ بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، بېيجىڭ داشۆسى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا يۆتكەلگەن. كېيىن بېيجىڭ داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ تەيىنلەنگەن.

بېيجىڭ داشۆسىگە بارغاندىن كېيىن، بېيجىڭ داشۆسىنىڭ يەندۈكيۈئەن 28 - نومۇرلۇق بىنادا تۇرغان. بۇ بىر يالغۇز بىنا بولۇپ، ئەتراپى كەڭرى گۈللۈك باغ ئىدى. تۇرمۇش شارائىتى ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشىلانغان بولسىمۇ بۇرۇنقىدەكلا ئاددىي - ساددا بولۇپ، چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشتىن



باشقا ۋاقىتتا، دائىملا ئادەتتىكى رەختتىن تىكىلگەن سۇر كىيىم بىلەنلا يۈرەتتى. مائاش ۋە قەلەم ھەققىنىڭ كۆپ قىسمى كىتاب سېتىۋېلىشقا كېتەتتى. ساقلىغان كىتاب - ژۇرناللىرى ئەڭ كۆپ بولغاندا ئون مىڭ پارچىگە يەتكەن، ئۇنىڭ ياتاقخانا - مېھمانخانا ۋە ئاشخانىدىن باشقا يەرلىرىنىڭ ھەممىسى كىتاب ساقلاش ئۆيىگە ئايلىنىپ قالغانىدى، تۇرمۇش جابدۇقلىرى بولسا ناھايىتى ئاددىي ئىدى. بىز، يەنى دادامنىڭ پەرزەنتلىرى ھەممىمىز يېنىدا ئەمەس ئىدۇق. بىرىمىز تيەنجىندە، بىرىمىز ۋۇخەندە، بىرىمىز چىڭدودا قالدۇق. رەھبەرلىك دادامنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن باللاردىن بىرىمىزنى بېيجىڭغا يۆتكەپ كېلىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەندە رەت قىلىپ، ئۇلار ھەممىسى ئۆز يولىدا ماڭغىنى ياخشى دىگەنىدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە دادام پەنۋېنلەن قاتارلىقلار بىلەن بىرگە «جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىي ماتېرىياللىرى»نى توپلاش ۋە تەھرىرلەش خىزمىتىنى تەشكىللەپ، بۇھەقتە مەخسۇس تېما بېكىتكەن. دادام ئۆزى «يىخېتۇەن» ۋە «ۋۇشۇ يىللىرىدىكى قانۇن ئۆزگەرتىش» تېمىسىنى مەسئۇل بولۇپ تۈزگەن. ئۇ تارىخىي ماتېرىياللارغا ئەھمىيەت بېرەتتى، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆپرەك كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ، تارىخ تەتقىقاتىدا تارىخىي ماتېرىيال بولمىسا ئاقىۋەت قۇرۇق گەپ ساتقانلىق بولۇپ قالىدۇ ياكى ئۇقۇم ئارقىلىق ئۇقۇم چۈشەندۈرگەنلىك بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارايتتى. دەرۋەقە، تارىخىي ماتېرىيال بولغان بىلەن، ئۇنى توغرا تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بولمىسا، تارىخىي ماتېرىيال دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قېلىپ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. تارىخىي ماتېرىياللارنى تەھرىرلەش ياكى چوڭراق تارىخىي ئەسەر يېزىشقا كوللېكتىپنىڭ كۈچىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى، يەككە ئادەمنىڭ كۈچى چەكلىك بولىدۇ، دەپ قاراپ شەخسىنى گەۋ-

دىلەندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلمايتتى. لېكىن كوللېكتىپ تەھرىر-
لەش ۋە يېزىش خىزمىتىدە ئۇمۇمىي خىزمەتلەرگە مەسئۇل بو-
لۇش ئۈچۈن بىر مەسئۇل مۇھەررىر بولۇش كېرەك دەپ قارايتتى.
«ھەر بىر كىتابتا سىما گۇاڭغا ئوخشاش بىر ئومۇملاشتۇرى-
دىغان ئادەم بولۇش كېرەك» دەيتتى.

دادام ئازادلىقتىن كېيىنكى يىللاردا نۇرغۇن ئىجتىمائىي
پائالىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان. بەزى تارىخىي ماتېرىياللارنى
تۈزۈشنى تەشكىللىگەندىن باشقا، تارىخ ئىلمىي ساھەسىگە كى-
رىدىغان نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلدى. بۇ مەسىلى-
لەر جۇڭگو تارىخىي ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىدى.
ئون يىللىق مالىماناچىلىقتا، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دادامغا
نۇرغۇن قالپاقلارنى كىيگۈزدى. لېكىن دادام ھەقسەت ئالدىدا
پەقەت يول قويمىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» زەھەرلىك قو-
لىنى سۇنغاندا، دادام ئۆلۈم ئالدىدا تىزپۈكۈپ قالمىدى، تا-
رىخىي ئېقىم ئەخلەتلەرنى غەرق قىلدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»
ۋە ئۇلارنىڭ مەدەتكارلىرى ئاخىرقى ھېساپتا يەنىلا ئەخلەت
قاتارىدا سۈپۈرۈپ تاشلاندى. ئەڭ ئاخىرى، پارتىيە ۋە خەلق
يەنىلا يولداش جيەن بوزەن ماركسىزمچە تارىخشۇناس،
سادىق پرولېتارىيەت جەڭچىسى دەپ تەرىپلىدى.
(«تىيەنجىن تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 44 - سانىدىن
ئېلىندى)

پولات مۆمىن تەرجىمىسى



# 30 - يىللاردىن 40 - يىللارنىڭ دەسلەپ-گىچە قەشقەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىسى

قەمەرجان، شىيا ۋېيرۇڭ

قەشقەر — ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ،
قەدىمدىن تارتىپ دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا رايون سودا شەھىرى
بولۇپ كەلگەنىدى. ھىندىستان (ئاساسلىقى كەشمىر رايونى)،
پاكىستان (ئاساسلىقى جىرجىت رايونى)، ئافغانىستان (ئاسا-
سلىقى بەدەخشان رايونى) ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ھەممى-
سى قەشقەر بىلەن سودا ئالاقىسى قىلغان. بولۇپمۇ قوقەنت،
ئەنجانغا ئوخشاش جايلارنىڭ قەشقەر بىلەن بولغان سودا
مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇق ئىدى. چىڭ سۇلالىسى شيەنفىڭنىڭ
10 - يىلى (1860 - يىلى)، چاررۇسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈ-
مىتىنى تەڭسىز «جۇڭگو — رۇسىيە بېيجىڭ داۋاملىق كۆپەيتىپ
بېرىش شەرتنامىسى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇرلاپ، چىڭ سۇلا-
لىسى ھۆكۈمىتىنى قەشقەرنى چاررۇسىيىگە قارىتا ئېچىۋېتىلگەن
سودا شەھىرى قىلىپ بېرىشكە قىستىغان. بۇنىڭدىن قەشقەر
سودىسىنىڭ چاررۇسىيىگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا
تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
30 - يىللارنىڭ باشلىرىدا قەشقەرنىڭ ئاساسلىق سودا
ئوبيېكتى سوۋېت ئىتتىپاقى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەش-

قەر بىلەن سودا قىلىدىغان ئاساسلىق رايونلىرى **شىنجاڭغا** يېقىن بولغان ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق رايونلار ئىدى.

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 1934 - يىلى ئېلان قىلغان تاشقى سودا نىزامىغا ئاساسەن، قەشقەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلىرىنىڭ تۈرى، مىقدارى، باھاسىنى يۇشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار سودا شىركىتى قەشقەر شۆبىسى بېكىتكەندىن كېيىن، ئاندىن گاۋيۇچىڭ ئايرىلىشىدىغان ھەم رەھبەرلىك قىلىدىغان قەشقەر ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسى پىلان تۈزۈپ، ماللارنى تىزىملاپ، باج سوممىسىنى بېكىتكەندىن كېيىن قەشقەر سودا شۆبە شىركىتىنىڭ يۆتكەپ توشۇش پونكىتىغا بېرەتتى، بۇ پونكىت ماللارنى ئۇلاقلارغا ئارتىپ ئەركەشتام چازىسى ئارقىلىق چىقىراتتى.

ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى توختى موللىنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، 1934 - يىلى قەشقەردە جەمئىي 12 چوڭ شىركەت بولۇپ، ھەممىسى يۇشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ قارمىقىدا بولغان. يۇشىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى بۇرھان ئەپەندى بولۇپ، قەشقەردە شۆبە شىركەت، ھەرقايسى ناھىيىلەردە ئىش باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلغان. قەشقەر سودا شۆبە شىركىتى 12 چوڭ شىركەتنىڭ سودا كەسپىنى بىۋاستە باشقۇرغان.

بۇ شىركەتلەرنىڭ نامى ۋە دىرېكتورلىرى تۆۋەندىكىچە:

1- ئىتتىپاق شىركىتى: دىرېكتورى ئىمىن ھاجى، ئاتۇشتىن، شىركەت خىزمەتچىلىرى (ئۇيغۇر) 30 نەچچە كىشى.

2- ئازاد شىركىتى: دىرېكتورى رەھمۇتۇللا كېرىم، شىركەت خىزمەتچىلىرى ئون نەچچە كىشى.

3 -ئىخلاسمەنلەر (زۇكبەي) شىركىتى: دىرېكتورى ھۆسەيىن،



ئاتۇشتىن، شىركەت خىزمەتچىلىرى 6 - 7 كىشى.

4 - شىركەت (شىركەت نامى ئېسىدە قالماپتۇ. تۆۋەندە ئوخشاش): دىرېكتورى ئابدۇراخمان، ئاتۇشتىن، شىركەت خىزمەتچىلىرى 7 - 8 كىشى.

5 - شىركەت: دىرېكتورى ياقۇپ ھاجى، شىركەت خىزمەتچىلىرى 6 - 7 كىشى.

6 - شىركەت: دىرېكتورى تىلىۋالدى، توختى موللا.

7 - شىركەت: دىرېكتورى سۇلاشىڭ، گاۋشىڭ ۋاڭ (خەنزۇ).

8 - شىركەت: دىرېكتورى مەتنىياز مەخسۇم.

9 - شىركەت: ياشلار شىركىتى دەپ ئاتىلاتتى.

10 - شىركەت: دىرېكتورى مەھەممەتخان ھاجى، يېڭى شەھەر ناھىيىسىدىن.

11 - شىركەت: دىرېكتورى جېلىل ئابدۇل، شىركەت خىزمەتچىلىرى ئون كىشى.

12 - شىركەت: دىرېكتورى قادىر سەيدىن، پەيزىۋات ناھىيىسىدىن.

يۇقىرىدىكى 12 شىركەت ئىچىدە ئالدىنقى ئۈچ شىركەت ئاساسلىقى ئاشلىق، ماي سودا تىجارىتىنى، قالغانلىرى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار تىجارىتىنى ئاساس قىلاتتى.

«ۋىلايەت ئارخىپى 94 - جىلد» دە خاتىرىلىنىشىچە: شۇ چاغدىكى قەشقەر بىلەن سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا ترانسپورت ئىقتىدارى: تۆگە 1275 تۇياق، ئېشەك 24، ئىككى ئاتلىق ھارۋا 48 دانە، كالا 35 تۇياق، خېچىر 20 تۇياق، ماشىنا 240 دانە. ئۇلاق ترانسپورتى ھەر يىلى ئاران بەش ئايلا قاتنىغان، ماشىنا يىل بويى قاتنىغان. ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلار: ھەر خىل تېرە - خۇرۇم، تىۋىت، مەشۇت، گىلەم، پاختا، زاراڭزا، قاق - گۆلە قاتارلىقلار. سېتىپ ئېلىنغان يەر-

لىك ئـالاھىدە مـەھسۇلاتلار ئـاددىي پىششىقلاپ ئىشلىنىپ بىر
تـەرەپ قىلىنغاندىن كـېيىن، تـايلاپ، ساندۇقلارغا قاچىلاپ،
يۆتكەپ چىقـارغـان. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالماشتۇرۇپ كېلىنـ
ىدىغان ماللار ئاساسەن قـەشقەر خـەلقى ئېھتىياجلىق بولغان
كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك ماللار ۋە ئـاددىي
ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يۇڭ رەخت،
گەزمال، كـىيىم ـ كـېچەك، رومـال، ئاياغ، پايپاق، سەرەڭگە،
چاقماق قەنت، قازان، چېلەك، ھاراق ـ تاماكا، ساپان، شىپالكا،
قەلەي، مىلتىق، دورا، داۋالاش ئـۈسكۈنىلىرى، بـوياق ماتېرىـ
ياللىرى، قاچا ـ قۇچا قاتارلىقلار بار ئىدى. «ۋىلايەت ئـارـ
خىپى 94 ـ جىلد» دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، 1935 ـ يىلىـ
دىن 1940 ـ يىلىغىچە، قەشقەرنىڭ ئېكسپورت سودا سوممىسـ
ىنى يـېڭى پـۇلغا سـۇندۇرغاندا 85 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە،
قابىگە سـۇندۇرغاندا 428 مـىليون يـۈەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ
سودا ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 28 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. بۇـ
نىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بـولغان سـودا قىممىتى
ئاساسىي ئورۇندا تۇردى.

1941 ـ يىلىدىن كېيىن شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا
ئاسىيلىق قىلغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىـ
ۋەت يامانلاشتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئـىتتىپاقى
بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. قەشقەردىكى
12 چوڭ شىركەتمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن تاقالدى. سوۋېت ئىتتىپاـ
قىنى ياقلايدىغان بىر قىسىم خوجايىنلار شېڭ شىسەي تەرىپىـ
دىن تـۇتقۇن قـىلىنىپ تـۈرمىگە تـاشلاندى. شېڭ شىسەينىڭ
ئەكسىيەتچىل ھەرىكىتى ئاخىرقى ھېسابتا شىنجاڭنىڭ ئىقتىساـ
دىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، مال باھاسىنى ئۆرلىتىپ، پۇل پاخالـ
لىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قـەشقەرلىك
بىر سودىگەر خوتەندىن 102 دانە گىلەمنى ئېلىپ خۇدا بۇيـ



رىغان بـولسا يـاخشىراق پـۇل قىلىۋالارمەن دەپ ئـۈرۈمچىگە
ئېلىپ كېلىدۇ. كىم بىلسۇن بۇ گىلەملەر سېتىلىپ بولغاندىن
كېيىن تاپقان پۇلغا ئاران ئىككى قاپ تاماكا كەلگەن. يۇرـ
تىغا قايتىپ كېتىشكە پۇلى يوق، ئاخىر ئامالسىزلىقتىن ئۆلىۋالـ
غان. يەنە بىر ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر قاسساپ چارۋىچىلارـ
دىن ئون تۇياق قوي ئېلىپ، سويۇپ ساتقان پۇلغا بىر نەچچە
كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پەقەت بىر پۇت گۆش سېتىپ ئالالـ
غان. قاسساپ ئاچچىقتا چىدىماي پۇللارنى يـىپقا ئـۆتكۈزۈپ،
ئىتىنىـڭ بويىنىغا ئـېسىپ، ئىتنى يېتىلەپ بازارنى ئـايلانـ
دۇرغان. ھەممە ئۇ دەرتكە چىدىماي ساراڭ بولـۇپ قالـغىلى
تاس قالغان.

سـوۋېت ئىتتىـپاقـى بىلەن بـولغان سـودا مۇناسىۋىتى
ئۈزۈلگەندىـن كـېيىن، بـەزى سـودىگەرلەر ئـەنگلىيىلىكلەر
بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىشىدۇ. 1942 ـ يىلىدىن 1943 ـ يىلىـ
غىچە، قەشقەر سودىگەرلىرىدىن رىھىم باي، ئابدۇكېرىم قاتارـ
لىقلار ئەنگلىيە سودىگەرلىرى بىلەن خۇپىيانە ئالاقىلىشىپ قەشـ
قەرنىڭ نەشە، ئالتۇن، قاشتېشى قاتارلىق مـاللىرىنى مىڭتىكە
چېگرىسى ئارقىلىق كەشمىردىكى سودا يولى بىلەن ھىندىستان،
پاكىستانلارغا توشىغان، چەت ئەل سودىگەرلىرى ئەتكەسچىلىك
قىلىپ، مىلتىق، ئوق ـ دورىلارنى ماللارغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئوغـ
رىلىقچە قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، ھەربىي قورال ـ ياراق ئېلىپ
سېتىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئەنگلىيىنىڭ تـاشقورغاندا تۇرۇشـ
لۇق ۋەكـالىتەن ئـىش بـېجىرىش ئـورنىدىكى ئەمەلدارلار بۇ
خىل سودا پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغان.

(«قەشقەر شەھەرلىك تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 ـ ساندىن ئېلىندى)

ئابدۇراخمان مامۇت تەرجىمىسى

# قەشقەرنىڭ قىسقىچە پوچتا - تېلېگراف تارىخى

جاڭ يۈزى

## قەشقەرنىڭ يېقىنقى زامان پوچتا ئىشلىرى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى قەشقەرنىڭ پوچتا ئىشـ
لىرى كونا ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن. خاتىرىلىـ
نىشىچە، 1891 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 17 - يىلى) قەشقەر مەمۇرىي
رايونى يېڭىشەھەر مەھكىمىسىگە قاراشلىق ئىدى، قارمىقىدا
ئۈچ پوچتا بېكىتى، ئۈچ بېكەت باشلىقى، 17 خىزمەتچى ۋە 34
تۇياق ئات بولغان، يىلىغا 1832.55 سەر كۈمۈش تارقىتىلغان.
XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاتناش راۋان بولمىغانلىقتىن، بېـ
كەتلەرنىڭ يولى ئۈزۈلۈپ، كىشىلەر كۈنسايىن شالاڭلاشقان.
شۇنىڭ بىلەن 1912 - يىلى (مىنگونىڭ تۇنجى يىلى) شىنجاڭـ
دىكى پوچتا بېكەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قېلىپ، ئورنىغا
پوچتا ئىشلىرى ئىدارىسى، ئورۇن، پونكىتلار قۇرۇلدى.

1840 - يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيە
تاجاۋۇزچىلىرى ئىبلىس چاڭگىلىنى ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭغا سوـ
زۇشقا باشلىدى. 1884 - يىلى ئەنگلىيە يېڭىشەھەر
ناھىيە بازىرىدا (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) پوچتا ئىدارىسى
تەسىس قىلدى، شۇ يىلى چاررۇسىيىنىڭ سىبىرىيىدىكى تۆمۈر
يولىدا پويىز قاتنىغاندىن كېيىن، قەشقەردىن جۇڭگو - رۇسىيە
چېگرىسىدىكى ئەركەشتامغىچە بولغان پوچتا يولى ئېچىلىپ،
ئىككى تەرەپ خەت - خالتىلارنى ئاتلىق چېگرىغا ئاپىرىپ



ئۆزئارا ئالماشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چاررۇسىيىنىڭ
پوچتا ماركىسى تارقىتىلدى. شىنجاڭ بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىـ
دىكى پوچتىنىڭ يەتكۈزۈپ بېرىش ۋاقتى تېز، ھەققى تۆۋەن
بولغاچقا، ئىككى دۆلەت ئاھالىسى بەس - بەس بىلەن پوسۇلكا
سالدى. شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ خەت ئالاقىلىرىنىڭ ھەمـ
مىسىنى چاررۇسىيە مونوپول قىلىۋالغان بولۇپ، خەت - چەك،
پوسۇلكىلارغا چاررۇسىيىنىڭ ماركىسى چاپلىنىپ، چاررۇسىيىنىڭ
چىسلالىق تامغىسى بېسىلىپ، چاررۇسىيە پۇلى ئېلىنىدى ھەمدە
شىنجاڭ چېگرىسىدىن چىقىپ، سىبىرىيىنى ئايلىنىپ مانجۇرىيىگە
كىرىپ ئاندىن ئىچكىرىگە يەتكۈزۈلدى. جۇڭگونىڭ خەت -
چەكلىرىنى جۇڭگو زېمىنىدا يۆتكەپ توشۇشقا مۇمكىن بولمـ
ھى. چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى يىللىق پوچتا كىرىمى 100
مىڭ رۇبلىدىن ئېشىپ كەتتى.

1907 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 33 - يىلى) شىنجاڭ پەرمەتدار
مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى ۋاڭ شۇنەن ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ
ئەھۋالنى ئەينەن دوكلات قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن 1909 - يىلى
(شۈەنتۇڭنىڭ 1 - يىلى) شىنجاڭدا پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلۇپ،
ئەسلىدىكى پوچتا بېكەتلىرىدىن يىغىلغان راسخوتنىڭ يېرىمىـ
نى شىنجاڭدا پوچتا ئىدارىسى قۇرۇش ئۈچۈن ئاجرىتىپ
بېرىلدى، پوچتا مىنىستىرلىكى پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش
چارىسىنى ئېلان قىلىپ، پوچتا ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى شىنجاڭ
ئۆزى باشقۇرىدىغان قىلدى.

1910 - يىلى كۈزدە، قەشقەردە پوچتا ئىشلىرىنى ۋەكالە
تەن بېجىرىدىغان ئورگان — كونىشەھەر ناھىيىلىك پوچتا
ئىدارىسىنى تەسىس قىلدى. 1921 - يىلى (مىنگونىڭ 10 -
يىلى) قەشقەر بىرىنچى دەرىجىلىك پوچتا ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرـ
تىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش مەرـ
كىزى بولدى. 1938 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىككىنچى

دەرىجىلىك پوچتا ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى، 1945 - يىلى
يەنە بىرىنچى دەرىجىلىك ئىدارە نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.
قەشقەر پوچتا ئىدارىسى هازىرقى چوڭ بازارنىڭ يېنىغا جاي-
لاشقان بولۇپ، ئىگىلىگەن ئورنى 3136 كۋادرات مېتىر ئىدى.

قەشقەرنى مەركەز قىلىپ ئېچىلغان خەلقئارا پوچتا ئىدا-
رىلىرى: قەشقەر، تاشقورغان، پاكىستان، هىندىستان،
1921 - يىلى (مىنگونىڭ 10 - يىلى) كونىشەهەر پوچتا ئىدا-
رىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى پوچتىسىدىن ئەۋەتىلىدىغان نەر-
سىلەرنى ئۆزئارا ئالماشتۇردى، شۇنىڭدىن باشلاپ قەشقەردىن
ئەركەشتامغىچە بولغان پوچتا يولى ئېچىلدى.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، 1940 - يىللارنىڭ
ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۈرۈمچىدىن قەشقەر كونىشەهەرگىچە
بولغان تېز سۈرئەتلىك پوچتا يولى ئېچىلىپ، ئارىلىقتا قارا
شەهەر، كورلا، ئاقسۇ، مارالبېشىنى بېسىپ ئۆتەتتى، بۇ لىنىيە-
نىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2510 كىلومېتىر بولۇپ، هەر ئىككى
كۈندە بىر قېتىم پوچتا قاتنايتتى، ئاتلىق كېچە - كۈندۈز
يول يۈرۈپ 15 كۈندە يېتىپ باراتتى. مارالبېشىدىن قەشقەر
كونىشەهەرگىچە بولغان ئارىلىقتا بىر گۇرۇپپا باشلىقى، 12
پوچتالىيون بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قەشقەر كونى-
شەهەر پوچتا ئىدارىسىنى مەركەز قىلغان قەشقەر كونىشەهەر،
خوتەن لىنىيىسى، كونىشەهەر — ئەركەشتام لىنىيىسى، كونى-
شەهەر — تاشقورغان لىنىيىسىدىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىلىق
لىنىيە شەكىللەنگەن. تۆۋەندە بۇ ئۈچ لىنىيىنى ئايرىم - ئاي-
رىم تونۇشتۇرىمىز.

1. قەشقەر كونىشەهەردىن خوتەنگىچە بولغان لىنىيە —
كونىشەهەردىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ، يېڭىسار،
قاغىلىق قاتارلىق جايلارنى بېسىپ خوتەنگە باراتتى، ئومۇمىي
ئۇزۇنلۇقى 1071 كىلومېتىر، هەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم پوچتا



قاتنايدىغان بولۇپ، ئاتلىق كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ بەش
كۈندە يېتىپ باراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كونا شەهەردىن قاغى-
لىققىچە كونا شەهەر پوچتا ئىدارىسى مەسئۇل بولۇپ، بىر
پوچتا باشلىقى، 11 پوچتالىيون باردى. بۇ لىنىيە بىلەن خو-
تەن، كېرىيە لىنىيىسى ئۆزئارا تۇتۇشۇپ، كېرىيە، چەرچەن
ئارقىلىق چاقىلىققا باراتتى، ئاندىن كورلىغا بېرىپ ئۈرۈمچى،
كونىشەهەر لىنىيىسى بىلەن بىرلىشىپ كېتەتتى.

2. قەشقەر كونىشەهەر — ئەركەشتام لىنىيىسى —
قەشقەر كونا شەهەردىن غەربكە قاراپ يۈرۈپ، جۇڭگو سوۋېت
چېگرىسىدىكى ئەركەشتامغا قەدەر باراتتى، ئۇزۇنلۇقى 290 كى-
لومېتىر، هەر ئالتە كۈندە بىر قېتىم پوچتا قاتناپ سەككىز
كۈندە باراتتى، پوچتالىيون ئالتە كىشى ئىدى.

3. قەشقەر كونىشەهەر — تاشقورغان لىنىيىسى —
كونىشەهەردىن جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ، يېڭىسار ئارقىلىق
تاشقورغانغا باراتتى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 392 كىلومېتىر، هەر
بەش كۈندە بىر قېتىم (1940 - يىلدىن 1943 - يىلغىچە بول-
غان ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە)، هەر قېتىمدا بىر ئاتلىق
ئادەم قاتنايتتى؛ تاشقورغاندىن پامىر، قارا قۇرۇم تاغلىرى
ئارقىلىق هىندىستاننىڭ موسكاغا باراتتى، (1942 - يىلى
ئېچىلغان) ئۇزۇنلۇقى 446 كىلومېتىر بولۇپ، هەر 15 كۈندە
بىر قېتىم پوچتا قاتنايتتى ۋە كېچە - كۈندۈز يول يۈرەتتى.
ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، بۇ يول ئارقىلىق چەت
ئەللەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، پوچتىدىن ئەۋەتىلىدىغان نەرسى-
لەرنى ئۆزئارا ئالماشتۇردى.

1943 - يىلى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ كونىشەهەر —
ئاتۇش لىنىيىسى كۆپەيتىلدى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 51.8 كىلو-
مېتىر بولۇپ، بىر ئاتلىق، بىر پىيادە پوچتالىيون باردى.

1942 - يىلى كونىشەهەر پوچتا ئىدارىسىگە بىۋاسىتە

قاراشلىق رايونلار ئىچىدىكى ئۇلۇغچات، ئاتۇش، خانئېرىق، يوپۇرغا، پەيزاۋات، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ پوچتا ئىشلىرىنى ۋەكالىتەن بېجىرىش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىندى. 1945 - يىلى يەنە چوڭ بازار بىلەن تاشقورغان پوچتا ئىشلىرى ئورنى كۆپەيتىلدى. قاغىلىق، يەكەن، مارالبېشى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئىدارە، يېڭىشەھەر تۆتىنچى دەرىجىلىك ئىدارە بولدى.

پوچتا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، 1945 - يىلدىن باشلاپ كونىشەھەر پوچتا ئىدارىسى خەت - چەك، پۇل پېرېۋوتى، تېلېگرامما، دۆلەت ئىچىدىكى خالتىلارنى يەتكۈزۈپ بېرىش، ئۆمۈر سۇغۇرتىسى، خەلقئارا خەت - چەكلەرنى ۋەكالىتەن يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق كەسىپلەرنى ئاچتى. پوچتا خادىملىرىدىن جەمئىي 37 كىشى باردى. ئۆتكەن ھەر قېتىملىق ئىدارە باشلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1936 - يىلى خې ۋېنفىن؛ 1938 - يىلى ياڭ زۇجى؛ 1944 - يىلى لېي جۇچىڭ؛ 1945 - يىلى ۋېن يوڭلىڭ، 1946 - يىلى چېن شىفەن؛ 1947 - يىلى ۋاڭ گۇاڭرۇ.

## قەشقەرنىڭ يېقىنقى دەۋردىكى سىملىق ئالاقىسى

1871 - يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، چاررۇسىيە ئەسكەر چىقىرىپ، ئىلى رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ ئىگىلىۋالدى. ئەينى ۋاقىتتا خەۋەرلىشىش قولايسىز بولغانلىقتىن، چىڭ ھۆكۈمىتى ھېچ نەرسىدىن خەۋەر تاپالمىغانىدى.

1892 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 18 - يىلى) چاررۇسىيە تاشقورغانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئالاقزادە بولۇپ كەتتى، قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق، خەۋەرلىشىش تېخىمۇ قولايسىز بولغاچقا، ئەس



كەر كۆپەيتىپ ياردەم بېرىشكە ئامال يوقىدى. 1893 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 19 - يىلى) شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىيسى خان ئوردىسىغا سىملىق تېلېگراف قۇرۇش ھەققىدە مەكتۇپ يوللاپ ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى 1895 - يىلى 3 - ئايدا قۇرۇلۇشنى تاماملاش شەرتى بىلەن راسخوت ئاجرىتىپ بېرىدۇ (280 مىڭ سەر كۈمۈشكە توغرا كېلىدۇ)، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلىپ، شەرقتە لەنجۇ تارماق ئىدارىسى، شىمالدا ئىلى، چۆچەك تارماق ئىدارىسى، غەربىي شىمالدا قەشقەر تارماق ئىدارىسىنى تەسىس قىلىدۇ. مارالبېشىدا ئالاقە پونكىتى قۇرۇلىدۇ.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى مىلتارىستلار قالايمىقان ئۇرۇش قىلغانلىقتىن، شىنجاڭنىڭ سىملىق تېلېگراف لىنىيىسى ئۇزۇن يىل رېمونت قىلىنمايلا قالماي بەلكى ئەسلىھەلىرى بۇزۇلۇپ، خەۋەرلىشىش پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى. شىمالىي مىلتارىستلار ھۆكۈمىتى بىلەن ياڭ زېڭشىن مەسلىھەتلىشىپ، ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەرگە رادىئو تېلېگراف ئاپپاراتى ئورناتماقچى بولىدۇ. ئەنگلىيە سودىگەرلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزدە شەخسىي رادىئو تېلېگراف ئىستانسىسى قۇرۇشنى تالىشىپ، پۇل قەرز بېرىش يولى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ پوچتا كەسپىگە ھۇجۇم قىلىپ ئىگىلىۋالىدۇ. ئۇلار شىمالىي مىلتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىكىنى قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەيدۇ. دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىكى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىكى ھەر قايسىسى ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، ئۆزلىرىنىڭ خەۋەرلىشىش تورلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىلەن رادىئو تېلېگراف ئىستانسىسى قۇرۇش كېلىشىمىنى تۈزىدۇ. شىمالىي مىلتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ قاتناش مىنىستىرلىكى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىكى ئۆزئارا

ھوقۇق تالىشىۋاتقاندا، قاتناش مىنىستىرلىكى پۇل قەرز بېرىپ، 1918 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ ماكىنان سىمسىز رادىئو تېلېگراف شىركىتى بىلەن 200 مىڭ فوند ستېرلىڭلىك توختام تۈزۈپ، قەشقەر رادىئو تېلېگراف ئىستانسىسى قۇرماقچى بولىدۇ. توختامدا رادىئو تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ بارلىق ئاپپارات ئۈسكۈنىلىرى، ماتېرىيال ۋە ئەسۋابلارنىڭ ھەممىسىنى ئەنگلىيە رادىئو تېلېگراف شىركىتى تەمىنلەيدۇ، ھەمدە ئەنگلىيە تەرەپ ئىنژېنېرلىرىنى ئەۋەتىپ قۇراشتۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئۈرۈمچى ئىستانسىسى 1920 - يىل 11 - ئايدا ئىش باشلىدى، قەشقەر ئىستانسىسى 1921 - يىلى ئىش باشلىدى، ئىككى ئىستانسىنىڭ قۇرۇلۇشى 1923 - يىل 5 - ئايدا پۈتتى. ئەنگلىيە تەرەپتىن قۇراشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىنژېنېر دوكلېر بىلەن خاسىدى، جۇڭگو تەرەپتىن قۇراشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىنژېنېر زۇ چيابەي ئىدى. قۇراشتۇرۇش تاماملانغاندىن كېيىن زۇ جيابەي ئۈرۈمچى رادىئو تېلېگراف ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەندى. قەشقەر ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى چيەن باۋچۈن بولدى.

قەشقەر رادىئو ئىستانسىسى قۇراشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ھىندىستاننىڭ بىيسەنفۇ بىلەن بولغان سىگنالى ئېنىق، ئۈنۈمى ياخشى بولدى؛ ئۈرۈمچى ئىستانسىسى بىلەن ئالاقىلاشقاندا، سىگنال ئېنىق بولمىغاچقا ناھايىتى تەستە ئاڭلىغىلى بولدى. ئەنگلىيە ئىنژېنېرلىرى دوكلېر بىلەن خاسىدىن كۆپ قېتىم توسالغۇلارنى چىقارغان بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. كېيىن بۇ ئىككى چەت ئەللىك ئىنژېنېرلار جۇڭگو تەرەپنىڭ دىققەت قىلمىغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ھىندىستانغا كېتىۋالدى. ۋەتەننىڭ ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن زۇجيابەي بۇ ئىستانسىدا قايتا - قايتا سىناق قىلىپ، كۆپ قېتىم توسالغۇلارنى چىقىرىپ ئەڭ ئاخىرى ئۈرۈمچى ئىستانسىسى بىلەن ئوڭۇشلۇق



ئالاقىلىشالايدىغان قىلدى.

1933 - يىلى شىنجاڭدا «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ، جىن شۇرېن تەختتىن چۈشۈپ شېڭ شىسەي ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇردى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يەنە تۆت دانە تېلېگراف ئاپپاراتى بىلەن ھەممە ئۈسكۈنىلىرىنى ئىمپورت قىلىپ ئېلىپ كىرىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەنلەرگە قۇراشتۇردى. جاڭ خاۋشۈنى قەشقەر ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى.

1942 - يىلى قەشقەر رادىئو ئىستانسىسى شىنجاڭ بويىچە 7 - ئىستانسا بولۇپ، ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىدى. بۇ ئىدارە ھەر خىل تېلېگرامما كەسىپلىرىنى ئاچقانىدى.

## ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون

1911 - يىلى شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى ياڭ زېڭشىننى شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي باش ئەمەلدارى قىلىپ تەيىنلىدى. ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1500 كىلومېتر كېلىدىغان تاق يوللۇق تېلېفون سىمى تارتقۇزدى، لىنىيە ئۇزۇن ھەمدە يۆكلىمە دولقۇن ئۈسكۈنىلىرى بولمىغاچقا، سىگنال ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، سۆزلەشكىلى بولمايتتى. تۆت يىلدىن كېيىن پۈتۈن لىنىيە ئەلتۈكۈس ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇ ۋاقىتتىكى ئالاقىلىشىش خىزمىتى پۈتۈنلەي رادىئو تېلېگراف ئىستانسىسىغا تاياندى.

1913 - يىلى، چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئۆز دۆلىتى بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئەركەشتامدىن قەشقەرگىچە مەخسۇس تېلېگراف - تېلې-

فون سىمى تارتتى. شۇ چاغدا ياڭ زېڭشىن شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىدىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ چاررۇسىيىسىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا بۇ لىنىيىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلىپ يولىيورۇق سورىدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى پۇل ئاجرىتىپ قەشقەردىن ئەركەشتامغىچە يېڭىباشتىن ئۇزۇنلۇقى 50 كىلومېتر كېلىدىغان سىم يولى تارتىپ، 1917 - يىلى 2 - ئايدا تاماملاپ، رۇسىيە بىلەن قەشقەر تەرەپنىڭ تېلېگراممىلىرىنى بىۋاستە يەتكۈزدى.

1913 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە ياڭ زېڭشىن، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ قەشقەر، قەشقەر كونىشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر ئارىلىقىدا پەقەت تۆت كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۈچ يولدا شەھەر ئىچى تېلېفونىنى تارتقان بولۇپ، ھەممىسى تاق يوللۇق ئىدى، سىم تاناپ تۆۋرىكىدە توك قېچىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمىغانلىقتىن بوران چىقسا، قار - يامغۇر ياغسا ئېغىر دەرىجىدە توك قېچىپ سۆزلىشىشكە مۇمكىن بولمايتتى.

1937 - يىلى قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر، كونىشەھەردە پەقەتلا ئون دانە تېلېفون ئورنىتىلغان بولۇپ مەخسۇس ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىلا ئىشلىتەتتى. شۇ يىلى يولداش ماۋزېمىن رىياسەتچىلىكىدە شىنجاڭنىڭ ئۈچ يىللىق پىلانى بېكىتىلىپ، ئاندىن چەت ئەلدىن مىڭ تېلېفون سىغىمچانلىقىغا ئىگە تېلېفون ئاپپارات - ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىپ ئېلىپ كىردى. ئاپپاراتلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن 4750 ئامېرىكا دوللىرى كەتكەن بولۇپ، شىنجاڭ مالىيە نازارىتىدىن ئاۋانىس بېرىپ كېيىن تېلېگرامما كىرىمىدىن قايتۇرىدىغان بولدى. بۇ ئۈسكۈنىلەر قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچىگە ئورنىتىلدى.

1940 - يىلى قەشقەردە تېلېفون ئىدارىسى قۇرۇلۇپ دەسلەپكى قەدەمدە 80 دانە تېلېفون ۋە بىر دانە كوممۇتاتور ئورنىتىلىپ مەخسۇس شەھەر ئىچىدىكى تېلېفونلارنى باشقۇردى. تېلېفون ئىدارىسى شۇ چاغدىكى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ قوراسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى (ھازىرقى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە قوراسىدا ئىدى). ھەممىدە بىرىنچى دەرىجىلىك ئىدارە بولدى.



1945 - يىلى قەشقەر تېلېگرامما ئىدارىسى قۇرۇلدى.

1948 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قەشقەردە سىمسىز ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون تەسىس قىلىنىپ ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قارا شەھەرلەرگە بىۋاستە ئۇلاندى. ئېلېكتىر لىنىيىلىرىنىڭ قارشىلىقى چوڭ بولغاچقا، ئالاقىلىشىش ناھايىتى قىيىن ئىدى. پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغاندىن كېيىن، پوچتا تېلېگراف ئىشلىرىدا ئاندىن زور تەرەققىياتلار بولدى.

(«قەشقەر شەھەرلىك تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 2 - سانىدىن ئېلىندى)

ئابدۇراخمان مامۇت تەرجىمىسى

# شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى قەشقەردە

**يى جياڭ**

1905 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى زور تۈركۈمدىكى ئەنگلىيە،
ھىندىستان سودىگەرلەر گۇرۇھى ۋە شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇ-
چىلىرى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى.
شۋېتسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن
ئورگىنى يوق بولۇپ، پەقەت خەلق ئىچىدىكى تەشكىلاتلىرى
بار ئىدى، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى
ۋەكالەتەن باشقۇراتتى. شۋېتسىيە قەشقەردە بىر ئىنجىل ئوقۇ-
تۇش مەكتىپى قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 40
مودىن ئاشاتتى. تۆت ئەتراپى كېسەك تام بىلەن قورشالغان
بولۇپ، قېلىنلىقى 80 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى تۆت مېتىر ئەتراپىدا
ئىدى. ھويلا تېمى سىرتىدىكى يوغان بىر تۈپ قېرى سۆگەت
ھازىرمۇ بار. ھويلا ئىچىدە ھازىر يەنە ئىككى كورپۇس شۋېت-
سىيە ئىمارىتى بار بولۇپ، بىر كورپۇسنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر،
كەڭلىكى ئالتە مېتىر كېلىدىغان بىر قەۋەتلىك ئۆي؛ يەنە بىر
كورپۇسى «T» شەكىللىك قۇرۇلمىدىكى بىر قەۋەتلىك ئۆي،
قالغانلىرى بۇرۇنلا ۋەيران بولۇپ كەتكەن.
بۇ بىر قەۋەتلىك ئىمارەتلەر خېلىلا پۇختا بولۇپ، ھويلى-
سىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 1.2 مېتىر كېلىدۇ، ھويلىغا شېغىل تاش ياتـ-
قۇزۇپ چىققان، يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن چاسا خىش
بىلەن قوپۇرغان بولۇپ، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا كېلى-
دۇ. ئۆيىنىڭ ئاستىغا پول ياتقۇزۇلغان، ئۆي ئىچى ئومۇمەن



كۆپ بۇرجەكلىك ۋە يەلپۈگۈچ شەكىللىك. تېمىنىڭ قېلىنلىقى
80 سانتىمېتىر بولۇپ، ئوتتۇرىسى كەڭلىكى ئىككى مېتىر كېلىدى-
غان كارىدور، ئىككى تەرىپى ئولتۇراق ئۆي، ھەر بىر ئۆيى-
نىڭ ئىشلىتىش كۆلىمى 16 كۋادرات مېتىر بولۇپ، تاق قانات-
لىق دېرىزە قويۇلغان. تامنىڭ بۇلۇڭىغا ئىسسىنىش ئۈچۈن دى-
ئامېتىرى 60 سانتىمېتىر كېلىدىغان مىس مەش قويۇلغان.
كارىدوردا يەر ئاستى ئۆيگە كىرىدىغان ئېغىز خارابىسى
ساقلانغان بولۇپ، كەڭلىكى ئىككى مېتىر كېلىدۇ. چاسا خىش
بىلەن ئېرىتمە ئارقىلىق سېلىنغان، خېلىلا پۇختا، ھەمدە ئۆي
بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. ھازىر كىرىش ئېغىزى تۆكۈلگەن ئەخ-
لەتلەر بىلەن توسۇلۇپ قالغان. بۇ شۋېتسىيىنىڭ قەشقەردە
قۇرغان ئەڭ دەسلەپكى باسما زاۋۇتى بولۇپ، ئۇسكۇنىلىرى
ئەڭ ياخشى ئىدى. ئەڭ دەسلەپكى قەشقەر پۇلى مۇشۇ زاۋۇتتا
بېسىلغان.
ئالدى ھويلىدىكى بىر كورپۇس بىر قەۋەتلىك ئۆينىڭ
ئىشىكى ئالدىدا تۆت دانە ناھايىتى توم تۈۋرۈك قويۇلغان
پېشايۋان بار، پېشايۋاننىڭ ئۈستىگە ۋاسا تارتىلىپ، سامانلىق
لاي بىلەن سۇۋالغان، ئاندىن ھاك تېشى بىلەن ئېرىتمىنى ئا-
رىلاشتۇرۇپ سىرلىغان. تۆت ئېغىز ئۆي چاسا شەكىلدە بولۇپ،
قوشقاناتلىق دەرىزە قويۇلغان، كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ ئىنجىل
ئوقۇتۇش مەكتىپىنىڭ ئىشخانىسى ئىكەنمىش.
شۋېتسىيىلىكلەر قەشقەردىكى بۇ باش يىغىلىش نۇقتىسى
ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر يېڭىشەھەر، قاغىلىق،
ئاقسۇ قاتارلىق شەھەر - بازارلاردا تارماق نۇقتىلارنى تەسىس
قىلدى. باش يىغىلىش نۇقتىسىدا شۋېتسىيىلىك دىن تارقات-
قۇچىلاردىن 20 نەچچە ئادەم، ھەرقايسى تارماق نۇقتىلاردا
بەشتىن ئادەم باردى. ئۇلار ئاساسلىقى دوختۇرلۇق، دىن
تارقىتىش، ئىنجىل ئوقۇتۇش، تەرجىمانلىق، پاسىمچىلىق قى-

تارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى.

دىن تارقاتقۇچىلار ئىنجىلنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، شۋېتسىيە باسما زاۋۇتىدا بېسىپ، ئاندىن خەلق ئارىسىغا تارقاتقان. ئۇلار دەسلەپتە دوختۇرلۇقنى ۋاستە قىلىپ، ھەقسىز كېسەل كۆرۈپ دورا بەرگەن. كېيىن دوختۇرخانا تەسىس قىلىپ، غوللۇق دوختۇرلارنى يېتىشتۈرگەن. بۇنىڭغا ئۇلاپ ئىنجىل ئوقۇتۇش ئورنى قۇرۇپ، خەلق ئارىسىدىكى ئىگە - چاقىسىز يېتىم باللارنى بۇ جايغا يىغىپ مەدەنىيەت ئۆگەتكەن. مانا بۇ ئۇلارنىڭ كاتولىك دىنىنى تارقىتىشتىكى دەسلەپكى ئوبيېكتى ئىدى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ 60 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇلار ئىنجىلنى ئاساس قىلغان ھالدا يەنە تىل ئەدەبىيات، ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ دەرسلىرىنى ئۆگىنەتتى. ئىنجىل دەرسى ۋاقتىدا، ئوقۇتقۇچى سىنىپقا پۇت بىلەن بېسىپ چالىندىغان رويالدىن بىرنى قويۇپ، ئىنجىلنى ناخشا تېكىستى قىلىپ، رويال چالاتتى، ئوقۇغۇچىلار مۇزىكا ئاھاڭىغا ئەگىشىپ ئىنجىل تېكىستلىرىنى ئوقۇيتتى. ئوقۇتقۇچى ئەستايىدىل بولغانلىقتىن ئوقۇغۇچىلار ياخشى ئۆگىنىپ، ئۆز ۋاقتىدا كىشىلەرگە ياخشى تەسىر قالدۇرغان.

قەشقەردە دىن تارقىتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار دىن تارقىتىشنى ئەتراپتىكى ھەرقايسى ناھىيە بازارلىرىدىكى تارماق نۇقتىلارغا كېڭەيتكەن. كاتولىك دىنىنىڭ تارقىلىشى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەتتە شەھەرنىڭ ھەممىسى ئازدۇر - كۆپتۇر تەسىرگە ئۇچرىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىمالىي شىنجاڭغىمۇ تارقىلىپ بارغان.

ئابلىمىت ئىسمايىل ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: دادام شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى قۇرغان دوختۇرخانىدا تەربىيىلىنىپ چىققان دەسلەپكى دوختۇر ئىدى، ئۇنىڭ دوختۇرلۇق تېخنىكىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمە-



تىگە ئېرىشكەن. ئۇلار دوختۇرلۇق قىلىپ كېسەل كۆرۈپ، ئىگە - چاقىسىز باللارنى يىغىپ ئوقۇتقانلىقى ئۈچۈن، يەرلىك خەلق شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرىنى ھۆرمەتلەيتتى. لېكىن قەشقەردە تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى كىشىلىرى بۇ دىن تارقاتقۇچىلاردىن ئىنتايىن بىزار ئىدى. خەلق ئىچكى سىرنى بىلمىگەچكە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق سودىگەرلىرىگە قارىتا باشقىچە كۆز قاراشتا بولغان. مەسىلەن، قاغىلىق ناھىيىسىدە 280 ئائىلىلىك روس سودىگەرلىرى ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، 733 كىشى يەرلىك خەلقنىڭ سىقىپ چىقىرىشىغا ئۇچرىغان. ئىشتىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇ دىن تارقاتقۇچىلار دوختۇرلۇق، دىن تارقىتىش ئارقىلىق دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن مەدەنىيەت جەھەتتىن ھۇجۇم قىلغان، شىنجاڭدىن ئىبارەت غەربىي چوڭ دەرۋازىغا قوشنا بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا سىڭىپ كىرىپ، روسىيە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىي مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىنكى ھەر خىل ئاخباراتلارنى زور مىقدار توپلىغان.

يەكەندە ئىككى ئورۇندا شۋېتسىيە ئورگىنى بولۇپ، بىرسى ھازىرقى نېرۋا كېسەللەر دوختۇرخانىسى، يەنە بىرسى ناھىيىلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتى ئىدى، بۇ يەرلەر ئۆز ۋاقتىدا كاتولىك دىنىنىڭ ئىنجىلىنى تەرغىپ قىلىدىغان مەكتىپى ئىدى. ئالدىنقىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 50 مو، كېيىنكىسىنىڭ ئورنى 40 مو كېلىدىغان بولۇپ، ئۇ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتلاردا قۇرۇلغانىدى. ھازىر بىر كورپۇس قەدىمىي شۋېتسىيە ئىمارىتى ساقلىنىپ قالغاندىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ۋەيران بولۇپ كەتكەن.

ئىنجىل ئوقۇتۇش مەكتىپى ئىگە - چاقىسىز يېتىم باللاردىن 100 نەپەر قوبۇل قىلغان بولۇپ، شۋېتسىيىلىكتىن بەش كىشى،

خىزمەتچىلەردىن 30 كىشى باردى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇر، خەنزۇ ئىدى. ئوقۇتۇش مەزمۇنى قەشقەردىكى ئىنجىل مەكتىپى بىلەن ئوخشاش ئىدى. دوختۇرخانىدا بەش شۆبىتسىيىلىك بولۇپ، ئۈچى ئەر، ئىككىسى ئايال ئىدى. ئۇلار بۇ يەردىن 30 نەپەر خىزمەتچى خادىم قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى يەرلىك كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى كۆرەتتى.

يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى جىڭ فىڭشۇ بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە، ئىنجىل مەكتىپى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە ناھىيىسىدە دېگۈدەك بار بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئىنسانلارغا بەخت ئېلىپ كېلىدىغان جەننەت دېيىشەتتى. شۆبىتسىيىلىكلەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە قۇرغان ئىنجىل مەكتىپىنىڭ 100 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئۇلارنى ئۈچ سىنىپقا ئايرىغان، ئىككىسى ئوغۇللار سىنىپى، بىرسى قىزلار سىنىپى ئىدى، تۆت شۆبىتسىيىلىك ئوقۇتقۇچى، ئۈچ ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى، بىر خەنزۇ ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. ئوقۇتۇش تۈزۈمى باشلانغۇچ مەكتەپتىن، تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپكىچە ئىدى. ھەر ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن ئالتىنچى كۈنىگىچە نورمال دەرس ئوقۇيتتى، يەكشەنبە كۈنلىرى ئىنجىل ئوقۇيتتى.

دوختۇرخانىدىكى شۆبىتسىيىلىكلەر بىلەن بەزى خىزمەتچىلەر كۈندۈزلىرى كوچا - مەھەللىلەرنى ئارىلاپ، ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈپ كېسەل كۆرسە، كېچىلىرى ئۇلار يەرلىك مىللەتنىڭ كىيىملىرىنى كىيىۋېلىپ، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىپ دىن تارقىتىشتىن باشقا، ئاخبارات توپلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئاق كۆڭۈل پۇقرالار ئۇلارنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى بىلمىگەنلىكتىن، شۆبىتسىيىلىكلەرگە نىسبەتەن بەزى ياخشى تەسىرلەرنى قالدۇرغانىدى.

(«قەشقەر شەھەرلىك تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 4-سانىدىن ئېلىندى)

ئابدۇراخمان مامۇت تەرجىمىسى



باش مۇھەررىرى: خالىق ساقى
مۇھەررىرى: ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (30)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 13
1991 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
1991 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 3,520 —— 1
ISBN7—228—01670—X/K·149
باھاسى: 3.00 يۈەن

(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)

新疆文史资料选辑（30） （维吾尔文）
中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料委员会 编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号 邮政编码80001）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷三厂印刷
850×1168毫米 32开本 13印张
1991年10月第1版 1991年10月第1次印刷
印数：1——3,520

ISBN7—228—01670—x/K·149 定价：3.00元
（内部发行）